پەرھات جىلان

# سۇقۇت يۇلتۇزى

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



پەرھات جىلان

# ئىدىقۇت يۇلتۇزى



( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  غالىب شاھ

# ئىدىقۇت يۇلتۇزى

(رومان)

ئاپتورى:  پەرھات جىلان

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 14
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5282 — 9
سانى: 1—4000
باھاسى: 25.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاپتوردىن

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا چوڭلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا بەك قىزىقاتتىم. چوڭلار30 ـ ۋە 40 ـ يىللاردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئەسلەپ سۆزلىشەتتى. شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى تۈرمىلەردە ئىڭراۋاتقان گۇناھسىز مەھبۇسلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار قوشۇنلار كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى. «ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز قانداق ياشىغان بولغىيدى؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئورخۇن، ئىدىقۇت، قاراخانىيلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ، ئۆزۈممۇ چوڭلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى توغرىسىدىكى بىلگەنلىرىمنى جەملەپ ئىككى رومان يازدىم. «ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يېزىش كېرەك ئىدى» دېگەن ئوي كۆڭلۈمگە ئارام بەرمىدى. يەنە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

ياشلىق دەۋرىمدىن تارتىپلا مەن يەنە تارىختىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇشقا قىزىقاتتىم. ئاتاقلىق ئالىملار، ئەدىبلەر، داڭلىق قەھرىمانلار، مەشھۇر سىياسىئونلار، كاتتا جاھانگىرلار توغرىسىدا يېزىلغان ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەر قولۇمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان ئوبرازى دىققىتىمنى تارتتى. چىڭگىزخان دۇنيا

تارىختىكى ئەڭ چوڭ جاھانگىر. ئۇ جۇڭگو زېمىنلىرىدىن تارتىپ، ياۋروپا تۇپراقلىرى ۋە ئىران، ئەرەب ئەللىرىگىچە بولغان مىسلىسىز كەڭ يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك دۆلىتىنى قۇردى. ئىشغالىيەتچىلىكتە ئۇ مەشھۇر ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. شۇنداق تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت چىڭگىزخانغا نەدىن كەلدى؟ موڭغۇل قوۋمى شۇ قەدەر زور ۋە كۈچلۈك بولغانمىدى؟ ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى شۇ قەدەر ئاجىز بولغانمىدى ياكى چىڭگىزخان شۇ قەدەر ئامەتلىك، تەڭرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شەخس بولغانمۇ؟

ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىملار ۋە يازغۇچىلار بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بىر قىسىم ئەسەرلەردە چىڭگىزخان ئەڭ ئەشەددىي زالىم قانخور، ئۇنىڭ خەلقى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى ياۋايى كۆچمەنلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇرغۇن مەدەنىيەتلىك ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇدا ئىككى ـ ئۈچ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈردى. ھالبۇكى، «ياۋايى قانخورلار» پەقەت زوراۋانلىققا تايىنىپلا شۇ قەدەر زور ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامتى؟

ئەنە شۇنداق ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش داۋامىدا چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خانىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى كۆز ئالدىمدا باشقىچە مەنزىرىنى سۈرەتلەشكە باشلىدى. ئىدىقۇت خانلىقى ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ مىسالى ئىدى. ئىدىقۇت تەۋەسىدىكى بوستانلىقلاردا بىناكارلىق، توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، مەتبەئەچىلىك كەسىپلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. ئۇيغۇر باخشىلىرى

(زىيالىيلىرى) موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە يېزىق ئۆگەتكەن. موڭغۇللار ئىگىلىگەن كەڭ زېمىنلاردا ئەنە شۇ ئۇيغۇر باخشىلىرى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئۇيغۇرلار كاتىپ، تەرجىمان، ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان، چىڭگىزخاننىڭ قوماندانلىق مەركىزىدە ئۇيغۇر سانغۇنلارمۇ بولغان. موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىشنى باشلاپ بەرگەن تاتا تۇڭا چىڭگىزخان تەرىپىدىن «دۆلەت ئۇستازى» دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەن. كېيىن ئىدىقۇت خان شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ، چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان ...

مەن ئەنە شۇنداق تارىخىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ھەسسىلەپ رىغبەتلىنىپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئۆگەنگەنسېرى ۋە يازغانسېرى ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل ـ ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قارىتا ئۆزۈمنىڭ تونۇشۇم شەكىللەندى. ئەجدادلىرىمىز تارىختا توختام سۆزدەك ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ، غالىبلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالمىغان. ئۇلار ئەسىرلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان يوللاردا مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرغان.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، بايانلىرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىيرەك توختالدىم. ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرى چىڭگىزخان توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ، ئەلۋەتتە، چوڭ تەتقىقات تېمىسى. ئەمدى بۇ تېما بىر ئۇيغۇر قەلەمكەشنىڭ تەسۋىرىدە قانداق سۈرەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشمۇ ئارتۇقچە بولماس.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن موڭغۇل دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر تۈن ئىدى. لېكىن، بۇ قاراڭغۇ تۈن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان سەرخىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتى خۇددى يارقىن يۇلتۇزلاردەك پارلاپ تۇرغان يورۇق تۈن ئىدى. بۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋر. ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىدۇ. تارىختىن كىشىلەر ئەقىل تاپىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى تېپىپ چىقالايدۇ. تارىخنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەندە كىشىلەر ئۆتمۈشنى بىلىدىغان، ھازىرقىنى چۈشىنىدىغان ۋە كەلگۈسىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ ئالەمشۇمۇل ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى ئىچىدە خارەزىم ئۇرۇشى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خارەزىمنىڭ مۇنقەرز قىلىنىشىنى چىڭگىزخاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ غەلىبە دېيىش مۇمكىن. شۇڭا، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خارەزىم ئۇرۇشى ئالاھىدە چوڭ تېما تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. چىڭگىزخان خارەزىم ئېلىگە ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنى ۋە يەنە ئۇيغۇر، قىرغىز ئىستىپاقداش قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاتلانغان. بۇ چاغدا خارەزىمشاھ قوشۇنى سان جەھەتتە زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، تۆت يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشاتتى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسانلا مەغلۇپ بولۇپ توزۇپ كەتتى؟ خارەزىم ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىدىن مۇنداق سېلىشتۇرما تەسىراتقا ئىگە بولدۇم:

1) خارەزىم قوشۇنى ئىچىدىكى بىر قىسىم قوماندانلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ شەخسىي قەھرىمانلىقى گەۋدىلىك بولغان، لېكىن بۇ ھال ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنالمىغان. ئۇلارنىڭ

تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان. ئەكسىچە، موڭغۇللارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى گەۋدىلىك بولغان. ئۇلار ئۆز سەركەردىلىرىنىڭ بۇيرۇق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا شەرتسىز بويسۇنغان، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھەۋەس قىلمىغان.

2) خارەزىملىكلەردە چېچىلاڭغۇلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ھەر بىر يۇرت ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇرۇشقان، باشقا يۇرتلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەي، «تاماشا كۆرۈپ» تۇرۇشقان. موڭغۇللار ئۇم ـ ئىناق بولغان، پۈتۈن قوشۇننىڭ ھەرىكىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

3) خارەزىملىكلەر ھەشەمەتچىلىككە، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولغان، جەڭلەردە ئولجا ئېلىشقا ھەۋەس قىلغان. موڭغۇللار شەخسىي بايلىققا بېرىلمىگەن. ئۇلار ئولجىنى بىر تۇتاش يىغىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىملىگەن.

4) خارەزىملىك مۇسۇلمانلار غەيرىي دىندىكى تائىپىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى بىلمىگەن. موڭغۇللار دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ۋە ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرلۈك تائىپىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالىغان.

خارەزىم ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭگىزخان ئىدىقۇت ئۇيغۇر قوشۇنىنىمۇ ئىنتىزامى ئىنتايىن چىڭ، باتۇر قوشۇن ئىكەن، دەپ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەپسۇسكى، ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى يازما يادىكارلىقلار كەمچىل، ماتېرىيال كۆپ ئەمەس. ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىدىن بۇ خانلىقنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغانلارمۇ ساناقلىق. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنىڭ قىسلىقى قەلىمىمنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى چەكلەپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ، قىيىن ئۆتكەللەردىن يول ئېچىپ مېڭىشقا تىرىشتىم. يازغانلىرىمدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخ بىلىمىگە ئىگە بولۇشىنى ئىستەيمەن. شۇڭا، ئارتۇقچە توقۇلمىلار بىلەن بايانلىرىمنى پەردازلاپ، تارىخىي چىنلىقنى

غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدىم، نېمە بولسا شۇنى يازدىم. پەقەت تارىخىي چىنلىقنى يورۇتۇپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان تـوقۇلمىلارغىلا چەكلىك دائىرىدە يول قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بـىـللە، مول ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە بولغان چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئـىـمـكانـقـەدەر ئەينەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم.

كـىـشـىـلـىـك دۇنيادا رېئاللىق ۋە چىنلىق ئۆزگەرمەس پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىسمۇ، ئەمما بۇنىڭغا قارىتىلغان باھالار ۋە كـۆز قـاراشـلار هـەر خىل بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ كۆز قـاراشـلـىـرى ۋە باھالىرى بىردەك بولىدىغان شېرىن چۈشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلار خۇددى باغدىكى رەڭگارەڭ گۈللەرگە ئوخشاش كۆكلەپ، ئـېـچـىـلىپ، ئۆز رەڭگىنى ۋە ئۆز ھالىتىنى نامايان قىلىشى كـېـرەك. بـۇ، ئـىـنـسـانلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن. قەلەمكەش كۇندۇزدىكى قۇياشنىمۇ ھەم كېچىدىكى يۇلتۇزلارنىمۇ ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. بۇنى قانداق چۈشىنىش ۋە بۇنـىـڭـغا قـانـداق بـاھـا بېرىش ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.

# رومانىنىڭ
# قىسقىچە مەزمۇنى

مەزكۇر رومانىدا ئىدىقۇت خانىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن قۇدىلىشىپ بىرلەشكەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان هالدا ئەينى دەۋردىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئىدىقۇت خانلىقى قارا قىتان خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى. توختامىش ئىسىملىك بىر يىگىت قىتانلاردىن قېچىپ ئالتايغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە تايمان ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان تاتا تۇڭا بىلەن تونۇشىدۇ. چىڭگىزخان ئالتايغا هۇجۇم قىلىپ نايمان خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندا تاتا تۇڭا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىن تاتا تۇڭا چىڭگىزخانىنىڭ كاتىپى بولىدۇ ۋە هەمدە موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىدۇ. توختامىشمۇ موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

كېيىنكى چىڭگىزخانىنىڭ ئالەمشۇمۇل يۈرۈشلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئىدىقۇت خانمۇ قوشۇن تارتىپ چىڭگىزخانغا قوشۇلىدۇ. موڭغۇل ـ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى قاراخانىيلار زېمىنلىرىدىن قىتانلار بىلەن نايمانلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم دۆلىتىنى ئىشغال قىلىدۇ. بىر بۆلۈك موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنلىرى قىپچاقلار ۋە رۇسلارنىڭ يەرلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ.

توختامىشمۇ ئىدىقۇت قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن يۈرۈشلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ جۇدالىقتىكى سۆيگۈنى تۇركەنئايىنى تولا ئىزدەپ زادىلا تاپالمايدۇ.

رومانىنىڭ ئاخىرىدا ياشانغان توختامىش ئوغلى ئىلتەرىشنى
ئۆيلەش ئۈچۈن موڭغۇل - تاتارلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ۋولگا
دەرياسى بويىدىكى سارايچىق شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە ياشلىق
دەۋرىدىكى سۆيگۈنى تۇركەنئاي بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئويلىمىغان
يەردىن توختامىشنىڭ كېلىنى ئاشۇ تۇركەنئاينىڭ قىزى بولۇپ
چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى ئاشىق - مەشۇقلار
نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن قۇدا
بولۇپ قالىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كارۋان يولىدىكى تىنچسىزلىق ......... 1
ئىككىنچى باب ئاستانىدىكى ئىشلار ................. 12
ئۈچىنچى باب ئىدىقۇت خانىنىڭ دەردى تولا ......... 25
تۆتىنچى باب بولدۇز قايا ۋە مىسىرىسلا ............ 34
بەشىنچى باب توختامىش ............................ 63
ئالتىنچى باب ئالتاي .................................. 85
يەتتىنچى باب توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق ...... 103
سەككىزىنچى باب قىزىل سۇرۇخلۇق تامغا ......... 123
توققۇزىنچى باب دوستلارنىڭ جۇدالىقى ............ 134
ئونىنچى باب ئونون دەرياسى بويىدا................. 153
ئون بىرىنچى باب دالا شاماللىرى .................. 165
ئون ئىككىنچى باب ئىدىقۇت خان ئورنىدىن
تۇردى........................................... 177
ئون ئۈچىنچى باب نايمانلار ۋە قىتانلار ............ 192
ئون تۆتىنچى باب ئىدىقۇت خان ۋە چىڭگىزخان... 205
ئون بەشىنچى باب ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىزلار ...... 220
ئون ئالتىنچى باب قىتانلار ۋە نايمانلار ............ 247
ئون يەتتىنچى باب قوچۇدىن قەشقەرغىچە ......... 263
ئون سەككىزىنچى باب ئوترار ...................... 281

ئون توققۇزىنچى باب  ئالتۇن ئارقان ئۈزۈلدى······ 294
يىگىرمىنچى باب  ئىدىقۇت ئاسمىنىدا قايسى يۇلتۇز بار،
قايسى يۇلتۇز يوق؟ ······························ 327
يىگىرمە بىرىنچى باب  ئۆپۇقتا سىرلىق بوستانلار ··· 341
يىگىرمە ئىككىنچى باب  سەمەرقەند ················ 360
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  سۇلتان مۇھەممەد ۋە خانزادە
جالالىدىن ····································· 373
يىگىرمە تۆتىنچى باب  چىڭگىزخاننىڭ شادلىقى ۋە قايغۇسى
389 ·················································
يىگىرمە بەشىنچى باب  موڭغۇللارنىڭ ئاخىرقى
ئىشلىرى ······································· 403
يىگىرمە ئالتىنچى باب  بوگۇنگە قايتقان ئۆتمۈش ··· 414
ئاخىرقى سۆز ··································· 433

بىرىنچى باب

# كارۋان يولىدىكى تىنچسىزلىق

مىلادىيە 1203 - يىل ياز.

پايانسىز چۆلدە زور كارۋان ئۇزۇن سوزۇلۇپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يۈك ئارتىلغان قىرىق تۆگىنى قىلىچ ۋە ئوقيالار بىلەن قوراللانغان ئەللىك نەپەر چەۋەنداز مۇھاپىزەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوندەك ياش چەۋەنداز يەتمىش — سەكسەنچە يايتاق ئاتنى ئوتلاتقاچ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. بۇلار بىر - بىرىدىن سەر خىل ئارغىماقلار بولۇپ، كارۋان ئىگىلىرى ئۇلارنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئەكېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ۋە تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلغان كولدۇرمىلارنىڭ بوغۇق ساداسىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. يايتاق ئاتلار تۇزلەڭ چۆلدە ئوتلاپ يۈرۈپ بەكرەك تارقىلىپ كەتكەندە ئات باقار ياش چەۋەندازلار ئۇلارنى قوغلاپ، قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ «ھاي! ھۇي!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. شۇ تەرىقىدە ئاتلار يىغىپ كېلىنگەندىن كېيىن يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

— تۆگىلەرنى باشقۇرۇش ئاسان، لېكىن شۇنچە يىراق يەرلەرگە بۇنداق ئاتلارنى ھەيدەپ ئاپىرىش بەك تەس بولىدىكەن، — دېدى ئات باقارلاردىن بىرى.

باشقا ئات باقارلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى:

— راست دەيسەن، ئاتلارنى باشقۇرۇش ئاسان ئەمەس. ئات دېگەن جانىۋارنى ياخشى ئوتلىتىپ، قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. تۆگىلەردەك ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

— شۇنداق، يەنە كېچىلىرى سەگەكلىك بىلەن قاراۋۇللۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئات ھەيدەشنىڭ جاپاسىمۇ بار، لېكىن ھالاۋىتىمۇ كۆپ جۇمۇ. چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن خوجايىن بۇ ئاتلارنى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ - دە.

— شۇ چاڭئەن دېگەن يەرگە قاچان يېتىپ بارىمىز دېگىنە! قوچۇدىن[1] چىققىنىمىزغا يىگىرمە كۈندىن ئاشتى. ئۇۋىرغولدىمۇ[2] توختىماي ئۆتۈپ كەتتۇق. سارىغ ئۆگۈز[3] دەرياسىغا يەتكۈچە يەنە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئاي يول يۈرىدىغان گەپ.

— توغرا. ئەمما - زە، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەر كۈن پېتىشتىكى يۇرتلارنىڭ ماللىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىغا بەك ھەۋەس قىلىشىدۇ. خوجايىنىمىزنىڭ تاپاۋىتى ئاشسا، بىزنىڭ ئىش ھەققىمىزنىمۇ جىق - جىق بېرىدۇ. چاڭئەننىڭ بازارلىرىدا راسا پەيزى قىلىپ ئوينىۋالىمىز - دە!

— مەن ئويۇن - تاماشا قىلمايمەن، — دېدى ياش بىر چەۋەنداز، — ئىش ھەققىمنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قوچۇغا ئەكېتىمەن. ئاتا - ئانام كەمبەغەل.

— مەن ئىش ھەققىمگە ئېسىل يىپەك رەختلەرنى ئالىمەن، — دېدى يەنە بىر چەۋەنداز، — قوچۇغا قايتقاندىن كېيىن توي قىلىمەن.

— مەن چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن تازا سەتەڭ قۇل قىزدىن

---

[1] قوچۇ — ھازىرقى تۇرپان قاراغوجا يېزىسىنىڭ ئورنىدا بولغان قەدىمكى شەھەر. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاستانىسى.
[2] ئۇۋىرغول — قۇمۇل.
[3] سارىغ ئۆگۈز — خۇاڭخې دەرياسى.

بىرنى سېتىۋالىمەن، — دېدى يەنە بىر چەۋەنداز قاش ـ كۆزلىرىنى شوخ ئوينىتىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىتلەر بىراقلا جانلىنىپ كەتتى، چاقچاق قىلىشىپ، پاراقلاپ كۈلۈشتى.

بۇ چاغدا كارۋاننىڭ باش تەرىپىدە گەۋدىلىك جەدە ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن قارا ساقاللىق كىشى ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۇقىرى ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى:

— هەي! كارۋان توختىسۇن! دەم ئالايلى!

خوجايىن دەم ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى، چەۋەندازلار قارا ساقاللىق كىشىنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى.

كارۋان ئەهلى ئاتلارنى توختىتىپ، تۆگىلەرنى چۆكتۈردى. بەزىلەر قۇرۇپ قالغان سۆكسۆك ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى يىغىپ كېلىپ ئوت قالاشقا، بەزىلەر غىزا تەييارلاشقا كىرىشتى ۋە يەنە بەزىلەر يوغان شايى كۈنلۈكلەرنى سايىۋەن قىلىپ تىكلەپ، چىڭقى چۈش ۋاقتىدىكى ياز ئاپتىپىدىن پاناهلىنىش سورۇنلىرىنى ياساشتى.

خوجايىن ئېتىدىن چۈشۈپ، يىراقلارغا هوشيارلىق بىلەن كۆز يۈگۈرۈتتى. ئاندىن ئۇ سەل نېرىدا ئېتىغا يەم بېرىپ تۇرغان چەۋەندازنى چاقىردى:

— توختامىش، بۇياققا كەلگىنە.

قارا قاشلىق، قارا بۇرۇتلۇق ياش چەۋەنداز ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ خوجايىننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن خوجايىن.

— توختامىش، سەن دەرهال ئون يىگىتنى باشلاپ، ماڭىدىغان يولىمىزغا ئالدىن ئىلگىرىلەپ بېرىپ، چارلاپ كەلگىن، — خوجايىن قامچىسى بىلەن كۈنچىقىش تەرەپنى كۆرسەتتى.

— خوپ! — دېدى توختامىش ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا

مىندى - دە، ئۇن يىگىتنى باشلاپ، كۆرسىتىلگەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

خوجايىن خېلى ئۇزاققىچە خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى ۋە مەخسۇس ئۆزى ئۇچۇن تىكىلگەن ئەڭ يوغان يىپەك سايىۋەننىڭ ئاستىغا سېلىنغان تەڭلىماتقا ئولتۇردى.

— هاي، كارۋان بېشى! — دەپ يەنە توۋلىدى ئۇ قولى بىلەن چاقىرىش ئىشارىسى قىلىپ.

تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ، ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان كارۋان بېشى ئاق بوز يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى سۈرتكەچ كېلىپ خوجايىننىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— ئىۋىرغولدىن چىققىنىمىزغا بەش - ئالتە كۈن بولۇپ قالدى، — دېدى خوجايىن، — هازىرغىچە يولىمىزدا ئادەم زاتى كۆرۈنمىدى. مۇشۇ يول بىلەن كېتىۋەرسەك چاتاق چىقماس - هە؟

كارۋان بېشى ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغان قىياپەتتە گەجگىسىنى تاتىلاپ قويدى.

— مۇبادا ئادەتتىكى قاراقچىلار كېلىپ قالسا بىزنىڭ چەۋەندازلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەگەر تاڭغۇتلارنىڭ[1] قوراللىق قىسىملىرىغا ئۇچراپ قالساق... هە، ئۇلارغا ئازراق سوۋغا - سالام بەرسەك ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

— مەسىلەن، قانداق سوۋغا - سالام؟

— مەسىلەن، بىرەر تۆگىلىك مال، ئىككى - ئۈچ ئات، ئاز - تولا ئالتۇن - كۈمۈش دېگەندەك...

خوجايىن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويۇپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

---

① تاڭغۇت — X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا هازىرقى گەنسۇ ۋە شەنشىنىڭ غەربىي قىسمىدا غەربىي شيا دۆلىتىنى قۇرغان خەلق. بۇ دۆلەت مىلادىيە 1227 - يىلى موڭغۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

كارۋان ئەھلى تۇركۇم - تۇركۇملەرگە بۆلۈنۈپ، نان ۋە تالقانلىرىنى چىقىرىپ غىزالىنىشقا باشلىدى.
خوجايىن تۇرۇپ - تۇرۇپلا بايا توختامىش قاتارلىق يىگىتلەر كەتكەن تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن قاراپ قوياتتى. «ئۇلار قانداق خەۋەر ئەكېلەركىن؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.
ئۇشتۇمتۇت يىراقتا ئاتلىق كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار كارۋان توختىغان يەرگە تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. خوجايىن ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، سايىۋەننىڭ ئاستىدىن چىقتى ۋە ئاتلىقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي:
— بۇ توختامىشلارغۇ، — دېدى.
— ھەئە، توختامىشلار، — دېدى كارۋان بېشىمۇ، — ئەجەب تېزلا قايتىپ كەلدىغۇ؟
توختامىش قاتارلىق يىگىتلەر ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىپ، خوجايىن بىلەن كارۋان بېشىنىڭ ئالدىدا توختىدى.
— تاغلىقلار... تاغلىقلار كېلىۋاتىدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى توختامىش شوخ قارا ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ.
«تاغلىقلار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بارلىق كارۋان ئەھلى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ كېتىشتى ۋە خوجايىنغا قاراشتى.
— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق، ھودۇقماڭلار، — دېدى خوجايىن كۆپچىلىكنى خاتىرجەم قىلىپ، — قانداق ئىش بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىپ پۈتۈشىمىز.
كۈنچىقىش تەرەپتىن زور بىر قوشۇن ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ تاغلىقلار ئىدى؛ ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان تەخمىنەن مىڭچە ئاتلىق ئەسكەر ئىدى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن يېيىلىپ كېلىپ كارۋاننى قورشىۋالدى.
— ھەي، بۇ كارۋاننىڭ ئىگىسى كىم؟ نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى تاغلىقلارنىڭ باشلىقى

ئېتىنى توختىتىپ.

خوجايىن بىلەن كارۋان بېشى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. كارۋان بېشى تاڭغۇت تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى.

— بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېلىۋاتىمىز. مانا بۇ كىشى كارۋاننىڭ ئىگىسى بولىدۇ، — دېدى ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ باشلىقىغا تەزىم قىلىپ ۋە قولى بىلەن خوجايىنىنى كۆرسىتىپ.

— بۇ مال - دۇنيانى نەگە ئاپارماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى تاڭغۇتلار باشلىقى ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ ۋە خوجايىنغا قامچىسىنى شىلتىپ.

— بىزنىڭ خوجايىنىمىز چوڭ سودىگەر، — دېدى كارۋان بېشى، — بۇ ماللارنى چاڭئەن دىيارىغا ئاپىرىپ ساتماقچىمىز.

— ئاۋۇ ئاتلارنىمۇ ساتامسىلەر؟

— شۇنداق، ئاتلارنىمۇ ساتىمىز.

— ھە، ياخشى، ياخشى، — دېدى تاڭغۇتلار باشلىقى ئېتىدىن چۈشۈپ، — بىزگىمۇ مۇشۇنداق ئېسىل نەسىللىك ئاتلار كېرەك. مۇنۇ تۆگىلەرگە ئارتىلغان ماللارنىمۇ ئېلىشنى خالايمىز.

كارۋان بېشى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خوجايىنغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت، — دېدى خوجايىن سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — سىزگە ئەڭ ياخشى ئاتتىن ئىككىنى بېرەي. يەنە بۇلغۇن جۇۋىدىن ئىككىنى، سۆسەر تۇماقتىن ئىككىنى بېرىمەن. مۇنۇ تىللانىمۇ ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويارسىز.

شۇ گەپ بىلەن خوجايىن بەلۋېغىغا ئېسىلغان كۆن قاپچۇقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قوش قوللاپ سۇندى.

تاڭغۇتلار باشلىقى قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھۆرمەتلىك سودىگەر، — دېدى ئۇ

مۇتتەھەملىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن خوجايىنغا تىكىلىپ قاراپ، — مۇشۇ كارۋاننىڭ ھەممىسى بىزگە كېرەك!

خوجايىن ۋە كارۋان بېشىنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى.

— ئەي ئەزىمەتلىرىم، — دەپ ۋارقىرىدى تاڭغۇتلار باشلىقى ئۆز چېرىكلىرىگە قاراپ، — بۇ ھۆرمەتلىك سودىگەر ئۆز كارۋىنىنى بىزگە ھەدىيە قىلدى. بۇ ئات ۋە تۆگىلەرنى ھەيدەپ مېڭىڭلار!

تاڭغۇت چېرىكلەر قالايمىقان سۈرەن سېلىپ، ئات ۋە تۆگىلەرنى ھەيدىگىلى تۇردى. خوجايىن بىلەن كارۋان بېشى ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تاڭغۇتلار باشلىقىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك باشلىق، ئۇنداق قىلماڭ!

— شەپقەت قىلىڭ... رەھىم قىلىڭ...

بۇ چاغدا ياش چەۋەنداز توختامىش ئەدەپ - قائىدىگە رىئايە قىلىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ، بىر چەتتە كەمتەرلىك بىلەن قاراپ تۇرغانىدى. ھالبۇكى، بۇ زوراۋانلىقنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شوخ ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ:

— كارۋاننى قوغدايلى! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ۋە غەزەپ بىلەن تاڭغۇتلار باشلىقىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى.

تاڭغۇتلار باشلىقى ئالمان - تالمان ئېتىنى قامچىلاپ، ئۆز چېرىكلىرى تەرەپكە قاچتى. كارۋان مۇھاپىزەتچىلىرى توختامىشنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال ئاتلىنىپ تاڭغۇتلارغا ئېتىلدى. بىر مەيدان قىسقا، لېكىن كەسكىن قىرغىنچىلىق جېڭى باشلاندى. تاڭغۇتلار بۇنچىلىك ئاز ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆكتە قوپۇشقا جۈرئەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچە بوراندەك ئۇچۇپ كەلگەن ئۇيغۇر چەۋەندازلار قىلىچ ۋە ئوقيالار بىلەن



NIEDERSÄCHS. STAATS- U. UNIV.- BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئۇ دۇنياغا يوللىۋەتتى. لېكىن، تاڭغۇتلار بىردەمدىلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. تىغلار تىغلارغا ئۇرۇلدى، ئاتلار ئاتلارغا سوقۇلۇشتى، تۆگىلەر ئەنسىز بوزلاپ قاچقىلى تۇردى، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى... ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادەملەر ۋە ئاتلار قانغا بويىلىپ يىقىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ تەڭسىز جەڭنىڭ تەقدىرى تېزلا بىر تەرەپ قىلىندى. تاڭغۇتلار تۆپە - تۆپىلەپ باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى قورشاپ، ھەر ياندىن قىلىچ چېپىپ، نەيزە ئۇرۇپ، سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى كۆرسەتتى.

توختامىش قىلىچۋازلىقتا ۋايىغا يەتكەن كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنى يىگىرمىدىن ئارتۇق تاڭغۇت قورشاشقا ئۇرۇنۇپ كۆچەپ باققان بولسىمۇ، ئەپلەشمىدى. توختامىش ئۇلارغا تۇتۇق بەرمەستىن، ئەپچىللىك بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، ئالتە - يەتتىسىنى ئۈجۈقتۇردى، يەنە ئىككىسىنىڭ ئېتىنى يىقىتتى. ئەپسۇسكى، بۇ چاغقىچە ئۇيغۇر چەۋەندازلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىلىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتا ئۆلگەن ۋە ياربدار بولغانلار تولۇپ ياتاتتى.

خوجايىنىنى توپلىشىپ كەلگەن بىرنەچچە تاڭغۇت ھەرياندىن قىلىچلاپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. كارۋان بېشى قاچقانىدى، كەينىدىن ئېتىلغان بىرنەچچە پاي ئوق ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىراقلا سانجىلدى. بىر قىسىم تاڭغۇتلار قانغا بويالغان قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ، چۆلگە تارقىلىپ كەتكەن ئات ۋە تۆگىلەرنى يىغىش ئۈچۈن ئۇلارنى قوغلاپ كېتىشتى.

تېخىچە تىركىشىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتقان توختامىش ئۇياق - بۇياققا چاقماق تېزلىكىدە نەزەر تاشلىدى. كارۋان ئەھلىدىن بىرىمۇ كۆرۈنمىدى. ھەممە يەردە تاڭغۇتلارنىڭ غەزەپلىك چىرايلىرى...

«تۇگىشىپتىمەن، بىزنىڭكىلەردىن ھېچكىم تىرىك

قالماپتۇ» دېگەن ئوي توختامىشنىڭ مېڭىسىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ قىلىچ ۋە نەيزىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چاققانلىق بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى كۈنپېتىش تەرەپكە بۇرىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پاتىپاراقچىلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن قارا ئارغىماق يۈگۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلدى. بىر توپ تاڭغۇت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە قوغلىدى. لېكىن، توختامىشنىڭ قارا ئارغىمىقى ئادەتتىكى ئات ئەمەس، بەلكى ئەرشتىن چۈشكەن قاناتلىق دۇلدۇلدەك گوياكى ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. تاڭغۇتلار بارا - بارا ئارقىدا قالدى ۋە ئاخىر بۇ يالغۇز قالغان يېگانە ئۇيغۇرنى قوغلاۋېرىشتىن يالتىيىپ، پۈتۈن بىر كارۋاننى ئولجىغا ئالغان قەبىلىداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشتى.

توختامىش ئېتىنى توختىتىپ كەينىگە قارىدى. تاڭغۇتلار ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. پايانسىز چۆلدە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. تاڭغۇتلارمۇ يوق، توختامىش بىلەن قوچۇدىن بىللە چىققان چەۋەندازلارمۇ، خوجايىنمۇ، كارۋان بېشىمۇ، تۆگە ۋە ئاتلارمۇ يوق. توختامىشقا گوياكى بۇ دۇنيادا مۇشۇ ئادەمزاتسىز چۆل بىلەن چەكسىز كۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنېمە قالمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ كېكىردىكىگە ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

— ھۇ مەلئۇنلار! خەپ توختاپ تۇرۇش ...— توختامىش دەرمانسىز زەردى بىلەن خىتاب قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى.

ئۇ ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنىغا قاتتىق نىقتىدى. بۇنداق قوپال مۇئامىلىگە كۆنمىگەن ئۇچقۇر ئارغىماق غەزەپ بىلەن يۇلقىنىپ، بەئەينى قارا قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەتتى.

— خەپ توختاپ تۇرۇش! — دەپ تەكرار - تەكرار خىتاب

قىلاتتى توختامىش ۋە بىچارە ئارغىماقىقا ئارام بەرمەي چاپتۇراتتى.
يۈرىكىدە يالقۇنلاپ كۆيۈشكە باشلىغان قىساس ئوتى ئۇنى
توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى.
— خەپ توختاپ تۇرۇش! قوچۇغا يېتىپ بېرىۋالغاندىن
كېيىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان
بولسام!
شۇ تەرىقىدە توختامىش چۆلدە ئۆزى يالغۇز ئۈچ كۈنگىچە
يول يۈردى. تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئېتى يىقىلىپ
يېتىپ قالغىنىچە تۇرالمىدى. سۇ يوق! ئۇسسۇزلۇق ئاخىر ئاتنى
يىقىتتى. توختامىش ئەمدى پىيادە ماڭدى. بەلۋىغىغا ئېسىلغان
خالتىدىكى ئاخىرقى بىر بۇردا نان يېيىلىپ بولدى. بابا ئاتىنىڭ
غانجۇغىسىدىن يېشىپ ئېلىنغان قاپاقتىكى ئاخىرقى بىر يۇتۇم
سۇمۇ ئىچىلىپ بولدى. پىژغىرىم ئاپتاپتىن پاناھ بولغۇدەك بىر
تۈپ دەرەخمۇ، كىچىك بىر دۆڭمۇ يوق. توختامىش يېرىلىپ
كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ يەنە
ماڭدى، ماڭدى...
ئاچلىقتىن، تەشنالىقتىن، ھارغىنلىقتىن ماغدۇرى
قالمىغان تەن ئىسسىق قۇمساڭغۇ توپىغا يىقىلدى، ئۆمىلەپ
باقتى، بىر ئەسنادىن كېيىن ئۆمىلەشكىمۇ مادارى يەتمىدى.
«ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى توختامىش ۋە نۇرسىز
كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى.
شۇ ھالەتتە ئۇ قانچىلىك ياتتىكىن، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ
بىر تۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك يېرىم - يارتا ھوشسىزلىنىپ
ياتاتتى، بىر تۇرۇپ سەزگۈلىرى ئەسلىگە كېلەتتى ۋە كۈچسىز
ئىڭراپ قوياتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا گويا يەر
تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك تۇتۇق سادا ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ
دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ سادانى ئېنىقراق ئاڭلاشقا
تىرىشتى. تۇتۇق سادا بارغانسېرى كۈچىيىپ يېقىنلاشماقتا ۋە

بارغانسىرى ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى.

«ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى» دېدى توختامىش ئۆز ئىچىدە. دەرۋەقە، دۈبۈلغا، ساۋۇتلارنى كىيىشىپ، قىلىچ، نەيزە ۋە قالقانلار بىلەن قوراللانغان بىر توپ چېرىكلەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، توختامىش ياتقان يەرگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. توختامىش بېشىنى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى.

«بۇلار كىملەر؟ يەنە تاڭغۇتلارمۇ؟»

توختامىش يەنە ماغدۇرسىزلىنىپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ قالدى. چېرىكلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. توختامىش ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، زەئىپ ئاۋازدا سورىدى:

— سىلەر كىملەر؟

ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئولتۇرغان چېرىك سەپداشلىرىغا قاراپ:

— ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇركەن، — دېدى.

«بىزنىڭكىلەر ئىكەن، قۇتۇلۇپتىمەن» دېگەن ئۈمىدلىك ئوي توختامىشقا قايتىدىن جان بەردى. ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىلەردەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ چېرىكلەرنىڭ چىرايلىرىغا تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ قالدى. چېرىكلەر ئۇنى ئاۋايلاپ يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى.

توختامىش چېرىكلەر بەرگەن سۇنى ئىچىپ، تالقاننى يەپ، خېلى ئوڭشىلىپ قالدى. مەلۇم بولدىكى، توختامىش تاڭغۇتلاردىن قېچىپ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ چېرىكلەر بولسا، ئەنە شۇ چەت - ياقا جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەپ يۈرگەن چارلىغۇچىلار ئىدى.

— ئاتلىنىڭلار، قايتىمىز! — دەپ بۇيرۇق بەردى چېرىكلەرنىڭ باشلىقى.

توختامىش بىر چېرىكنىڭ كەينىگە مىنگەشتى.

— نەگە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىۋىرغولغا.

## ئىككىنچى باب

# ئاستانىدىكى ئىشلار

مىلادىيە 1203 ـ يىل كۈز. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بۈيۈك ئاستانىسى قوچۇ شەھىرى.

مەھەللە ئاقساقىلى بولدۇز قايا ئوغلى توختامىش بىلەن گەج سىيپاق بېرىلىپ ئاقارتىلغان ئازادە ئۆيدىكى گىلەم سېلىنغان سۇپىدا ناشتا قىلىپ ئولتۇرغانىدى.

— ئاناڭ رەھمەتلىك تۈگەپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى، — دېدى بولدۇز قايا ئوغلىغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئىبادەتخانىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇدساتۋانىڭ ھەققىدە ئىبادەت قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈۋېتەيلى… ئاخشام ئاناڭ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

توختامىش بوز داستىخانغا تىزىلغان ئاق قوناق ناندىن بىر چىشلەپ، قىزىل سايۋا ئۈزۈمدىن بىر ـ ئىككىنى ئاغزىغا سېلىپ، قانداقتۇر غەمكىن قىياپەتتە ئۇنچىقماستىن بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ قويدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى.

— بولدۇ ئاتا، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

بولدۇز قايا ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرى سىڭگەن ۋە كۆيۈمچانلىقى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— بۇنداق بېشىڭنى ئېچىڭگە تىقىپ يۈرۈۋەرمىگىن توختامىش، — دېدى ئۇ، — يىگىت دېگەن ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇشى كېرەك. بۇنداق مۇڭلىنىپ يۈرسەڭ مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن، خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن.

— ماقۇل ئاتا، — دېدى توختامىش مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ، — بىراق، ئىچىم قاينايدۇ. يۈرىكىم سىقىلىدۇ! بۇ تاڭغۇتلار ئەجەبمۇ ئەسكىلىك قىلىپ قۇتراپ كېتىۋاتىدىغۇ... شۇ كارۋاندىكى ئەللىك نەچچە ئادەمدىن يالغۇز مەنلا تىرىك قالدىمغۇ. شۇ كۈندىكى قىرغىنچىلىق كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ.

— بولدى بالام، ئۇ ئىشلارنى تولا ئويلاۋەرمىگىن، تولا قايغۇرمىغىن، — دېدى بولدۇز قايا ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ، — ئۆتكەن ئىشلارنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. تولا ئويلىغانىنىڭ پايدىسى يوق. ئۇلۇغ بۇددا ئىگەمنىڭ شاپائىتى بىلەن جېنىڭ ئامان قالدى. ئامىتابا دەپ ئىگىمىز بۇدساتۋاغا تېۋىنغىن بالام. ئامىتابا! ئامىتابا!

توختامىش ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلاتتى.

— قاچانغىچە مۇشۇنداق بوزەك بولۇپ يۈرىمىز؟ — دەپ زەردى بىلەن خىتاب قىلدى ئۇ، — ئىدىقۇت خاقان قوشۇن تارتىپ چىقسا بولمامدۇ! بۇ تاڭغۇت دېگەن نىجىسلارنىڭ ئەدىپىنى بەرسەك بولمامدۇ! قىساس ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ خاقانىمىز قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ مىدىرلىمايۋاتىدۇ...

— بولدى قىل بالام، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار مەدەت بېرىپ، ئىشلىرىمىز ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. سەۋر قىلايلى. ئۇلۇغ بۇدساتۋا ساكيامونى سەۋرى قىلغۇچى بۇددا مۇخلىسلىرىنى ئۇنتۇپ

قالمايدۇ. ساكيامونى يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن يېڭىش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. بارلىق ئىنسان قېرىنداشتۇر. بۇددا نوملىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ...

بولدۇز قايا بۇددا تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەي دەپ تۇرغۇچە تاشقىرىدىن ئىشىك تاراقلىدى. توختامىش سۇپىدىن ئىتتىك چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى. ئوردا خىزمەتچىلىرىگە خاس ھالدا ئولڭ ياندىن ئىزمىلىنىدىغان كۆك شايى تون ۋە تاقىر بېشىغا قارا مەخمەل بۆك كىيگەن ئاق پىشماق يىگىت ئۆيگە كىرىپ، بولدۇز قاياغا تەزىم قىلدى.

— بۈيۈك قارا قىتان[1] دارۇغاچى[2] بارلىق يۇرت ئاقساقاللىرىنى دىۋان مەھكىمىسىگە كېلىشنى بۇيرۇدى. بۇيرۇقنى دەرھال بەجا كەلتۈرگەيسىز.

بولدۇز قايا ئالدىراپ قالدى.

— خوپ! خوپ! ھازىرلا بارىمەن، ھازىرلا ... — دېدى ئۇ قايتا - قايتا باش ئېگىپ.

دارۇغاچىنىڭ بۇيرۇقنى يەتكۈزگۈچى چاپارمەن يىگىت چىقىپ كەتتى. توختامىش قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا قايتا سۇپىغا ئولتۇردى.

— ئۇ تەرەپتىن تاڭغۇتلار بوزەك قىلىۋاتقان، بۇ تەرەپتىن قارا قىتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن مۇشتىنى تۈگۈپ.

— ھەي بالام، بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغىن، — دېدى بولدۇز قايا ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قورقۇپ كەتكەن ۋە نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا، — مۇشۇنداق گەپلىرىڭ دارۇغاچىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ

---

① قارا قىتان — قىتان قەبىلىلىرى (خەنزۇچە مەنبەلەردە «لياۋ»، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «كىدان» دەپ ئاتالغان) XII ئەسىرنىڭ بېشىدا جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدىن كۆچۈپ كېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىنى بېسىۋالغان ۋە شۇ زېمىنلاردا ئۆزلىرىنىڭ قارا قىتان خانلىقىنى قۇرغان.

② دارۇغاچ — قارا قىتان خانلىقىنىڭ بېقىندى ئەللەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارى.

قالىدىغان بولسا بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ! قارا قىتانلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايمىز دەپ جېنىدىن ئايرىلغانلار ئازمۇ؟ قالايمىقان سۆزلىمە بالام، تىنچ، خاتىرجەم ياشايلى.

توختامىش يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنىنى چىقارمىدى ۋە پەرىشانلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. بولدۇز قايا هاپىلا ـ شاپىلا تاقىر بېشىغا قارا مەخمەل بۆكىنى كىيدى ۋە ئۇزۇن يېشىل شايى تونىنىڭ قارا جىيەكلىك پەشلىرىنى ئۆتۈشتۇرۇپ، قارا پوتا بىلەن بېلىنى باغلىغاچ تاشقىرىغا چىقتى.

— توختاپ تۇرۇڭ ئاتا، ئاتنى ئېگەرلەپ بېرەي، — دېدى توختامىش ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ.

— بول، تېزرەك بول ئوغلۇم، تېز بول. كېچىكىپ قالسام بولمايدۇ، — دەپ ئالدىراتتى ئاتىسى.

توختامىش ئېغىلغا كىرىپ چىلان تورۇق ئاتنى ئەپچىللىك بىلەن ئېگەرلىدى ۋە قوروغا ئاچىقتى ـ دە، ئاتىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ مىنگۈزۈپ قويدى. بولدۇز قايا سەل تەمتىرەپ قالغان هالەتتە ئاق ئارىلىغان ساقال ـ بۇرۇتىنى بارماقلىرى بىلەن تاراشتۇرۇپ، سىيپاپ قويۇپ ئاتنى دېۋىتتى.

ئاقساقال بولدۇز قايا هەرقانچە ئالدىرىغان بولسىمۇ، يەنىلا سەل كېچىككەندەك قىلاتتى. دارۇغاچ مەهكىمىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى كەڭرى لاپاس تېگىدە بىرنەچچە ئات، ئېشەك ۋە ئىككى هارۋا توختىتىپ قويۇلغانىدى. «هەي، يەنىلا بالدۇر كېلەلمەپتىمەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئاقساقال ئۆكۈنۈپ. ئۇ هەرقانداق ۋاقىتتا دارۇغاچىنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپلىرىنى دەل ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. «بۇ قارغىش تەگكۇر لەنتى دارۇغاچ ئىشلىرىمدىن قۇسۇر تېپىپ هەيۋىسىنى كۆرسەتمىسىلا بولدىغۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

دارۇغاچ مەهكىمىسى پۈتۈن قوچۇ شەهىرىدىكى ئەڭ

ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەردىن بىرى ئىدى. تۆت ئەتراپى ئېگىز خىش تاملار بىلەن قورشالغان بولۇپ، چوڭ يولغا قارىتىلغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى قارا سىرلانغان. بۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە ئۆرۈك، شاپتۇل، جۇجەم دەرەخلىرى تىكىلگەن ئازادە باغلىق ھويلا، ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدە مەھكىمە بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىنانىڭ ئېگىز قوپۇرۇلغان تاملىرى ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان، چېدىر شەكىللىك ئۆگزىسىگە سېرىق كاھىش ياتقۇزۇلغان، قوش قاناتلىق ئىشىكى ۋە دېرىزە پەنجىرىلىرى قىزىل سىرلانغان.

كىمخاب تون كىيىپ، بېشىغا قىلىچ ئاسقان ياساۋۇل بولدۇز قايانى بىنانىڭ ئىچكىرىسىدىكى چوڭ قوبۇلخانىغا باشلاپ كىردى. قوبۇلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان تاقىر باش مەھرەم ياڭراق ئاۋازدا جاكارلىدى:

— ئاقساقال بولدۇز قايا كەلدى!

بولدۇز قايا ئالدىراپ - تېنەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى - دە، تۆت بۇلۇڭىغا بىر كەلتۈرۈپ گىلەم سېلىنغان قوبۇلخانىنىڭ تۆرىدە چازانى قۇرۇپ، كېرىلىپ ئولتۇرغان دارۇغاچقا ۋە ئىككى ياندا قاتار تىزىلىپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرۇشقان ئەمەلدارلارغا قاراپ، «كېچىكىپ قاپتىمەن» دېگەن ئوي بىلەن بىردەملىككە ئېسەنگىرەپ قالدى. ئاندىن دەرھال ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلدى.

قىتان دارۇغاچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدار خۇددى ئورنىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندەك قولاشمىغان بىر ھەرىكەت بىلەن قوزغىلىپ قويدى - دە، مۈكچىيىپ قالغان ئەتلىك گەۋدىسىنى رۇسلىدى ۋە بولدۇز قاياغا تەنبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— بۈيۈك قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تىزلىنىپ، يەرگە باش قويۇش كېرەك! بۇنى بىلەمسىز

ئاقساقال؟

بولدۇز قايانىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، بىلىمەن ...— دېدى ئۇ ئالدىراپ ۋە دۇدۇقلاپ، — مەن بەك ھودۇقۇپ كېتىپ... خاتا قىلىپ قويدۇم. بىز ئىدىقۇت خانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا مۇشۇنداق سالام بېرەتتۇق... دارۇغاچىنى كۆرگەندە يەرگە باش ئۇرۇش كېرەك ئىدى... مەن... مەن... ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن. مەن گۇناھكار! ... مەن... مەن...

بولدۇز قايا قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. بايىقى ئۇيغۇر ئەمەلدار چىرايىغا سۇرلۇك تۈس بېرىش ۋە دارۇغاچىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى:

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ دەرھال تىزلىنىڭ! بۈيۈك دارۇغاچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇددى ئۇۋچىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىيىكتەك تۆت پۇتلۇق بولۇپ گۇناھىڭىزنى تىلەڭ! بۈيۈك، قۇدرەتلىك قارا قىتان سەلتەنىتىگە ساداقەتمەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈڭ!

بولدۇز قايا ئوپۇل - توپۇل ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ كېلىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى.

دارۇغاچ ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئۇزۇن تۇرا ئادەم بولۇپ، پارقىراق بېغىررەڭ تاۋار كىيگەن، قاما تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلغان ئۇچلۇق قالپىقى تېگىدىن ئۇزۇن قارا چاچلىرى چىقىپ تۇرغان، شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرى سىلىق تارالغان، كىچىك - كىچىك قىسىق كۆزلىرى ئۆز ئالدىدىكى باش ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇچىلارغا بىگىز دەك سانجىلىپ قارايدىغان، پۈتۈن تۇرقىدىن تەكەببۇرلۇقى ۋە زومىگەرلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەھۋالغا قاراپ،

چىرايىغا خەيرىخاھلىق تۇسىنى بېرىشكە ماھىر ئىدى.
— ھەي، بولدى، بولدى، ئورنىڭىزغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ ئاقساقال، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

بولدۇز قايا بېشىنى كۆتۈردى ۋە قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى.

— خوجىمىز دارۇغاچ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى، — دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر ئەمەلدارى دوق قىلغان تەلەپپۇزدا ۋە بولدۇز قاياغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى.

بولدۇزقايا روھى چۈشكەن ھالدا ئورنىدىن قوپۇپ، تام ياقىلاپ تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. جەمئىي يىگىرمىچە قوچۇلۇق ئەمەلدار چاقىرتىلغانىدى. ھەممىسى قىتان دارۇغاچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىغىر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. ھەممىسى قىممەت باھالىق شايى - كىمخاب تونلارنى، ھەر خىل نۇسخىدىكى يۇمشاق مەخمەل بۆكلەرنى كىيىشكەن بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك يۇرت كاتتىلىرى ئىدى.

بولدۇز قايا دارۇغاچىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئۇيغۇر ئەمەلدارغا چوڭقۇر نەپرەت مەنىسى يوشۇرۇنغان ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ قويدى ھەمدە «قارا قىتانلارغا ياخشىچاق بولۇۋېلىپ ئەجەب يوغىناپ كەتتىڭ - ھە، پەس مۇناپىق!» دېگەنلەرنى مېڭىسىدىن ئۆتكۈزدى. دارۇغاچىنىڭ يېنىدىكى ئەمەلدارمۇ بولدۇز قايانىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىگەندەك غالىبانە قىياپەتتە مەسخىرىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئەڭ قىممەتلىك زەرباپ تون، ئۇزۇن چاچ قويۇلغان بېشىغا قىتانچە بۆلغۈن جىيەكلىك ئۇچلۇق قالپاق كىيگەنىدى.

— بۈيۈك دارۇغاچ، كېلىدىغانلار كېلىپ بولدى، — دېدى

ئۇ ئاۋازىنى يۇمشاق چىقىرىپ ۋە لولا كۈلكىسى بىلەن ھىجايغان ھالدا دارۇغاچ تەرەپكە سەل ئېگىلىپ.

— ھىم، ياخشى، — دېدى دارۇغاچ ئۇلۇغۋار قىياپەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ ۋە تام ياقىلاپ ئولتۇرغان يەرلىك ئەمەلدارلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — شانۇ شەۋكەتلىك خوجىمىز ھەم پاسىبانىمىز گۈرخاندىن[①]يارلىق كەلدى. بۇ يەردە باش قوشقان ھەرقايسىلىرىغا ئىشىنىپ تاپشۇرىدىغان مۇھىم ۋەزىپە بار.

دارۇغاچ سۆزىنى توختىتىپ، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشقان يەرلىك ئەمەلدارلارغا يەنە بىر قېتىم بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى - دە، يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى سۆلەتلىك ئەمەلدارنى قول ئىشارىسى بىلەن كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ ھۆرمەتلىك مىسىرىسلا باخشى[②]ھەرقايسىلىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان ۋەزىپىنى چۈشەندۈرىدۇ، — دېدى.

مىسىرىسلا باخشى سېمىز گەۋدىسىنى دارۇغاچ تەرەپكە بۇراپ ئېگىلدى ۋە چىرايىغا ئاجايىپ ئاشكارا ئىپادىلەنگەن خۇشامەت كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ، يەنە بايىقىدەك يۇمشاق ئاۋازدا:

— ئەمىسە، سۆزلەمدىم؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، سۆزلەڭ، سۆزلەڭ، — دېدى دارۇغاچ بېشىنى ئىرغىتىپ.

مىسىرىسلا باخشىنىڭ خام سېمىز گەۋدىسى چاقىرىلغان يەرلىك ئەمەلدارلار تەرەپكە بۇرۇلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش يوقالدى.

— ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىۋاتقان ئۇستازدەك، — بۈيۈك قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى، بىزنىڭ خوجىمىز مەڭگۈ يېڭىلمەس گۈرخاندىن مۇقەددەس يارلىق

① گۈرخان — قىتان خانلىرى گۈرخان دەپ ئاتىلاتتى.
② باخشى — ئۇستاز، بىلىملىك ئادەم دېگەن مەنىدە.

كەلدى. يېقىندىن بۇيان گۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ۋە ھامىيلىقىدىكى بىر قىسىم جايلاردا پاراكەندىچىلىكلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۇنتۇغان گۇناھكارلار قىلچە تەپ تارتماستىن قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ. بالاساغۇن، كاشغەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا گۇناھكار جىنايەتچىلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈشتى. ئىدىقۇت خانلىقىغا قاراشلىق يەرلەردىمۇ مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، خوجىمىز ۋە پاسىبانىمىز گۇرخان جىنايەتچىلەرنى باستۇرۇپ، تەرتىپ ۋە مۇقىملىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوراللىق قوشۇنلارنى كۆپەيتمەكچى. ئۇلۇغ گۇرخان خوجىمىز ئىدىقۇت تەۋەسىدىكى پۇقرالارغا ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىقى تاپشۇرۇشنى بۇيرىدى. ھەربىر تۈتۈن بىر ياخشى ئات تاپشۇرۇشى شەرت. ئېتى يوقلار بىر كالا ياكى بىر تۆگە ۋە ياكى بەش قوي تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. كىمكى ئۇلۇغ گۇرخاننىڭ بۇ سېلىقىنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتسا قارا قىتان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلار قاتارىدا ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ.

مىسىرىسلا گېپىنى تۈگىتىپ، يەنە دارۇغاچقا باش ئېگىپ، كۈلۈپ قويدى. دارۇغاچىنىڭمۇ بايىقى ئىللىق كۈلۈمسىرىشى غايىب بولغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدا مۇھىم ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ جىددىيلىكى ئىپادىلەندى.

— مىسىرىسلا باخشىنىڭ ئېيتقانلىرى چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— چۈشىنىشلىك بولدى.

— چۈشەندۇق،— ئەمەلدارلار ياۋاشلىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

دارۇغاچ ھەربىر سۆزىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— ئىدىقۇت خەلقى قۇدرەتلىك خوجىمىز گۇرخاننىڭ

هامىلىقى ئاستىدا خاتىرجەم، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. بىز قارا قىستانلار سىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇڭلارنى ھەم تىنچلىقىڭلارنى قوغدايمىز. شۇڭا، ئىدىقۇت خانىمۇ گۇرخانغا بېقىنىپ، خانلىقىمىزغا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن، ھازىر تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى بۇزىدىغان بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەر قارا قىتان ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئەل ئىچىدە قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە جەم بولغان ھەرقايسىلىرى خۇددى ئىدىقۇت خانغا ئوخشاشلا خانلىقىمىزغا سادىق مۆتىۋەر زاتلار. شۇڭا، خوجىمىز گۇرخانمۇ ھەرقايسىلىرىغا ئالاھىدە خەيرخاھلىق قىلىدۇ ھەم سىلەرگە ئىشىنىدۇ.

دارۇغاچ سۆزىنى توختىتىپ، سۇكۇتتە ئولتۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا سىناق نەزىرى بىلەن قارىدى. ئېغىر سۇكۇنات بۇزۇلمىدى. ئەمەلدارلار خۇددى زۇۋانى تۇتۇلغاندەك جىم ئولتۇراتتى. بەزىلىرى خۇددى ئىتائەتمەن تالىپلاردەك مۈكچىيىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قوياتتى؛ يەنە بەزىلىرى ئوڭايسىزلانغاندەك بىر خىل غەلىتە قىياپەتتە كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، كالتە ـ كالتە يۆتىلىپ قوياتتى.

دارۇغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىغىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسىلىرىنىڭ گۇرخانغا سادىقلىقىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى. ھەرقايسىلىرى بۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ئاۋام خەلق ھەرقايسىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان چاتاقچىلارنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، توغرا يولغا باشلاش ھەرقايسى مۆتىۋەر زاتلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. خانلىقىمىزغا قارشى قارا گۇرۇھلارنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان مەخپىي قاراقچىلارنى بايقىغان ھامان بىزگە مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرغايسىزلەر.

دارۇغاچ يەنە سۆزىنى توختىتىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ

كەتكەن ئەمەلدارلارغا يەنە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى. يەنە ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. پەقەت دارۇغاچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مىسىرسىلا باخشىلا بېشىنى ئىتتىك - ئىتتىك لىڭشىتىپ:
— توغرا، توغرا! شۇنداق توپىلاڭچىلار بار، بار، — دەپ قويدى.
— ئەمدى ھەرقايسى مۆتىۋەرلىرىمىز سېلىق يىغىش ئىشىنى دەرھال باشلىغايسىزلەر. يارلىق تامام! — دېدى دارۇغاچ ۋە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىككى قولىنى كەينىگە ئېلىپ، قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا ئىككى قاتار مۆتىۋەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ - چوڭ چامداپ قوبۇلخانىدىن چىقىپ كەتتى.
مۆتىۋەرلەر خۇددى يەلكىلىرىنى ئېغىر تاغ باسقاندەك چۆشكۈنلەشكەن ھالدا قوزغىلىشىپ، ئۈن - تىنسىز تاشقىرىغا چىقىشتى ۋە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ، بەزىلەر سايىۋەنلىك ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ دارۇغاچ مەھكىمىسىدىن ئايرىلىشتى. بولدۇز قايا ھېچكىمگە ئارتۇق گەپ قىلماستىن دەرۋازىدىن چىقتى - دە، ئېتىنى يورغىلىتىپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
مىسىرسىلا باخشى ھەممىدىن كېيىن چىقتى. سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان مەھكىمە خىزمەتكارلىرىدىن بىرى لاپاس تېگىدىكى بويلۇق جەدە ئاتنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ، ئۇنىڭغا ئەكېلىپ بەردى. مىسىرسىلا ئېتىغا مىنىپ دەرۋازا سىرتىغا چىققاندا ئات بىلەن بوي تالاشقۇدەك ئېگىز ئالا ئېشەككە مىنىپ تام تۈۋىدە تۇرغان بىر كىشىنى كۆردى. بۇ كىشىمۇ ھېلى تېخى دارۇغاچىنىڭ قوبۇلخانىسىدىن چىققانلارنىڭ بىرى ئىدى.
— ھە، بادرۇق باخشى، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى مىسىرسىلا ئات ئۈستىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.
بادرۇق ئىسمىلىك بۇ ۋىجىككىنە كەلگەن چار ساقاللىق باخشى ئېشىكىنى مىسىرسىلانىڭ ئېتىغا ياندىشتۇرۇپ ماڭدى.

— ماڭا قاراڭ مىسىرسلا باخشى، — دېدى ئۇ، — بۈگۈنكى گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىم قېتىپ قالدى... ھەي، نېمە دېسەم بولار...

— گېپىڭىز بولسا ئۇدۇللا دەۋەرمەمسىز، — دېدى مىسىرسلا ۋە ئېتىنىڭ يورۇشىنى ئاستىلاتتى.

— دېمەكچىمەنكى، — دېدى بادرۇق باخشى، — بۇ سېلىقنىڭ گېپىنى ئەسلىي ئىدىقۇت خان دېسە توغرا بولاتتىغۇ... ھەر يىلى كۈزلۈك ھوسۇل يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىدىقۇت خان دارۇغاچقا سېلىق تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىدىغۇ... دېمەكچىمەنكى، ھەر يىلى ئىدىقۇت خاننىڭ ئادەملىرى سېلىق يىغىشنى ئۈزتۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇلتۇرمۇ شۇنداق بولغانغۇ.

— ئىدىقۇت يازلاش ئۈچۈن بەشبالىققا[①]كەتكەنچە تېخى قايتىپ كەلمىدى. بۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ.

— شۇنداق، بىلىمەن، — دېدى يەنە بادرۇق باخشى بېشىنى تەستىقلىغان تەرزدە لىڭشىتىپ، — خاننىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. خاقانىمىز قايتىپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرساق بولماسمىدى. قانداق گەپ بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ خاقانىمىز دېيىشى كېرەك - تە! بىزنىڭ ھۆكۈمدارىمىز ئىدىقۇت خاقانغۇ. ئۇ گۈرخان دېگەن بىلەن بىزنى بىر قازانغا سېلىپ قايناتسىمۇ قېنىمىز قوشۇلمايدۇ.

مىسىرسلانىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— هاي، هاي! ئويلاپراق گەپ قىلسىڭىز بولۇرمىكىن، بادرۇق باخشى. ئىدىقۇت خانىمۇ گۈرخان باشقۇرىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمان خاقانلىرىمۇ گۈرخانغا بويسۇنىدۇ. كۈن چىقىشتىكى تاڭغۇتلارمۇ، ئالتايدىكى نايمانلارمۇ گۈرخانغا

[①] بەشبالىق — ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى. هازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان.

ئۆكتە قوپالمايدۇ. بۇ دۇنيادا قارا قىتانلارغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ناۋادا بېشىڭىزغا بالا كەلسە دارۇغاچىنىڭ ئالدىدا ئىدىقۇت خانمۇ ئارا تۇرالمايدۇ جۇمۇ. بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بادرۇق باخشى قورقۇپ قالدى بولغاي:

— شۇنداق، توغرا ...— دەپ كېكەچلەپ قالدى ۋە زورغا كۈلۈمسىرەپ، خۇشلىنىش ئىشارىسىنى قىلىپ ئېگىلىپ قويدى - دە، ئېشىكىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ياندىكى تار كوچىغا كىرىپ كەتتى.

مىسىرىسلا ئېتىنى توختىتىپ بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. ئاندىن ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، يەنە كەلگەن يولى بىلەن ئۇدۇل دارۇغاچ مەھكىمىسىگە قايتىپ كىردى. ئۇ دارۇغاچ بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ، بايا بادرۇق باخشى بىلەن بولغان پاراڭنىڭ تەپسىلاتىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە قويماي سۆزلەپ بەردى. دارۇغاچ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى ۋە ئاخىرىدا مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ:

— ياخشى، ياخشى! مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئوبدان كۆز - قۇلاق بولۇڭ. بىز سىزنىڭ تۆھپىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز، — دېدى.

ئۇچىنچى باب

# ئىدىقۇت خانىنىڭ دەردى تولا

قارا قىتان خانلىقىنىڭ قوچۇ شەھىرىدىكى باش نازارەتچىسى سىلىق يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىدىقۇت ئوردىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئەمەلدارلار جىددىيلەشكەن هالدا باش دىۋان مەھكىمىسىگە يىغىلدى. ھەممەيلەننىڭ بېشى قاتقان ۋە غەزەپلەنگەنىدى. «دارۇغاچىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلامدۇق ـ قىلمامدۇق؟» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ بەس ـ مۇنازىرە بولدى. ھەممەيلەن تىت ـ تىت بولۇپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشتى:

— بۇلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇردى!

— بىزنىڭ خاقانىمىزنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزى بىلگەنچە بۇيرۇق چۈشۈرسە، ماقۇل دەپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— گۇرخاننىڭ يارلىقى ھېساب ئەمەس! بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىدىقۇت خانىمىز بار. ئىدىقۇت خانىنىڭ يارلىقى ھېساب!

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە!

بۇ چاغدا كەڭ تاسما كەمەرگە ئۇزۇن تۈز قىلىچ ۋە كالتە خەنجەر ئاسقان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى قىسقا قىرقىما ساقاللىق بىر كىشى «گۇس ـ گۇس» دەسسەپ ئوتتۇرىغا چىقتى ـ دە، كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— ئەي مۆھتەرەم مۆتىۋەرلىرىم، پېقىرنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ بېقىڭىزلەر.

مۆتىۋەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن خىتاب قىلىشتى:

— ھە، قېنى گېپىڭنى ئېيتقىنا ئالابارس تارخان.

— قېنى، سۆزلە، سۆزلە.

ئالابارس ئىسىملىك بۇ تارخان[1] بوي - بەستى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، مۈرىلىرى كەڭ، كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان باھادىر سۈپەت ئەزىمەت ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاشلىرى غەزەپ بىلەن ھىمىرىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. بىرەر ئورۇنلۇق پىكىر ۋە مۇۋاپىق چارە - تەدبىرگە تەقەززا بولۇپ ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەر تالاش - تارتىشنى توختىتىپ، تارخاننىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— بۇ مۆتتەھەم دارۇغاچ، — دېدى ئالابارس تارخان جاراڭلىق ئاۋازدا، — بىزنىڭ ئوردىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە پىسەنت قىلماي، بىزنىڭ ئىدىقۇت خانىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەي، گۇرخاننىڭ يارلىقىنى بىزگە زورلاپ تېڭىۋاتىدۇ. توغرا، بىز قارا قىتانلارغا سېلىق تۆلەپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئۆز تەرتىپى بىلەن، ئىدىقۇت خاننىڭ يارلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك.

مۆتىۋەرلەر يەنە ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي خىتاب قىلىشتى:

— توغرا دەيسەن ئالابارس! بىز نېمىدەپ گۇرخاننىڭ يارلىقى بويىچە ئىش قىلغۇدەكمىز؟

— بۇرادەرلەر، بىز قاچانغىچە سېلىق تۆلەيمىز؟

— ئۇ دارۇغاچ دېگەن مۆتتەھەمنىڭ كۆتىگە تېپىپ قوغلىۋەتسەك بولمامدۇ!

— ئۇلارنىڭ زومىگەرلىكىگە قاچانغىچە باش ئېگىپ يۈرىمىز؟

---

[1] تارخان — ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان.

— ئەي ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلىرىم، — دېدى ئالابارس تارخان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — تىنچلىنايلى! گېپىمنى دەۋالاي. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئىدىقۇت خان ئۆزى بېكىتسۇن. بىز بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىتىك[1] يېزىپ، بەشبالىققا چاپارمەن ئەۋەتەيلى. قانداق دەيسىزلەر؟

مۆتىۋەرلەر ئاۋاز قوشتى:

— توغرا، شۇنداق قىلايلى.

— دەرھال بىتىك يازايلى.

— چاپارمەنلەرنى بۈگۈندىن قالدۇرماي يولغا سېلىۋېتىش كېرەك...

ۋەھالەنكى، مۆتىۋەرلەر بىتىك يېزىشقا ئۈلگۈرمىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىتىك يېزىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مۆتىۋەرلەرنىڭ غۇلغۇلىسى بېسىقماي تۇرۇپ، تاشقىرىدىن ئۇپۇر - تۇپۇر ماڭغان قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. قوش قاناتلىق ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلىپ، ئۇچىسىغا ئەپچىللىگىنە چىلان رەڭ شايى يەكتەك كىيىپ، بېلىنى تاسما كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلىغان ۋە بېشىغا يېشىل كىمخاب بىلەن قاپلانغان ئۆرە قالپاق كىيگەن ياش بىر يىگىت تېز - تېز قەدەم بېسىپ كىرىپ كەلدى - دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىش بىلەن سالام بەردى. ئۇنىڭ شامالداپ قىزىرىپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرى ۋە چاڭ قونغان ئۈستۈبېشىدىن قارىغاندا، يىراق يولدىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مۆتىۋەرلەر ئۇنى تونۇدى.

— ئىدىقۇت خانىنىڭ چاپارمىنى، — دېيىشتى ئۇلار جانلىنىپ.

— سالامدىن سۆگرە سۆزۈم مەلۇم بولسۇنكى، — دېدى چاپارمەن، — بۈيۈك خاقانىمىز يازلىق ئاستانە بەشبالىقتىن يولغا

[1] بىتىك (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) — خەت، نامە، مەكتۇپ.

چىقىپ، ھازىر قىشلىق ئاستانە قارا قوچۇغا كېلىۋاتىدۇ. ئوردا ئەھلى ۋاقىپ بولغاي.
مۆتىۋەرلەر ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
— دەرھال تەييارلىق قىلايلى!
— خاقان ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە يېتىپ كەلگۈدەك.
ئالابارس تارخان چاپارمەن يىگىتنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى.
— سەن ئەمدى ئارام ئالغىن. خاننى كۈتۈۋېلىشقا مەن بارىمەن.
چاپارمەن تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئالابارس تارخان خاقاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خىللانغان بىر مىڭ بەش يۈز چەۋەندازنى باشلاپ، شۇ كۈنىلا ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە بەشبالىق يولىغا راۋان بولدى.

※ ※

تـوپ ـ توپ قىزىل يۇلغۇنلار ئۆسۈپ كەتكەن قۇمساڭغۇ چۆلنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئات تۇياقلىرى دۈپۈرلىمەكتە، ھارۋا چاقلىرى غىچىرلىماقتا ئىدى. قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن تولۇق قوراللانغان ئۈچ مىڭ چەۋەنداز خاقان ھارۋىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ھارۋىنىڭ ئۈستىگە يالتىراق قىزىل تاۋاردىن سايىۋەن تىكلەنگەن، سايىۋەننىڭ چۆرىسىگە مەشۇتتىن ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چۇچىلار تىكىلگەنىدى. شۇ ھارۋىغا سېلىنغان گۈللۈك گىلەم ۋە كىمخاب كۆرپىدە ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن خىيالچان قاراشلىرى بىلەن ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئىككى يانغا يوغان ـ يوغان توزغاقلىق ئىككى تەكيە قويۇلغان بولۇپ، خان چارچاپ قالغۇدەك بولسا، ھېلى ئوڭ ياندىكى، ھېلى سول ياندىكى تەكيىگە قىيسىيىپ يانپاشلايتتى.

ئېگىز هارۋىنىڭ تۆمۈر بىلەن چەمبەرلەنگەن يوغان- يوغان ئىككى چاقى غىچىرلاپ هەر خىل سادا چىقىراتتى. دالىدىكى ئوي - دۆڭلەرگە دۇچ كەلگەندە هارۋا ئۇيان - بۇيان چايقىلىپ، سايىۋەنىنىڭ مەشۇت چۇچىلىرى لەپەڭشىپ كېتەتتى.

ئەتراپتىكى چاكاندا ۋە يانتاقلار ئارىسىدىن چوڭ - كىچىك كەسلەنچۈكلەر شاپۇر - شۇپۇر قىلىپ چىقىشىپ، نەلەرگىدۇر كىرىپ غايىب بولاتتى. يۇلغۇنلار تۈۋىدىن ئۈشتۈمتۇت بوز توشقانلار ئېتىلىپ چىقاتتى - دە، دالىنى بويلاپ بەدەر قاچاتتى. گاهى - گاهى يىراقتىن قۇلان ياكى جەرەن توپلىرى ئۇچراپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر توپ ياش چەۋەندازلار ئوقيالىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، شۇ جانىۋارلارنى قوغلاپ كېتىشەتتى.

ئالدىن يۈرگۈچى چارلىغۇچىلار قىسمىدىن ياش بىر چەۋەنداز تۆم قارا ئارغىماق ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ يېنىپ كەلدى ۋە خان هارۋىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مەلۇمات بەردى:

— بۈيۈك ئىدىقۇت خاقانىغا مەلۇم بولسۇنكى، قارا قوچۇدىن ئالابارس تارخان ئۆز قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئىدىقۇت خاقانىمىزنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى تاۋاپ قىلىشقا تەقەززا بولۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىدىقۇت خان ئۆز هارۋىسىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان نۆكەر بېشىغا قاراپ بۇيرۇق بەردى:

— توختايلى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — ئاندىن يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ هارۋىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان خەۋەرچىگە قاراپ، — ئالابارس كەلسۇن، — دېدى.

خەۋەرچى يىگىت يەنە ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن مىندى - دە، قۇيۇندەك ئۇچۇپ قوشۇننىڭ باش تەرىپىگە كەتتى. هايال ئۆتمەي ئالابارس تارخان يېتىپ كەلدى ۋە خاننىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ

ئېگىز هارۋىنىڭ تۆمۈر بىلەن چەمبەرلەنگەن يوغان ـ يوغان ئىككى چاقى غىچىرلاپ ھەر خىل سادا چىقىراتتى. دالىدىكى ئوي ـ دۆڭلەرگە دۇچ كەلگەندە هارۋا ئۇيان ـ بۇيان چايقىلىپ، سايىۋەنىنىڭ مەشۇت چۇچىلىرى لەپەڭشىپ كېتەتتى.

ئەتراپتىكى چاكاندا ۋە يانتاقلار ئارىسىدىن چوڭ ـ كىچىك كەسلەنچۈكلەر شاپۇر ـ شۇپۇر قىلىپ چىقىشىپ، نەلەرگىدۇر كىرىپ غايىب بولاتتى. يۇلغۇنلار تۈۋىدىن ئۈشتۈمتۇت بوز توشقانلار ئېتىلىپ چىقاتتى ـ دە، دالىنى بويلاپ بەدەر قاچاتتى. گاھى ـ گاھى يىراقتىن قۇلان ياكى جەرەن توپلىرى ئۇچراپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر توپ ياش چەۋەندازلار ئوقيالىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، شۇ جانىۋارلارنى قوغلاپ كېتىشەتتى.

ئالدىن يۈرگۈچى چارلىغۇچىلار قىسمىدىن ياش بىر چەۋەنداز تۇم قارا ئارغىماق ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ يېنىپ كەلدى ۋە خان هارۋىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مەلۇمات بەردى:

— بۈيۈك ئىدىقۇت خاقانغا مەلۇم بولسۇنكى، قارا قوچۇدىن ئالابارس تارخان ئۆز قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئىدىقۇت خاقانىمىزنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى تاۋاپ قىلىشقا تەقەززا بولۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىدىقۇت خان ئۆز هارۋىسىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان نۆكەر بېشىغا قاراپ بۇيرۇق بەردى:

— توختايلى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — ئاندىن يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ هارۋىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان خەۋەرچىگە قاراپ، — ئالابارس كەلسۇن، — دېدى.

خەۋەرچى يىگىت يەنە ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن مىندى ـ دە، قۇيۇندەك ئۇچۇپ قوشۇننىڭ باش تەرىپىگە كەتتى. هايال ئۆتمەي ئالابارس تارخان يېتىپ كەلدى ۋە خاننىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ

تەزىم قىلدى. خاننى قوغداپ كېلىۋاتقان ئۈچ مىڭ جەڭچى بىلەن تارخان باشلاپ كەلگەن بىر يېرىم مىڭ چەۋەنداز بىرلىكتە بارگاھ قۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە خاننىڭ مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەن ئازادە چېدىرى تەييار بولدى. خۇددى شۇنداقلا چۆرىسىگە مەشۇتتىن چۇچا تۇتۇلغان قىزىل كىمخاب سايىۋەن تىكىلدى. سايىۋەننىڭ تېگىگە گىلەم سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شايى كۆرپە، يولۋاس تېرىسى ۋە يوغان - يوغان توزغاق تەكىيىلەر قويۇلدى. خان بىلەن تارخان ئەنە شۇ جايدىن ئورۇن ئالدى. جەڭچىلەر دالىغا كەڭ تارقىلىپ سورۇن تۈزۈشتى. تەمىنات ھارۋىلىرىغا بېسىلغان تۈرلۈك لازىمەتلىكلەر چۈشۈرۈلدى. قازانلار ئېسىلىپ، ئوۋلانغان جەرەن، توشقان گۆشلىرى قايناشقا، كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى تارقىلىشقا باشلىدى.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن تەكىيىگە يۆلىنىپ، يولۋاس تېرىسىدە يانپاشلاپ ياتتى. ئالابارس تارخان جىددىيلىشىپ تۇرسىمۇ، ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ، ئاستانىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى تەمكىنلىك بىلەن بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى تۇتالماي خىتاب قىلدى:

— بۇ گۇرخان دېگەن مەلئۇننىڭ بىزگە يارلىق چۈشۈرىدىغان نېمە ھەققى بار؟ بۇ دارۇغاچ خانلىقىمىزنى كۆزگە ئىلماي مۇشۇنداق باشباشتاقلىق قىلىپ يۈرسە بىز قاراپ تۇرىۋېرىمىزمۇ؟

بارچۇق ئارت تېگىننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، كۆزلىرى دەھشەتلىك تۈس ئېلىپ، نەپەسلىرى تېزلەشتى. ئۇنىڭ غەزەپتىن بوغۇلۇپ، ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ لام - جىم دېمىدى. تىزىغا قويۇلغان مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن نەگىدۇر يىراق بىر يەرگە تىكىلدى.

تارخان خاقاننىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىپ بىر

ئەسناغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئېھتىيات بىلەن مۇنداق دېدى:
— بۈيۈك خاقانىم، قىلىچلىرىمىزنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، خانلىقىمىزنىڭ كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا قاچان پەرمان بېرىسىز؟
تارخان شۇنداق دېدىيۇ، ئىدىقۇت خان نېمە دەيدىكىن دەپ، ھاياجاندىن دېمى سىقىلغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى. خاقان ئۇنچىقمىدى، يەنە شۇ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي يىراقلارغا كۆز تىكىپ ئۇزاققىچە شۇك ئولتۇرۇپ كەتتى. تارخان ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سوئال ئۇنىڭ دىل ئارامىنى بۇزۇپ ئازابلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر ئىدىقۇت خان ئېغىر بىر تىنىق ئېلىپ تارخانغا قارىدى.
— كونىلاردا، «ئالدىرىغان قالار، ئالدىرىمىغان ئالار» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئۇ، — ئۇزۇننى ئەتىيازدا زورلاپ پىشۇرغىلى بولمايدۇ، كېۋەزمۇ ئۆز مەۋسۇمى كەلگەندە غوزىلايدۇ.
ئالابارس تارخان خاقانىنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. لېكىن، بارچۇق ئارت تېگىن تارخاندىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يەنە جىمىپ قالدى. شۇڭا، ئالابارس تارخانمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئىدىقۇت خان خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ھازىر خانلىقىمىز ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆرۈپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگە ئۆگىتىپ باقمىغان چارە - تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقىلار ماڭغان ئۇدۇل يول بىلەن ئەمدى ماڭغىلى بولمايدۇ.

ھازىر بىزنىڭ ھەممە يوللىرىمىز ئېتىك، كۈن پېتىشتا قارا قىتانلار سېلىق تۆلەيسەن دەپ بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. كۈن چىقىشتا تاڭغۇتلار كارۋانلىرىمىزنى بۇلاپ، ئەلچىلىرىمىزنى يىراقتىكى يۇرتلارغا ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ. جەنۇبتا قاراخانىيلار دىنىي ئۆچمەنلىك تۇپەيلىدىن يات - بىزگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ تۇرۇۋاتىدۇ. شىمالدىكى نايمانلار گەرچە بىز بىلەن ئۇرۇشمىغان بولسىمۇ، دۈشمەنلىرىمىز بىلەن دوست بولۇشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارا قىتانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بەك قويۇق. شۇڭا، ئۇلارغىمۇ ئىشىنىشكە بولمايدۇ. قىسقىسى، بىز ھازىر تۆت تەرەپتىن ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز.

ئىدىقۇت خان سۆزىنى توختىتىپ يەنە يىراقلارغا كۆز تىكتى. ئۇ يەنىلا قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن توزغاق تولدۇرۇلغان تەكىيىگە يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىك، مەيۈسلەنگەنلىك ياكى خاتىرجەمسىزلەنگەنلىك ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك، ئۇلۇغۋار قىياپىتى ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزگەرمەيدىغاندەك ئىدى.

— شۇنچە كۆپ ھەم كۈچلۈك دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىمۇ ئاۋالۇكى تېشىۋارا[1] ھەم ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ مەددەت بېرىشى بىلەن ئامان تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى يەنە خان، — ئۇلۇغ تەڭرىم ھامان بىزگىمۇ پۇرسەت بېرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا...

ئىدىقۇت خان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى، ئەلۋەتتە، چۈشىنىشلىك ئىدى. ئالابارس تارخاننىڭ كۆزلىرىدە گوياكى گۈلخان ئۇچقۇنلىرى چاقنىغاندەك بولدى.

— خەپ، بىزگىمۇ پۇرسەت كېلىپ قالار! — دېدى ئۇ

---

[1] ئاۋالۇكى تېشىۋارا — بۇددا دىنىدا مېھرىبانلىق ۋە خەيرى - ساخاۋەت ياغدۇرغۇچى ئايال سۈرىتىدىكى ئىلاھ.

چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ.

خان ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا سەپەردە هاردۇق يەتكەندى. ئۇ بېشىنى تەكيىگە قويۇپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىۋالدى. تارخان ئىجازەت سوراپ، ۋەزىرلەر توپلىشىپ ئولتۇرغان چەتتىكى سورۇنغا كەتتى.

ئالابارس تارخان يەتكۈزگەن مەلۇماتتىن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىنىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئىدىقۇت ئېلىگە خان بولۇشتىنمۇ مۇشەققەتلىكرەك ئىش بولمىسا كېرەك. بىر تەرەپتىن قارا قىتانلارغا سېلىق تاپشۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناڭغۇتلارنىڭ هۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئەلنىڭ تىنچلىقى ۋە ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئاسان ئىشمۇ؟ ئىدىقۇت خان يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قوڭۇر چاچلىرىنى باستۇرۇپ، زەر گۈللۈك مەخمەل پوسمىسى كىيىلگەن مەغرۇر بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، توققۇز ۋەزىر[1]ۋە باهادىر سەركەردىلىرىنى هەر تەرەپلەرگە ماڭغۇزۇپ، ئەلنى سوراپ يۈرسىمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىدۇ. شۇنداق، ئىدىقۇت خاننىڭ دەردى تولا!

① توققۇز ۋەزىر — قەدىمكى تۈرك تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوردىلىرىدا ۋەزىرلەرنىڭ سانى توققۇز بولاتتى.

## تۆتىنچى باب

# بولدۇز قايا ۋە مىسىرىسلا

دۆۋە ـ دۆۋە سېرىق توپارەڭ قۇم بارخانلىرىنىڭ تۇۋىدىكى توپ ـ توپ يۇلغۇنلار ئارىسىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ياش يىگىت يىغىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاددىي دېھقان باللىرى ئىكەنلىكى كۆرۈنۇپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا ئىاق، كۆك رەڭلىك بوز ـ ماتا يەكتەك ـ تامبال، ھەممىسى تاقىرباش، بەزىلىرى كونىراپ كەتكەن لاتا بۆكلەرنى كىيىشكەن، بەزىلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ياغلىقلار بىلەن باشلىرىنى تېڭىۋالغان ۋە بەزىلىرى يالاڭۋاش. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى جىددىيلىكتىن بۇ يەرگە ئويۇن ـ تاماشا ئۇچۇن كەلمىگەنلىكى ئايان ئىدى.

— ئەمىسە، گېپىمىز گەپ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى دوستلىرىغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، — قىتانلار سىپىلىـقـقـا يىغىلغان چارۋا ماللارنى ھەيدەپ شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن قول سالىمىز.

بىاشقا يىگىتلەرمۇ ھاياجانلانغىنىدىن جىددىيلەشكەن ھالدا باشلىرىنى ئىرغىتتى.

— بولدى، شۇنداق قىلايلى!

— ئۆتكۈزۈپ قويغىنى بارەك مال ـ مۇلكىمىزنى قولىمىزدىن تارتىۋېلىپ بۇلاپ كەتسە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى! قاچانغىچە بوزەك بولىمىز؟ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

بۇ يىغىلىشتا باشلامچىلىق قىلىپ، ئالدى بىلەن سۆز باشلىغان يىگىت يەنە سۆز ئالدى:

— ئەمىسە، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماسلىقتا، قورقۇنچاقلىق قىلماي، جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا قەسەمياد قىلايلى. ئەگەر قايسى بىرىمىز بۇ ئەھدىمىزنى بۇزۇپ كۈرەشتىن باش تارتساق ياكى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئىزىقتۇرۇشى بىلەن خائىنلىق قىلساق ئۆلۈغ تەڭرىم ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلسۇن، سەپداشلىرىمىزنىڭ شەپقەتسىز قوللىرى ئۇنى جازالىسۇن!

بۇ مەخپىي سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلغۇچى يىگىتلەر قەسەمياد سۆزلىرىنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، — دېدى باشلامچىلىق قىلغۇچى يىگىت، — ھەرىكەتنى باشلايدىغان چاغدا قايتا يىغىلىمىز. ئەمدى قايتايلى.

يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خۇددى شەھەر سىرتىغا ئويناشقا چىققان ئۈلپەت كەبى پاراڭلاشقاچ مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

※ ※

مىسىرىسلا باخشى دارۇغاچىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە بېشىنى كۆتۈرمەي سۇكۇت قىلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئاياغلىرى ئاستىدىكى گىلەمنىڭ رەڭدار نەقىشلىرىگە قاراپ تۇرسىمۇ، قۇلاقلىرى سەگەكلىك بىلەن دارۇغاچىنىڭ پەرمانىنى كۈتمەكتە ئىدى. دارۇغاچ تۆرگە سېلىنغان قات ـ قات تاۋار كۆرپە ۋە قاپلان، ئېيىق تېرىلىرىنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغان باخشىغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ھەربىر سۆزىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ، ئالدىرىماي ئىجازەت بەردى:

— ھە، ئولتۇرۇڭ، مىسىرىسلا باخشى.
مىسىرىسلا گىلەمگە يۈكۈندى.
— ھازىر ئەل ئىچى تىنچ ئەمەس دەپ ئاڭلايمەن، — دارۇغاچ يەنە سۆزلىرىنى سوزۇپ سۆزلىدى، — سىزنى مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىپ باقاي، دەپ چاقىرتتىم.
يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مىسىرىسلا يەنە بېشىنى ئەگدى.
— بۈيۈك دارۇغاچىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا تەييارمەن.
دارۇغاچ بىلىنەر ـ بىلىنمەس مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى.
— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ھازىر قىتانلارنى ئۆچ كۆرىدىغان گەدەنكەشلەر ئاز ئەمەس. ئەنە شۇلار ئەلنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەپ يۈرىدۇ. ئەجەبا، سىز ئاشۇنداق توپىلاڭچىلارنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟
— نۇرلۇق ساكيامونىنىڭ مۇقەددەس نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن، — دېدى مىسىرىسلا قىتان دارۇغاچىنى ئەنسىرىتىش ئۈچۈن ئەنسەپ، — پېقىر ئۇنداق يامان نىيەتلىك بۇزغۇنچىلاردىن بىرنى بايقىسام بىرىنى، ئىككىسىنى كۆرسەم ئىككىسىنى ئۆز ۋاقتىدا بۈيۈك دارۇغاچقا مەلۇم قىلىپ تۇردۇم... مەسىلەن، تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئاقساقال بادرۇق باخشىنىڭ بۈيۈك گۇرخانغا تىل تەگكۈزۈپ، قارا قىتان ھۆكۈمرانلىقىغا قارا چاپلىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى بۈيۈك دارۇغاچقا مەلۇم قىلغانىدىم...
دارۇغاچ بۇ سادىق چاكىرىنىڭ بۇنداق قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ئۇششاق گەپنى تولا قىلىشىدىن بىزار بولغانلىقىنى يوشۇرماي، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— شۇنداق، شۇنداق. بۇنى بىلىمەن. بىزگە خەقنىڭ قۇرۇق گەپلىرى ئەمەس، نەق ھەرىكەت قىلىدىغان توپىلاڭچىلارنى

تېپىش كېرەك. تېخى يېقىندىلا بىر توپىلاڭچى خۇپىيانە ئوقيا ئېتىپ، بىزنىڭ بىر چېرىكىمىزنى يارىلاندۇرۇپ قويدى. بۇ قارا نىيەتنى تا هازىرغىچە تاپالمايۋاتىمىز. پۇقرالار شۇنداق توپىلاڭچىلارغا يان بېسىپ، ئۇلارنى قوغداۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئاشكارىلىمايۋاتىدۇ. چۆللەردە قىتان كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان، شەھەر ۋە يېزىلاردا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان قىتان ئەمەلدارلىرىغا تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. ئەجەبا، شۇنچە كۆپ گۇناھلىق ئىشلار يۈز بېرىۋاتسا، ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ سىزنىڭ ئايغاقچىلىرىڭىز، تىڭتىڭچىلىرىڭىز نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ مەخپىي سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتقانلارنى نېمە ئۈچۈن تۇتالمايسىلەر؟

مىسىرىسلا قورقۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— تاپىمىز، تاپىمىز، بۈيۈك دارۇغاچ... سۇيىقەستچىلەرنى چوقۇم تېپىپ تۇتىمىز...، — دېدى ئۇ ھودۇقۇشتىن تىلى كالۋالىشىپ.

— بۈگۈن ئەتىگەن ئوردىغا بېرىپ ئىدىقۇت خانىغىمۇ بۇ ھەقتە يولىيورۇق بەردىم، — دېدى دارۇغاچ، — ئۇ سېلىقنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. لېكىن، سۇيىقەستچىلەر توغرىسىدا ئېنىق بىرنېمە دېمەي، مۇجمەللىك قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىز بۈيۈك گۇرخانىمىزنىڭ قوچۇدىكى كۆزى ھەم قۇلىقى. بىز سىزگە ئىشىنىمىز. سىزنىڭ تۆھپىلىرىڭىزگە لايىق جاۋاب قايتۇرىمىز. بىز ئۆزىمىزگە سادىق ئادەملەرنى قەدىرلەيمىز. سىزمۇ سادىقلىقىڭىزنى داۋاملىق ئەمەلدە كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. سۇيىقەستچىلەرنى تېزرەك تېپىپ چىقىڭ. سېلىققا يىغىلغان جانلىق ھەم جانسىز مۈلۈكنىڭ بىخەتەر يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

— خوپ، خوپ...، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز بۈيۈك

دارۇغاچ، — مىسىرسىلا قايتا ـ قايتا باش ئېگىپ پۇكۇلدى.
دارۇغاچ ئۇنىڭغا قانداق قىلىش توغرۇلۇق يولىيورۇق بەردى:
— ئايغاقچى ۋە تىڭتىڭچىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىڭ. ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەھەللە ـ مەھەللە، كوچا ـ كوچىلاردا قىتانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈشسۇن. كېيىن قىلتاققا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يىغىشتۇرىمىز.
— خوپ، خوپ، بۈيۈك دارۇغاچ. شۇنداق قىلايلى، مەن دەرھال ئورۇنلاشتۇراي.

※ ※

بولدۇز قايانىڭ ھويلىسى خېلى كەڭرى بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقا تەرىپى ئۈزۈملۈك ئىدى. كۈز كىرىپ، ھاۋا كۈندىن كۈنگە سالقىنلاشقا باشلىغانىدى. بولدۇز قايا ئۈزۈملۈكتىكى ئىشلار بىلەن بەند ئىدى. ئىشلەمچىلەر تەكلەردىن ئۈزۈلگەن ئۈزۈملەرنى چوڭ ـ چوڭ باداڭ سېۋەتلەرگە قاچىلىماقتا ئىدى. بولدۇز قايا ئۆزىمۇ تەكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئىشنىڭ يۈرۈشىنى كۆزىتەتتى.
شۇ ئەسنادا كۆك بوز يەكتەك كىيگەن تاقىر باش خىزمەتكارى كېلىپ مەلۇمات بەردى:
— ئاقساقال، مېھمان كەلدى.
بولدۇز قايا ئۇستۇېشىنى قېقىشتۇرغاچ ئالدىنقى ھويلىغا ئۆتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بېدىش تېگىدە ۋېجىككىنە كەلگەن ئۆچكە ساقاللىق ئاقساقال ئۆي ئىگىسىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.
— قۇت بولسۇن بادرۇق باخشى، — دەپ سالام بەردى ئۇنىڭغا بولدۇز قايا.

— قوت بولسۇن بولدۇز قايا باخشى، — دېدى مېھمان.
ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىيلەن بېدىش تېگىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مېھمان ساھىبخانىغا يېقىنراق سۇرۇلۇپ ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ مۇنداق دېدى:
— نۇرلۇق ساكىيامونى ئامىتا بۇددا مەدەت بەرگەي، ھۆرمەتلىك بولدۇز قايا باخشى. ئىككى كۈندىن بۇيان كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس. ئىچىمدىكى گەپلىرىمنى سىزگە ئېيتاي دەپ كەلدىم. «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلماپتىكەن.
بولدۇز قايا سوئال مەنىسى ئىپادىلەنگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.
— ئامىتابا، نېمە ئىش بولدى بادرۇق باخشى؟
بادرۇق باخشى ئېسەنگىرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— مىسىرىسلا باخشىنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەن-مەن، — دېدى ئۇ.
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بولدۇز قايا دىققىتىنى يىغىپ.
بادرۇق باخشى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك قىلىپ، ۋىجىك گەۋدىسىنى ئۇيان - بۇيانغا مىدىرلىتىپ قويدى، ئاندىن چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى.
— ھېلىقى كۈنى دارۇغاچ مەھكىمىسىدىن يانغاندا، — دېدى ئۇ، — مىسىرىسلا بىلەن پاراڭلىشىپ قالغاندىم. مەن ئۇنىڭغا سېلىق يىغىدىغان ئىشنى ئىدىقۇت خان ئۆزى قىلىشى كېرەك، دارۇغاچىنىڭ بىزنى باشقۇرىدىغان نېمە ھەققى بار، دېگەندەك گەپلەرنى دەپ ساپتىكەنمەن...
— ھە، مىسىرىسلا نېمە دېدى؟ — دەپ ئىتتىك سورىدى

بولدۇز قايا.

— شۇ چاغدا ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمىغانىدى... ئەمما، كېيىن ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى دارۇغاچقا يەتكۈزۈپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ بۇنى قانداق بىلدىڭىز بادرۇق باخشى؟

— ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ئىككى قىتان چېرىك كېلىپ، مېنى دارۇغاچنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشتى. دارۇغاچ قاپاقلىرىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ مېنى سوراق قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قورقۇنچلۇق تەلەتىنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. كۆردىڭىزمۇ بۇ ئىشنى؟ مىسىرىسلانى بۇنداق قىلار دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ يەنە سورىدى بولدۇز قايا، — دارۇغاچ يەنە نېمە قىلدى؟ نېمە دېدى؟

— ئۇ مېنى قارا قىتانلارغا ئۆچمەنلىك قىلدىڭ دەپ بىرمۇنچە ئەيىبلىدى، دۇنيادا ھېچكىم قارا قىتانلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇزۇن سۆزلىدى. ئاندىن... ئاندىن ...— بادرۇق باخشى ئاۋازىنى پەسەيتىپ ۋە ئاغزىنى بولدۇز قايانىڭ قۇلىقىغا يېقىن كەلتۈرۈپ دېدى، — ھازىر قارا قىتانلارغا قارشى مەخپىي سۇيىقەستچىلەر بار دەيدۇ. يەنە تېخى مېنى شۇنداق سۇيىقەستچىلەرنى پاش قىل دەپ قىستىدى. ئامىتابا! ئاۋالقى تېشۋارا مەدەت بەرگەي! مەن ئۇنداق مەخپىي ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنى نەدىن بىلەي؟ بۇ مىسىرىسلا دېگەن مۇناپىق تىرناقتىن تۈك ئۈندۈرۈپ، مېنى مۇشۇنداق بالاغا تىقىپ قويدى ئەمەسمۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

بۇ چاغدا بولدۇز قايانىڭ ئوغلى توختامىش تاشقىرىدىن كىرىپ، مېھمانغا سالام بەردى ۋە تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن خىزمەتكارنى چاقىرىپ داستىخان سېلىشقا بۇيرۇدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، لازىمى يوق، ئامىتابا، — دېدى بادرۇق باخشى سۇپىدىن چۈشۈپ، — مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم

بار ئىدى، مەن قايتاي. خوش.

ئاتا ــ بالا ئىككىيلەن مېھماننى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

— بادرۇق ئاقساقال بايا مەخپىي ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا گەپ قىلغانىدى. مەن بۇ ياقتا كېلىۋاتقاندا سۆزلىرى چالا ــ پۇچۇق قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش ئاتىسىدىن.

— بالام، ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىساڭمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۈرگىن، — دېدى بولدۇز قايا ئوغلىغا نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا، — سەندىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. ھە دېسىلا قارا قىتانلارغا ئۆكتە قوپىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويىسەن. جان بېقىش ئەۋزەل، بالام. قارا قىتانلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟ بىكاردىن بىكار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا ئىش چىقمايدۇ. بۇ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەكلا ئىش، بالام. ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارغا چېتىلىپ قالمىغىن. تىنچ ياشاپ، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەيلى. ئەگەر سەن بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالساڭ، مېنىڭمۇ تۈگەشكىنىم شۇغۇ.

توختامىش ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ قويىدى.

— ھەممىمىز مۇشۇنداق بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ يۈرگەچكە ئۇ خەق مۇشۇنداق زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاتىسىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ.

بولدۇز قايا تېرىكىپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمىگىن توختامىش، ئۇنداق دېمىگىن! سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭنىڭ ئىتتىكلىكىدىن قورقىمەن. سېنىڭ بىلەن بىز نېمە قىلالايمىز؟ شۇنداق چوڭ، شۇنداق قۇدرەتلىك قارا قىتان خانلىقىغا بىز تەڭ تۇرالامدۇق؟

توختامىش ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇنداق

نەسىھەتلىرىگە قايىل بولمىسىمۇ، گەپنى ئۇلغايتىشنى خالىمىدى. ھالبۇكى، بولدۇز قايا ئۇشتۇمتۇت ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىپ تۇتقىنىچە سۇپىغا ئولتۇرۇپ تۇگۇلۇپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ، يۈزى تاتىرىپ كەتتى.

— ئاتا! نېمە بولدىڭىز ئاتا؟ — توختامىش ئېتىلىپ كېلىپ ئاتىسىنى سۇپىغا ياتقۇزدى ۋە بېشىغا تەكىيە قويۇپ بەردى.

بولدۇز قايا بوشقىنە ئىڭراپ قويدى.

— يەنە يۈرەك كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالدىمۇ ئاتا؟ بىردەم مىدىرلىماي، مۇشۇنداق يېتىپ تۇرۇڭ، مەن دەرھال ئەمچىنى چاقىرىپ كېلەي.

توختامىش يۈگۈرۈپ بېرىپ خىزمەتكارنى چاقىردى ۋە:

— ئاتامغا ئانار شەربىتىدىن ئازراق ئىچكۈزۈپ ئوبدان قاراپ تۇرغىن. مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى - دە، يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

توختامىش باشلاپ كەلگەن ئاق ساقاللىق ئەمچى بولدۇز قايانىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كۆز چاناقلىرىنى كېرىپ قاراپ باقتى.

— كېرەك يوق، ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ بىمارنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ئاندىن توختامىشقا قاراپ دېدى، — ئۆتكەندە مەن تەييارلاپ بەرگەن دورىلارنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي ئىچىپ بەرسۇن. يەنە بىر دورا ياساپ بېرەي. كەچكە يېقىن خىزمەتكار بېرىپ ئەكېلىۋالسۇن. ئاقساقال بولدۇز قايا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. يۈرەكنىڭ سوقۇش تېزلىكى تۇراقلىق ئەمەس. كۆپرەك دىققەت قىلىش كېرەك. چارچاپ قالمىسۇن. قاتتىق ھەرىكەت قىلمىدىغان، جىددىيلەشمەيدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

※ ※

مىسىرىسلانىڭ قەسرى دارۇغاچ مەھكىمىسىدىنمۇ قىبلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ھەشەمەتلىك ئىدى. پۈتۈن قەسىر تاشقىرىقى قورۇ، ئوتتۇرىدىكى قورۇ ۋە ئىچكى قورۇدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە ئايرىلاتتى. تاشقىرىقى قورۇدا دەرۋازىۋەنلەر، ئات باقارلار ۋە چاكارلار، ئوتتۇرىدىكى قورۇدا غوجىدار ۋە قورۇقچىلار، ئىچكىرىكى قورۇدا خوجايىنىنىڭ ئائىلىسى ۋە مەھرەم، ئاغۋاتلار جايلاشقانىدى. پۈتۈن قەسىر چاسا شەكىلدىكى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بولۇپ، جەنۇب تەرەپتە تۇتقۇچ ئورنىدا چوڭ - چوڭ ئىككى تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلغان قوش قاناتلىق ئاساسلىق دەرۋازا، كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلەردە ئادەتتىكىچە كىچىكرەك دەرۋازىلار بار ئىدى. بۇ دەرۋازىلار ھەمىشە ھىم يېپىقلىق بولۇپ، مەخسۇس دەرۋازىۋەنلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى دەرۋازىۋەنلەردىن سىرت يەنە ئىككى نەپەر قىتان چېرىكىمۇ مۇھاپىزەتچىلىككە سەپلەنگەنىدى.

ئاساسلىق دەرۋازا ئالدىدىكى سېرىق توپا ئۈستىگە شېغىل ياتقۇزۇلۇپ چىڭدالغان كەڭرى ۋە تەكشى يولنى بويلاپ ياش بىر چەۋەنداز بويلۇق جەدە ئېتىنى يورغىلىتىپ قەسىرگە يېقىنلاشتى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە چەۋەنداز ئاتتىن چۈشۈپ، تۆمۈر ھالقىنى قاپقىغا ئۇرۇپ تاراقلاتتى. ئېغىر دەرۋازا تەستە ئېچىلىپ، كالتە نەيزە تۇتقان ئىككى قىتان چىقتى - دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرغان ۋە زەر گۈللۈك يېشىل پەشمەت كىيىپ، يېنىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان چەۋەندازغا سەپسېلىپ قارىدى.

— سىزگە كىم كېرەك؟

شۇ ئەسنادا چار ساقاللىق دەرۋازىۋەن يۈگۈرۈپ چىقىپ

كەلدى ـ دە، باشتا چەۋەنداز يىگىتكە، ئاندىن قىتانلارغا ئېگىلىپ چۈشەنچە بەردى:
— بۇ بېگىم خوجايىنىمىزنىڭ ئوغلى قاپلانبەگ بولىدۇ. مەرھەمەت قىلغايسىز قاپلانبەگ غوجام، بۇ چېرىكلەر تېخى بۇگۈن ئەتىگەن نۆۋەت ئالمىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، خوجىمىزنى تونۇماي قالدى.
قاپلانبەگنىڭ غەزەپتىن قوشۇمىسى تۈرۈلدى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى ۋە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ئات باقارغا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىردى.
مىسىرسلا ئىچكى قورۇسىدىكى ئىچكىرىمۇ ئىچكىرى ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى.
— كەل ئوغلۇم، ئولتۇرغىن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن قاپلانبەگنى كۆرۈپ ۋە ئۇستىگە يېپىلغان تاۋار يوتقاننى قايرىپ ئېلىۋېتىپ، تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى.
— قۇت بولسۇن ئاتا، — قاپلانبەگ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سۇپىدىكى گىلەمگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.
— يېقىندىن بېرى مەھكىمىدىكى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى، — دېدى مىسىرسلا، — ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، ئارام ئېلىپ ياتقانىدىم. ھەر يىلى سېلىق يىغىش مەزگىلىدە مۇشۇنداق تېنەپ كېتىمىزغۇ.
قاپلانبەگ ئاتىسىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن بىر ئەسناغىچە جىم بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئاتىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ سورىدى:
— تۇنۇگۇن يېرىم كېچىدە قىتانلار ئۆي ـ ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بىرمۇنچە ياش يىگىتلەرنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ راستمۇ؟
مىسىرسلا نارازىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى

بىلەن ئوغلىغا قاراپ قويدى.

— يەنە مېنى ئەيىبلەش ئۈچۈن كەپسەن ـ دە، — دېدى ئۇ، — قاراقچى، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئىشى ئەلمىساقتىن تارتىپ ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ كەلگەن.

— ئۇلار قانداقمۇ قاراقچى، توپىلاڭچى بولسۇن ئاتا، — دېدى قاپلانبەگ ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ.

مىسىرسىلا ئوغلىنى قايىل قىلماقچى بولۇپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— ئۇلار سىلىققا يىغىلغان ئات، تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. بۇ قاراقچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار دارۇغاچقا ئۆكتە قوپۇشتى. دېمەك، ئۇلار توپىلاڭچى بولماي نېمە؟

قاپلانبەگ ئۆزىنى زورغا بېسىۋېلىپ، ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— خەقنىڭ يۇرتىنى بېسىۋېلىپ، سىلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانلار ھەقلىق بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بايلىقىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز دېگەنلەر گۇناھكار بولامدۇ؟

مىسىرسىلانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بولدى، بەس! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئاغزىڭنى يۇم! مۇشۇنداق گەپلىرىڭنى قىتانلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا كاللاڭ كەتمەمدۇ ھە؟ ئەقلىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ پەقەت ئۈچىغا چىققان دۆت ساراڭلا ئۆزىنى چاغلىماي مۇشۇنداق قۇدرەتلىك خانلىققا تىل تەگكۈزىدۇ. قىتانلار بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟ دارۇغاچ مېنىڭ مەرتىۋەمنى ئۆستۈرۈپ قولۇمنى ئۇزۇن، يوقۇمنى بار قىلدى. قوچۇ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا كۈن كۆرۈۋاتىمىز. ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟ سەنمۇ ئەسلى مۇشۇ قەسىردە تۇرۇۋەرسەڭ ياخشى بولاتتى. گېپىمنى ئاڭلىماي

ئۆيۈڭنى ئايرىۋېلىپ، بولمىغۇر ئادەملەر بىلەن چېتىشىپ قالغاندەك تۇرىسەن...

— ئاتا، — قاپلانبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — خەقتىن ئاڭلىسام، شۇ يىگىتلەرنى سىز تۇتۇپ بېرىپسىزغۇ، بۇ راستمۇ؟

مىسىرسىلا بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ھۆكۈمدارلارغا تەقلىد قىلىنغان تەلەپپۇزدا:

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنى مەن ئەمەس، مېنىڭ ئادەملىرىم تۇتتى، — دەپ قويدى.

قاپلانبەگ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بىلەمسىز ئاتا، — دېدى ئۇ، — ھازىر كوچا - كويلاردا كىشىلەر سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولدۇم.

ئەمدى مىسىرسىلانىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى.

— خەق نېمە دېسە دېسۇن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇنداق ئەخمەق ساراڭلار مېنىڭ بىر تال تۈكۈمنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ.

قاپلانبەگ ئەمدى ئۈنچىقمىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆكۈنۈش ۋە ئېچكى ئىزتىراپ ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مىسىرسىلا يەنە زەردى بىلەن دوق قىلدى:

— ئىست! مېنىڭ بالامنىڭ مۇشۇنداق ئەقىلسىز دۆت بولۇپ قالغىنى! ھەي ئەخمەق، سەنمۇ دارۇغاچ مەھكىمىسىدە غوجىدار بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىسەنغۇ. ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟ ئوت بىلەن ئويناشما قاپلانبەگ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان پەرۋانىدەك كۆيۈپ تۈگىشىسەن. بىز قارا قىتان خانلىقىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلساق بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق قالايمىقان ئادەملەرگە ئارىلاشما...

قاپلانبەگ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىماي، روھى چۈشكەن ھالدا ئاستا قوپۇپ چىقىپ كەتتى.
— ئىسىت، ئاتامنىڭ مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قالغىنى، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ھەسرەتلىك نىدا بىلەن.

※ ※

قوچۇ شەھىرى گوياكى تۆرلۈك ئېتىقادلار توپلاشقان ئاجايىپ رەڭگارەڭ ئىلاھىي سورۇنغا ئوخشايتتى. بۇ يەردە ھەر خىل دىنلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئىبادەتخانىلىرى ھەر تەرەپتىن ئۆزلىرىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان، ئۆگزىلىرىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ھەممىدىن كۆپ ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى. شۇنداقلا، شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئورغۇن جايلاردا يەتتە قەۋەت، توققۇز قەۋەت قىلىپ سېلىنغان بۇددا مۇنارلىرى خېلى يىراق جايلاردىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق بۇتخانىلاردىن قالسا، خرىستىئانلارنىڭ نېستورى① چېركاۋلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. چېركاۋلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە ئورنىتىلغان ئۇچلۇق مۇنار شەكىللىك قۇرۇلمىلارغا بېكىتىلگەن يوغان - يوغان كرېستلارمۇ يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە مانى دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتلىرىمۇ بار ئىدى.

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بۇ كاتتا ئاستانىسىدا كوچا ئارىلاپ سەيلە قىلىشقا توغرا كەلسە سېرىق تون كىيگەن بۇددا راھىبلىرىنى، ئاق تون كىيگەن مانى مۇخلىسلىرىنى، ئۇزۇن قارا لىباس كىيىپ بوينىغا كرېست ئاسقان ناسارالارنى، باشلىرىغا سەللە ئورىغان مۇسۇلمانلارنى ۋە جۇلدۇر جەندە كىيىشكەن ئۇزۇن

① نېستورى — خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى.

چاچلىق ئاشىق شامانلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئىبادەتكە چاقىرىش ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بىردەم بۇتخانىلاردىكى يوغان داڭلار ئۇرۇلسا، بىردەم چېركاۋلاردىكى يوغان قوڭغۇراقلار جاراڭلايتتى ۋە بىردەم مەسچىت پەشتاقلىرىغا چىققان مەزىنلەرنىڭ سوزۇپ ئەزان توۋلاشلىرى ئاڭلانسا، يەنە بىردەمدە شامان ـ پېرىخونلارنىڭ ئادەم يىغىپ داپ ـ دۇمباقلىرىنى داراڭلىتىۋاتقانلىقى قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى.

چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى ۋە سودىگەرلەر شۇنچە كۆپ خىل دىنلارنىڭ بىر يۇرتقا توپلانغانلىقىدىن ھەيران بولۇشاتتى ھەمدە ئوخشاشمايدىغان ئېتىقاد تەرەپدارلىرىنىڭ تالاشماي ـ تارتىشماي تىنچ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولاتتى. ھەرقايسى دىن ۋە مەزھەپ روھانىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆزلىرى خالىغانچە ئىبادەت قىلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋە تەلىماتلىرىغا ئارىلاشمايتتى.

ئەجنەبى سودىگەرلەر رازىمەنلىك بىلەن باشلىرىنى ئىرغىتىپ:

— جەننەتتەك تىنچ يەر ئىكەن. ھېچقانداق يەردە يوقسۇزلۇق ئىزلىرى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەردە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشقا بولىدىكەن، — دېيىشسە، باشقا ـ باشقا ئەللەردىن كەلگەن يالىۋاچلار[1]:

— بۇ يەردىكى خەلق ئۆم ئىكەن، تىنچلىقنى قەدىرلەيدىكەن. شۇڭا، جېدەل ـ ماجىرالار كۆرۈلمەي، خانلىقنىڭ پۈتۈنلۈكى ھەم ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدىكەن، — دېيىشەتتى.

دەرۋەقە، ئارسلان ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان ئىدىقۇت ئاھالىسى گەرچە قارا قىتانلارغا سېلىق تۆلەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى ئوخشاشمايدىغان

① يالىۋاچ — ئەلچى.

ئەللەرنىڭ بەگ - خوجىلىرى، يالىۋاچلىرى، ساياھەتچىلىرى ۋە ئېلىپ - ساتار سودىگەر - تىجارەتچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان يىراق - يېقىندىكى ئەللەرگە داڭقى پۇر كەتكەن قوچۇ ۋە بەشبالىق شەھەرلىرىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتىنى قىلچىمۇ سۇسلاشتۇرالمىغانىدى.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ھىندىستاندىن كەلگەن يالىۋاچلارنى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن بىرنەچچە سودىگەر - ساياھەتچىلەرنى باشلاپ قوچۇ شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ بۇتخانىغا كەلدى. توققۇز بۇيرۇق①ۋە بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولدى.

بۇتخانا قورۇسىنىڭ مەزمۇت ياسالغان قوش قاناتلىق ئېغىر دەرۋازىسىغا تۆمۈر قاداقلار مىخلانغان بولۇپ، قىزىل رەڭدە سىرلانغانىدى. دەرۋازا تۆپىسىگە چېدىر شەكلىدىكى زىننەت راۋاقچىسى ئورنىتىلغان، خىشتا قوپۇرۇلغان ئېگىز تاملار ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، يوگىمەچ ئۆسۈملۈكلەر نۇسخىسىدىكى نازۇك نەقىشلەر يېشىل رەڭ بىلەن سىرلانغانىدى. سېرىق تون كىيىشكەن تاقىر باش راھىبلار ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك بۇددا مۇخلىسلىرىنى قارشى ئالدى ۋە سىپايىلىك بىلەن باش ئېگىپ، بۇتخانا ئىچىگە تەكلىپ قىلىشتى. قورۇ ئىچىگە كۆك خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. بۇتخانا ئىمارىتى ئالاھىدە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بىنانىڭ ئۇلى رەڭلىك خىشلار بىلەن چاقماق شەكلىدە گۈل چىقىرىپ يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، تاملىرى ئاق گەج بىلەن سىلىق سۇۋالغان، ئۆگزىسى بادرا - چەنزىلەر بىلەن چېدىر شەكلىدە يېپىلىپ، تۆپىسى قىزىل، گىرۋەكلىرى كۆك - يېشىل رەڭلەردە سىرلاپ نەقىشلەنگەن،

① توققۇز بۇيرۇق — توققۇز ۋەزىر.

ئۆگزە چىدىرىنىڭ ئىككى چېتىگە ياغاچتىن ياسالغان ئىككى سۇمۇرغ بېشى بىر ـ بىرىگە قارىتىلىپ ئورنىتىلغانىدى.

ئىدىقۇت خان ئۆزىنىڭ مېھمانلىرى ۋە توققۇز بۇيرۇقلىرى بىلەن بۇتخانا ئىچىگە كىردى. ھىندىستان ۋە جەنۇبىي سۇڭدىن كەلگەن مېھمانلار زوقلانغان ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى. ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان تاملارغا بۇددا نوملىرىدىكى[1] ھېكايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغانىدى. كەڭرى بىر ئۆيدە تام ياقىلىتىپ چوڭ ـ كىچىك ئالتۇن رەڭلىك بۇتلار تىزىپ قويۇلغانىدى.

ھىندىستانلىق يالۋاچلار قايىل بولغان تەرزدە باشلىرىنى ئىرغىتىپ خىتاب قىلىشتى:

— بارىكاللا! بۇ ئىبادەتخانا دېھلى ۋە بومباي بۇتخانىلىرىدىن قېلىشمايدىكەن.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن مېھمانلارمۇ بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر مەنىلىك قارىشىپ تەسىراتلىرىنى سۆزلەشتى:

— ئارسلان ئۇيغۇرلىرى بىناكارلىق ھەم ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، نەققاشلىق، سىرچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن خەلق ئىكەن!

ئۇزۇن سېرىق تون كىيگەن تاقىر باش راھىب كالان تەمكىنلىك بىلەن ئالقانلىرىنى جۈپلەپ بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك تاۋاپچىلارنى كۈتۈۋالدى. تاۋاپچىلارمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئالقانلىرىنى جۈپلەپ ۋە باش ئېگىپ، تەۋادارلىقنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈردى.

— ئامىتابا! ئامىتابا!

ھەممەيلەن سۈكۈت ئىچىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، راھىب كالاننىڭ سانسكرىت تىلىدا ئوقۇغان سۇتراسىنى[2] ئىخلاس بىلەن

---

[1] نوم — بۇددا دىنىنىڭ كىتابى.
[2] سۇترا — ساكيامونىنىڭ سۆزلىرى يېزىلغان نوم.

تىڭشىدى.

ئىبادەتتىن كېيىن ئىدىقۇت خان ھىندىستانلىق ۋە جەنۇبىي سۇڭلۇق مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ، توققۇز بۇيرۇقنىڭ ھەمراھلىقىدا سارايغا قايتتى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم چوڭ بۇتخانىدىكى ئىبادەتتىن قايتقاندىن كېيىن خاقان ئۆز سارىيىدا پۇقرالارنىڭ ئەرز - دەردلىرىنى ئاڭلايدىغان تۈزۈم بار ئىدى. ئەرز قىلغىلى كەلگەنلەر ئوردىنىڭ سىرتىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. مەخسۇس تەيىنلەنگەن مەھرەم ئۇلارنى بىردىن - بىردىن خان سارىيىنىڭ قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىرەتتى. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېگىن ئون نەچچە ئادەمنى قوبۇل قىلىپ، ھەق تەلەپ ۋە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىغا دائىر ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇ ئەسنادا ئالابارس تارخان ياش بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.

— ئاي تەڭرىدە ئەل تۇتمىش ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن قۇتلۇق بولسۇن، — ئالابارس تارخان ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان يىگىتمۇ بېلىنى پۈكۈپ چوڭقۇر ئېگىلدى.

— قۇت بولسۇن ئالابارس تارخان، — دېدى ئىدىقۇت خان، — ئەرزىڭ بولسا ئولتۇرۇپ سۆزلە.

تارخان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كىرگەن يىگىت قېلىن ۋە يۇمشاق گىلەمگە يۈكۈندى.

— بۇ يىگىت ئاقساقال بولدۇز قايا باخشىنىڭ يالغۇز ئوغلى توختامىش بولىدۇ، — دېدى تارخان ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ھە، بولدۇز قايانىڭ ئوغلىمۇ؟ — دېدى خاقان ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — ئاقساقال باخشى ئۆزى كەلمەپتىغۇ؟

بۇ، توختامىشنىڭ خان سارىيىغا تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى. ئىدىقۇت خاننى ئىلگىرى چوڭ مەرىكىلەردە ۋە ئىبادەت

سورۇنلىرىدا بىرنەچچە قېتىم يىراقتىن كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنداق يېقىن ئارىلىقتا يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ سۆزلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولمىغانىدى.

ئۇ بارچۇق ئارت تېگىننى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلاپ، مۆمىنلەرچە چوقۇناتتى. «ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يولباشچىمىز، ئۆزىمىزنىڭ خاقانىمىز، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بىزنىڭ خاقانىمىز ئارسلان ئېلىنى قۇتلۇق يولغا باشلايدۇ. بىزنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىز ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان».

خانغا بولغان ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئېتىقاد تۈپەيلىدىن شۇ تاپتا توختامىش ھاياجانلىنىپ، تەمتىرەپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىدىقۇت خانىنىڭ سوئالىغا ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرالماي قالدى.

— توختامىشنى مەن باشلاپ كەلدىم، — دېدى ئالابارس تارخان، — بولدۇز قايا ئوغلىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن تېخى خەۋەرسىز.

بارچۇق ئارت تېگىن «چۈشەندىم، سۆزلەۋەر» دېگەننى ئىپادىلەپ ئۇنىڭغا كۆز تىكتى ۋە بېشىنى يېنىككىنە ئىرغىتىپ قويدى. شۇ پۇرسەتتە توختامىش ئەتراپىغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خاقان ئوردىسىغا قەدەم قويغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدىكى ھەۋەس ۋە قىزىقىشلىرىنى باسالماي ئولتۇراتتى. ئۇ گەج بىلەن سۇۋالغان ئاپئاق تاملاردىكى رەڭدار بويالغان قاپارتما نەقىشلەرگە، تۆت بۇلۇڭغا بىر كەلتۈرۈپ سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەمگە تېز - تېز قارىۋالغاندىن كېيىن تۆردىكى ئالتۇن تەختتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئىدىقۇت خانغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. بىر قاراشتىلا كۆرگىلى بولاتتىكى، خان ئېغىر - بېسىق ھەم سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى ۋە تەكشى قىرقىپ ياسالغان ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئاق ئارىلاشقانىدى. زەرباپ تونى ئۈستىدىن

ئالتۇن توقلىق تاسما كەمەر باغلىغان، بېشىدىكى قارامتۇل يېشىل مەخمەل بۆكى مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. قارا ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۇزۇن قونچىلىرىغىمۇ ئالتۇن رەڭدە گۈل تۇتۇلغانىدى.

ئالابارس تارخان خاقانغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ سۆزلىدى:

— توختامىش بۇ يىل ئەتىيازدا ئوردىدىن جابدۇلغان چوڭ كارۋاننىڭ قورۇقچىلىرى قاتارىدا ئونبېشى بولۇپ سەپەرگە چىققانىدى. ئىدىقۇت خانغا مەلۇمكى، بۇ كارۋان ئوتتۇرا تۇزلەڭگە ئەۋەتىلگەنىدى.

بارچۇق ئارت تېگىن «شۇنداق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى. ئالابارس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەپسۇسكى، بۇ كارۋان تاڭغۇت يېرىدىن ئۆتكۈچە بۇلاپ كېتىلدى، كارۋان ئەھلى قىرغىن قىلىندى. يالغۇز مۇشۇ توختامىشلا ئامان قالدى.

ئىدىقۇت خان يەنە بېشىنى ئىرغىتتى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — مەن بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىز يەنە ماڭا قۇتۇلۇپ كەلگەن ئونبېشى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. دېمەك، شۇ ئونبېشى مۇشۇ يىگىت ئىكەن ـ دە.

— شۇنداق، مۇشۇ توختامىش، — دېدى ئالابارس تارخان.

— قېنى، سۆزلەپ باققىنە، — دېدى ئىدىقۇت خان توختامىشقا قاراپ، — بولغان ۋەقەنى سېنىڭ ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ باقاي.

توختامىش بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەنى باشتىن ـ ئاياغ تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئىدىقۇت خان خىيالچان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تىڭشىدى. توختامىشنىڭ بايانى تاماملانغاندىن كېيىن ئۇ خۇددى قازا تاپقان كارۋان ئەھلىگە قايغۇسىنى بىلدۈرگەندەك شۈك بولۇپ كەتتى، ئاندىن ئالابارس

تارخانغا قارىدى.

— تارخان، — دېدى ئۇ، — بۇ يىگىتنى ئۆز قوشۇنىڭىزغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ. ئۇ يەنە ئونبېشى بولسۇن.

— باش ئۈستىگە، بۈيۈك ئىدىقۇت خاقانىم، — ئالابارس تارخان بېشىنى ئېگىپ ئىتائەتمەنلىك بىلدۈردى، — مەنمۇ شۇنداق ئوي بىلەن خاقانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە كەلگەنىدىم.

توختامىش ئىدىقۇتنىڭ يەنە سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇنىڭ تاغۇتلارغا، قىتانلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى. لېكىن، خاقان ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە تارخان بىلەن ئونبېشىنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى. توختامىش خۇشاللىق ۋە دىلغۇللۇق تۇيغۇلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن مۈرەككەپ تەسىراتلار ئىلكىدە خان سارىيىدىن قايتىپ چىقتى.

«ئىدىقۇت خاقانىمىزنىڭ ئىچىدە قانداق ئوي، قانداق تەدبىرلىرى باردۇ؟— دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — ئۇ بىرەر ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىشنى ئويلامدۇ؟ ياكى... كىم بىلىدۇ؟ ھەرھالدا، خاقان بولغان ھۆكۈمدار يىراقنى كۆزلەپ، بىز ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى ئويلايدىغاندۇ، بىز كۆرەلمىگەن مەنزىللەرنى كۆرىدىغاندۇ».

※ ※

بۇ چاغدا توختامىشنىڭ ئاتىسى بولدۇز قايا ئۆزىنىڭ قەدىناس بۇرادىرى بادرۇق باخشى بىلەن كوچا ئارىلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئىككى باخشىمۇ بايا ئىدىقۇت خانغا ئەگىشىپ بارغان جامائەت قاتارىدا ئىبادەتخانىدا كۈجە كۆيدۈرۈپ قايتقانىدى.

— بازارنى ئايلىنىپ ماڭايلىچۇ، — دېدى بادرۇق باخشى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى بولدۇز قايا باخشى، —

بازارغا چىقىپ باقمىغىنىمغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ.

قوچۇنىڭ بازارلىرى ھەر دائىم قاينام ـ تاشقىنلىقتا تولۇپ تۇرىدۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چوڭ ـ كىچىك دۇكانلار، يايمىلار ۋە چەت جايلارغا توختىتىپ قويۇلغان ھارۋىلار قاتارلىشىپ تىزىلغانىدى. دۇكانلاردىكى ئەن رەخت، قاچا ـ قۇچا، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى؛ يايمىلاردىكى خەنجەر ـ پىچاق، كەكە ـ پالتا، ئىگەر ـ توقۇم دېگەندەك سايمان ـ جابدۇقلار؛ ھارۋىلاردىكى قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم ـ شاپتۇل دېگەندەك مېۋە — چېۋىلەر مولچىلىق، باياشاتلىق مەنزىرىسىنى نامايان قىلاتتى. مەخسۇس چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مال ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئايرىلغان كوچىلاردا ھىندىستان، خارەزىم، خۇراسان، ئىراق، شام①قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ يۈك ئارتىلغان ئات، قېچىر، تۆگىلىرى تىزىلىشىپ تۇراتتى، ساتارمەن ۋە ئالارمەنلەر قىزىشىپ سودىلىشاتتى. كوچا ـ كوچىلاردا خەنزۇ، نايمان، قىتان، تۈرك، ئەرەب، ئىران بايۋەچچىلىرى مال كۆرۈپ، سالاپەتلىك قەدەم تاشلاپ يۈرۈشەتتى. دەرۋەقە، پۈتۈن قوچۇ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك لىباسلارنى كىيىشكەن ھەر خىل دىن، ھەر خىل ئىرق كىشىلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇراتتى.

بولدۇز قايا بىلەن بادرۇق باخشى ئەنە شۇنداق ئاۋات كوچىلاردىن بىرىدە ئۆزئارا مۇڭداشقاچ ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى. ئۇشتۇمتۇت كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان بىر توپ چەۋەندازلار ئاتلىرىنى تېز يورغىلىتىپ چىقىپ كەلدى. ئۆتكەن ـ كەچكەن خالايىق ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا يول بېرەتتى. ئاتلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن بىر قىسىم دۇكانلارنىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكلىرى ئىتتىرىلىپ تاراقلاپ كەتتى، بىر قىسىم يايمىكەشلەرنىڭ تەنزىلىرى ئۆرۈلۈپ

---

① شام — سۈرىيە.

چۈشتى. بولدۇز قايا بىلەن بادرۇق باخشىمۇ چەۋەندازلارنىڭ ھەيۋىسىگە قاراپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ئالتە - يەتتە چەۋەندازنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى بويلۇق ئالا ئاتقا مىنىپ، بېنىغا بېزەكلىك قىلىچ ئاسقان مىسىرىسلا ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ بادرۇق باخشىنىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— نېمە بالا بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئەلپازى يامانغۇ، — دېدى ئۇ.

— ئىشقىلىپ، ئۇ خەيرلىك ئىشقا ئات سېلىپ چىقمايدۇ، — دېدى بولدۇز قايا.

قىلىچ - خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان ئاتلىق قىتان چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقان مىسىرىسلا ئىككى باخشىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى توختاتتى.

— قۇت بولسۇن، — دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە جىددىي ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە قاراپ.

ئىككى باخشىمۇ ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ سالام ياندۇردى.

— بىز قاچقۇنىنى ئىزدەپ يۈرىمىز، — دېدى مىسىرىسلا كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئۇ تۇتۇق بەرمەستىن، مۇشۇ بازارغا كىرىپلا يوقىلىپ كەتتى. سىلەرگە ئۇچرىمىغاندۇ؟

— ياق، ياق! بىز كۆرمىدۇق، — دېدى بادرۇق باخشى ئالدىراپ - تېنەپ. ئۇ مىسىرىسلانى كۆرسىلا كەيپى ئۇچىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىمكانقەدەر يىراقراق بولۇشقا تىرىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى بولدۇز قايا مىسىرىسلاغا سىنچىلاپ قاراپ، — نېمە گۇناھ قىلغان قاچقۇن ئۇ؟

— بۈيۈك قارا قىتان خانلىقىغا ئۆكتە قوپقان سۈيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى، — دېدى مىسىرىسلا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ۋە شۇ ئارقىلىق چىرايىغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرىشكە

تىرىشىپ، — ئۇلار سىلىققا يىغىلغان ماللارنى بۇلاشنى قەستلەپ، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان، كېيىن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي توزاقتا چۈشكەندى.

— بۇ گەپنى ئاڭلىغان، — دېدى بولدۇز قايا، — لېكىن بۇ ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى ئىشقۇ.

— شۇنداق، — دەپ چۈشەندۈردى مىسىرىسلا، — شۇ چاغدا سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ يوقالغانىدى. يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن شۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ بىرىنى بۈگۈن بىزنىڭ ئايغاقچىلىرىمىز بايقاپ قىلىپ تۇتماقچى بوپتىكەن، ئۇ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، قىتان چېرىكلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ قاچتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىمۇ ئوق يەپ يارىدار بولغان، يىراققا كېتەلمەيدۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا بىر يەرگە يوشۇرۇندى.

ئىككى ئاقساقال ئۇنچىقماستىن مىسىرىسلاغا ۋە ئۇنىڭ ئارقىدىكى قىتان چېرىكلىرىگە قاراپ تۇراتتى. بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەم توپلاندى. ھەممەيلەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ بېقىشقا قىزىقاتتى.

— ھەممىڭلار خەۋەردار بولۇڭلار، — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى مىسىرىسلا ئوڭ قولىدىكى قامچىسىنى توپلانغان خالايىققا قارىتىپ سىلكىپ تۇرۇپ، — قاچقۇن جىنايەتچىنى كۆرگەن يەردە تۇتۇڭلار ياكى بىزگە مەلۇم قىلىڭلار. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم جىنايەتچىنى يوشۇرسا شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!

مىسىرىسلا شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ گوياكى جۇت ـ شىۋىرغان چىقىرىۋېتىدىغاندەك ھەيۋە بىلەن ئېتىغا قامچا سالدى. گەۋدىلىك ئالا ئات يۇلقۇنۇپ قوزغالدى ـ دە، كوچا بويلاپ چېپىپ كەتتى. چېرىكلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن دۈپۈرلىشىپ ئاتلىرىنى چاپتۇردى. خالايىق ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— ھۇ، پەسەندە مۇناپىق! — دەپ زەردى بىلەن خىتاب قىلغىنى ئاڭلاندى.

تـوپـلانـغـان ئادەملەر تارقىلىپ كېتىۋاتقاندا يەنە كىمدۇر بىر نىنىڭ:

— نىمىدېگەن زەھەرلىك ساتقىن بۇ! — دېگىنى بولدۇز قايانىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

ئىككى ئاقساقال بىر ئەسناغىچە كۆڭۈلسىز سۇكۇت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. بادرۇق باخشى چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى.

ـ قانچە ـ قانچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى بۇ ساتقىن كۆيدۇرگۇ، — دېدى ئۇ ئەلەملىك تەرزدە بېشىنى چايقاپ.

بولدۇز قايا ئۆپچۆرىسگە ئىتتىك بىر قارىۋالدى.

— ئاستا گەپ قىلىڭ بادرۇق باخشى، ئاستا! «تىل يۇگۇرۇكى باشقا چىقىدۇ» دېگەن ماقالىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بۇ ئەتراپتا ئۇزۇن قۇلاق پايلاقچىلار يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ مىسىرىسلانىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئادەم ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ھەر بالا كېلىدۇ ئۇنىڭ قولىدىن.

— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدى بادرۇق باخشى تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتىپ، — ئۇنىڭ بۇنچىلىك ياۋۇزلۇقىنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن.

— يۈرۈڭ بادرۇق باخشى، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالايلى، بېشىمىزغا بالا تېرىۋالمايلى.

ئىككى ئاقساقال دۇكان ۋە يايمىلارغا كۆز تاشلىماي قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ماڭدى. شۇ مېڭىشىدا ئۇلار بازاردىن چىقىپ، خىلۋەت بىر كوچىغا كىردى. قورۇلارنىڭ سوقما تاملىرىدىن چىقىپ تۇرغان جۇجەم ۋە ئۆرۈك شاخلىرى، ئېچىلىپ قالغان دەرۋازىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈزۈم تەكلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىرە ـ بىرە ئۆتۈپ قالىدىغان ئېشەكلىك ھەم پىيادە يولۇچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ كوچا بوش ھەم جىمجىت

ئىدى.

— بايا مىسىرىسلا چىرىكلەرنى باشلاپ مۇشۇ كوچا تەرەپكە كەتكەنىدى، — دېدى بادرۇق باخشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھەئە، — دەپ قويدى بولدۇز قايا.

ئىككىيلەن يەنە جىمىپ قالدى. مىسىرىسلانىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلغانىدى. ئۇشتۇمتۇت ئالدى تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ۋارقىرىغانلىقى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى تۇتۇق ئاڭلىنىپ قالدى. ۋارقىراش ۋە دۈپۈرلەشلەر تېزلىكتە يېقىنلىشىپ كەلدى. ئەمدى مالىمانچىلىق ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— قاچتى! تۇتۇڭلار! — دېگىنى خېلى ئېنىق ئاڭلاندى.

ئىككى ئاقساقال قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. شۇ ئەسنادا ئۇلار كېتىۋاتقان جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى پاكار سوقما تامدىن بىر ئادەم ئارتىلىپ چۈشتى - دە، بىرنەچچە قەدەم دەلدەڭشىپ ماڭغاندىن كېيىن توپىلاڭ يەرگە يىقىلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ قوپۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ تېپىرلاپ باقتى، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئىككى ئاقساقال ئۇستىۋېشى قانغا بويالغان ھالدا ياتقان بۇ ئادەمگە قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇي، بۇ بىر كىچىككىنە… بالا ئىكەنغۇ، — دېدى بادرۇق باخشى ئىختىيارسىز تۇردە بولدۇز قايانىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

نېرىدىكى يان كوچىدىن قىلىچ تۇتقان ئىككى چىرىك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

— ئەنە ئۇ! ئەنە، ئاۋۇ يەردە يىقىلىپ يېتىپ قاپتۇ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

يىقىلىپ ياتقان كىشى ھەقىقەتەن، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتىپ چىققان ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كالتە ئاق

بوز يەكتىكى قان بىلەن نەملىشىپ، مۇرىسى ۋە بىقىنىغا يېپىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ كەتكەن هالدا هەدەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن ئامال قىلالماستىن، ئىڭراپ يەنە يېتىپ قالاتتى. ئاڭغىچە، قوغلاپ كەلگەن هېلىقى ئىككى چېرىكمۇ يېقىنلا كېلىپ قالدى. ياردار يىگىت جان ئاچچىقىدا بىر تىپىرلىدى ـ دە، ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئاتا! ئاتا... سەن قېنى؟ ئاتا...

بولدۇز قايانىڭ يۈرىكىگە نەشتەر سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياردار يىگىتنى يۆلەشتۇردى ۋە يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.

— بالام... بالام، ئاتاڭ كىم؟ ئۆيۈڭ نەدە؟ — دېدى ئۇ نەپەسلىرى بوغۇلغان هالدا يىگىتنىڭ قان داغلىرى ئۆيۈپ قالغان يۇمران مەڭزىگە يىرىك ساقاللىرىنى يېقىپ.

يىگىت بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، هېچنېمە دېيەلمىدى، ئاۋازى چىقمىدى. بادرۇق باخشى قانداق قىلىشنى بىلمەي، هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بولدۇز قايا ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ناتونۇش ياردار يىگىتنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى ۋە خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى سىلايتتى. قوغلاپ كەلگەن ئىككى چېرىك قىلىچلىرىنى تەڭلەپ تۇتقان هالدا ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. دەل شۇ پەيتتە مىسىرسىلامۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، بەش ـ ئالتە قىتان چېرىكلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

— بەللى، بولدۇز قايا! — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ كىنايىلىك تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ قانداق گەپ؟ قاچقۇن جىنايەتچىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟

بولدۇز قايا يوغان ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا

قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.
— تۆتۈڭلار بۇ قاچقۇننى! — مىسىرىسلا چېرىكلەرگە بۇيرۇق بەردى.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭلار... ئۇ بىر كىچىك بالىكەنغۇ... توختاپ تۇرۇڭلار! — بولدۇز قايا ئاۋازى بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى.
— ئۇنىمۇ تۇتۇڭلار! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى مىسىرىسلا قولىدىكى قامچىسى بىلەن بولدۇز قايانى كۆرسىتىپ.
چېرىكلەر ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلاردىن ئىككىسى ياردار يىگىتنىڭ ئىككى قولىدىن سۆرەپ ماڭدى. يىگىت «ۋايجان!» دەپ بوشقىنە بىر تولدى ـ دە، جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كېيىمى يېپىشىپ قالغان بىقىنىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى. يەنە ئىككى چېرىك ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بولدۇز قاياغا يېقىن كەلدى.
— ماڭ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئاقساقالنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ.
بولدۇز قايا يىقىلىپ چۈشتى. چېرىكلەر ئۇنىڭ ياقىسى ۋە بىلەكلىرىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇشتى. بولدۇز قايا تېخىچىلا چېرىكلەر سۆرەپ كېتىۋاتقان ياردار يىگىتكە تەلپۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېز سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىن ماغدۇرى ساقىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.
بادرۇق باخشى مىسىرىسلانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ يالۋۇردى:
— ئۆتۈنۈپ قالاي، رەھىم قىلىڭ، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار... ياشىنىپ قالدى...
دېگەندەك، بولدۇز قايانىڭ چىرايى تاتىرىپ، نەپسى بوغۇلدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىپ تۈتقىنىچە يەرگە يىقىلدى. بوي ـ تۇرقى ۋىجىك كەلگەن بادرۇق باخشى ئۇنى

يۆلەپ قالالمىدى. ئىككى چېرىك توپىلىق يەردە ياتقان بولدۇز قايانى يەنە تارتىشتۇردى. لېكىن، ئاقساقال ئەمدى ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

— ئۇ ئۆلۈپتۇ، — دېدى چېرىكلەردىن بىرى.

مىسىرسىلا ئويلىمىغان يەردىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈز بەرگەن بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئە كۆرۈنۈشىگە ھومىيىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئېتىنى دىۋىتىپ، يارىدار تۇتقۇننى سۆرەپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن كەتتى.

بولدۇز قايانىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى.

## بەشىنچى باب

# توختامىش

قەبرىستانلىق شەھەرنىڭ سىرتىغىراق توغرا كېلىدىغان سېرىق توپىلىق تۈزلەڭدە ئىدى. مەرھۇم ئاقساقال بولدۇز قايانى باقىي ئالەمگە ئۆزىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە راھىبلار، ئەمەلدارلار، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ۋە تالىپلاردىن بولۇپ، ھەممە ساھەنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئادەملەر تۇرماق قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىمۇ ئازار بەرمەسلىكنى ئۆزىگە تەۋرەنمەس ئەقىدە قىلغان ۋە ھەرقانداق بىر دەردمەنگە قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىمايدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل، مۆمىن ئاقساقالنىڭ جاي ـ جايلاردا ياخشى نامى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنى تونۇيدىغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ، سىرتتىن ھۆرمىتىنى قىلىدىغانلار يىراق ـ يېقىندىن يىغىلىپ كېلىشىپ، مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشاتتى.

ئۇزۇن ئاق تون كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق، بېلىگە ئاق پوتا باغلىغان توختامىش بىلەن يەنە شۇنداقلا ماتەملىك ئاق لىباس كىيگەن بادرۇق باخشى جەسەت ساندۇقى يېنىدا قول باغلاپ تۇراتتى. توختامىشنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، لەۋلىرى چىڭ ھىمىرىلگەن بولۇپ، قىزارغان كۆزلىرىدىن چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىپادىسى بىلەن بىللە يەنە قانداقتۇر ئاسانلىقچە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق مەنە ئەكس ئېتىپ تۇرغاندەك

تۇيۇلاتتى.

بادرۇق باخشى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىسىلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. «توختامىش ئىچى كۇچلۇك بالا بولدى. ئاتىسىنىڭ دەردىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر چاتاق چىقىرىپ قويمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ.

جەسەت ساندۇقى گۆرگە چۈشۈرۈلدى، توپا تاشلىنىپ، بىردەمدىلا قەبرە قوپۇرۇلدى، قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە تاش پۈتۈك ئورنىتىلدى. توختامىشنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى.

— بولدى بالام، قايتايلى، — دېدى بادرۇق باخشى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى ئاق لىباسىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ.

جامائەت ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ ۋە ئات ـ ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ تارقىلىشتى. بادرۇق باخشى بىلەن توختامىشمۇ گىلەم سېلىنغان سايىۋەنلىك ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. يول بويى توختامىش بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بادرۇق باخشى، ئەكسىچە، ماتەم قايغۇسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ تەسىراتىدىن ئېچىنىشلىق سۆزلەيتتى:

— ئامىتابا! ئامىتابا! — دەيتتى ئۇ، — شۇنچە ئېھتىياتچان، ياۋاش، مۆلايىم بولدۇز قايا ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ئەنە شۇنداق جاسارەتلىك ئىش قىلدى. ئۇ بەك ديانەتلىك، بەك رەھىمدىل ئىدى. ھېلىقى ياردار بالا «ئاتا، سەن قېنى؟» دەپ تۇۋلىغاندا ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇدى... كېيىن ئۇقسام، ئۇ بالىمۇ چېرىكلەر سۆرەپ كېتىۋاتقاندىلا جان ئۈزۈپتۇ... ھەي مىسىرىسلا، سەنمۇ ئادەم بولدۇڭمۇ؟ ھەي ۋەھشىي ھايۋان!

ھارۋا بادرۇق باخشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە توختىدى.

— سەن ئەمدى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىن بالام، — دېدى پېشقەدەم باخشى، — يالغۇز ئۆيدە كۆڭلۈڭ بۇزۇلىدۇ.

— رەھمەت، باخشىم، — دېدى توختامىش ئۆزىنى تېتىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — سىز ئۆيىمىزدە نوم سۇتراسىنى ئوقۇپ، ئىسرىق سېلىپ بەردىڭىز. شۇ يېتەرلىك. ئەمدى مەن توققۇز كۇنگىچە ئاتامنىڭ روھىغا ئاتاپ كۇجە كۆيدۈرۈپ سىرتقا چىقمايمەن.

دەرۋەقە، توختامىش تولۇق توققۇز كۇنگىچە تالا ـ تۈزگە چىقماستىن، ئاتا ئۆيدە كۇجە كۆيدۈرۈپ ئىستىقامەتتە ئولتۇردى. ئونىنچى كۇنى سەھەر تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقتى. ئاندىن يەنە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان قىلىچ ۋە خەنجەرنى ئېلىپ كەمىرىگە ئاستى. دولقۇنلىنىپ، چېچىلىپ چۈشۈپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل شەلپەر ياغلىقنى چىڭ تارتىپ باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرىكىتى سۇسلىشىپ، تۆت ئەتراپىغا تېگىرقىغان ھالەتتە قاراپ، ئۇزاققىچە شۈك بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ئاتا، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك ئۆيىڭىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمەن. قىساس ئوتى مېنى يىراقلارغا كېتىشكە ئۈندىمەكتە.

شۇ گەپتىن كېيىن توختامىش كەسكىن بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئېغىلدا تۇرغان چىلان تورۇق ئارغىماقنى ئېگەرلەپ مىندى. بادرۇق باخشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا دەرۋازىۋەنگە تۆت قاتلانغان بىر پارچە سېرىق قەغەزنى بەردى.

— بۇ بىتىكنى بادرۇق باخشىغا ئەكىرىپ بەرگىن، — دېدى ئۇ ۋە سېرىق كۆن ئۆتۈكلىرىنىڭ قاتتىق ئۆكچىلىرى بىلەن

ئېتىنىڭ بىقىنلىرىغا كۆچەپ نىقتىدى. چىلان تورۇق ئارغىماق چاپچىپ قوزغالدى ـ دە، كوچا بويلاپ قويۇندەك چىپىپ كەتتى.

ئالدى تەرەپتە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەسىر كۆرۈندى. ئۇ مىسىر ىسلانىڭ قەسرى ئىدى. توختامىش ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۈگۈرتتى. يېقىن ئارىدا ئادەم كۆرۈنمىدى. توختامىش ئاتتىن چۈشتى. قەسىرنىڭ ئارقا تېمىغا ياندىشىپ ئۆسكەن چىنارنىڭ بىر شېخىغا ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى باغلىدى.

— مۇشۇ يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغىن جانىۋار، ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ ھازىرلا قايتىپ چىقىمەن، — دېدى ئۇ ئېتىنىڭ بويىنىنى ئالىقىنى بىلەن بوشقىنە ئۇرۇپ قويۇپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى بەئەينى غەزەپكە كەلگەن ئارسلاننىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتتى. چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىق ئېلىشىدىن ئۇنىڭ كۆكرىكى خۇددى شىددەتلىك ئاقىدىغان دەريانىڭ دولقۇنلىرىدەك تېز ـ تېز كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە بېشىنى كەسكىن كۆتۈرۈپ، مامۇقتەك ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ قالغان كۆك ئاسمانغا قارىدى.

— قۇدرىتى ئۇلۇغ ھەممىگە قادىر تەڭرى، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسەن! قىساس ئىلاھى، ماڭا مەدەت بەرگەيسەن!

توختامىش چىنارغا ئەپچىللىك بىلەن يامىشىپ چىقىپ قەسىر ئىچىگە قارىدى. قورۇدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. توختامىش چىنارنىڭ تام ئۈستىگە بوي تارتقان شېخىغا ئېسىلىپ، قورۇ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئىچكىرىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا يۈگۈردى.

— توختا! كىم سەن؟ — دەرۋازا يېنىدىكى كىچىك ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققان دەرۋازىۋەن ۋارقىراپ كەتتى.

توختامىش بوش قولى بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ

كېلىپ، تۇمشۇقىغا كاللا بىلەن بىرنى سالدى. دەرۋازىۋەن قىپقىزىل قانغا بويالغان ئاغزى ـ بۇرنىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. توختامىش ئىچكىرىكى قورۇغا ئېتىلىپ كىردى. دەرۋازىۋەننىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىققان قاپلانبەگ قىلىچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان توختامىشنى كۆرۈپ، بىر قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ۋارقىرىدى:

— توختا! ھەرقانچە گەپ بولسىمۇ چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى.

توختامىش توختىمىدى، قىلىچنى تۇتقان ھالدا چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېلىۋەردى.

— ئەي مىسىرىسلانىڭ كۈچۈكى! ئاتا ـ بالا ئىككىڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن! ئاتام ئۈچۈن!

قاپلانبەگ قىلىچىنى قىنىدىن «شارتلا» قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالدى. ئىككى يىگىت تۇتۇشۇپ كەتتى. قىلىچۋازلىقتا ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. توختامىش كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولغان قاپلانبەگنى تېزرەك جايلىۋېتىپ، مىسىرىسلانىڭ جازاسىنى بېرىشكە ئالدىراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىچ ئۇراتتى. قاپلانبەگمۇ چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئويىنىتىپ ئۇنىڭ زەربىسىنى توسۇۋالاتتى ۋە ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

شۇ ئەسنادا ئۆيدىن مىسىرىسلا چىقىپ كەلدى ۋە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— قاراۋۇل! تېز بولۇڭلار! قاراۋۇل! — دەپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا چىرقىراپ كەتتى ئۇ.

توختامىش قاپلانبەگنى چەتتە قالدۇرۇپ مىسىرىسلاغا زەربە بەرمەكچى بولاتتى، لېكىن قاپلانبەگ قىلىچىنىڭ زەربىسىنى قىلىچ بىلەن ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالاتتى. مىسىرىسلانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ، توختىماي ۋارقىرايتتى.

تاشقىرىقى قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان ئىككى قىتان چىرىك ھاپىلا ـ شاپىلا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ـ دە، ئىككىيلەن ئىككى بېشىدىن تۇتقان تانا تورنى توختامىشنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. توختامىش كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تورغا چىرمىشىپ قالدى. ئىككى چېرىك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يەرگە باستى. توختامىش جان ئاچچىقىدا يۇلقۇنۇپ، بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئامال بولمىدى. قەسىردىكى مالاي ـ چاكارلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. توختامىشنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ، قىل ئارقان بىلەن قاتتىق باغلاندى.

ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەن مىسىرىسلا خۇدىنى يوقاتقان ھالدا غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ تېخىچىلا ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! ئاتقا سۆرىتىپ قۇملۇققا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار...

قاپلانبەگ ھاسىراپ تۇرۇپ قىلىچىنى قىنىغا سالدى ۋە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھاي بەردى:

— بولدى ئاتا! ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. ئۇنى ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ.

مىسىرىسلا ئۇنىڭغا قاراپ يەنە ۋارقىرىدى:

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى قويۇۋېتەمدۇق؟

— ئۇنى شەھەرلىك دىۋانغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى.

— بولمايدۇ! قاپلانبەگ، كاللاڭ ئىشلەمدۇ سېنىڭ؟ دىۋاندىكى ئىدىقۇت ئەمەلدارلىرى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ مۆرىمەي يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىسى مۇشۇنداق توپىلاڭچىلارنى قوللايدۇ.

— ماقۇل ئاتا، ئەمىسە ئۇنى دارۇغاچ مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى. بولامدۇ؟

مىسىرىسلانىڭ قورقۇنچى بېسىلمىغانىدى. ئۇ تېخىچە دىر ـ

دىر تىترەپ، بېشى توختىماي گىلدىڭلاپ تۇراتتى.
— ئەمىسە شۇنداق قىلىڭلار، مەھكىمىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار.
ئىككى قىتان چېرىك ئاتلىرىغا مىندى ۋە باغلاقتىكى توختامىشنى ئالدىغا سېلىپ، قەسىردىن چىقىپ كېتىشتى.

توختامىش ئۆزىنى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھېسابلىدى. دەرمانسىز غەزەپ ۋە ئاچچىق ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، ھېچنېمە قىلالمىدى. چېرىكلەر ھەيدەپ ماڭغاندا ئۇ يوتمەس - توگىمەس ئۆچمەنلىك ئوتلىرى چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مىسىرىسلاغا بىر قارىۋالدى.

— پەيلىنىڭ يامانلىقىنى قارا ئۇنىڭ! — دېدى مىسىرىسلا ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن، — قوللىرى باغلاقتا تۇرۇپمۇ خۇددى كېيىككە ئېتىلىدىغان بۆرىدەك قارايدۇ ئادەمگە!

قاپلانبەگ بىر پەس بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈت قىلدى. ئاتىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاتا، مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، مەن قايتاي، — دېدى ئۇ ۋە ئىتتىك مېڭىپ تاشقىرىقى قورۇغا چىقتى - دە، ئېتىغا مىنىپ، قەسىردىن بوراندەك ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

※ ※

دارۇغاچ مەھكىمىسى شەھەرنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان بولۇپ، چەت مەھەللىدىن چىققاندىن كېيىن بىر قاقاس قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قىتانلار مەھەللە ئىچىدە ئاھالە بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش مەھكىمىسىنى ئەنە شۇنداق چەت جايغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

تـوخـتامـــش مـەھەللە بىلەن مەھكىمە ئارىلىقىدىكى شۇ قـۇمـلـۇقـتـا كېتىۋېتىپ ئۆزىنى ئالىقاچان ئۇ دۇنياغا راۋان بولغاندەك ھېس قىلدى. «مەن نېمىدېگەن يارىماس! — دەپ ئويلايتتى ئۇ چەكسىز ئازابلىنىپ، — ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىـقـىـرالـمـاي بـىكاردىـــن بىكارغىـلا مۇشۇنداق تۇگـىـشىپ كېتەرمەنمۇ؟» ئۇ يەنىلا ئۈمىـــدسىزلىـككە بېرىلمەي ئەتراپىـغا تېز - تېز كۆز تاشلايتتى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن مــاقـال ئــۇنـىڭ كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. «بىر ئامال بولماسمۇ؟ بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قـېـچىپ قۇتۇلغىلى بولماسمۇ؟» ئۇنىڭ قوللىرى كۆكرەك ۋە يـــەلكىلىرى بىلەن قوشۇپ قىل ئارقاندا چىڭ باغلىۋېتىلگەن. ئـۇنـــىڭ چـــىـلان تــورۇق ئېتى ھېلىقى چىنار شېخىغا باغلاپ قويۇلغىنىچە شۇ يەردە قالدى. ئەمدى يەنە نېمە ئامال بار؟

ئىككى نەپەر ئاتلىق چېرىك ئۇنى ئىككى ياندىن قىستاپ، ئىتتىرىپ ۋە قامچا بىلەن ئۇرۇپ، تېز مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى.

— تېز ماڭ، لەنىتى توپىلاڭچى!

— تــېز ماڭ، دارۇغاچ ساڭا قىتانلار بىلەن قارشىلاشسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن تېز چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ شــەپــىسى ئاڭلاندى. چېرىكلەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى. بېشىنى قارا ياغلىق بىلەن چۈمكەپ ئورۇۋالغان چەۋەنداز ئارغىماق ئــېــتــىــنــى ئۇچـقاندەك چاپتۇرۇپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە قاراپ كــېـلــىــۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەندە ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى. چېرىكلەرمۇ ھەم توختامىشمۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھە دېگــەنــدە ئاڭقىرالماي قالدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھېلىقى چــەۋەنــداز خۇددى شىددەتلىك قارا قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېلىپ، چېرىكلەرنىڭ بىرىگە چاقماق تېزلىكىدە قىلىچ ئۇردى. چېرىك ئات ئۈستىدىن شامال ئۇچۇرغاندەك چۈشۈپ كەتتى. ئىككىنچى

چېرىك خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك يالتىراپ كەتكەن قىلىچنى ۋە يىـــقـــىلغان سەپدىشىنى كۆرۈپ، جېنى چىققۇدەك قورقۇپ كەتتى، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئـــېتىنىڭ بىقىنىغا قاتتىق بىرنى سالدى. بۇنداق كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئات ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر دۆۋە بارخاننىڭ كەينىدە غايىب بولدى.

توختامىش داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بېشىنى قارا ياغلىق بىـــلەن چۈمكەپ ئورۇۋالغان سىرلىق چەۋەنداز ئۇنىڭ يېنىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە بايىقى قىلىچ يەپ يىقىلغان چېرىكنىڭ قېچىپ كەتكەن ئېتىنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلدى. ئۇ تــوخــتــامـــىشنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئېتىدىن چۈشمەيلا بېشىدىكى قارا ياغلىقنى يېشىپ ئېلىۋەتتى. توختامىش چەكسىز تــەئــەججۇپ ئىچىدە نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىرىغان ھالدا تاشتەك قېتىپلا قالدى. بۇ سىرلىق چەۋەنداز بــاشــقــا بــىــرى ئــەمــەس، قــاپــلانــبــەگ ئىدى، ئاشۇ مۇناپىق مـــىـــســـىـرىـــســـلانـــىـــڭ ئـــوغلى، بايا قەسىر ئىچىدە ئۆزى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلغان ئاشۇ قاپلانبەگ ئىدى! ئۇ يېشىل مەخمەل پــەشــمــەتــىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئاق ئەستىرىنى تېشىغا چىقىرىپ كــيــىۋالغان ۋە بېلىگە باغلىغان قارا پوتىسىنى ياغلىق قىلىپ بــېــشــىغا ئورۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ پەقەت ئىككى كۆزىلا ئوچۇق قالدۇرۇلغان بولۇپ، شۇ تۇرقىدا ئۇنى ھېچكىم تونۇيالمايتتى. مانا ئەمدى ئۇ پەشمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كىيدى ۋە قارا پوتىسىنى قايتىدىن بېلىگە باغلىدى، ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرغان قىلىچىنى سول قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قىنىغا سېلىپ پوتىسىغا ئاستى.

توختامىش قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگەن ھالدا ئۈنچىقماستىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، «نېمە قىلماقچى

بولۇۋاتسەن» دېگەن سوئال مەنىسى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. قاپلانبەگمۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەن هالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى تۇتۇپ كەلگەن ھېلىقى ئىگىسىز ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى توختامىشقا تاشلاپ بەردى.

— بۇ ئاتنى مىنىپ بۇ يەردىن كەت، — دېدى ئۇ.

توختامىش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى، بىراق نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقىغان ھالدا قاپلانبەگكە يەنە تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ يەردىن كەت، قاچ، — دېدى يەنە قاپلانبەگ، — ئەمدى يەنە تۇتۇلۇپ قالساڭ ئامان قالمايسەن.

شۇ گەپنى دەپلا قاپلانبەگ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، مەھەللە تەرەپكە كەتتى. ھەيرانلىقتىن قەلبىدە كۈچلۈك داۋالغۇش بولۇۋاتقان توختامىشمۇ قاپلانبەگ تۇتۇپ بەرگەن جەدە ئاتقا مىندى. «بۇ نېمە كارامەت! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ نەگە بېرىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ تاپتا توختامىشنىڭ ئىچى گوياكى قاراڭغۇ بوشلۇقتا ئوخشاپ قالدى. قاتمۇقات سوئاللار ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. «قايتىپ بېرىپ مىسىرسىلادىن ئالالمىغان ئۆچۈمنى ئالايمۇ؟ بىراق، قولۇمدا قورال بولمىسا، قورال بولغان تەقدىردىمۇ ئەمدى مەھەللە ئىچىگە كىرسەم ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قاپلانبەگنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغۇ. ئۇ مېنى دۈشمەن دەپ قارىمامدۇ؟ ئاتىسى قانداق بولسا، بالىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر بىكار گەپ ئوخشىمامدۇ؟ قاپلانبەگ ئاتىسىنى تارتمىغان ئادەم بولغان ئوخشىمامدۇ؟»

توختامىش بىر قارارغا كېلەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئەمما، بۇ يەردە گاڭگىراپ تۇرۇۋېرىشقا بولمايتتى. بايىقى قېچىپ كەتكەن چېرىك ھايال بولماي ئادەم باشلاپ كېلىشى تۇرغان گەپ.

توختامىش مىسىرىسلادىن قىساس ئېلىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئەلىۋەتتە، قوچۇدىن كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغان. ئۇ، چانبالىقتىكى①تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ پاناھلىنىشنى ئويلىغانىدى. ئەمدى تۇرۇپلا بۇ قاراردىن ياندى. «ئۇلار، ئەلىۋەتتە، مېنى ئىزدەپ قوچۇدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

«كەچ كىرگىچە يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر يېزىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇراي. قاراڭغۇ چۈشكەندە بادرۇق باخشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاي». توختامىش ئاخىر شۇ قاراردا كۆڭلىنى توختىتىپ، ئاتنى دېۋىتتى. ئۇ مىنگەن قۇلا ئات راسا نەسىللىك ئارغىماق ئىدى. قىتانلار ئۆز چېرىكلىرىگە سېلىققا يىغىلغان ئەڭ ياخشى ئاتلارنى تاللاپ بېرەتتى.

«ئەمدى ئۆز ئۆيۈمگە قايتالمايمەن، — دەپ ئويلايتتى توختامىش، — بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىمنى قىساس ئېلىشقا ئاتاپ قويدۇم. ئاتام ئۈچۈن، ئەل - يۇرت ئۈچۈن مىسىرىسلادىن، دارۇغاچىتىن، قىتانلاردىن قىساس ئالىمەن! ئەمدى ماڭا تىنچ ھايات ھارام بولدى».

قۇلا ئارغىماق تەكشى يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتا بىر توپ قىتان چېرىكلىرى كۆرۈندى. ئۇلار تېز ئىلگىرىلەپ مۇشۇ ياققا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ توختامىش ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن قۇلا ئارغىماقنىڭ بىقىنلىرىغا قاتتىق نىقتىدى. ئارغىماق تۇياقلىرى ئاستىدىن قۇم - توپىلارنى پۇرقىرىتىپ چېپىپ كەتتى. كېلىۋاتقان چېرىكلەرمۇ توختامىشنى كۆردى ۋە ئاتلىرىنى قامچىلاپ مۇشۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. قورالسىز قاچقۇنىنىڭ جانىنى قۇتقۇزۇش ئىستىكى بىلەن قوراللىق چېرىكلەرنىڭ جان ئېلىش ھەۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي

---

① چانبالىق — ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بىر شەھىرى، ھازىرقى سانجى شەھىرىنىڭ ئورنىدا بولغان.

قوغلاشماق باشلىنىپ كەتتى. توختامىش مىنگەن ئات خېلى يارامىلىق بولۇپ چىقتى. ئۇ، قوغلىغۇچىلارغا تۇتۇق بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، چېرىكلەرمۇ توختىماي، ئازماي ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە بىر يېزا بار ئىدى. قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدا ئېگىز - پەس ئۆيلەر ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى ئېقىن سۇلار پىل - پىل چاقناپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. توختامىش شۇ يېزىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇشتىن ئۈمىد كۈتتى. مانا، يېزىغا ئاز قالدى. شۇ ئەسنادا يېقىن يەردىكى بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر قىتان پەيدا بولدى - دە، توختامىشقا يان تەرەپتىن ئېتىلدى ۋە قولىدىكى ئىنچىكە ئۇچار نەيزىنى كۈچىنىپ ئاتتى. نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلدى - دە، توختامىشنىڭ ئوڭ يوتىسىنى شىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇلا ئارغىماق بار كۈچى بىلەن چاپقانچە يېزىنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىققا كىرىپ كەتتى. ھېلىقى قىتان يېزىغا ئۆزى يالغۇز كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە ئارقىدا كېلىۋاتقان سەپداشلىرىنى كۈتۈپ توختاپ قالدى.

ئۇنىڭغىچە، توختامىش خېلى ئۇزاپ كەتتى. بۇ يەردە ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. ئېگىزلىكتا قوي بېقىپ يۈرگەن پادىچى دەرەخلەر ئارىسىدىن غىل - پال كۆزگە ئىلىنىدى. يىراقتىكى ئۆستەڭ بويىدا سامان باسقان كالا ھارۋىسى كېلەڭسىز چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. نەدىدۇر بىر يەردە ئىتنىڭ قاۋىشى، نەدىدۇر بىر يەردە كىمدۇر بىرىنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ناخشا ئېيتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرەخزارلىقتىن چىقىپ، بىر توپىلىق تار كوچىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئېتى تېزلىكىنى ئاستىلىتىپ يورغىغا چۈشتى. توختامىشنىڭ يارىلانغان يوتىسى لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، يارىسىدىن ئاققان قان ئۆتۈكى ئىچىگە سىرغىپ چۈشۈپ، چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. توختامىشنىڭ بېشى

قىيىپ، ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئاخىر، ئۇ ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بىر ھارۋا ئاران پاتقۇدەك بۇ تار كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. توختامىش بىر قولى بىلەن سوقما تامغا تايىنىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن توختاپ قالغان ئېتىنىڭ ساغرىسىغا بىر شاپىلاق ئۇردى.

— تېز چاپ جانىۋار!

قۇلا ئارغىماق دۈپۈرلەپ چاپقانچە كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئۆتۈپ غايىب بولدى. توختامىش تامنى تۇتقان ھالدا يان كوچىغا بۇرۇلۇپ ئاززراق ماڭدى. ئارقا تەرەپتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلاندى. «چېرىكلەر يېتىپ كەلدى» دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە ۋە تېخىمۇ كۈچەپ قېچىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇنىڭ ماغدۇرى خوراپ كەتكەنىدى، يۈگۈرەلمىدى. تامنى تۇتۇپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭدى. بىر ئېرىققا دۈچ كەلدى. بۇ ئېرىق سۆڭگۈچ ئارقىلىق ھويلىغا ئېقىپ كىرەتتى. ئويلاشقا، ئىككىلىنىشكە ۋاقىت يوق ئىدى، توختامىش ئېرىققا ئۆمىلەپ چۈشتى ـ دە، سۇنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ سۆڭگۈچتىن ئۆتتى. ئۇ ئۆرۈك، جۈجەم، چىلان دەرەخلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر باغ ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇدۇلىدا ئېگىز قوپۇرۇپ سېلىنغان ياسىداق ئىمارەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «بۇ بىر ھاللىق جەمەتنىڭ قورۇقى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى توختامىش.

چېرىكلەر يېزا كوچىسىغا كىرىپ بولغانىدى. تاشقىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاغىل ـ تاغىل ۋارقىراشلىرى، ئاتلىرىنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى ۋە دۈپۈر ـ دۈپۈرلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

باغنىڭ دەرۋازىسى قېقىلدى.

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! تېز بولۇڭلار!

توختامىش تام تۈۋىدىكى چۆپلۈكتە قىمىر قىلماي يېتىۋالدى. ئاق تاملىرىغا رەڭدار نەقىشلەر سىزىلغان ئىمارەتنىڭ

قىزىل سىرلانغان ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىككى قىز چىقتى. ئالدىدا يۈگۈرۈپ چىققىنى دېدەك بولسا كېرەك، كىيىنىشى ئاددىيراق بولۇپ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئۈستىدىن گۈللۈك ياغلىق چىگىۋالغان، يالاڭ پۇتلىرىغا كۆن كەشە سېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىققىنى ھەقىقىي باي قىزى ئىدى، ئۇزۇن ئاق يىپەك كۆڭلىكى ئۈستىدىن ھال رەڭ كالتە پەشمەت كىيىلگەن بولۇپ، پەشمەتنىڭ ياقا ۋە جىيەكلىرىگە ئىجىر ـ مىجىر كەشتە بېسىلغان، سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرى تۆپىسىگە كۆپتۈرۈپ تۈرۈلگەن ۋە ئالتۇن زىخچىلار قادالغان، ئاپئاق سۇزۇك بويىنىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ قىزىل كۆن ئۆتۈكلىرىنىڭ تار ۋە قىسقا قونچىلىرىغا نازۇك نەقىشلەر زەر تۇتۇلغانىدى.

ئالدىدا چىققان دېدەك قىز:

— كىم ئۇ؟ كىم؟ — دەپ توۋلىغىنىچە دەرۋازا تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان خانقىز بولسا:

— دەرۋازىنى نېمانچە قاتتىق ئۇرۇشىدىغاندۇ؟ نېمانچە قاتتىق ۋارقىرىشىدۇ؟ نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ قورۇنىڭ ئوتتۇرىدا توختىدى.

توختامىش ئۆمىلەپ بېرىپ، سەل چەتتىكى قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن تىكەنلىك جىغان چاتقاللىرىنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ يېتىۋالدى. دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئايرىم سېلىنغان كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، ئاق ساقاللىق دەرۋازىۋەن بوۋاي ئېرىنچەكلىك بىلەن كەشىنى سۆرەپ چىقىپ كەلدى.

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

دەرۋازا سىرتىدىكىلەرنىڭ قوپال ۋارقىرىشى ئاڭلاندى:

— ئەزمەڭنى ئەزمەي دەرۋازىنى ئاچ! بىز دارۇغاچ مەھكىمىسىنىڭ چېرىكلىرى.

دەرۋازىۋەن بوۋاي «دارۇغاچ» ، «چېرىك» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى بولغاي، دەرۋازىنى ئالدىراپ ئاچتى. ئىككى نەپەر ئاتلىق چېرىك قورۇغا كىردى، باشقىلىرى يەنە سىرتتا قالدى.

— بۇ يەرگە ناتونۇش ئادەم كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قاپىقى يامان چېرىك ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋازىۋەن بوۋاي، — بۇ يەر خوجايىنىمىزنىڭ يالغۇز قىزىغا سالدۇرۇپ بەرگەن قورۇقى. بىز بۇ يەرگە يات كىشىلەرنى كىرگۈزمەيمىز.

— بىر جىنايەتچى قېچىپ كەتتى، — دېدى چېرىك، — شۇنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىز. ئۇ يارىلانغان. ئەگەر شۇنداق يوچۇن ئادەمنى كۆرگەن بولساڭلار بىزگە مەلۇم قىلىڭلار. ئۇ بەك يامان جىنايەتچى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇنداق ئادەمنى كۆرمىدۇق، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئۇ نېمە قىلغان جىنايەتچى؟

— ئۇ قىتانلار بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان مەخپىي گورۇھنىڭ ئەزاسى. ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە دارۇغاچ كاتتا مۇكاپات بېرىدۇ.

دەرۋازىۋەن بوۋاي «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە كونا قارا بۆك كىيىلگەن تاقىر بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، تەزىم قىلىپ كەتتى.

— جىنايەتچىنىڭ دېرىكىنى ئالساڭلار بىزگە مەلۇم قىلىڭلار. ئالتۇن - كۈمۈش بېرىمىز، — دېدى چېرىك ۋە چىقىپ كەتتى.

تام كەينىدىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەپ يىراقلاشقانلىقى ئاڭلاندى. دەرۋازىۋەن بوۋاي تاشقىرىغا چىقىپ چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ دەرۋازىنى تاقىدى.

— بۇ خەققە «ھە، ماقۇل» دەپ قويمىساڭ بولمايدۇ، —



[library stamp]

دەپ غودۇڭشىدى ئۇ، — ماقۇلغا جاۋاب يوق. ھەر ھالدا باغنىڭ سۈڭگۈچىنى تاقىۋېتەيچۇ.

توختامىش شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، چاتقاللارنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىگىرەك سۈرۈلدى. لېكىن، يېقىن كېلىپ قالغان بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي كاساپەت! كىم سەن؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ چۆچۈپ.

ئۆي تەرەپكە قايتىپ ماڭغان خانقىز بىلەن دېدەك بوۋاينىڭ خىتابىنى ئاڭلاپ توختىدى ۋە خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا كەينىگە يېنىپ يېقىنراق كەلدى. توختامىش قىزلارنىڭ ئالدىدا سالپىيىپ يېتىشتىن ئۇيلىپ تەستە ئورنىدىن قوپتى. خانقىز ئۇنىڭ لاي سۇدا بۇلغانغان ئۇستىۋېشى، تاتارغان چىرايى ۋە يانپېشىدىكى قان داغلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— ئاھ تەڭرىم! — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى.

توختامىش ماغدۇرسىزلىقتىن نۇرسىزلانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئۇنچىقماي تۇراتتى.

— بايىقى چېرىكلەر ئىزدىگەن جىنايەتچى شۇ ئوخشىمامدۇ، — دېدى بوۋاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز خانقىز؟ ئۇنى قورۇدىن چىقىرىۋېتەيمۇ ياكى...

— ياق، ياق، — دېدى خانقىز بېشى قاتقان ھالدا تىترەپ تۇرۇپ، — بۇ ھالى بىلەن ئۇ نەگە بارالايدۇ؟ كوچىغا چىقسىلا چېرىكلەر تۇتىۋالىدۇ شۇ.

— ئەمىسە ... — بوۋاي ھاڭۋېقىپ توختامىشقا بۇرۇلۇپ قارىدى، — ھەي، ماڭا قارا، چېرىكلەر سېنى قىتانلارغا قارشى مەخپىي گۇرۇھنىڭ ئەزاسى دەيدىغۇ، بۇ راستمۇ؟

— قىتانلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىم راست، لېكىن مەخپىي گۇرۇھنىڭ ئەزاسى ئەمەس، — دېدى توختامىش راستچىللىق

بىلەن.

— قىستانلارغا نېمە قىلغانىدىڭ؟ — بوۋاي ئەزۋەيلەپ سورىغىلى تۇردى.

— بولدى، بولدى، — دېدى خانقىز يېقىن كېلىپ، — ئۇنى ئۆيگە باشلايلى. قان كۆپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئاران تۇرۇۋاتامدۇ.

بوۋاي سەل ئىككىلەنگەندەك بولۇپ:

— باشقا بىر يامان ئىشلىرى بولمىسىلا بولدىغۇ ئۇنىڭ، — دەپ غودۇڭشۇپ قويۇپ، خانقىزنىڭ خاھىشى بويىچە توختامىشنى يۆلەشتۇرۇپ ماڭدى.

— چەتتىكى ئۆيگە، — دېدى خانقىز ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغاچ.

شۇنداق قىلىپ، توختامىش ئەڭ چەتتىكى ئايرىم بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كىردى ۋە گىلەم سېلىنغان سۇپىغا ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي پەگاھدا تۇرۇپ قالدى. خانقىز بۇ ئۆيگە كىرمىدى.

— ئۇنىڭغا ئاتامنىڭ كىيىملىرىدىن ئاچىقىپ بېرىڭ، يارىسىنى تېڭىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ بوۋايغا قاراپ ۋە دېدەك قىزنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

بوۋاي بىر قولىدا چىلاپچا، بىر قولىدا سۇ تولدۇرۇلغان ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، توختامىشنىڭ يۇيۇنۇشىغا ياردەملەشتى. يېڭى كىيىملەرنى كيدۈرۈپ، يارىسىغا كۆيدۈرۈلگەن پاختا بېسىپ تېڭىپ قويدى. ئاندىن سۈت، نان، ئۈزۈم ئەكەلدى. توختامىش بۇنداق كۈتۈنۈشتىن كېيىن خېلى ماغدۇرىغا كېلىپ قالدى.

— بۇ كىمنىڭ قورۇسى؟ ئۇ خانقىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش دەرۋازىۋەن بوۋايدىن.

— بۇ بىزنىڭ خوجايىنىمىزنىڭ تۇرالغۇسى، ئۇ خانقىز خوجايىنىمىزنىڭ قىزى، — بوۋاي مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ

چىقىپ كەتتى.
شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. «ئەمدى بۇ يەردىن كېتىۋالاي» دەپ ئويلىدى توختامىش ۋە تېخىچە لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان ئوڭ پۇتىنى ئاستا سۆرەپ قورۇغا چىقتى. ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئاسماننى قاپلىغان سۇس بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ كۆرۈنۈپ قالاتتى. توختامىش دەرۋازىغا يەتمەي تۇرۇپ ئىختىيارسىز تۇردە مەڭدەپ توختاپ قالدى. يىپەك رەختنىڭ نازۇك شىلدىرلىغان شەپىسى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئالدىدا گوياكى ئەپسانىۋي پەرىزاتنىڭ سۇمباتلىق زىلۋا گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نامايان بولۇپ يېقىنلاشتى. پەقەت قىزلاردىلا بولىدىغان يېنىككىنە خۇش پۇراق ئۇنىڭ دىماغلىرىغا يېتىپ كەلدى. ھېلىقى خانقىز ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەندى. توختامىشنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، بېشى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قايغاندەك بولدى. «تېخى ماغدۇرۇمغا كېلەلمەپتىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە توختىدى.
— نەگە بارىسىز؟ — قىزنىڭ ئاۋازى توختامىشقا شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە لەززەتلىك تۇيۇلۇپ كەتتىكى، شۇ تاپتا ئۇ گويا ئۆز ئىختىيارىنى شۇ ئاۋاز ئىگىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندەك ياۋاشلاپ گەپ قىلالماي قالدى.
— يۈرۈڭ، سىز بىلەن سۆزلەشكۈم بار، — دېدى يەنە قىز.
توختامىش چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، يۈرىكىنىڭ ئەسەبىي سوقۇشىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى ۋە خانقىزغا ئەگىشىپ ھېلىقى ئۆزى ياتقان ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئىككىيلەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ سۇپىغا ئولتۇرۇشتى. دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان مىس چىراغپايدىكى چىرىسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. توختامىش پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ قىزنىڭ يۈزىگە قارىدى.
— سىز كىم بولىسىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى

ئۇ .

— ئىسمىم تۇركەنئاي، — دېدى خانقىز، — ئاتام بۇلتۇر تۇگەپ كەتكەن، ئانام ئۇنىڭدىن بۇرۇن قازا قىلغان. بۇ قورۇقتا هازىر مەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىمەن. ئارقا هويلىدا خىزمەتكارلار بار. قوچۇدىكى بىر نەۋرە ئاكام هەر كۈنى دېگۈدەك بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئەمدى سىز گەپ قىلىڭ. سىز كىم بولىسىز؟ ئېتىڭىز نېمە؟

— ئېتىم توختامىش.

— قىتانلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانمىدىڭىز؟

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. توغرىسى، قىتانلارنىڭ بىر غالچىسىنى جايلىۋەتمەكچى بولغانىدىم.

تۇركەنئاي مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان توختامىشقا زەن سېلىپ بىر قارىۋالدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

توختامىش بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، مۇلايىملاشقان ئاۋازدا ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. ئاشكارىلىنىپ قالدىم. ئەمدى بۇ شەهەردە تۇرالمايمەن. ئاتام تۇگەپ كەتتى. بۇ يۇرتتا مېنىڭ تارتىنىشقۇدەك هېچ نەرسەم قالمىدى. باشقا بىر ياققا كېتىشىم كېرەك.

— راست، ئېغىر ئەهۋالدا قاپسىز، — دېدى تۇركەنئاي، — بىراق، — مۇشۇ هالىڭىزدا نەگە كېتەلەيسىز؟ پۇتىڭىز يارىلانغان تۇرسا.

توختامىش گەپ قىلالماستىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

— يارىڭىز ساقايغۇچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ ئەمىسە، — دېدى تۇركەنئاي.

— ياق، بولمايدۇ. قىتانلار هامان مۇشۇ ئەتراپتىكى

جايلارنى ئاختۇرۇشنى باشلايدۇ.
— راست، — دېدى تۈركەنئاي جىددىيلەشكەن تەلەپپۇزدا، — ئەمىسە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ سىزگە ياردەملەشكۈم بار.
توختامىش بىر هازاغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ تۈركەنئاي خانقىزغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلدى.
— ئەمىسە، سىزگە ئېغىرىمنى سالىدىغان بولدۇم. ماڭا بىر ياردەم قىلىڭ.
— هە، قېنى، ئېيتىڭ، نېمە قىلاي؟
— ئاتامنىڭ بادرۇق باخشى دېگەن بىر قەدىناس دوستى بار. بىر ئامال قىلىپ، شۇ كىشىنى مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ كەلسىڭىز بولاتتى.
— بولىدۇ. قاچان چاقىرىمىز؟
— هازىرلا. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.
— ماقۇل. خىزمەتكارلاردىن بىرىنى هازىرلا يولغا سالاي. سىز ئۇنىڭغا بىر پارچە بىتىك يېزىپ بېرىڭ، ئۇ زاتنىڭ تۇرار جايىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئېيتىپ بېرىڭ.
شۇنىڭ بىلەن، هايات ـ مامات ئارىلىقىدىكى جىددىي پەيتتە توختامىشقا پاناھ بولغان سەھرا قورۇقىدىن ئايسىز قاراڭغۇ كېچىدە ياش بىر چەۋەنداز ئېتىنى يورغىلىتىپ چىقىپ كەتتى.
تۈركەنئاي خانقىزمۇ ئۆز هۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. توختامىش ئاجايىپ بىر مۇرەككەپ روھىي داۋالغۇش ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ، بىر كۈننىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن شۇنچە كۆپ مەزمۇنلۇق ۋەقەنى بىر باشتىن ئويلاشقا باشلىدى. «توۋا! بىر مەلئۇن ساتقىن ئاتامنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن دەپ بېرىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۇچراپ قالدىم. ئاشۇ مەلئۇن ساتقىننىڭ شۇ ئوغلى مېنى چېرىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدى. ئەمدى يەنە بۇ يات

قورۇقتىكى ناتونۇش خانقىز خەيرخاھلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەك مۇرەككەپ ئىكەن!»

توختامىش چىگىش خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئىغىرلاشقان بېشىنى تاۋار تەكىيىگە قويۇپ، سۇپىغا سىلىنغان گىلەمگە ياتتى. بارغانسېرى خىرەلىشىپ ۋە ئۇيقۇ بىلەن چىرمىشىپ كېتىۋاتقان خىياللار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تورلاشتۇردى.

قورۇدىكى ئاتلارنىڭ دۇپۇرلەشلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرىدىن ئۇ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە چامدىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، تۈركەنئاي خانقىز بىلەن بادرۇق باخشى كىرىپ كەلدى.

— سىلەر سۆزلىشىڭلار، — دېدى تۈركەنئاي ۋە قايتىپ چىقىپ كەتتى.

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇڭ بالام؟ — دېدى بادرۇق باخشى توختامىشنى قۇچاقلاپ، — يېنىكلىك قىلىپ قويۇپسەن. بۇ خەققە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ بالام. رەھمەتلىك ئاتاڭمۇ بۇ خەقتىن بەك ئېھتىيات قىلاتتى. بىر چوڭ ئىش تېرىپ قويغان ئوخشىمامسەن؟ نېمە ئىش بولدى؟

بادرۇق باخشىنىڭ چىرايىدىن ۋە گەپ-سۆزلىرىدىن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەرھۇم بولدۇز قايامۇ ھەم ئۇنىڭ بۇ قەدىناس بۇرادىرىمۇ ياشلارغا ئېھتىياتچان بولۇشنى، قىتانلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىقنى تولا سۆزلەيتتى. مانا بۇ قېتىممۇ بۇ ئاقساقال ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى تېخى ئېنىق ئۇقماي تۇرۇپلا ئۆكۈنۈپ سۆزلەپ كەتتى. بايا دەرۋازا ئالدىدا تۈركەنئاي خانقىز بادرۇق باخشىغا توختامىشنى چېرىكلەرنىڭ ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ۋە توختامىشتىن ئاڭلىغانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى. توختامىش بوۋايىنى تېخىمۇ قورقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلىمىدى. بادرۇق باخشى سۇپىغا ئولتۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ھەي، ھەي··· چاتاق بوپتۇ، چاتاق بوپتۇ. ئەمدى بۇ دارۇغاچ دېگەن مەرەزدىن قۇتۇلماق تەس.

— شۇڭا، بۇ يەردىن كېتەي دەيمەن، — دېدى توختامىش، — سىزنى ئاتامنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ چاقىردىم، ئەقىل كۆرسەتكەيسىز.

— ئەمدى بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، — دېدى بادرۇق باخشى، — ۋاقتىنچە ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ تۇرغايسەن. مۇنداق قىلايلى. سەن ئەمدى ئالتاي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىن. ئۇ يەردە مېنىڭ بىر كونا ساۋاقدىشىم بار. ئۇنىڭ بىلەن بىز ياش ۋاقتىمىزدا بەشبالىقتىكى ۋىخارادا بىللە ئوقۇغان. ئۇ ھازىر ئالتايدىكى نايمانلارنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدۇ، نايمان خانىنىڭ بىتىكچىسى①، ئىسمى تاتا تۇڭا. شۇ زاتقا مەن بىر بىتىك يېزىپ بېرەي. ئۇ سېنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئالتايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرساڭ، بۇ ئىشلار بىر ئاز ئۇنتۇلغاندا قايتىپ كېلەرسەن.

توختامىش «ماقۇل» دېگەننى بىلدۈرۈپ، بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— يارىدار بولۇپسەن. يولغا چىقالارسەنمۇ؟ — سورىدى بادرۇق باخشى خاتىرجەم بولالماي.

— يارام ئېغىر ئەمەس، — دېدى توختامىش، — سۆڭەك ساق، يوتامنىڭ ئېتى ئازراق شىلىنىپ كەتتى. كېرەك يوق، ئاتقا مىنىۋالسام كېتىۋېرىمەن.

---

① بىتىكچى (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) — كاتىپ.

## ئالتىنچى باب

# ئالتاي

سۈبھىدەم مەزگىلىدە توختامىش قارا ئارغىماققا مىنىپ، ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىگە پاناھ بولغان قورۇقتىن چىقتى. قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندە ئۇ ئالىقاچان قۇمساڭغۇ چۆلدە ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىپ باراتتى. كۆتۈلمىگەن مۇرەككەپ تەسىراتلار ئۇنىڭ روھىيىتىنى چۇلغاپ تۇراتتى. تۇركەنئاي خانقىزنىڭ يېقىملىق چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. توختامىش سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان قارا ئارغىماقنىڭ تەكشى قىرقىلغان يالىنى بارماقلىرى بىلەن تاراشتۇرۇپ، بوينىنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ قويدى. بۇ قارا ئارغىماقنى ئەنە شۇ خەيرخاھلىق قىلغۇچى تۇركەنئاي ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانىدى.

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭ، تەڭرىم ئىگەم سىزگە مەدەت بەرسۇن، — دېگەنىدى ئۇ خوشلىشىپ.

«مەن يەنە قوچۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم ئۇ قىزنى يوقلاپ بارىمەن. ئۇنىڭغا ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن يەنمۇ يېقىنراق تونۇشىمەن. ئۇ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل، نەقەدەر سۆيۈملۈك! خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىدەك...» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ خىل شېرىن خىياللارغا بېرىلگەندە ئۇ سەل مۇڭلىنىپ قالاتتى. لېكىن، ھامان ئۆزىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان غەزەپ - نەپرەت تۇيغۇسى ئۇنى يەنە تېتىكلەشتۈرەتتى.

«قـايتىپ كېلىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم بېرىپ، — ماڭا ئوخشاش سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يۇرتداشلىرىمنى توپلاپ، قورال تۇتۇپ قايتىپ كېلىمەن. دارۇغاچىنىڭمۇ، مىسىرسلاننىڭمۇ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن!»

خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە توختامىش تەئەججۈپ ئىچىدە تېڭىرقاپ قالاتتى. «ئەجەبا، مىسىرسلاننىڭ ئوغلى ئاتىسىغا ئوخشىسامدۇ؟ بىر غالچىنىڭ ئوغلى غالچا ئەمەس بولۇپ چىقتىمۇ؟ ئادەملەرگە ئالدىراپ باھا بېرىشكە بولمايدىكەن ـ دە!»

تۆركەنئاي سوۋغا قىلغان قارا ئات ئېسىل نەسىللىك ئارغىماق ئىدى. «بۇ تۆركەنئاي كاتتا ئېسىلزادىنىڭ قىزى ئوخشايدۇ. بۇنداق دۈلدۈل سۈپەت ئارغىماق خېلى ـ خېلى ئادەملەردە يوق» دەپ ئويلايتتى توختامىش يەنە شۇ خانقىزنى ئېسىگە ئېلىپ ۋە مىنگەن ئېتىدىن ھەۋەسلىنىپ. دەرۋەقە، بۇ ئات كۆن بويى توختىماي يۈرسىمۇ سىلىق ۋە تېز يورغىسى قىلچە سۇسلاشمىپ قالمىدى. توختامىش چوڭ كارۋان يوللىرىدىن ئىلاجى بار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، چاتقاللىقلار ياكى ئۆچرىغان بۇلاق بويلىرىدا ئارام ئېلىپ، شىمال تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى.

ھاۋانىڭ بارغانسېرى سالقىنلىشى ئالتاي تاغلىرىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قۇملۇق چۆللەر ئاياغلىشىپ، بولۇق ئوت ـ چۆپلەر ۋە سۈزۈك ئېقىن سۇلار كۆپەيدى. توپ ـ توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن قوي ۋە كالا پادىلىرى ئۇچراشقا باشلىدى. پۈتلىرىغا چورۇق تارتىپ، تېرە ئىشتان ۋە كىگىز قالپاق كىيىشكەن چارۋىچىلار دوستانە رەۋىشتە كېلىپ توختامىش بىلەن سالاملىشاتتى.

— قۇت بولسۇن، يول قاياققا؟

— ئالتايغا، نايمان ئوردىسىغا بارماقچىمەن.

چارۋىچىلار ئالدى تەرەپتىكى تاغلارنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتەتتى:

— مۇشۇ يول بىلەن ئۇدۇل يۈر.

توختامىش ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇدۇل يۈردى. ئوتلاقتىن ئوتلاققا، تاغدىن تاغقا ئۆتۈپ، نايمانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كەچ كۈزدىكى سوغۇق، نەمخۇش تاغ ھاۋاسى، قويۇق ئۆسكەن چاتقاللار، ئېگىز ئۆسكەن ئارچا - قارىغايلار، قېيىنزارلىقلار، يۇمشاق قارا تۇپراق... ھەر خىل ھايۋانات ئېرىلىرىدىن قېلىن جۇۋىلارنى كىيىشكەن ئادەملەر، ھەتتا ئىككى مەڭزى قىپقىزىل باللارمۇ سېمىز ئاتلارغا مىنىپ يۈرىشىدۇ، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، پىيادە يۈرىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس. توختامىش ئۆزىنى گوياكى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۇ تاغ مەنزىرىسىگە، ئورمان ياقىلىرىدىكى كىگىز ئۆيلەرگە، چېدىرلارغا قىزىقسىنىپ قارايتتى.

— ئوردىغا نېمە ئىش بىلەن بارىسەن؟ — دەپ سوراشتى نايمان چېرىكلەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ.

— ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان تاتا تۇڭا ئىسىملىك بىتىكچىنى ئىزدەپ كەلدىم. ئۇنى تونۇمسىلەر؟ — دېدى توختامىش.

نايمانلار تەستىقلىغان تەرزدە باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— ئەلۋەتتە، تونۇيمىز. بەشبالىقتىن كەلگەن بۇ مەشھۇر زات بىزنىڭ خاقانىمىزنىڭ يېقىن ئادىمى. ئۇ بىتىكچى ھەم تامغىچى. خانلىقىمىزنىڭ تامغىسىنى شۇ كىشى باشقۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، چېرىكلەر قوچۇدىن پاناھ ئىزدەپ چىقىپ قالغان بۇ تەنھا يىگىتنى ئۇيغۇر، نايمان ۋە موڭغۇل تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس تاتا تۇڭانىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ باردى. قارىغايلىق

ئورمان ياقىسىدىكى شوخ شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ بويىغا ئالاھىدە چوڭ ھەم كۆركەم كىگىز ئۆي تىكىلگەنىدى. ئۆيدىن يىراق بولمىغان يەردە ئىككى پۇتى چۇشەلگەن نەسىللىك ئاق بوز ئات، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭلۈكتە بىرنەچچە كالا ۋە موزايلار ئوتلاپ يۈرەتتى. تورپاقتەك يوغىناپ كەتكەن ئىككى ئىت بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، خىرىلدىشىپ، ئوينىشىپ يۈرەتتى. «ھەقىقىي تاغ مەنزىرىسى، ئالتاينىڭ كىچىك بىر كۆرۈنۈشى» دېدى توختامىش ئۆز ئىچىدە.

چېرىكلەردىن بىرى كىگىز ئۆينىڭ چىرايلىق كەشتىلەنگەن ئىشىك يوپۇقىنى قايرىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي قايتىپ چىقتى.

— بۇياققا كەل يىگىت، — دېدى ئۇ توختامىشقا قول ئىشارىتى قىلىپ.

توختامىش كىگىز ئۆيگە كىردى. تۆرگە قويۇلغان كات ئۈستىدە قىرىق - ئەللىك ياشلار ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا، ئۇ توختامىش كىرىشتىن ئىلگىرى ئارام ئېلىپ ياتقان بولسا كېرەك. كاتقا گىلەم ۋە تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان، تۆلۈمدەك چوڭلۇقتىكى مەخمەل تەكيە قويۇلغانىدى.

— قۇت بولسۇن، — دەپ سالام بەردى توختامىش ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلدى.

— قۇت بولسۇن باتۇر يىگىت، ئولتۇرغىن.

توختامىش كاتقا يېقىنراق كېلىپ، يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدىكى ئېيىق تېرىسىگە ئولتۇردى.

— ھۆرمەتلىك تاتا تۇڭا باخشىنى پاناھ تارتىپ ئىدىقۇت زېمىنىدىن كەلدىم. ئىسمىم قوچۇلۇق توختامىش بولۇر.

— كىمنىڭ ئوغلى سەن؟ نېمە سەۋەبتىن بۇياققا يالغۇز كېلىپ قالدىڭ؟

توختامىش ئۆرە قوپۇپ، كەمەرگە ئېسىلغان كۆن قاپچۇقىدىن بادرۇق باخشى يېزىپ بەرگەن ھېلىقى بىتىكنى ئالدى ۋە تاتا تۇڭاغا قوش قوللاپ سۇنۇپ بەردى.

تاتا تۇڭا بىتىكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خىيالچان كۆزلىرىنى توختامىشقا قارىتىپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار ئىككىيلەن بادرۇق باخشى، قوچۇ ۋە بەشبالىق تەرەپلەردىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئۇزاق مۇڭداشتى.

— مەن ياشلىق دەۋرىمدە بەشبالىقتىكى چوڭ ۋىخارادا بادرۇق باخشى بىلەن بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغان، — دېدى تاتا تۇڭا، — نايمان ئېلىگە كەلگىنىمگە ئون يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بۇيان يۇرتۇمنى كۆرمىدىم. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىستانلاردىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئىدىقۇت تەۋەسىدىن چىققان بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسام ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىمەن. بېشىڭغا كۆپ چۈشۈپتۇ، ئوغلۇم. ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن. مەن تايانخان بىلەن كۆرۈشۈپ، سېنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

— تايانخان دېگەن كىم؟

— نايمان خانلىقىنىڭ خاقانى.

شۇنىڭ بىلەن، تاتاتۇڭا توختامىشقا ئايرىم كىگىز ئۆي تىكتۇرۇپ بەردى، ئۇنى نايمان ھۆكۈمدارى تايانخانغا تونۇشتۇردى ۋە ئۆزىگە ياردەمچى بىتىكچى قىلىۋالدى. توختامىش تاتا تۇڭاغا ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى. تاتا تۇڭانىڭ ئېغىر - بېسىق تەبىئىتى، ئىللىق چىرايى ۋە مېھرىبانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ ئىچكەندەك بولاتتى. ئۇ تاتا تۇڭانىڭ تارلان ئىسىملىك ياش بىر شارگىرتى بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ يىگىت ئۇستازى تاتا تۇڭاغا ياردەملىشىپ بىتىكچىلىك ۋە تىلماچلىق قىلاتتى. لېكىن، تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئىسىملىك قامەتلىك يىگىت نېمە ئۈچۈندۇ توختامىشنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى، ئادەتتىكى

چاغلاردا ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى، گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە توك تېگەتتى، توختامىشنىمۇ، ھەتتا تاتاتۇڭانىمۇ كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى.

تارلان كۆڭۈلچەك ۋە سادىق دوست بولۇپ چىقتى. ئۇ توختامىشقا نايمانلارنىڭ تىل - شېۋىلىرىنى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگەتتى. توختامىش ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بەزىدە ئۇلار مەي ئىچىشىپ، ئۇزاق كېچىلەردە مۇڭدىشىپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق مەي ئىچىشىپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توختامىش تارلاندىن تاتا تۇڭا، تايانخان ۋە خانزادە كۈچلۈك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى.

— تاتا تۇڭا ئەسلىي بەشبالىق شەھرىدىن چىققان، — دېدى تارلان، — ئۇ ھازىر نايمان خانلىقىنىڭ تامغىسىنى تۇتۇپ، خانىنىڭ بۇيرۇق - يارلىقلىرىنى يازىدۇ. ئۇ يەنە ئىقتىساد ئىشلىرىدىكى كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى تۇتىدۇ. بارلىق ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرىدۇ.

— دېمەك، تاتا تۇڭا تايانخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىكەن - دە؟ — سورىدى توختامىش.

— شۇنداق، — دېدى تارلان، — تايانخان تاتا تۇڭانى ئىقتىدارلىق باخشى دەپ قەدىرلەيدۇ، خانلىقنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايدۇ.

— تايانخان، ھەقىقەتەن، دىلكەش خان ئىكەن، — دېدى توختامىش، — ئۇ ماڭىمۇ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ...

توختامىشنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، كىگىز ئۆينىڭ سىرتىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلاندى.

— ئۆيۈڭگە مېھمان كەلدى بولغاي، — دېدى تارلان.

دەرۋەقە، كىگىز ئۆي ئىشىكىنىڭ يوپۇقى قايرىلىپ، ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇچىسىغا گۈللۈك

تاۋار تاشلىق قۇندۇز جۇۋا، باشلىرىغا مەخمەل بىلەن قاپلانغان بۆلىغۇن تۇماق كىيىشكەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توختامىش بىلەن تارلان دەرھال قوپۇپ مېھمانلارغا سالام بەردى.

— قۇت بولسۇن، داستىخانغا مەرھەمەت قىلغايسىلەر، — دېدى توختامىش قول ئىشارىسى بىلەن گۆش ۋە مەي قويۇلغان شىرەنى كۆرسىتىپ.

— قۇت بولسۇن ئۇلۇغلىرىم، — دېدى تارلان ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تۇرغىنىچە.

ئىككى مېھمان تەكەللۇپسىز كېلىپ، كىگىز ئۈستىدە قويۇلغان قوي تېرىلىرىگە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز بويلۇق كېلىشكەن يىگىت تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئىدى. توختامىش ئۇنى تونۇيتتى. لېكىن، بويى پاكارراق، دىقماق كەلگەن ياپما قاپاق مېھماننى ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. كۈچلۈك ئۆزىنىڭ بۇ ھەمراھىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تونۇشتۇردى:

— بۇ مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم، موڭغۇللارنىڭ ئاتاقلىق سەردارى جامۇقا بولىدۇ.

توختامىش سەل ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تارلانغا «لەپپىدە» قاراپ قويدى. ئۇ، بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى.

— شۇنداق، بۇ زات مۆھتىرەم جامۇقا بولىدۇ، — دېدى تارلان تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتىپ.

— ئۇلۇغلىرىمنىڭ خىزمىتىدە بولاي، — دېدى توختامىش سىپايىلىك بىلەن قول قوشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇ چۆچەكلەرگە ئۇرۇقتىن مەي قۇيدى.

مېھمانلار توغرالغان گۆشكە ئېغىز تېگىپ، مەي قۇيۇلغان چۆچەكلەرنى قوللىرىغا ئالدى.

— قىش كىرىپ قالدى، كۈن سوۋۇپ كەتتى. بۇنداق كۈنلەردە مەيگە يېتىدىغان ئىچىملىك يوق، — دېدى كۈچلۈك ۋە قولىدىكى چۆچەكنى بىر كۆتۈرۈپلا بوشاتتى.

ھەممەيلەن يەنە ئىككى چۆچەكتىن ئىچىشتى. كۈچلۈك ھۈزۈرلانغان ھالدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، بارماقلىرى بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تولغىدى.

— ماڭا قارا توختامىش، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ قوچۇدىن مىنىپ كەلگەن ئېتىڭ قالتىس ئارغىماق ئىكەن.

باياتىن بېرى گەپ قىلماستىن، مەي ئىچىپ، گۆش يەپ ئولتۇرغان جامۇقامۇ ئەمدى باشقىچە جانلانغان ھالدا خىتاب قىلدى:

— توغرا، ھەقىقىي قارا تۇلپار ئىكەن! چاپتۇرساڭ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

توختامىش ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنچىقماي كۈلۈمسىرەپ، ئىككى مېھمانغا نۆۋەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

— بىز سېنىڭ ئاشۇ قارا ئېتىڭنى دەپ كەلدۇق، — دېدى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلارغا خاس قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن.

توختامىشنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى غايىب بولدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، بۇ نايمان خانزادىسىنىڭ تەكەببۇرانە چىرايىغا قاراپ قالدى.

— مېنىڭ ئېتىمنى؟

— شۇنداق، سېنىڭ ئېتىڭنى دەپ كەلدۇق. دوستۇم جامۇقانىڭ سېنىڭ ئېتىڭغا كۆزى چۈشۈپتۇ. مۇشۇ قارا ئېتىڭنى ماڭا بەرسەڭ، دەيدۇ.

توختامىش ھودۇقۇپ قالدى. بۇ قارا تۇلپارنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ ئۆزى يىراقتا قالغان تۈركەنئاي خانىقىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ قارا ئېتىغا مىنگەندە ئىختىيارسىز تۈردە ئاشۇ ھەم ناتونۇش، ھەم ئەڭ يېقىن تونۇش بولۇپ قالغان

ئاق كۆڭۈل خانقىزنى ئەسلەپ قالاتتى ۋە ھەر ئەسلىگەندە ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى ئىللىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — كۈچلۈك ئۇنىڭغا روشەن ئىپادىلەنگەن نارازىلىق بىلەن قارىدى.

جامۇقا ئاغزىنىڭ بىر ئۇچىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئاتسىز قالمايسەن، ساڭا باشقا ئات بېرەي. ئاز كۆرسەڭ ئىككى ئات بېرەي، — دېدى ئۇ. توختامىش ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆتۈنگەن ئاھاڭدا قەلبىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى:

— مېنى نېمە قىل دېسەڭلار قىلىپ بېرەي. قانداق ئىشقا سالساڭلارمۇ جان پىدالىق بىلەن ئورۇندايمەن. لېكىن، بۇ ئاتنى سوراپ مېنى خىجىل قىلمىساڭلار. بۇ ئاتنى ماڭا باشقا بىر كىشى سوۋغا قىلغان.

ئېسىلزادە مېھمانلارنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— كىم ئۇ ساڭا ئات سوۋغا قىلغان؟ ئۇنىڭ يۈزى بىزنىڭ جامۇقادىنمۇ چوڭمۇ؟

توختامىش نېمە دېيىشىنى ۋە قانداق قىلىشنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

— ئۇ مېنىڭ نىجاتكارىم... ئۇ ھازىر يۇرتۇم قوچۇدا قالدى. خانزادەم، مېنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز... مېنى چۈشەنسىڭىز...

خانزادە كۈچلۈكنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن يوغان ئېچىلىپ، قان تولغاندەك بولۇپ كەتتى.

— خەپ، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، — خان ئاتامنىڭ ئادىمى بولۇپ قاپسەن. بولمايدىغان بولسا، مېنىڭ ئالدىمدا قانداق گەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قوياتتىم. خورىكىڭ بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ سېنىڭ!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئورنىدىن كەسكىنلىك بىلەن تۇردى. ئەپتىدىن قار - مۇز يېغىپ تۇرغان جامۇقامۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

كۆچلۈك چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىشىك ئالدىغا بارغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، توختامىشقا مىختەك قادالدى.
— بۇگۈنكى مۇشۇ ئەدەپسىزلىكىڭ ئۈچۈن هامان بىر كۈنى پۇشايمان يەپ قالىسەن!
نايمان خانزادە بىلەن موڭغۇل سەردار چىقىپ كەتتى.
— چاتاق بولدى، — دېدى تارلان خاتىرجەمسىزلەنگەن هالدا توختامىشقا قاراپ، — بەك چاتاق بولدى. خانزادە كۆچلۈكنىڭ تەلپىنى رەت قىلمىساڭ بولاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئوسالراق… ئاتىسىغا ئوخشاشمايدۇ.
توختامىش مۇڭلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.
— ئـامـىتابا، بۇ يەردىمۇ كۈن ئېلىشىم تەس بولىدىغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى ئۇ.

※ ※

توختامىشنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئۇ خۇددى مۇهىم بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك دىلىغۇل بولۇپ، پات ـ پات ئۇھ تارتىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىكار بولۇپ قالغان چـاغلىرىدا ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان چەكسىز دالىغا قاراپ، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كېتەتتى.
— بـۇ يـەرگـە كـەلـمـىـسـەم بوپتىكەن، — دەيتتى ئۇ چۈشكۈنلەشكەن ئاۋازدا.
— ئۇنداق دەپ كەتمىگىن، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى يېقىن دوستى تارلان، — مانا مەنمۇ ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىن كېلىپ، بىر ئوبدان ياشاپ كېتىۋاتىمەنغۇ.
توختامىش غەمكىن هالدا بېشىنى چايقاپ قويدى.
— بـۇ يـەرگـە كۆنەلمەيدىكەنمەن، يۇرتۇمنى سېغىنىدىم، قايتىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

تارلان ئۇنى ئۆز پىكرىگە كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى:

— ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىسەن. يۇرتۇڭدا بىر تالاي بالا تېرىپ قويۇپ بۇياققا كەپسەن. ئەمدى ئۇياققا قانداق بارىسەن؟ مىسىرىسلانىڭ قوچۇ، بەشبالىق تەرەپلەردە ھوقۇقى چوڭ. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا بارساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولىمامسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاپلانبەگ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى چېرىكنىمۇ ھازىر ھەممە ئادەم سەندىن كۆرىدىغانلىقى ئېنىق.

توختامىش مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى كىرىشتۈردى.

— مەن بىر كارغا كەلمەس لەقۋا ئىكەنمەن. ئۇ ساتقىن غالچىنى ھەققانىي جازاغا تارتىمەن دەپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم.

تارلان توختامىشنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى.

— ئۇنداق دېمە، بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. يېڭىلمەيدىغان باتۇر يوق.

— ئىدىقۇت خان مېنى ئۆز قوشۇنىدا ئونبېشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى، — دېدى توختامىش بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، — مەن تارخاننىڭ قوشۇنىدا ئىدىم. ئۇ ئىچى قايناپ تۇرىدىغان ۋىجدانلىق سەركەردە. قايتىپ بېرىپ شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەيمىكىن دەيمەن.

تارلان بۇ گەپكىمۇ قوشۇلمىدى.

— ئالابارسمۇ سېنى قارا قىتانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

ئىككى دوست ئېگىز ئۆسكەن شاخلىق قارىغاينىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ، ئالتاينىڭ بۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قىشلىق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ ئۇزاق پاراڭلاشتى، كۆڭۈللىرىدىكى باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئېيتمايدىغان گەپلىرىنى دېيىشتى.

— ئىدىقۇت خان ئەلنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاتلىنىپ چىقسا مۇشۇ قارا قىتان دېگەنلەرنى قوغلاپ چىقىرالماسمۇ؟ — دېدى توختامىش.

— بولمايدۇ، ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ بىرىمۇ ئىدىقۇتنى قولـلـمايدۇ. تاڭغۇتلارمۇ، قاراخانىيلارمۇ بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتسا، — دېدى تارلان.

— نايمانلارچۇ؟ نايمان خاقانى بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولماسمۇ؟

— بولمايدۇ. تايانخان گەرچە بىز بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن بولسىمۇ، قارا قىتانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە.

— شۇنداق. نايمانلار بىلەن بىزنىڭ باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىمىز قويۇق بولسىمۇ، تايانخان گۇرخاننىڭ ھەيۋىسىدىن بەك قورقىدىكەن.

— راست دەيسەن.

— مۇبادا قىتان چېرىكلىرى بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، نايمانلار مېنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— شۇنداق ئىشلارمۇ بولغان، — دېدى تارلان، — لېكىن سەن بۇ يەردە تاتا تۇڭانىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتىسەن. تايانخان كۆپ ئىشلاردا تاتا تۇڭانىڭ سۆزىنى يىرمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قوشۇلدى توختامىش، — بىراق، خانزادە مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ قالدى ـ دە.

— خانزادە دېگەن ھامان خاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، — دېدى تارلان، — بىراق، خانزادە كۇچلۇك ھازىر جامۇقا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تايانخاننى ئۇرۇش قوزغاشقا قىستاۋاتىدۇ.

— بۇ جامۇقا دېگەن زادى قانداق ئادەم؟

— جامۇقا موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى. ئۇ بۇلتۇر ئۆز ئۇلۇسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە تايانخاندىن پاناھ تىلەپ كەلگەنىدى.

— ئۇ نېمە ئۈچۈن تايانخاندىن پاناھ تىلەيدۇ؟

— ئـۇزاقـتـــن بـۇيان موڭغۇل قەبىلـلـىرى ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كەلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا تېمۇچىن ئـىـسـمـلـىـك بـىرى ھەممىسىنى يېڭىپ، بارلىق ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپتۇ. بۇ جاموقا ئەنە شۇ تېمۇچىن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تەڭ كېلەلمەي، تايانخاندىن پاناھلىق تىلەپ بـۇ يەرگە كەلگەن. ئۇ ھازىر نايمانلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ تېمۇچىننى يوقىتىش كويىدا يۈرىدۇ.

— تايانخان بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇمۇ؟

— ئۇستازىمىز تاتا تۇڭا باخشىدىن ئاڭلىشىمچە، تايانخان دەسلەپتە قوشۇلماپتىكەن. لېكىن، خانزادە كۈچلۈك جاموقانىڭ تەكلىپىگە ناھايىتى قىزىقىدىكەن.

تـوخـتامىش تارلان ئىسىملىك بۇ يېڭى دوستى بىلەن شۇ تەرىقىدە سۆھبەتلىشىپ يۈرۈپ، نايمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بارغانسېرى تولۇقراق چۈشەندى ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، نۇرغۇن ئىشلارغا بولغان كۆزقاراشلىرى يېڭىلاندى. ھالبۇكى، ئـۇ قـانچە ئويلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە ئۈمىد بېغىشلىغۇدەك چىقىش يولىنى كۆرەلمەستىن، يەنىلا مەيۈسلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆز يۇرتىغا يەنە قاچان قايتار؟ ئۇ، ئاتا ئۆيىنى بـادرۇق بـاخشىغا تاپشۇرۇپ، مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى يەنە شۇ ئاتا ئۆيىدە تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاسايىشلىق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ تۇركەنئاي... ئۇ قىز ھازىر نېمە قـىـلـىۋاتقاندۇ؟ قاپلانبەگچۇ؟ توۋا، ئىنسانلار دۇنياسى نېمانچە مۇرەككەپ، نېمانچە سىرلىق؟ مىسىرىسلادەك تەبىئەتتى پەس بىر غالچىنىڭ ئوغلى مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ توۋا! دېمەك، تەقدىرىمىزدىن ئانچە ئۈمىدسىزلىنىپ كـەتـمـىـسـەمـۇ بولغۇدەك. بىزدە چىن ئىنسانلار يەنىلا ئاز ئەمەسكەن. مەن دۇنيانى، ئادەملەرنى تېخى يېتەرلىك چۈشىنىپ كېتەلمەپتىمەن ـ دە.

شۇ تەرىقىدە توختامىش بەزىدە غېرىبسىنىپ كۆڭلى يېرىم بولسا، بەزىدە گوياكى تۇمانلار ئىچىدىن يورۇق نۇقتىلارنى كۆرۈپ روھلىناتتى. ئۇنىڭ تاتا تۇڭاغا بولغان ھۆرمىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. بۇ مويسىپىت ئالىم قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى ۋە مەزمۇنلۇق باياناتلىرى بىلەن توختامىشنىمۇ، نايمانلارنىمۇ قايىل قىلاتتى. ئاق ساقاللىق تايانخانىمۇ كۆڭۈلچەك خاقان ئىدى. توختامىش ئۇنىڭغىمۇ ئۆزلىشىپ قالدى. پەقەت شۇ قاپىقى يامان خانزادە كۈچلۈكتىنلا ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. جامۇقا ئۆزىنىڭ موڭغۇللىرى بىلەن بىر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىشلاقتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، توختامىشقا كۆپ ئۇچراشمايتتى.

※ ※

قار - مۇزلار ئېرىپ ئەتىياز كەلگەندە نايمان ئوردىسىدا جېدەل - غوۋغا كۆتۈرۈلدى. خان جەمەتىنىڭ نوپۇزلۇق ئاقساقاللىرى تايانخاننىڭ كەڭرى ئاق كىگىز ئۆيىگە يىغىلىپ، بەس - مۇنازىرىگە چۈشتى. ئاقساقاللارنىڭ كۆپچىلىكى خانزادە كۈچلۈكنىڭ تېمۇچىنغا ھۇجۇم قىلىپ، موڭغۇل ئۇلۇسلىرىنى بويسۇندۇرۇش تەشەببۇسىنى قوللايتتى. تايانخان بولسا، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرىنى دەلىللەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى:

— ئەي دانىشمەن ئاقساقاللىرىم، باتۇر سانغۇنلىرىم، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — ئېيتقىنىڭلار دۇرۇس، كۆكتە ئىككى قۇياش، ئىككى ئاي بولسا بولمايدۇ. يەردىمۇ ئىككى خاقان بىللە تۇرسا بولمايدۇ. تېمۇچىن ھازىر خانلىق دەۋاسىنى قىلىپ قۇتراۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ قۇترىغان چۆل قاپلىنىغا يېڭىلمەسلىك بىلەن چېقىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇق قىلىقلىرىدىن زەررە

تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى تېخىمۇ پىششىق ئىگىلەپ كۆرۈشىمىز كېرەك. تېمۇچىن ئۆز دۈشمەنلىرىنى قىلىچ ۋە ئوقىنىڭ كۈچى بىلەن يوقلۇق دۇنياسىغا راۋان قىلدى. موڭغۇللارنىڭ بارلىق ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا بېقىندى. هازىر ئۇنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى ۋە سانغۇن - چېرىكلىرى ناھايىتى كۆپ.

قېنى قىزىپ تۇرغان خانزادە كۈچلۈك تاقەت قىلالماي لوقما سالدى:

— موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى بىزنىڭ جامۇقا بىلەن بىزگە قوشۇلغان تۇرسا، تېمۇچىننىڭ قول ئاستىدا نەدىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ ئادەم بولسۇن!

تايانخان يەنە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى:

— ئىلگىرى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قۇدرەتلىك هۆكۈمدار كەرەيلەرنىڭ خاقانى توغرۇل ۋاڭ خان ئىدى. ئۇمۇ تېمۇچىننىڭ زەربىسى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ تۈگەشتى. مەركىتلەرمۇ هازىر تاغمۇتاغ، چۆلمۇچۆل قېچىپ، پىتىراپ يۈرۈشىدۇ. ئەمدى ئورخۇن[1]، سېلېنگا[2]، تۇغلا[3] ئەتراپلىرىدا تېمۇچىنگە كۆز ئالايتىدىغان باتۇر قالمىدى.

تايانخاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆچتەك ئاقارغان، قۇندۇز جۇۋا، سۆسەر تۇماق كىيگەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر تۆرە غەزەپتىن بوغۇلۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەي هۆرمەتلىك خاقان! سەن بىزنىڭ خوجىمىز هەم يولباشچىمىز. ئۇ تېمۇچىن دېگەن پەس موڭغۇلدىن نېمانچە قورقۇپ كېتىسەن؟ سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ. سەن ئەلنىڭ بېشى. شۇڭا، دادىل، جاسارەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك! سەن شەۋكەتلىك، داڭدار ئاتاڭغا ئوخشاشماي

---

① ئورخۇن —، ② سېلېنگا —، ③ تۇغلا — موڭغۇلىيىدىكى ئۈچ چوڭ دەريانىڭ ناملىرى.

قىلىۋاتىسەن. ئىلگىرى مەرھۇم ئاتاڭ ئىنانچ بىلگە خان دائىم: «خوتۇنۇم تېخى ياش، مەن قېرىپ قالدىم. بۇ تاياننى دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، تەڭرىدىن تىلىۋالغانىدىم. لېكىن، قېرىغاندا تاپقان بۇ ئوغلۇم بولۇمسىز بىرنېمە بولۇپ قالدى. مەندىن كېيىن بۇ ئۇلۇسنى باشقۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟» دەيدىغان. توۋا، مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى! مۇشۇ كۈنلەردە ئىتلارمۇ غەلىتە ھۇۋلايدىغان بولۇپ قالدى، ئوغلى ئاتىسىنى دورىمايدىغان زامان بولۇپ قالدى. ئەي مۆھتىرەم خاقانىم، سەن قارچىغا قويۇپ بېرىپ ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىكەنسەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تايانخاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. بۇ ئاچچىق كىنايىلىك سۆزلەرنى ئايىماستىن تۆكۈۋەتكەن ئاقساقال خان جەمەتى ئىچىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق پېشقەدەم تۆرىلەردىن بىرى ئىدى. تايانخان كىچىكىدىنلا ئۇنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ئىززەتلەپ كەلگەن. خان جەمەتىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بۇ ئاقساقال تۆرىنىڭ ئالدىدىن ئۇدۇل ئۆتمەيتتى. بۇ قېتىممۇ كېڭەشكە ئىشتىراك قىلغان مۆتىۋەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مايىللىقىنى ئىپادىلەپ ئولتۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ، تايانخاننىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانىسى گۇربەسۇ خان ئوغلىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

— مۆتىۋەر ئاقساقاللىرىمىزنىڭ دانا پىكىرلىرىگە قۇلاق سالغىن ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — تېمۇچىن دېگەن بەتبەخت كېرەيلەرنىڭ قۇدرەتلىك خاقانى توغرۇل ۋاڭ خاننى ئۆلۈمگە مەجبۇرلىدى. ھازىر كېرەيلەر، مەركىتلەر، تاتارلار ۋە باشقا ئۇرۇق تائىپىلەر ئاشۇ تېمۇچىننىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. ئۇ بىزگە ھۇجۇم قىلماي قالارمۇ؟ شۇڭا، ئۇ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكۈچە ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىز قول سېلىپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك.

خانزادە كۈچلۈك دەرھال مومىسىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز

قوشتى:

— تېمۇچىن بىز ئۇچۇن يوشۇرۇن خەۋپ، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئات - يىلقا، قىلىچ - ساداقلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى.

ئاخىر تايانخانمۇ دەسلەپكى ئېھتىياتچانلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ ئۇزاق تالاش - تارتىشتىن كېيىن بىر قارارغا كېلىپ، — كۈنچىقىش تەرەپتىكى موڭغۇللار تېمۇچىننىڭ باشچىلىقىدا شۇنچىلىك قۇتراپ كەتكەن بولسا، بىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويايلى. ئۇلار ئوق - ساداقلىرى بىلەن ھەيۋە قىلىپ پېشقەدەم ۋاڭ خاننى ئۆلۈمگە مەجبۇرلاپتۇ. تېمۇچىن ھەرقاچان خان بولۇش كويىدا يۈرىدىغاندۇ. ئويلاپ باقسام، ئاقساقاللار توغرا ئېيتىدۇ، كۆكتىكى كۈنمۇ يالغۇز، ئايمۇ يالغۇز، يەر يۈزىدە قانداقسىگە ئىككى خان بولسۇن؟ ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغمايدۇ. بىز بېرىپ، ئۇ موڭغۇللارنى بېقىندۇرۇپ كېلەيلى!

خان ئانا گۇربەسۇ خان ئوغلىنىڭ غەيرەتكە كېلىپ، مۇشۇنداق كەسكىن قارار چىقارغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇلارنى بېقىندۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە يېقىن يولاتماڭلار، — دېدى ئۇ قېرىلىقىغا ماس كەلمەيدىغان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، — ئۇلارنى بۇ يەردە نېمە قىلىمىز؟ تاپ پۇرايدىغان ئەسكى چاپان سېسىق موڭغۇللار كۆزىمىزدىن قانچە يىراق تۇرسا شۇنچە ياخشى. ئەگەر چىرايلىق قىز - چوكانلىرى بولسا ئەكېلىڭلار. ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىتىپ، كالا - قويلىرىمىزنى ساغدۇرايلى.

خانزادە كۈچلۈك خۇشال بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— دوستۇم جامۇقاغا بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزەي، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ موڭغۇللىرى بىزگە قوشۇلۇپ، كۈن چىقىشتىكى

شۇ مۇڭغۇللارنى باستۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. جامۇقا مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇۋاتىدۇ.

— يۇرۇش قىلىش ۋاقتىنى ئايرىم بېكىتەيلى، — دېدى تايانخان.

كېڭەش ئاياغلاشتى، كۆپچىلىك تارقالدى.

يەتتىنچى باب

# توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق

مىلادىيە 1204 - يىلى ئەتىياز.

ئالتاينىڭ تاغ ۋە يايلاقلىرى يېشىللىققا پۈركىنىشكە باشلىدى. جىلغىلاردا سۈزۈك سۇلار تاشتىن تاشقا سەكرەپ، شوخ ئويناقلاپ ئاقماقتا ئىدى. تىنىق ئاسماندا ماموقتەك ئاپئاق بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئورمانلاردىن تۈرلۈك ئۇچار قۇشلارنىڭ بەس - بەستە سايرىغان سادالىرى كېلىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت ئاشۇ قۇشلار ساداسىغا تولغان ئاق قېيىن ئورمانلىقىدىن ئىككى چەۋەنداز ئاتلىرىنى شوخ يورغىلىتىپ چىقىپ كەلدى. سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىدە ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان توختامىش ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ئايھاي! تارلان! بۇياققا كېلىڭلار!

چەۋەندازلارمۇ ئۇنى كۆردى ۋە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى تارلان، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئايالى ئايسۇلۇ ئىدى. ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى مەلۇم قىلىشقا ئۇلگۇرمىدۇقكى، ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى سۇلمى① شەھىرىدىن مۇساپىر بولۇپ چىقىپ قالغان تارلان ئالتاي يايلاقلىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئىككى مەگزى قىپقىزىل ئالمىدەك ئاشۇ ئايسۇلۇ ئىسىملىك پوندىلەك

① سۇلمى — ھازىرقى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان قەدىمكى شەھەر.

قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇستازى تاتا تۇڭانىڭ ئەلچى بولۇپ ئارىدا يول مېڭىشى بىلەن يىگىت - قىز ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى يەر - زېمىننى ئاق قار، كۆك مۇز قاپلىغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە توي قىلغانىدى. تارلان شۇندىن بېرى قېيناتا - قېينانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، مانا ئەمدى ئاشۇ مېھرى ئوتلۇق ئايالىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى.

تارلان ئاتتىن چۈشۈپ، توختامىش بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. يېڭى كېلىنمۇ ئاتتىن چۈشتى ۋە تارتىنىپقىنە كۈلۈمسىرىگەن هالدا توختامىشقا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— قۇت بولسۇن، قۇت بولسۇن، — دەيتتى توختامىش ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسىگە خۇشال - خۇراملىق بىلەن كۈلۈپ قاراپ.

— ئەمدى ئۇستازىمىزغا سالام بېرىشكە بارايلى، — دېدى تارلان.

ئۇستاز تاتا تۇڭا ئۇچەيلەننى ئۆزىنىڭ كىگىز ئۆيىدە قىزغىن قۇتلۇقلىدى. ئۇلار گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ، بىر ۋاخ تاماقتا بىرگە بولدى.

— ئوردا ئىچىدە قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سورىدى تارلان ئۇستازىدىن.

تاتا تۇڭا ئىككى شاگىرتىغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ، كىچىككىنە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزلىدى:

— كۆز ئالدىمىزدىكى ئەهۋال جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. چوڭ بوران - چاپقۇننىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ. تايانخان كۈن چىقىشتىكى موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلدى.

— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان جامۇقامۇ كۈن چىقىشتىن كەلگەن موڭغۇلغۇ، — دېدى توختامىش.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى تاتا تۇڭا، — شۇ جامۇقا ئۇزاقتىن بۇيان تايانخاننى كۇن چىقىشقا يۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. ئاخىر شۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولۇۋاتىدۇ.

— جامۇقا نېمە ئۇچۇن ئۇنداق قىلىدۇ؟

تاتا تۇڭا ئىككى شاگىرتىغا كۆڭۈل قويۇپ چۈشەندۇردى:

— كۇن چىقىشتا تېمۇچىن دېگەن بىر باتۇر موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۇرۇپتۇ. جامۇقا ئىلگىرى شۇ تېمۇچىن بىلەن يېقىن دوست ئىدى. كېيىن ئۇ تېمۇچىن بىلەن دۇشمەنلىشىپ قاپتۇ.

— نېمە ئۇچۇن؟ — دەپ سورىدى تارلان.

— كىم بىلسۇن، يايلاقتىكى ئۇستۇنلۇك تالىشىش ماجىرالىرىدا بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەلكىم جامۇقا تېمۇچىننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغاندۇ.

— شۇندىن كېيىن قانداق بوپتۇ؟ — سورىدى توختامىش.

— جامۇقا تېمۇچىننى يوقىتىش قەستىدە توغرۇل ۋاڭ خان بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپتۇ.

— توغرۇل ۋاڭ خان دېگەن كىم؟

— ئۇ كەرەي قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئىدى. ئەسلىدە تېمۇچىننىڭ مەرھۇم ئاتىسى يەسۇكەي باتۇر ئاشۇ ۋاڭ خان بىلەن يېقىن دوست بولغانىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېمۇچىنمۇ ئۇنى ئاتا ئورنىدا كۆرۇپ، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىكەن. ۋاڭ خانمۇ تېمۇچىن بىلەن جامۇقانى ئۆز ئوغۇللىرىدەك كۆرۇپ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتكەنىكەن.

— كېيىن ئۇلار ئارازلىشىپ قاپتۇمۇ؟

— كېيىن ۋاڭ خانمۇ تېمۇچىننىڭ يايلاقتىكى چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىشىگە چىدىماي قاپتۇ.

— ۋاڭ خان دېگەن قانداق گەپ؟ ۋاڭ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

— «ۋاڭ» دېگەن سۆز جىن سۇلالىسى خەلقىنىڭ تىلىدا «خاقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جىن سۇلالىسى تاتارلار بىلەن ئۇزاق تىركىشىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغاندى، كېيىن جىن سۇلالىسىنىڭ خاقانى بىر ۋەزىرنى كەرەيلەر ئېلىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جىن سۇلالىسى بىلەن كەرەيلەر تاتارلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. تېمۇچىنىنىڭ ئاتىسىنى تاتارلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، تېمۇچىنمۇ تاتارلاردىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇمۇ ۋاڭ خاننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تاتارلارغا قارشى بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى. ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئاخىر تاتارلار تارمار بولدى. جىن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بۇ غەلىبىدىن خۇشال بولۇپ، كەرەيلەرنىڭ توغرۇل خانىغا «ۋاڭ» دېگەن يۇقىرى مەرتىۋە نامىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋاڭ خان دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

— شۇنىڭدىن كېيىن جامۇقا بىلەن ۋاڭ خان بىرلىشىپ تېمۇچىنگە ھۇجۇم قوزغاپتىمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇپتۇ؟

— تېمۇچىن غەلىبە قازىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، جامۇقا ئالتايغا قېچىپ كەلدى.

— ۋاڭ خانچۇ؟

— ئۇمۇ بۇياققا كەلگەنىكەن. يولدا چارلاپ يۈرگەن نايمان چېرىكلىرى ئۇنى تونۇماي ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ.

— دېمەك، ئەمدى جامۇقا نايمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېمۇچىندىن ئۆچ ئالماقچى ئىكەن ـ دە؟ — دەپ يەنە سورىدى توختامىش.

— شۇنداق. جامۇقا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تايانخانغا كۆپ قېتىم بۇ ھەقتە تەلەپ قويدى. تايانخاننىڭ ئەسلىي ئۇرۇش

قىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، خانزادە كۆچلۈك ۋە خان جەمەتىنىڭ مۆتىۋەرلىرى جامۇقانىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئاخىر تايانخاننى قوشۇن تارتىشقا ماقۇل كەلتۈردى.

— ئەمىسە ئۇرۇش قاچان باشلىنىدۇ؟ — سورىدى تارلان.

— تايانخان يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئېمۇچىن بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئونغۇت قەبىلىسىنىڭ خانىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر تېخى تۇنۇگۈن يولغا كەتتى. قوشۇن تارتىش ۋاقتى شۇ ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېكىتىلىدۇ.

※ ※

ئونغۇت قەبىلىسىنىڭ ماكانى سەددىچىن سېپىللىرىگە يېقىن جايلاردىكى يايلاقلاردا بولۇپ، ئالتايدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. تاغ ـ داللار يېشىللىققا پۈركىنىپ، يايلاقلار ئاۋاتلاشقان ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تايانخاننىڭ ئەلچىلىرى ئونغۇت خانى ئالاقۇشنىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئالاقۇش خان نايمان ئەلچىلىرىنى قوي سويۇپ كۈتۈۋالدى. باش ئەلچى چاسا شەكىللىك قىزىل تامغا بېسىلغان تايانخاننىڭ مەخپىي بىتىكىنى ئونغۇت خانىغا قوش قوللاپ ئۇزاتتى. ئالاقۇش خان ئۇيغۇر يېزىقىدا قارا سىياھ بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلغان بىتىكنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باققاندىن كېيىن يەنە باش ئەلچىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— بۇنداق بىتىكنى مەن ئوقۇيالمايمەن. ئۆزۈڭ ئوقۇپ بەرگىن، — دېدى ئۇ.

باش ئەلچى بىتىكنى قولىغا ئېلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە بۈيۈك خاقاننىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇ قىلىن سېرىق قەغەزنى كۆكسىگە ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، بىتىك ئىگىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ھەربىر سۆزنى دانە ـ دانە چىقىرىپ،

ئالاھىدە سەلتەنەتلىك ئاھاڭدا ئوقۇدى:

— مەنكى قۇدرەتلىك نايمان ئېلىنىڭ خاقانى ئالتايلىق تايانخان بولۇرمەن. باتۇر ئونغۇت خەلقىنىڭ شەۋكەتلىك داھىيسى بۈيۈك ئالاقۇش خانغا ئالىي ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايمەن. بىزلەر نايمانلار ۋە سىزلەر ئونغۇتلار يايلاق ـ ماكانلىرىمىز تۇتىشىپ تۇرىدىغان يېقىن قوشنىلارمىز. تاغ سۇلىرى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپلىرىمىز بولۇق بولسا سىزلەرمۇ ھەم بىزلەرمۇ يىلقا ـ پادىلىرىمىزنى بېقىپ سەمرىتىپ، باياشاتچىلىقتا كۆكلەپ ياشايمىز. ناۋادا بۇ تۇتاش يايلاقلىرىمىزنى جۇت باسىدىغان بولسا، سىزلەرمۇ ھەم بىزلەرمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالىمىز. ئەگەركى، قارنى يامان ياۋۇز دۈشمەنلەر بۇ يايلاقلارغا كۆز قىزارتىپ نىيىتىنى بۇزسا، سىزلەرمۇ ھەم بىزلەرمۇ خەۋپ ئاستىدا قالىمىز.

ھازىر كۈنچىقىش تەرەپتە بىزنىڭ بۇ يايلاقلىرىمىزغا، يىلقا ـ پادىلىرىمىزغا، ئەل ـ يۇقىرالىرىمىزغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆز تىكىۋاتقان بىر قىسىم موڭغۇللار بار دەپ ئاڭلايمەن. شۇ موڭغۇللارنىڭ ئاتامانى تېمۇچىن قەدىمى يەتكەنلا يەردىكى ھەممە قەبىلە ـ تائىپىلەرنى بېقىندۇرۇش قەستىدە بولماقتا. سىز شەۋكەتلىك ئالاقۇش خان ئوڭ قول بولۇپ ئاتلانسىڭىز، مەن مۇشۇ يەردىن سول قول بولۇپ ئاتلىنىپ، ئاشۇ موڭغۇللارنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئوق ـ ساداقلىرىنى، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى.

ئونغۇت ھۆكۈمدارى نايمان خاقانىنىڭ بۇ چاقىرىقىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خېلى ئۇزاققىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سانىۋالغۇدەك شالاڭ ساقىلىنى تومتاق بارماقلىرى بىلەن تاتىلاشتۇرۇپ، ياغاچنىڭ يېرىقىدەك قىسىق كۆزلىرىنى نايمان ئەلچىسىگە قاراتتى.

— مەن ئاقساقال تۆرىلىرىم بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن تايانخانغا ئەلچى ئەۋەتىمەن، — دېدى ئۇ.

ھالبۇكى، نايمان ئەلچىلەر ئالتايغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئالاقۇش ئۆز ئەلچىلىرىنى تايانخانغا ئەمەس، بەلكى تېمۇچىنگە ئەۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە تېمۇچىن ئۆزىنىڭ نويان①ۋە چېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە دالىلاردا ئات چاپتۇرۇپ، كۆندۈرۈلگەن بۈركۈت ۋە قارچىغىلارنى قويۇپ بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتى. ئونغۇت ئەلچىلىرى ئۇنى ئىزدەپ ئەنە شۇ ئوۋ بولۇۋاتقان دالىغا باردى.

تېمۇچىن ئوتلاقتا سېلىنغان ئاق كىگىزدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى. ئالاقۇشنىڭ باش ئەلچىسى تاتار، مەركىت، كەرەيدەك كۈچلۈك قەبىلىلەرنى يېڭىپ ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - تائىپىلەرنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا بىرلەشتۇرۇپ داڭق چىقارغان بۇ موڭغۇل ھۆكۈمدارىنىڭ قاۋۇل بەستى ۋە سۈرلۈك چىرايىغا قاراپ ھودۇقۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى:

— نايمانلارنىڭ تايانخانى سىلەرنى تالان - تاراج قىلماقچى بولۇپ، بىزنىڭ خوجىمىز ئالاقۇش خاقانىنى ئوڭ قول بولۇپ بېرىشكە ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، بىزنىڭ خوجىمىز ئۇنىمىدى ھەمدە سىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بىزلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. نايمانلاردىن پەخەس بولغايسىلەر.

تېمۇچىن ئونغۇت ئەلچىلىرىگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارنى جەرەن، بۆكەن گۆشلىرى ۋە مەي - شاراب بىلەن مېھمان قىلدى. ئەلچىلەر ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ئارام ئېلىپ، مېھمان بولۇپ قايتقاندىن كېيىن تېمۇچىن ئۆزىنىڭ نويانلىرىنى يىغىپ، نايمانلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. بىر

① نويان — موڭغۇللاردىكى يۇقىرى مەرتىۋە نامى.

قىسىم نويانلار بېشى قېتىپ ئارىسالدى بولدى.
— هازىر تېخى ئەتىياز پەسلى ئۆتۈپ كەتمىدى. ئاتلىرىمىز ئورۇق، يۈرۈش قىلساق قېينىلىپ قالارمىزمۇ، — دېيىشتى ئۇلار.
يەنە بىر قىسىم نويانلارنىڭ قېنى قىزىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى.
— ئاتلىرىمىز ئورۇق دەپ قاراپ ئولتۇرمايلى! ياخشى بېقىلغان سېمىز ئاتلىرىمىزمۇ بار. مۇشۇنداق خەۋەر كەلسە يەنە قول قوشتۇرۇپ تۇرىمىزمۇ! — دېيىشتى ئۇلار.
تېمۇچىننىڭ ئىنىسى بەلگۈتەي ھەممىدىن بەكرەك قايناپ سۆزلەپ كەتتى:
— نايمانلار بىزنىڭ ئوق - ساداقلىرىمىزنى بۇلىماقچى بولۇشۇپتۇ. تىرىك تۇرۇپ ئوق - ساداقلىرىمىزنى تارتقۇزۇپ قويساق يەنە ياشاپ نېمە قىلىمىز؟ ئاتىمىز ئوغۇل دەپ تاپقاندىكىن ئۆلسەكمۇ قىلىچ - نەيزىلىرىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، ئوق - ساداقلىرىمىز بىلەن بىللە ياتقىنىمىز ئەۋزەل. نايمانلار، «ئېلىمىز چوڭ، ئادەملىرىمىز كۆپ» دەپ بىزگە ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا پۇرسەت بەرمەي، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قول سېلىپ ھۇجۇم قىلايلى. دەرھال ئاتلىنايلى! ئۇلارنىڭ ئۇيۇر-ئۇيۇر يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېلەيلى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئوردىلىرىنى تارتىۋالايلى، ئۇلارنىڭ تاغلارغا قېچىپ كەتكەن ئادەملىرىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆزىمىزگە ئەل قىلايلى. ئۇلار ھەيۋە قىلغانىكەن، يەنە نېمىنى ساقلاپ تۇرىمىز؟ تېزدىن ھۇجۇمغا ئۆتەيلى!
كۆپچىلىك بەلگۈتەينىڭ بۇ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. تېمۇچىن نايمانلارغا ئالدىن قول سېلىپ، ئۇرۇش باشلاشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئوۋدىن قايتتى. تېمۇچىن قالقا دەرياسىنىڭ بويىدىكى كەلتەگەي قادا دېگەن يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئادەملىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ، قوشۇنىنى تەرتىپكە

سىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. شامانلار قوينىڭ تارغاق سۆڭىكىدە پال سېلىپ①، چاشقان يىلى باش يازنىڭ 16 ـ كۈنىنى② «قۇتلۇق كۈن» دەپ تاللاشتى. شۇ كۈنى سەھەردە ئات ۋە تۆگىلەر بوغۇزلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقىغا ئاتاپ نەزىر بېرىلدى. قوتاز تېرىسىدە ياسالغان يوغان دۇمباقلار ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىدى.

تېمۇچىن تەنھا ئۆزى ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان نۇرلۇق قۇياشقا نەزەر تاشلىدى. ئاجايىپ دولقۇنلۇق، سىرلىق تەسىرات ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. تېمۇچىن ھازىر موڭغۇللارنىڭ زور قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئالتاي تاغلىرىنى ماكان قىلغان قۇدرەتلىك بىر تائىپە بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ جەڭنىڭ نەتىجىسى قانداق بولار؟ نايمانلار يېرى كەڭ، ئادىمى كۆپ، مەدەنىيەتلىك ئەل. ئۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى موڭغۇللارنى «سېسىق ياۋايىلار» دەپ مەنسىتمەيدۇ. «مانا مەن موڭغۇللارنىڭ قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تونۇتۇپ قويىمەن» دېدى تېمۇچىن ئۆز ئىچىدە.

بىراق، موڭغۇللارنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. كۈنچىقىش تەرەپتە ھەشەمەتلىك جۇڭدۇ③ شەھىرىنى ئاستانا قىلغان قۇدرەتلىك جىن سۇلالىسى موڭغۇل قەبىلىلىرىگە خىرىس قىلماقتا. ئىدىقۇت ۋە نايمان ئەللىرىدىن تارتىپ موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە چېگرىلىرىنى تۇتاشتۇرغان تاڭغۇتلار بىلەن بولغان چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇش، توقۇنۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. مانا ئەمدى نايمانلار بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىدىغان جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەندى.

تېمۇچىننىڭ تاڭ قۇياشىغا يۈزلەنگەن قاۋۇل بەستى تاغ

① موڭغۇللار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.
② مىلادىيە 1204 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.
③ جۇڭدۇ — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى.

چوققىسىدا خۇددى يېگانە قارىغايدەك مىدىر - سىدىر قىلماي تىك تۇراتتى. ئىزغىرىن تاغ شامىلى ئۇنىڭ شالاڭ ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى يەلپۈتەتتى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى گوياكى قۇياشنىڭ نېرىسىدىكى ئاللىقانداق غايىۋى مەنزىللەرنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

تاغ ئېتىكىدە سەپ تارتىپ قاتار - قاتار تىزىلغان موڭغۇل قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ تاغ چوققىسىدا تۇرغان يولباشچىسىغا چوڭقۇر سۆكۈنات ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. مانا، تېمۇچىن تىزلىرىغىچە چۈشىدىغان تونى ئۈستىدىن باغلانغان تاسما بەلۋېغىنى بېشىپ بويىنىغا سالدى، ئاق مالخىيىنى قولىغا ئېلىپ، تاقىر بېشىنى يالىڭاچلىدى. ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇپۇقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قىزىل قۇياشقا كەينى - كەينىدىن توققۇز قېتىم سەجدە قىلدى.

— مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ تىزلانغىنىچە كۆككە كۆز تىكىپ، — سەن بىزنى ياراتتىڭ، سەن ھەممىگە قادىر! سېنىڭ قوللىشىڭ ۋە مەدەت بېرىشىڭ بىلەن مەن ئۇرۇق - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋۇز دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. ئاتام يەسۈكەي باتۇرنى تاتارلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنىدى. مەن جىن سۇلالىسى ۋە كەرەيلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاتارلارنىڭ كاتتىلىرىنى يوقاتتىم، پۇقرالىرىنى ئۆزۈمگە ئەل قىلىپ قوشۇۋالدىم. كېيىن تەقدىرنىڭ ئۆزگىرىشچان شاماللىرى مېنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. كەرەيلەرنىڭ توغرۇل ۋاڭ خانى مەرھۇم ئاتامنىڭ قول بېرىشكەن دوستى ئىدى. جامۇقا باتۇر مېنىڭ باللىق دەۋرىمدە قول بېرىشكەن ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ماڭا دۈشمەن بولدى. ئۇلار گۇمان ۋە ھەسەتنىڭ قامچىلىشى بىلەن مېنى يوقاتماقچى بولۇپ قوشۇن تارتىپ چىقىشتى. ئەي مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى! سېنىڭ

قۇدرىتىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى مەغلۇپ قىلدىم. توغرۇل ۋاڭ خان مەندىن قېچىپ ئالتايغا بارغانىدى، نايمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جامۇقامۇ ئالتايغا قېچىپ بېرىپ، نايمانلار بىلەن بىرلەشتى. ئۇ ئەمدى نايمانلارنىڭ تايانچىنى كۈشكۈرتۇپ، يەنە مەن بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەي مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى! ماڭا مەدەت بەرگىن، توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقىمغا غەلىبە ئاتا قىلغىن! كۆك ئاسمان، قوڭۇر يەرنى ماڭا ياردەمگە سالغىن! ياخشى - يامان روھلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەنلىرىمنى تېز يوكىتۇرۇشكە ئەۋەتكىن! ئەي مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى!

تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش پائالىيىتى تاماملانغاندىن كېيىن تېمۇچىن ئورنىدىن تۇرۇپ مالىخىيىنى قايتا بېشىغا كىيدى، بەلۋېغىنى بېلىگە چىڭ تارتىپ باغلىدى ۋە دادىل قەدەم تاشلاپ تاغدىن چۈشتى - دە، يۈرۈشكە تەييار ھالەتتە تۇرغان قوشۇن سېپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گەۋدىلىك ئاق بوز ئېتىغا مىندى. بايراقدار يىگىت توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراقنى ئېگىز كۆتۈردى. قوتاز تېرىسىدىن ياسالغان دۇمباقلار ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى. تېمۇچىن باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى كۈنپېتىش تەرەپكە ئاتلاندى.

نايمان چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە تېمۇچىن بىر تۈركۈم چارلىغۇچىلارنى ئايرىپ، ئۇلارغا كونا ئېگەرلىك ئورۇق ئاتلارنى بەردى ۋە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. چارلىغۇچىلار بىر تاغقا چىققاندا نايمانلارنىڭ قاراۋۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرلىرىگە ئوقيالاردىن ئوق ئۈزۈشتى. شۇندىن كېيىن موڭغۇل چارلىغۇچىلار كونا ئېگەرلىك ئورۇق ئىككى ئاتنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ تېز چېكىنىپ كەتتى. نايمانلارنىڭ قاراۋۇللىرى موڭغۇللار قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئورۇق ئاتلارنى تۇتۇپ ئەكەتتى.

تايانخان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاق كىگىز ئۆيىدىن چىقىپ، ھېلىقى موڭغۇل ئاتلىرىنى كۆردى.
— ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بەك ئورۇق ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ.
— ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ بەك كونا ئىكەن، — دەپ سۆز قاتتى شۇ يەردە تۇرغان ئاقساقاللاردىن بىرى.
تايانخان بۇ ئاتلارنىڭ چۆرىسىدىن ئايلىنىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يېنىدا تۇرغان بىر سەركەردىدىن سورىدى:
— موڭغۇللار قىستاپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ باقساق يېڭىشكە ھۆددە قىلغىلى بولامدۇ؟
— تېمۇچىن مۇشۇنداق ئاۋاق ئاتلار بىلەن كەلگەن بولسا قانداقمۇ ئۇرۇش قىلالىسۇن. بىزنىڭ يېڭىشىمىزدە گەپ يوق، — دېدى سەركەردە.
تايانخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— ئۇنداق بولسا، جەڭگە تەييارلىق قىلايلى، — دېدى ئۇ.

※ ※

موڭغۇل سەركەردىلىرى تېمۇچىننىڭ بارگاھىدا باش قوشۇپ، نايمانلار بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.
— بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ چارچاپ كەتتۇق، — دېدى سەركەردىلەردىن بىرى، — شۇڭا، بىز مۇشۇ يەردە جەڭچىلىرىمىزنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئارام ئالدۇرايلى، ئاتلىرىمىزنىمۇ تويغۇزۇۋالايلى. ئادەملىرىمىزنىڭ ھەربىرى بەش يەرگە كېچىلەپ گۈلخان ياقسۇن. نايمانلار گۈلخان ئوتلىرىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ناھايىتى كۆپ ئىكەن دەپ ئويلاپ قالسۇن. ئوت بىلەن ئۇلارنى ئالداپ قورقۇتايلى. بىز ئۇلارنى گۈلخان بىلەن

قورقۇتۇپ تۇرغۇچە ئاتلىرىمىزمۇ تويۇنۇپ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نايمانلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى غول قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغىچە قوغلاپ بارساق، ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھۇجۇمغا ئۆتسەك بولماسمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى تېمۇچىن ئىشەنچكە تولغان تەلەپپۇزدا.

شۇنداق قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ھەربىر جەڭچى بەش يەرگە گۇلخان يېقىپ، كەڭ دالىدا تارقاقلىشىپ تۇندى.

ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ، سانسىزلىغان گۇلخانلارنى كۆرگەن نايمان قاراۋۇللىرى ئەجەبلەندى.

— موڭغۇل چېرىكلىرى ئاز دېيىشكەن ئىدىغۇ؟ ياققان گۇلخانلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ تۇرامدۇ! — دېيىشتى ئۇلار ۋە تايانخانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

تايانخان تاڭ سەھەردە بۇ مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىتىكچىسى تاتا تۇڭانى ئاق كىگىز ئۆيگە چاقىرتتى.

— ئوغلۇم كۈچلۈككە بىتىك يازايلى، — دېدى خان.

— خوپ، — دېدى بىتىكچى ۋە قەغەز، قەلەم، سىياھنى تەييارلاپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

تايانخان بىتىكنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىرىماي، تەپسىلىي سۆزلىدى. تاتا تۇڭا قومۇش قەلەمنى قارا سىياھقا چىلاپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى قەغەزگە يازدى:

— ئوغلۇم كۈچلۈك، تېمۇچىن دېگەن سېسىق موڭغۇل قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كېچىدە ياققان گۇلخانلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ دەيدۇ. قارىغاندا، موڭغۇللار خېلى كۆپ ئوخشايدۇ. ھازىر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشساق قانداق بولار؟ بۇ موڭغۇل دېگەن ياۋايىلار يۈزىدىن قارا قان ئېقىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى دالىدىغا ئالمايدىغان كاج خەق. مۇشۇنداق جاھىللار بىلەن تەييارلىقسىز ئۇرۇشقاننىڭ پايدىسى بولارمۇ؟

موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى ئورۇق ئىكەن. شۇڭا، پۈتۈن ئېلىمىز بىلەن كۆچۈپ، ئۇلارنى ئىتتەك كەينىمىزدىن ئەگەشتۈرۈپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرەيلى. بىزنىڭ ئاتلىرىمىز سەمرىپ ئېسىلىپ كەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئورۇق ئاتلىرى ھېرىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا بىز كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرەيلى.

تايانخان قېرىپ ئاجىزلاپ قالغان بولغاچقا، خانلىقنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى كۈچلۈككە تايىنىپ ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. قېنى قىزىق كۈچلۈك بولسا، ئۆزىنىڭ مۇلايىم ئانىسىنى ھەمىشە بوشاڭلىقتا ئەيىبلەپ، غۇدۇراپلا يۈرەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇ، تايانخاننىڭ چاپارمىنى ئەكەلگەن بىتىكنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ تۇرغان سانغۇنلارنىڭ ئالدىدا خان ئانىسىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي، ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان كىنايىلىك سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— خان ئاتامنىڭ خوتۇن كىشىدەك قورقۇپ كېتىپ دېگەن گېپىنى قاراڭلار! موڭغۇللار كۆپ بولسا نېمە بوپتۇ؟ دوستىمىز جامۇقانىڭ موڭغۇللىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەمەسمۇ. ئۆزىنىڭ ئوردىسىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغان، ھارۋا چاقىغا باغلاقلىق موزاينىڭ ئوتلىغان يېرىگىچە بېرىپ باقمىغان بىچارە خان ئاتام قورقۇپ كېتىپ مۇشۇ بىتىكنى ئەۋەتىپتۇ - دە....

ئۇ تېمۇچىننى مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزى بىلەن تايانخانغا تاپا - تەنە قىلىپ يەنە بىرمۇنچە قايىنىدى.

چاپارمەن قايتىپ كېلىپ، تايانخانغا كۈچلۈكنىڭ گەپلىرىنى ئەينەن يەتكۈزدى. تايانخان شۈكلەپ، مىسكىنلىشىپ قالدى. ئۇ، خاقانلىقنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق كىگىز ئۆيدە ئاقساقال تۆرىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئولتۇرۇپ خىتاب قىلدى:

— ھەي باتۇر، ھاكاۋۇر كۈچلۈك! ئۇرۇش كۈنى كەلگەندىمۇ مۇشۇنداق باتۇرلۇقۇڭدىن يانمىساڭ بولدىغۇ. دۈشمەنلەر بېسىپ كېلىپ، ئۇرۇش - چېپىش باشلانسا ئۇلاردىن قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلمىغىن.

تايانخاننىڭ بۇ ھەسرەتلىك خىتابىنى ئاڭلىغان كاتتا تۆرىلەردىن بىرى خانغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ تەنە قىلدى:

— ئەي ئۇلۇغ بۇزرۇكۋارىمىز تايانخان! ئاتاڭ ئىنانچ بىلگە خان ئۆزى جەڭگە چۈشۈپ، دۈشمەنلەرگە يىگىتلىك دۈمبىسىنى، تۇلپارىنىڭ ساغرىسىنى كۆرسەتمىگەن. موڭغۇللارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا قورقۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئەسلى سېنىڭ ئورنۇڭدا ئاناڭ گۇربەسۇ ئايال بولسىمۇ قوشۇنغا ئىگىدارچىلىق قىلسا بوپتىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ قېرىپ كەتتى. ئەي بۇزرۇكۋار تايانخان! خانغا ئوخشاشماي قالدىڭ. موڭغۇللارنىڭ تەلىيى كەلدى.

ئەمدى ياۋاش تايانخاننىڭمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— بەرىبىر قىينىلىدىغان تەن، ئۆلىدىغان جانغۇ بۇ! سوقۇشساق سوقۇشايلى! — دېدى ئۇ زەردى بىلەن ۋارقىراپ.

تاغ - ئورمانلار لەرزىگە كەلدى. نايمان قوشۇنى يۈرۈشكە ئاتلاندى. تايانخان «پۈتۈن ئۇلۇس، پۈتۈن ئەل قوزغىلىپ تېمۇچىننى يوقىتايلى!» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. تاتا تۇڭا، توختامىش ۋە تارلانمۇ تايانخانغا ئەگىشىپ يولغا چىقتى.

— تايانخان ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك خان، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ پاك روھلىرى ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەي، — دېدى تاتا تۇڭا چار ساقىلىنى تەمكىنلىك بىلەن سىيپاشتۇرۇپ.

— بۇ يەردىمۇ خاتىرجەملىك تاپالمىدىم. مەن ئەسلى موڭغۇللار بىلەن ئەمەس، قارا قىتانلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالايتىم، — دېدى توختامىش تۈركەنئاي خانىمىز بەرگەن قارا ئارغىمىقىنى يېڭى ئۇستازى تاتا تۇڭانىڭ ئېتىغا يانداشتۇرۇپ

كېلىۋېتىپ.

— بىز نايمان ئېلىدە پاناھلاندۇق. شۇڭا، نايمانلارغا سادىق بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى تارلانمۇ ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا ئېتىنى يورغىلىتىپ.

ئۈچەيلەن نايمان چېرىكلىرىگە ئوخشاش ئوق ئۆتمەيدىغان كۆن ساۋۇتلارنى ۋە شۇنداقلا قاتتىق كۆن دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، يانلىرىغا قىلىچ ـ خەنجەرلەرنى ئاسقانىدى. نايمان قوشۇنى جىرا ـ جىرالاردىن چىقىپ، تاغدىن تاغقا ھالقىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. جامۇقانىڭ موڭغۇل قوشۇنىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئاتلاندى.

تېمۇچىنىڭ چارلىغۇچىلىرى ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ، نايمان قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار ھالەتتە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. موڭغۇل قوشۇنىمۇ ئاللىقاچان سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بولغانىدى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، سەپ ئالدىدا ئاق بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرغان تېمۇچىن ئۆز يېنىدا تىزىلىشىپ تۇرغان نويانلىرىغا ئاڭلىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن شۇنداق بىر جەڭ قىلايلىكى، تىللاردا داستان بولۇپ قالسۇن! ئۇلار كۆپ بولسا كۆپىنى، ئاز بولسا ئېزىنى، قانچە بولسا شۇنچىسىنى بۇ جاھاندىن يوق قىلايلى!

تېمۇچىننىڭ يېنىدا تۇرغان سانغۇنلاردىن بىرى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ خىتاب قىلدى:

— دالىدا جەرەن قوغلىغاندەك تېز ئىلگىرىلەپ، تاغ دەريالىرىدەك شىددەتلىك ئېتىلىپ، تۆمۈر پالتىدەك يېرىپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشايلى!

شۇنىڭ بىلەن، تېمۇچىن چوڭ ئىنىسى قاسارنى غول قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا، كىچىك ئىنىسى ئوتچىگىننى زاپاس ئاتلارنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى زەربىدار قوشۇننى باشلاپ

ھۇجۇمغا ئاتلاندى.

بۇ چاغدا نايمان قوشۇنمۇ تاغدىن چۈشۈپ، سەپ تارتىپ تۇرغانىدى. تايانخان بىلەن جامۇقا ئۆز قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ جەڭگە چۈشتى. خانزادە كۈچلۈك ئۇلۇغ قانات قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يان تەرەپتىن قورشاپ كېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. تېمۇچىننىڭ زەربىدار قوشۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئات سېلىپ، تايانخان ۋە جامۇقانىڭ بىرلەشمە قوشۇنغا زەربە بەردى. ئىككى تەرەپنىڭ سەپلىرى قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ كەتتى. مىڭلىغان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدىن يەر - زېمىن چاڭ - چاڭ بولۇپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭچىلىرىنىڭ قوللىرىدا ئەجەلدەك يالتىراپ چاقنىغان قىلىچلار رەقىبلەرنىڭ تەنلىرىنى پارچىلاپ يىقىتىشقا باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭچىلىرى بەجايىكى ئارسلان ئۆكۈزنى يارغاندەك سەپنى يېرىپ ئىلگىرىلەشكە تىرىشاتتى. كۈچەپ قىلىچ ئۇرۇۋاتقان، غۇلاچلاپ نەيزە ئېتىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئۈن سېلىپ توۋلاشلىرى، پولات تىغلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاشلىرى پەلەككە ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئەجەللىك زەربە يەپ يىقىلغان ئادەملەر كۆپەيگىلى تۇردى، ئىگىسىز قالغان ئاتلار قاتتىق كىشنەپ جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قاچماقتا ئىدى.

بارا - بارا تېمۇچىن قوشۇنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. تايانخان ۋە جامۇقا قوشۇنلىرىنىڭ سەپلىرى يىمىرىلىشكە باشلىدى. موڭغۇللار غالىبانە «ھۇررا» توۋلاپ، كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ شىددەت بىلەن بېسىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئېگىز دۆڭگە چىقىپ جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان تايانخان ئۆز يېنىدا تۇرغان جامۇقاغا ئەڭ ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان موڭغۇللارنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— قارىغىنە جامۇقا، خۇددى قوي قوغلىغان ئاچ بۆرىلەردەك قۇتراپ كېلىۋاتقانلار كىم ئۆزى؟

غەزەپ ۋە ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان جامۇقا چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ چۇشەندۇردى:

— ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان تۆتىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار تېمۇچىننىڭ تۆت غالجىر ئىتى. ئۇ تۆت ئىتنى كىملەر دەپ سورىسىڭىز، ئاۋۇ ئوڭ ياندا كېلىۋاتقان ئىككىسى جەبە بىلەن قۇبىلاي، سول ياندا كېلىۋاتقىنى جەلمە بىلەن سۇبۇتاي. ئۇلار خۇددى ئادەم گۆشىنى يەم قىلىدىغاندەك ۋەھشىي نېمىلەر! بۇ تۆت قانخور ئىت ئەمدى زەنجىرلىرىدىن بوشىنىپ، خۇشاللىقىدا ئوينىاقشىپ، شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇلار ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىپ كېتىۋېرىدىغان تەلۋىلەر!

— ئۇنداق بولسا، ئۇ ياۋايى پەسلەردىن يىراقراق تۇرايلى، — دېدى تايانخان ۋە ئۆز قوشۇنىنى تۇزلەڭ دالىدىن چېكىندۇرۇپ، تاغ باغرىدا يېڭىدىن سەپ تۇزدى.

لېكىن، تېمۇچىننىڭ ھېلىقى «تۆت غالجىر ئىتى» توختىماي بېسىپ كېلىۋەردى. نايمانلار ۋە جامۇقانىڭ موڭغۇللىرى يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، يېنىك ئۇچار نەيزىلەرنى ئېتىپ، تۆپىلىكلەردىن تاشلارنى دومىلىتىپمۇ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمىدى. تېمۇچىننىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقىنى كۆتۈرگەن زەربىدار قىسىم قىستاپ كېلىپ، تاغ باغرىغا چىقىشقا باشلىدى.

ئېگىز تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىۋاتقان تايانخان يېنىدىكى موڭغۇل سەپدىشى جامۇقادىن يەنە سورىدى:

— ئاۋۇ بايراقنىڭ ئالدىدا ئاچ بۆركۈتتەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ كېلىۋاتقان كىم ئۆزى؟

جامۇقا پەس تەرەپنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ جاۋاب بەردى:

— ئاۋۇ ئاق بوز ئات مىنىپ كېلىۋاتقان دېۋىنى دەمسىز؟ ئۇ دەل تېمۇچىننىڭ ئۆزى شۇ. سىز بايا جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن، «ئەي نايمان پالۋانلىرى، بۇ سېسىق ياۋايىلارنى چېچقاق ئـوغلاقـلىرىغىچە قويماي قىرىپ تاشلاڭلار» دېگەنىدىڭىز. مانا ئەمدى شۇ گېپىڭىزنىڭ دەردىنى تارتىدىغان ئوخشايمىز.

— ئۇلار ھەقىقەتەن بەك چىڭ تۇرۇپ سوقۇشىدىكەن، — دېدى تايانخان، — ئەمدى تاغقا چىقىپ سەپ تۈزەيلى.

شۇنـداق قـىـلـىـپ، تـايـانخان بىلەن جامۇقا ئېگىز تاغ چـوقـقـىـسـىـنـى ئـەڭ ئـاخىرقى ئىستىھكام قىلىپ تاللىدى. ئـەپسۇسكى، بۇ يەردىمۇ ئىش ئەپلەشمىدى. توختىماي ھۇجۇم قـىـلـىـۋاتـقـان مـوڭـغۇللار ئۆزلۈكسىز قىستاپ كېلىپ، تاغ چـوقـقـىـسـىـغـا يېقىنلاشماقتا ئىدى. قىرىلىپ، سانى ئازلاپ كـېـتـىـۋاتـقـان نـايـمـان جـەڭچىلىرىنىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. موڭغۇللارنىڭ قىيقاس - چۇقان سېلىپ ۋارقىراشلىرى يېقىنلا بىر يەرلەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نايمان سەركەردىلىرى ئۆز چېرىكلىرىنى باشقۇرالماي قالدى. ۋەھىمە باسقان چېرىكلەر پىتىراپ قاچقىلى تۇردى. ئاخىر چار ساقاللىق تايانخانمۇ سادىق نۆكەر ۋە قورۇقچىلىرىنى باشلاپ جەڭگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئاخىرقى پەيتلەردە ئۆز نۆكەرلىرىگە باتۇرلۇقتىن ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇزۇن پۇتلۇق، غاز بويۇن ئاق بوز ئارغىمىقىنى بـوراندەك چاپتۇرۇپ، بۆسۈپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى ۋە ئەينەكتەك ۋاللىداپ تۇرغان ئەگرى قـىـلـىچىنى ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇپ، ئىككى موڭغۇلنى دومىلىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى، بىرىنىڭ ئېتىنى يـىـقـىـتـتـى. بۇنى كۆرۈپ روھلانغان نۆكەرلەر كۈچىگە كۈچ قـوشـۇلـغاندەك بولۇپ، جان تىكىپ ئېلىشتى. تاغ چوققىسى موڭغۇل ۋە نايمانلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. پۈتۈن

ئالتاي دىياردا مۇنداق قانلىق قىرغىنچىلىق تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

شۇ ئەسنادا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان قىلىچ ۋە نەيزىلەرنىڭ زەربىسىدىن تايانخان ياردار بولدى. ئاق بوز ئارغىماق ئۇنى جەڭ مەيدانىدىن ئاقاچتى. قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان بىرنەچچە سانغۇن ۋە بىر تۈركۈم نۆكەرلەرمۇ خان بىلەن بىللە قېچىپ قۇتۇلدى. تاتا تۇڭا، توختامىش ۋە تارلانمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

ئالتاي تاغلىرى موڭغۇللارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى. تايانخان تاشلاپ كەتكەن ئاق كىگىز ئۆينىڭ يېنىغا موڭغۇللارنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى قادالدى. غالىب تېمۇچىن تايانخاننىڭ ئاشۇ ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ ئارام ئالدى ھەمدە ئات، قوي سويدۇرۇپ، جەڭچىلەرگە زىياپەت بېرىشنى بۇيرىدى.

ئەسىرلەرنى يىغىشقا مەسئۇل بولغان چېرىكلەر تايانخاننىڭ ئانىسى گۇربەسۇنى تېمۇچىننىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. تېمۇچىن گۈللۈك تاۋار تون كىيىپ، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن سىرغىلارنى سالغان ئېسىل سۇپەت مومايغا كىنايىلىك نەزىرى بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— سەن موڭغۇللارنى سېسىق دەپتىكەنسەنغۇ. مانا ئەمدى نېمە دەيسەن؟— دېدى ئۇ.

## سەككىزىنچى باب

# قىزىل سۇرۇخلۇق تامغا

تايانخان قىلىچ تۇتۇپ، جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتقان پەيتتە جامۇقا ئۆزىنىڭ بۇ بەختى قارا ئىتتىپاقدىشىغا ياردەملىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بەدەر قاچتى. ئۇ ئەمدى نايمانلارنىڭ تۇگەشكەنلىكىنى پەملەپ، تېمۇچىن بىلەن دۇشمەنلىشىۋاتقان مەركىتلەرنىڭ ھۆكۇمدارى توقتابېككە قوشۇلۇشنى كۆزلىگەنىدى.

يارىلانغان تايانخان تاغ ئۆڭكۈرىدە ئىككى كۈنگىچە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. نۆكەرلەر ئورمانلىقتىكى يۇمشاق قارا تۇپراقنى قىلىچ ۋە نەيزىلىرى بىلەن كولاپ، مەرھۇم خاننى كۆمۈپ قويدى. شۇ كۈنىلا موڭغۇللارنىڭ چارلىغۇچى قىسمى بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. ئامان قالغان ئازغىنە نايمانلار ھەر تەرەپلەرگە قېچىپ پىتىراپ كەتتى. موڭغۇللار ئۇلارنى قوغلاپ بەزىلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى ۋە بەزىلىرىنى سالما تاشلاپ، ئارقان بىلەن باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

تاتا تۇڭا نايمان ئوردىسىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان تامغىسىنى قويىنىغا تىقىپ، نەگە بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆزى يالغۇز ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىتىۋەردى. پۈتۈن ئەتراپتا موڭغۇللار ئات چاپتۇرۇپ، سۈرەن سېلىپ، قاچقان نايمانلارنى قوغلاپ يۈرۈشەتتى. تاتا تۇڭا بۇ يەردىن تېزرەك

قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئالدىراپ، ئېتىنى قامچىلايتتى. «ئەمدى نەگە بارارمەن؟ باشقىلارنى نەدىن تاپارمەن؟ توختامىش بىلەن تارلان نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

قوغلاپ كېلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ شەپىسى يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم… باشقا نايمانلار نەگە كەتتى؟ خانزادە كۈچلۈك نەدە يۈرىدىغاندۇ؟» موڭغۇللارنىڭ قاتتىق ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. دەرەخلەر ئارىسىدىن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن موڭغۇل چەۋەندازلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە قېچىۋېرەيمۇ ياكى بىر يەرگە مۆكۈنۈۋا-لايمۇ؟» ھالبۇكى، تاتا تۇڭا قېچىشقىمۇ، مۆكۈنۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇ قورشاۋدا قالغانىدى. موڭغۇللار ھەر تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ، ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئەي مۇقەددەس بۇدساتۋا ساكيامونى! ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار مەدەت بەرگەيسىلەر! — دەپ خىتاب قىلدى تاتا تۇڭا ئېتىنى توختىتىپ.

موڭغۇللار ئاتلىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن چۆرگىلىتىپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىشىپ، ئۇن سېلىشتى:

— ئۇ جەڭچى ئەمەسكەنغۇ.

— ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىكەن.

— چىرايىدىن قارىغاندا، نايمانلارغا ئوخشىماي تۇرىدۇ.

تاتا تۇڭا ھازىرلا ئۆزىگە قىلىچ ئۇرۇلۇشىنى ياكى نەيزە سانجىلىشىنى كۈتۈپ، ئۈنچىقماي تۇراتتى. شۇ ئارىدا موڭغۇللارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى.

— نېمە ئادەم سەن؟ قايسى يۇرتنىڭ ئادىمى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن تايانخاننىڭ بىتىكچىسى، ئەسلىي بەشبالىق شەھىرىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى تاتا تۇڭا.

— قارىغاندا، ئاددىي ئادەم ئەمەستەك كۆرۈنىسەن. قالغان گەپلەرنى يولباشچىمىز تېمۇچىن ئۆزى سورىسۇن. ماڭ!
موڭغۇللار تاتا تۇڭانى ئارىغا ئېلىپ قايتۇرۇپ ماڭدى.

※ ※

تېمۇچىن تاتا تۇڭا توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى.
— ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىڭلار، — دېدى ئۇ.
تاتا تۇڭا تاغلار ئىچىدىكى نايمان ئوردىسى قىلىنغان جايغا يەنە قايتىپ كەلدى. ئەمما، بۇ يەردە ئەمدى نايمانلار يوق ئىدى. ھەممە يەردە موڭغۇللار كۆرۈنۈپ، ھەممە يەردىن موڭغۇلچە سۆزلىشىشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى موڭغۇل تاتا تۇڭانى ئالدىغا سېلىپ، تايانخاننىڭ ئىلگىرىكى ئاق كىگىز ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. بىراق، بۇ ئۆيدە ئەمدى تايانخان يوق ئىدى. ئىلگىرى تايانخان ئولتۇرغان تۆردىكى قاپلان تېرىسى سېلىنغان ئورۇندا ساقال - بۇرۇتلىرى كىيگەن باشقا بىر كىشى چازا قۇرۇپ كېرىلىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا، ئۇنىڭ ياش قۇرامى تايانخاندىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ئەمما بوي - بەستى ئېگىز ۋە قاۋۇل ئىدى. ئۇ، ئىككى موڭغۇلنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ، پەگاھدا توختاپ قالغان تاتا تۇڭاغا تىكىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن سورلۇك قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن بۇيرۇق قىلدى:
— ئولتۇر!
تاتا تۇڭا بۇ ناتونۇش موڭغۇل ھۆكۈمدارىنىڭ ئالدىدىكى تەڭلىماتقا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. تاتا تۇڭانى ياللاپ كىرگەن موڭغۇللاردىن بىرى يالتىراق شەلپەرگە ئورالغان سالماقلىق بىر بويۇمنى تېمۇچىننىڭ ئالدىغا قويدى.
— بۇنى ئۇ قويىنىغا تىقىپ يۈرگەنىكەن، تارتىۋالدۇق، —

دەپ چۈشەندۈردى ئۇ.
— بولدى، سىلەر قايتىڭلار، — دېدى تېمۇچىن.
ئىككى موڭغۇل تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. تېمۇچىن ئۆزىنىڭ ئالدىدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان تاتا تۇڭاغا يەنە مىختەك قادىلىپ قارىدى.
— ئىسمىڭ نېمە؟ قايسى تائىپىنىڭ ئادىمىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
تاتا تۇڭا ئەلەملىك قىياپەتتە بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:
— ئىسمىم تاتا تۇڭا، ئۇيغۇر تائىپىسىدىن بولىمەن.
— ئۇيغۇر بولساڭ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟
تاتا تۇڭا يەنە بىر ئېغىر تىنىق ئېلىپ، تېمۇچىنگە تىك بېقىپ قارىدى.
— مەن نايمان ئوردىسىدا خىزمەت قىلىمەن. تايانخاننىڭ بىتىكچىسى ۋە تامغىچىسى بولىمەن، — دېدى ئۇ.
تېمۇچىن بۇ گەپلەرنى تازا چۈشىنەلمىدى.
— بىتىكچى، تامغىچى دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟
تاتا تۇڭانىڭ كۆزلىرىدە ئەمدى ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى. «ئەجەبا، شۇنداق چوڭ ۋە كۈچلۈك تائىپىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئادەم شۇنىمۇ بىلمەسمۇ؟»
— بىتىكچى دېگەن بىتىك يازىدىغان ئەمەلدار، تامغىچى دېگەن تامغىنى باشقۇرغۇچى دېگەن بولىدۇ.
تېمۇچىن بۇ گەپلەرنى تېخىمۇ چۈشەنمىدى.
— نېمانداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەن، ئەي تەكەببۇر ئۇيغۇر؟ — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ تىلىمىزنى ئوبدان بىلىدىكەنسەن، چۈشەندۈرۈپ سۆزلىمەمسەن!
تاتا تۇڭا ئويلىنىپ قالدى. ئەمدى بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

— قەلەمنى سىياھقا چىلاپ بىتىك يازىمىز، — دېدى ئۇ قولىنى خۇددى خەت يېزىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ.

— ھە، بۇنى چۈشەندىم، — دېدى تېمۇچىن، — جىن، سۇڭ سۇلالىلىرى ئادەملىرىنىڭ ھەم بىز ياقلارغا كېلىدىغان مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ سەن ئېيتقاندەك قەغەزلەرگە بىرنېمىلەرنى سىجايدىغانلىقىنى كۆرگەنمەن، لېكىن بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟

تاتا تۇڭا ئەمدى بايىقى ئەنسىرەش ۋە ھەيرانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى:

— خانلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرى، سودا ـ تىجارەتتىكى كىرىم ـ چىقىم، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى بىتىك بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلسا ئىشەنچلىك بولىدۇ ھەم ئۇنتۇلمايدۇ.

تېمۇچىن بۇ سۆھبەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتتى.

— سەن تايانخاننىڭ ئوردىسىدا نېمىلەرنى يازغانىدىڭ؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— تايانخاننىڭ تۈرلۈك بۇيرۇق ۋە يارلىقلىرىنى قەغەزگە يېزىپ جاي ـ جايلارغا يەتكۈزەتتۇق، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلارنىمۇ يازاتتۇق.

تېمۇچىن چۈشەنگەنلىكى ھەم قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمىسە، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھېلىقى شەلپەرگە ئوراقلىق بۇيۇمنى كۆرسىتىپ.

— ئۇ تامغا، — دەپ جاۋاب بەردى تاتا تۇڭا.

تېمۇچىن شەلپەرنى يەشتى. دەرۋەقە، شەلپەرگە ئورالغىنى تاراشلانغان سۇس يېشىل قاشتېشىدىن ياسالغان چاسا شەكىللىك تامغا ۋە بىر قۇتا قىزىل سۇرۇخ ئىدى. تېمۇچىن سوراشنى

داۋاملاشتۇردى:

— بىز تۇمۇرنى قىرىتىپ، ئات، كالىلىرىمىزنىڭ يانپاشلىرىغا ئۇرۇق - جەمەتىمىزنىڭ تامغىسىنى باسىمىز، لېكىن بۇنداق تاش تامغىسىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بۇ نېمىگە ئىشلەيدۇ؟

— خانىنىڭ يارلىقىنى قەغەزگە يېزىپ، ئۈستىگە مۇشۇ تامغىنى باسىمىز، — دېدى تاتا تۇڭا، — بۇ، يېزىلغان يارلىقنىڭ چىنلىقىنى، ساختا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تېمۇچىن ئەمدى ھۆكۈمدارلىق تەلەپپۇزى بىلەن ئەمەس، دوستانە رەۋىشتە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزدە خانلارنىڭ بۇيرۇق ۋە يارلىقلىرىنى چاپارمەنلەر قوشاققا قوشۇپ ئېغىزچە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر سەن ئېيتقاندەك، قەغەزگە يېزىپ، تامغا بېسىپ يەتكۈزۈلسە تېخىمۇ ياخشى بولغۇدەك.

— شۇنداق، — دېدى تاتا تۇڭا، — ئېغىزچە يەتكۈزسە ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، تولۇق ۋە ئەينەن يەتكۈزۈلمەسلىكى مۇمكىن.

تېمۇچىن تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى ۋە تامغىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىغىلى تۇردى.

— بۇنىڭغا بىتىك ئويۇلغانمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، تامغىغا بىتىك ئويۇلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى تاتا تۇڭا ئۆزىنىڭ ئەسىرلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ۋە تېمۇچىنگە يېقىن كېلىپ تامغىنى قولىغا ئالدى - دە، سۇرۇقتا تەگكۈزدى، ئاندىن سۇرۇخ قۇتىسى ئورالغان قېلىن سېرىق قەغەزنى تۈزلەپ، تامغىنى بېسىپ كۆرسەتتى. قەغەز يۈزىگە چاسا شەكىللىك دائىرە ئىچىدىكى قىزىل خەتلەر بېسىلىپ چىقتى. تېمۇچىن قەغەزگە قاراپ يەنە سورىدى:

— بۇ قانداق بىتىك؟ ئىلگىرى مەن جىن ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەم كۆن پۈتمىشتىن

كېلىدىغان مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ قەغەزلىرىدىكى بەتكىلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ بەتكىلىرى بۇنىڭغا زادىلا ئوخشاشمايدىغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى تاتا تۇڭا تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتىپ، چىن ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئادەملىرى خەنزۇ يېزىقىدا يازىدۇ، مۇسۇلمانلار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىدۇ. بۇ تامغىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى.

— بۇنىڭغا نېمە گەپلەر يېزىلغان؟ — دەپ سورىدى تېمۇچىن ئالدىدىكى قەغەزگە بېسىلغان تامغىنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ.

تاتا تۇڭا ئوقۇپ بەردى:

— «كۆك تەڭرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى چەكسىزدۇر، خان شۇ تەڭرىنىڭ زېمىندىكى كۈچ - قۇدرىتى».

تېمۇچىن قانائەتلەنگەن رەۋىشتە يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— دېمەك، تايانخانمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالايدىكەن - دە؟

— شۇنداق، نايمانلارمۇ مۇشۇ يېزىقنى ئىشلىتىدۇ.

تاتا تۇڭاغا بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتقان تېمۇچىن ئەمدى سىناق نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— چىن سۆزۈڭنى ئېيتقىنە قېنى، بۇ تامغىنى قوينۇڭغا تىقىۋېلىپ قېچىپ كېتىپسەن. قېچىپ نەگە بارماقچىدىڭ؟

تاتا تۇڭا يۈرەكلىك هالدا چىن سۆزىنى ئېيتتى:

— مەن تايانخاننىڭ خىزمىتىنى قىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ، ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم. تايانخان قازا تاپتى. مەن ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى كۈچلۈكنى تېپىپ، بۇ تامغىنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىدىم.

— تايانخان مېنىڭ دۈشمىنىم، — دېدى تېمۇچىن، — سەن ئۇنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەنسەن. سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمدىن قورقمىدىڭمۇ؟ ئەجەبا، تايانخانغا سادىق بولغانلىقىڭنى مەندىن يوشۇرمىدىڭغۇ؟

تاتا تۇڭانىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، ئاۋازىمۇ تىترەپ قالمىدى.

— ئەي غالىب خاقان، — دېدى ئۇ، — باشلىقىمغا سادىق بولۇش مېنىڭ بۇرچۇم. ئەمدى سېنىڭ دۆلىتىڭنىڭ نۆۋىتى كەلدى، نېمە قىلساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

تېمۇچىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇن سېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— يارايسەن ئەي بىتىكچى، — دېدى ئۇ، — مەن ساڭا ئوخشاش مۇشۇنداق سادىق، راستچىل ئادەملەرنى قەدىرلەيمەن. سېنى ئۆلۈمدىنمۇ، قۇللۇقتىنمۇ ئازاد قىلدىم. ئەمدى چىقىپ ئارام ئالغىن.

شۇنداق قىلىپ، تاتا تۇڭا موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قالدى. تېمۇچىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭغا ئايرىم بىر كىگىز ئۆي بېرىشتى، يېمەك - ئىچمەك تەقسىماتىدىمۇ ئۇنى ئايرىپ قويۇشمىدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئالىيىپ قارىمىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك ئىپادىسىنى كۆرسەتمىدى، چۈنكى تېمۇچىن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تېمۇچىن ئۇنى يەنە ئۆزىنىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە چاقىردى. بۇ قېتىم تېمۇچىن ئۇنى خۇددى كونا تونۇشلاردەك، بەلكى كونا دوستلاردەك قوبۇل قىلدى.

— قېنى، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، ئەي بىلىملىك ئاقساقال، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى قاپلان تېرىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ ۋە دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ.

ئىشىكتىن كىرىپلا پەگاھدا توختاپ قالغان تاتا تۇڭا ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەر، ئۇيغۇرلار بىلىملىك ئادەملەرنى ئۆلۈغلىغاندا نېمە دەپ ئاتايسىلەر؟ — دەپ سورىدى تېمۇچىن.

— بىز بىلىملىك، ئۇستاز بولۇشقا لايىق ئادەملەرنى باخشى دەپ ئاتايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى تاتا تۇڭا.

— ئەمىسە بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى باخشى دەپ ئاتاي، — دېدى تېمۇچىن تېخىچە كۈلۈمسىرەپ، — هە، تاتا تۇڭا باخشى، سىزدىن بىر گەپنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— سوراڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى تاتا تۇڭا.

تېمۇچىننىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش ئەمدى مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ئادەمگە خاس ئەستايىدىللىق ئىپادىسىگە ئالماشتى.

— سىلەرنىڭ يېزىقىڭلار بىلەن موڭغۇلچە سۆزلەرنى يازغىلى بولامدۇ؟ — تېمۇچىن كۈتۈلمىگەن بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى تاتا تۇڭا، — بىزنىڭ يېزىقىمىز بىلەن هەرقانداق تائىپىنىڭ تىلىنى يېزىپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

— هىم، باخشى، — دېدى تېمۇچىن تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ، — سىز ئەمدى بۇ يەردىن كەتمەڭ. سىز مېنىڭ ئوغۇللىرىمغا هەم نەۋرىلىرىمگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىڭ. بىز يەنە ئىدىقۇت ئېلىدىن باشقا باخشىلارنىمۇ تەكلىپ قىلايلى. بارلىق ئاقسۆڭەك تۆرىلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى بىتىك يېزىشنى ئۆگەنسۇن. سىز بىزگە هۆرمەتلىك ئۇستاز بولۇڭ.

تاتا تۇڭا بۇ كۈتۈلمىگەن تەكلىپتىن مەڭدەپ قالدى. «قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. تايانخان، كۈچلۈك ۋە باشقا تونۇش نايمانلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سۈرەتلىنىپ ئۆتتى. تايانخان ۋاپات بولدى. تاتا تۇڭا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان تامغىنى ئەمدى خانزادە كۈچلۈككە بەرمەكچىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. ئۇ تامغىنى قوينىغا تىقىۋالغان هالەتتە موڭغۇللارغا تۇتقۇن بولدى. خانزادە كۈچلۈك هازىر هاياتمۇ؟ نايمانلار هازىر نەدە؟

ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ تاتا تۇڭا موڭغۇللارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ نەگە باردۇ؟ نايمانلارنى نەدىن تاپىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، خانزادە كۇچلۇك مەرھۇم ئاتىسىغا ئوخشاشمايدىغان مىجەزى ئوسال ئادەم بولۇپ چىقتى. تاتا تۇڭانىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەپ بولۇپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەيتتى. يۇرتى بەشبالىققا كېتەي دېسە، ئۇ يەردە قارا قىتانلار مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋاتىدۇ. تاتا تۇڭا قىتانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇ ئاشۇ قىتانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئالتايغا قېچىپ چىققان ئەمەسمۇ.

— خانزادە كۇچلۇك نەگە كەتكەندۇ؟ — تاتا تۇڭا ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— بۇ ناھايىتى ئېنىق، — دېدى تېمۇچىن، — ئۇ ئەمدى قىتان ھۆكۈمدارى گۇرخاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. كۇچلۇكنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بارىدىغان يېرى يوق. بۇ ئەتراپتىكى تائىپە - خانلىقلار ئىچىدە پەقەت شۇ قىتانلارلا نايمانلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— راست، — دېدى تاتا تۇڭا روھى چۈشكەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ تاتا تۇڭا باخشى؟— دېدى تېمۇچىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — بىزگە ئۇستاز بولۇپ، يېزىق ئۆگىتىشكە قوشۇلدىڭىزمۇ؟

— قوشۇلدۇم، — دېدى تاتا تۇڭا مۇڭ يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ.

— ياخشى! — دېدى تېمۇچىن، ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھۆكۈمرانلارغا خاس بۇيرۇق تەلەپپۇزى ئىپادىلەندى، — بۈگۈندىن باشلاپ سىز موڭغۇل ئوردىسىدا بىتىكچى، تامغىچى ۋە ئۇستاز بولدىڭىز. تايانخاننىڭ شۇ تامغىسى بۈنىڭدىن كېيىن مېنىڭ تامغام بولسۇن. مېنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىمنى سىز

قەغەزگە يېزىپ، مۇشۇ تامغىنى بېسىڭ. ئەمدى مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى چاپارمەنلەر قوشاقچا قوشۇپ ئېغىزچە يەتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتەيلى!

تاتا تۇڭانىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق كەسكىن ئۆزگەردى. ئۇ ئەمدى موڭغۇل ئېسىلزادىلىرىگە يېزىق ئۆگىتىشنى باشلىدى، تېمۇچىننىڭ يارلىقلىرىنى قارا سىياھ بىلەن سېرىق قەغەزگە يېزىپ، قىزىل سۇرۇخلۇق تامغىنى بېسىپ چاپارمەنلەرنى يولغا سالىدىغان بولدى. بەشبالىق شەھىرىدىن چىققان بۇ مۇساپىر باخشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېمۇچىننىڭ يەنى كېيىن چىڭگىزخان دەپ ئاتالغان ئالەمشۇمۇل جاھانگىرنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. كېيىن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئاتاقنى تەقدىم قىلدى. ئۇ چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا يېزىلىپ قالدى.

# توققۇزىنچى باب

## دوستلارنىڭ جۇدالىقى

موڭغۇللار تايانخان ئوردىسىغا باستۇرۇپ كەلگەندە توختامىش بىلەن تارلان بىر توپ نايمانلار ئىچىدە ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ چاپقان پېتى ئالتاي تاغلىرىدىن يىراقلاشتى. ئومۇمىي پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئۇلار ئۇستازى تاتا تۇڭانىمۇ تاپالماي قالدى. تەرەپ - تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتكەن نايمانلار توپ - توپى بىلەن قايتا يىغىلىپ، خانزادە كۇچلۇكنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. هايات قالغان نايمان تۆرىلىرى تايانخاننىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئۇقۇپ، بۇ خانزادىنى خان قىلىپ تىكلىدى.

قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن نايمانلار كۇچلۇكخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە كۇنپېتىش تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كەتمەكتە ئىدى. كۆكلەم پەسلى كەلگەندە تاغ چوققىلىرىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، جىرا ۋە قاپتاللاردىن سەل بولۇپ تۇزلەڭگە ئاقىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئالتاي ئەتراپلىرىدا قۇدرەتلىك بولۇپ تونۇلغان بۈيۈك نايمان ئۇلۇسى ئەمدى تاغلاردىن چۈشۈپ، ئېدىرلار ۋە داللارنى قاپلاپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. مىڭلىغان ئات ۋە تۆگىلەردە قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئەركەكلەر، گۆدەك بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئالغان ئاياللار، ئۆسمۇرلەر ۋە قېرى - چۈرىلەر كۇچلۇك خانغا ئەگىشىپ، ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتمەكتە ئىدى.

— تاتا تۇڭا باخشى نەدە قالغاندۇ؟ ئۇ هاياتمىدۇ؟ — دېدى

توختامىش مۇڭلانغان هالدا كۆچمەنلەر سەپلىرىگە نەزەر سېلىپ.

— تايانخاننىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى، تاتا تۇڭا توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدۇق. مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى خالىغان بولسا ئۇنىڭغا بالا ـ قازا يەتمىگەندۇ، — دېدى تارلان ئېتىنى توختامىشنىڭ ئېتىغا يانداشتۇرۇپ كېتىۋاتقاچ.

— بۇدساتۋا ئۇنى ئامان قىلغاي، — دېدى توختامىش ئىلتىجا قىلغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ.

— ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ مۇقەددەس روھلىرى ئۇنى قوغدايدۇ، — دېدى تارلان ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئۇلار قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمىغانلىقتىن ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرالماستىن، ئالتاي تاغلىرىغا پاناھ ئىزدەپ چىققان. مانا ئەمدى بۇ يەرلەردىمۇ تۇرالماي، ئالىقاياقلارغا كۆچۈپ كەتمەكتە. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلار نايمانلارغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بارار مەنزىلىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. تارلان بۇ ھەقتە ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيتتى.

— مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇ نايمانلارغا باغلاندى، — دەيتتى ئۇ، — ئايالىم نايمان قىزى، ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. ئۆزۈممۇ نايمانلارغا كۆنۈپ قالدىم. ئۇلار نەگە بارسا مەنمۇ شۇلار بىلەن كېتىۋېرىمەن.

توختامىشنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. «نەگە بارىمىز؟ نېمە قىلىمىز؟» دېگەن سوئاللار ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ھەممىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى قەدىمىنى بەلگىلەشنى ئويلايتتى. ئۇ زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى.

— بۇ يەردىن كېتەيلىچۇ تارلان، — دېدى ئۇ، — باشقا يەرلەرگە كېتەيلى. قوچۇ، بەشبالىق تەرەپلەرگە كېتەلمىسەكمۇ،

ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى باشقا شەھەرلەرگە كەتمەمدۇق. مەن بۇ يەرگە تاتا تۇڭانى پاناھ تارتىپ چىققانىدىم. ئەمدى ئۇ بۇ يەردە يوق بولدى. تايانخان كۆڭۈلچەك، ياخشى خان ئىدى. ئەمدى ئۇمۇ يوق بولدى. كۈچلۈكخان ئاتىسىغا ئوخشاشمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئىنۇ پەقەتلا كۆزۈمگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئېتىمغا كۆزى چۈشكەنىدى. ئەمدى يەنە كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، — دەپ تەسەللى بەردى تارلان، — ئەسلىي سېنىڭ ئېتىڭغا كۆزى چۈشكىنى كۈچلۈكخان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھېلىقى موڭغۇل بۇرادىرى جامۇقا ئىدى. ھازىر جامۇقا دوستى كۈچلۈكخاننى تاشلاپ باشقا ياققا كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ تەرەپكە كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ.

— ياق تارلان، — دېدى توختامىش، — كۈچلۈكخان يەنىلا كۆڭلىدە غوم ساقلاپ يۈرىدۇ، ئۇچراپ قالسىلا ماڭا يامان كۆزدە ئالىيىپ قارايدۇ.

— بولمىسا، شۇ ئېتىڭنى كۈچلۈكخانغا تەقدىم قىلىپ بېرىۋەتمەمسەن، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى تارلان، — خاننىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇمغۇ. شۇنداق قىلساڭ غەمدىن خالاس بولامسەن.

— ياق، بولمايدۇ تارلان، — دېدى توختامىش قەتئىيلىك بىلەن، — بۇ ئات مېنىڭ ئەمەس. بۇ ئاتنى ماڭا...

— ھە، بىلىمەن، بىلىمەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى تارلان، — بۇ ئاتنى ساڭا ھېلىقى گۈزەل قىز سوۋغا قىلغان.

— شۇنداق، — دېدى توختامىش يوشۇرغىلى بولمايدىغان ئوتلۇق تىنىق بىلەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارا ئېتىنى يېيىپ تارىغاندا، ئۇنىڭغا مىنىپ

چەۋەندازلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدا پات ـ پاتلا ئاشۇ تۈركەنئاي خانىمنى ئەسلەپ قالاتتى. «شۇ قىز مېنىڭ هاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنى يەنە كۆرەلەمدىم؟ قۇتلۇق كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىقىنى ياندۇرۇۋالسام ئارمىنىم قالمايتتى».

شۇنداق قىلىپ، توختامىش دىلغۇللۇق ئىچىدە بىر قارارغا كېلەلمەي نايمانلار ئارىسىدا كېتىۋەردى. قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن نايمان ئۇلۇسى ئاخىر ئېرتىش دەريا بويلىرىدىكى جايلاردا توختىدى. بۇ چاغدا تېمۇچىن ئۆزىنىڭ كونا دۈشمىنى بولغان مەركىتلەرنى جازالاشقا ئاتلانغان بولغاچقا، بۇ تەرەپلەر هازىرچە ئۇرۇش خەۋپىدىن خالىي بولۇپ تىنچىپ قالغانىدى. توختامىش ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم هېسابلاپ، هەمىشە مۇڭلىنىپ، هەسرەتلىنىپ يۈرەتتى. تارلان بولسا، ئۆزىنىڭ ياشقىنە نايمان ئائىلىغا بېرىلىپ، نايمان يىگىتلىرى بىلەن قىمىز ئىچىشىپ، ئوۋغا چىقىپ، كۈنلىرىنى بەھۇزۇر ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

شۇ تەرىقىدە كۈز ۋە قىش پەسىللىرى ئۆتۈپ، مىلادىيە 1205 ـ يىلىدىكى ئەتىياز كەلدى. قار ـ مۇزلار ئېرىپ، تاغ ـ داللار قايتىدىن كۆكىرىشكە باشلىغان ئىللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەركىت هۆكۈمدارى توقتابېك ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ئېرتىش دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈچلۈكخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

— تېمۇچىن موڭغۇللارنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بەك كۈچىيىپ كەتتى. بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدۇق. نۇرغۇن ئادەملىرىمىز قىرىلىپ كەتتى. هازىر تېمۇچىن قوشۇن تارتىپ، كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

تېمۇچىنىدىن قىساس ئېلىش ئوتىدا يۈرىكى يالقۇنلاپ تۇرغان

ياش ھەم قېنى قىزىق كۈچلۈكخان دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.
— بۇ قېتىم نايمان، مەركىت بىرلىشىپ، تېمۈچىن دېگەن ئىتنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى! — دېدى ئۇ.
توقتابېك ئىككىلىنىپ تۇراتتى.
— بولماسمىكىن، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ياخشىسى، بىز بۇ يەردىن بىرلىكتە چېكىنىپ، قارا قىتانلاردىن ياردەم سورايلى.
غەزەپلىنىپ كۈچلۈكخانىنىڭ قېنى قاينىدى.
— تېمۈچىنىنىڭ ھەيۋىسىدىن بەك قورقۇپ كەتكەن ئوخشايسەن، ئەي باتۇر توقتابېك! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — ئۇ ھەمىشە غالىب بولىۋەرمەيدۇ. بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز ۋاقىتلىق ھادىسە. مەن جامۇقا دېگەن ھېلىقى يارىماسقا بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئۇ نامەردلىك قىلىپ، جەڭنىڭ تازا ھالقىلىق پەيتىدە بىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى سىلەر بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلاشساق تېمۈچىننى چوقۇم يېڭەلەيمىز.
ئاخىر توقتابېكمۇ كۈچلۈكخانىنىڭ ئۇرۇش قىلىش تەلىپىگە قوشۇلدى. نايمان، مەركىت قوشۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەندى. «ئەتە جەڭنى باشلايمىز» دېگەن كۈنى كۈچلۈكخان ئات ۋە تۆگىلەرنى بوغۇزلىتىپ نەزىر قىلدى. نايمان، مەركىت ئاقساقاللىرى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، سۆھبەتلەشتى. ئۇشتۇمتۇت كۈچلۈكخان سورۇندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر دەرەخنىڭ شېخىغا باغلاپ قويۇلغان توقتابېكنىڭ ئېتىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:
— ئېتىڭ بەك ئورۇق ئىكەنغۇ، — دېدى.
— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى مەركىت ھۆكۈمدارى، — بىز بۇ يەرگە كەلگۈچە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي دېگۈدەك يول يۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاتلىرىمىز ئورۇقلاپ

كەتتى.

— مەن ساڭا بىر ياخشى ئات بېرەي، — دېدى كۈچلۈكخان ۋە چەتتە نۆۋەتچىلىك قىلىپ تۇرغان بىر نۆكەرگە بۇيرۇدى، — ھېلىقى توختامىش دېگەننى چاقىرىپ كەل.

ھايال ئۆتمەي توختامىش كېلىپ داستىخان ئالدىدا توختىدى. كۈچلۈكخان قولىدىكى بىر چۆچەك قىمىزنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ چۆچەكنى داستىخانغا قويدى، بۇرۇتلىرىدىكى قىمىز يۇقىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى، ئاندىن ئۇنچىقماي تۇرغان توختامىشقا قاراپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى:

— دوستۇم توقتابېك ئۇزۇن يولدىن كەلگەچكە ئېتى ئورۇقلاپ قاپتۇ. ئەتە جەڭ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ياخشى ئات كېرەك. سەن ئېتىڭنى ئۇنىڭغا بەر!

«ئۆتكەن قېتىمدا مېنىڭ ئېتىمنى جامۇقا دېگەنگە ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، ئەمدى بۇ مەركىتكە بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى توختامىش، — بۇ قېتىم ئېتىمنى ئالماي قويمايدۇ. بىر باشپاناھسىز مۇساپىرنى ئۇ نېمە قىلمەن دېسە قىلىۋېتەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدى قاچمىسام بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى».

توختامىشنىڭ ئېتى باغلاپ قويۇلغان جاي بۇ يەردىن خېلى يىراق ئىدى. ئۇ ئۇدۇل شۇ جايغا بېرىپ، ئېتىنى يەشتى ـ دە، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ ماڭدى. ئالدىغا ئۇچرىغان بىر نۆكەر:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئېتىمنى سۇغىرىپ كېلەي، — دېدى توختامىش قەدەملىرىنى توختاتماي.

بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئېتىغا مىندى. قارا ئارغىماق خۇددى چۆلدىكى بوراندەك ئۇچۇپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي نايمانلار ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپ قالدى ـ دە،

ئـوپـۆل - توپۆل ئاتلىرىغا مىنىشىپ قـوغلىدى. بۇ چاغقىچە توختامىش خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۇركەنئاي خانقىزنىڭ بۇ قارا دۇلدۇلى ئۆزىنىڭ كارامىتىنى يەنە بىر قېتىم كـۆرسـەتـتـى. قـوغلـىـغـۇچـىـلار ھەرقانچە كۇچەپمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. بەزىلەر قاچقۇنىنىڭ كەينىدىن ئوق ئېتىپ باقتى، لېكىن ئوقلارمۇ يېتىپ بارالمىدى. ئاخىر توختامىش ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان بۇ قارا تۇلپارنىڭ خاسىيىتى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. نايمانلار قوغلاشتىن توختاپ قايتىپ كەتتى.

تـوخـتـامـىش ئېتىنى تېز يورغىغا سېلىپ كېتىۋاتقانىدى، ئـۇشـتـۇمـتـۇت يـېقىن ئارىدىكى ئېدىرلىق ئىچىدىن بىر توپ چەۋەندازلار يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنى قورشىۋالدى. پاكار دىقماق ئاتلارغا مىنىشكەن قىسىق كۆز، يۇزلىرى كەڭ بۇ چەۋەندازلارغا توختامىش بىر قاراش بىلەنلا «موڭغۇللار» دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار، ھەقىقەتەن، موڭغۇللارنىڭ يىگىرمە - ئوتتۇزچە چارلىغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار غالىبانە چۇقان سېلىپ، توختامىشنى ئارىغا ئالدى - دە، ھەيدەپ ماڭدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلار تېمۇچىنىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. كەڭرى يايلاقتا چوڭ - كىچىك ھارۋىلار ئىككى قۇر قىلىپ چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئـۇلـۇغـلـىـرى شـۇ چـەمـبـەرنىڭ ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشقانىدى. چـارلـىـغـۇچـىـلاردىن بىرى توختامىشنى ئېتىدىن چۈشۈرۈپ، تـىـزىـلغان ھارۋىلاردىن ھاسىل قىلىنغان شۇ چەمبەر ئىچىگە ئـەكـىـردى. قارىغاندا، موڭغۇللارنىڭ بىرنەچچە ئۇلۇغلىرى بۇ يـەردە ئـارام ئـېـلىۋاتقانىكەن. ئوتتۇرىغا سېلىنغان كىگىز ۋە گىلەملەردە بەزىلەر پاراڭلاشقاچ چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بەزىلەر يانپاشلاپ ياتاتتى. توختامىش شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىكى، بـۇ ئـۇلـۇغـلارنـىـڭ ئۇستۈپشى ئاددىي جەڭچىلەردىن ھېچقانچە

پەرقلەنمەيتتى، ھەممىسى ئۆچىسىغا قېلىن كۆن ساۋۇتلارنى كىيىشكەن، بەزىلەر تاقىر باشلىرىنى قىزىل - يېشىل ياغلىقلار بىلەن تېڭىۋالغان ۋە بەزىلەر كىگىز ياكى تېرە مالىخايلارنى كىيگەن. ئۆشتۈمتۈت خۇددى ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك توختامىش قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. بۇ موڭغۇل ئۇلۇغلىرىنىڭ ئارىسىدا تاتا تۇڭا ئولتۇراتتى. تاتا تۇڭامۇ بۇ ياش تونۇقۇنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز تۇردە خىتاب قىلدى:

— توختامىش! بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

— ئۇنى نايمانلار تەرەپتىن تۇتۇپ كەلدۇق، — دەپ چۇشەندۇردى چارلىغۇچى.

— بۇ مېنىڭ شاگىرتىم، — دېدى تاتا تۇڭا ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باھادىر سۇپەت موڭغۇلغا توختامىشنى كۆرسىتىپ.

— كېلىپ ئولتۇرغىن، ئۇستازىڭ بىلەن كۆرۈش، — دېدى بۇ موڭغۇل توختامىشقا سىنچىلاپ قاراپ.

— بۇ زات موڭغۇللارنىڭ داڭدار ھۆكۈمدارى تېمۇچىن بولىدۇ. كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگىن، — دېدى تاتا تۇڭا.

گاڭگىراپ قالغان توختامىش دەسلەپتە قانداق قىلىشنى بىلمەي بۇ يەردىكى ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئاندىن سەل ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە بىر قەدەم ئالدىغا چامداپ كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىش بىلەن سالام قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. تاتا تۇڭا تېمۇچىندىن ئىجازەت سوراپ، توختامىشنى ئۆزىنىڭ كىگىز ئۆيىگە ئەكەتتى.

— ئۇستازىم، سىز مۇشۇ موڭغۇللار بىلەن داۋاملىق بىللە تۇرۇشنى ئويلاۋاتامسىز؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى توختامىش.

ئىككىيلەن كىگىز ئۆيدە خالىي بولۇپ، يانمۇيان ئولتۇراتتى. تاتا تۇڭا بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ، خىيالچان كۆزلىرىنى بەلگىسىز بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بۇ ھەقتە مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم، — دېدى ئۇ، — بىز ئىلگىرى نايمانلار بىلەن تۇرغان، ئەمدى موڭغۇللارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قالدۇق. كىشىلىك مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىز نايمانلار بىلەن ئاخىرىغىچە بىللە بولساق بولاتتى. لېكىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ باقساق، ئەمدى باشقىچە يول تۇتۇشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىمىز.

— موڭغۇللار بىزگە خەيرخاھلىق قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

تاتا تۇڭا ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر بىزنىڭ كۈنىمىز تەس. ئىدىقۇت زېمىنلىرى قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. تاڭغۇتلارمۇ بىزگە ئىزچىل تۈردە دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ. بىز ئىلگىرى نايمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قارا قىتانلار بىلەن تاڭغۇتلارغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغانىدۇق. لېكىن، بىزنىڭ بۇ ئۈمىدىمىز يوققا چىقتى. نايمانلارنىڭ قارا قىتانلار بىلەن ئالاھىدە يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۇلار تاڭغۇتلار بىلەنمۇ ياخشى ئۆتىدۇ. موڭغۇللار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. تېمۇچىن تاڭغۇتلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشتى. موڭغۇللار بىلەن تاڭغۇتلار ھازىرمۇ ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تېمۇچىن قارا قىتانلارنىڭ گۇرخانى بىلەنمۇ چىقىشالمايدۇ. شۇڭا، ئويلاپ قالدىمكى، بىزنىڭ ئىدىقۇت خانىمىز ئەمدى تېمۇچىن بىلەن ئىتتىپاقلاشسا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

توختامىش خىيال سۈرۈپ قالدى.

— راست، — دېدى ئۇ بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ، — ئۇستازىمىنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

— تارلان قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى تاتا تۇڭا

سۆھبەتنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكەپ.
— ئۇ ساق - سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى توختامىش، — ئۇ نايمان قىزىغا ئۆيلىنىپ، شۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈپ قاپتىمەن، ئەمدى باشقا يەرگە بارمايمەن، دەيدۇ.
— مەيلى، ھەر كىم ئۆزى تاللىغان يولدا مېڭىشى كېرەك، نەدە بولسىمۇ ئامان بولسۇن.
شۇ كۈنى توختامىش تاتا تۇڭانىڭ كىگىز ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىۋاستە تېمۇچىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈرۈشكە ئاتلاندى. تاتا تۇڭا بىر قىسىم موڭغۇل ئاقساقاللىرى بىلەن بارگاھتا قالدى. توختامىشمۇ ئۇنىڭ يېنىدا بولدى.
ئارىدىن ئون بەش — ئون ئالتە كۈن ئۆتكەندە تېمۇچىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ بارگاھقا قايتىپ كەلدى. پۈتۈن موڭغۇل ئۇلۇسى شاد - خۇراملىققا تولدى. تېمۇچىنىنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن مۇقالى بارگاھ ئەھلىگە جەڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى:
— مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى مەدەت بەردى! توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقىمىز غالىب كەلدى! يولباشچىمىز تېمۇچىن بىزنى غەلىبىگە باشلىدى. نايمان، مەركىتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. مەركىتلەرنىڭ توقتابېكى ئوق يەپ يوقلۇق دۇنياسىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئېلى تېرىقتەك چېچىلىپ، تارقىلىپ كەتتى. نايمانلارنىڭ كۈچلۈكخانى خۇددى ئوق تەگكەن مارالدەك قېچىپ كەتتى. ئەمدى بۇ تەرەپلەردە بىزگە تەھدىت پەيدا قىلالىغۇدەك دۈشمەن قالمىدى.
مۇقالىنىڭ سۆزى تاماملانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك خۇشاللىقىدا تەنتەنىلىك چۇقان سېلىپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى تېمۇچىنگە قاراتتى. بۇ يايلاق باھادىرىنىڭ بەستلىك

گەۋدىسى شۇ تاپتا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتى بويىچە سۆز قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىدى، شالاڭ ساقىلىنى تەمكىنلىك بىلەن سىيپاشتۇرۇپ قويۇپ، قىسىق كۆزلىرى بىلەن بۇ يىغىلىش ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— ئۆتمۈشتە مەركىتلەر بىزنى بەك خارلىغانىدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ئۇلار تۈگەشتى. بىراق، نايمانلار تېخى تۈگەشمىدى. كۈچلۈك ئەمدى قىچىپ قىتانلار تەۋەسىگە بارىدۇ. ئۇ قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، يەنە بىز تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىشنى ئويلايدۇ. شۇڭا، بۇنداق بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «سۇ كەلگۈچە توغان تۇت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بويىچە كۈچلۈككە داۋاملىق زەربە بېرىشىمىز، نايمانلارنى باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن مەن ئايرىم بىر قوشۇننى يۈرۈشكە ئاتلاندۇرىمەن. لېكىن، جامۇقا نەگە كەتتى؟ بۇنى بىلمىدىم. مېنىڭ بۇرۇنقى دوستۇم ۋە ھازىرقى دۈشمىنىم بولغان بۇ جامۇقامۇ ئۆزىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىنى قايتىدىن يىغىپ، مەن بىلەن يەنە كۈچ سىناشقىلى كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرماي، ھەمىشە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھالبۇكى، تېمۇچىننىڭ جامۇقا توغرىسىدىكى ئەندىشىسى پات ئارىدا يوققا چىقتى. يازنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئىدى. چارلاشقا چىقىپ كەتكەن جەڭچىلەر ھاياجانلانغان ھالدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قايتىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل تېمۇچىننىڭ ئالدىدا توختاپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— جامۇقا كەلدى! جامۇقا!

تېمۇچىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. شۇنچە تۇيۇقسىز جامۇقا بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ قارىغۇدەك

بولسا، ئۈستۈپشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، چىرايلىرىدىن ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بەش چەۋەنداز پۇت - قوللىرى باغلانغان بىر ئادەمنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ كەلمەكتە ئىدى. تېمۇچىننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تىزلاندى.

— گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن، ئەي تېمۇچىن باتۇر، — دېدى ئۇلار، — بىز ساڭا ئەل بولۇپ، ساڭا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، خىزمىتىڭنى قىلىش ئۈچۈن سېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ جاموقانى تۇتۇپ كەلدۇق.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئاتقا باغلانغان ئادەمنى يەرگە چۈشۈردى. پۇت - قوللىرى قىل ئارقان بىلەن چىڭ باغلانغان بۇ كىشى دەل جاموقا ئىدى. تېمۇچىن ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى. غەزەپ ۋە نومۇستىن بوغۇلۇپ قىزىرىپ كەتكەن جاموقا ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— مېنى ئۆلتۈرمەمسەن! يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

تېمۇچىننىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا يايلاقتىكى چوڭ بىر قەبىلىنىڭ سەردارى بولۇپ تونۇلغان بۇ داڭلىق باتۇر ئەمدى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق، نومۇسلۇق ھالەتتە كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا ياتماقتا ئىدى. تەقدىرنىڭ يوللىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ، ئىنسان ھاياتى نېمىدېگەن سىرلىق! تېمۇچىن بىلەن جاموقا تېخى بالىلىق دەۋرىدە تونۇشۇپ جان دوست بولۇشقان، ياخشى - يامان كۈنلەردە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتكەن. تېمۇچىن ئۆيلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەركىتلەر تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئايالى بۆرتەنى بۇلاپ كەتكەنىدى. تېمۇچىن ئىنىلىرى بىلەن بۇرخان خالدۇن تېغىغا قېچىپ قۇتۇلدى. ئەنە شۇ چاغدا كەرەي قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ خانى توغرۇل ۋاڭ خان بىلەن جاجرات قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولغان مۇشۇ جاموقا قوشۇن تارتىپ كېلىپ، تېمۇچىنگە

ياردەم قىلدى. ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە مەركىتلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، تۇتقۇن قىلىنغان گۈزەل بۆرتەنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بۇ، تېمۇچىننىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق رەسمىي جەڭگە قاتنىشىشى ئىدى.

شۇندىن كېيىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن قېتىم دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈردى، نۇرغۇن قېتىم ئۆزى باشقا تائىپىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ تەرىقىدە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە ئۇ يايلاقتىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى كەينى - كەينىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، داڭلىق باتۇر بولۇپ تونۇلدى. ئەنە شۇ چاغدا ۋاڭ خان بىلەن جامۇقا دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق تۈگۈنلىرىنى ئۈزدى. گۇمان ئىللەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن ھەسەت شەيتانلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىنى تاتىلاشقا باشلىدى. ئاخىر ۋاڭ خان بىلەن جامۇقا بىرلىشىپ تېمۇچىننى يوقىتىش قەستىگە چۈشتى. سابىق دوستلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. بەخت قۇشى تېمۇچىننىڭ بېشىغا قوندى. تېمۇچىنگە قارشى بىرلەشمە قوشۇن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ۋاڭ خاننىڭ نايمانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئامان قالغان ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قېچىپ ئالتايغا باردى. بىراق، تاغ ئارىسىدا دوقۇرۇشۇپ قالغان نايمان چارلىغۇچىلىرى ئۇقۇشماسلىقتىن ۋاڭ خاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. كېيىن جامۇقا ئالتايغا قېچىپ كېلىپ، بىر مەزگىل نايمانلارنىڭ پاناھلىقىدا ياشىدى. ئاندىن، يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، تېمۇچىننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە يەنە بىر قېتىم تارمار بولدى ھەمدە نايمانلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئالتايدىن كەتكەندى. لېكىن، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئۇلۇسىنى قايتا يىغالمىدى، ئۆزىنىڭ يېنىدا قالغان ئازغىنە ئادىمى بىلەن قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ

تەرىقىدە ئۇياق - بۇياققا تاسقىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاران بەشلا ئادىمى قالدى. شۇ بەش ئادەم ئۇ ئۇخلاپ ياتقاندا ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ تېمۇچىنىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

تېمۇچىن ئۆزىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا باغلىنىپ ياتقان سابىق دوستىغا قاراپ ئېغىر بىر تىنىق ئالدى.

— ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، — دېدى ئۇ شۇ يەردە تۇرغان نۆكەرلىرىگە.

جامۇقا يېشىۋېتىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تېمۇچىنگە تىك بېقىپ قارىدى. يەڭگۈچى بىلەن يېڭىلگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ بىر تەتۈر مەنتىقىلىق كۆرۈنۈش شەكىللەندى. يەڭگۈچى تېمۇچىنىنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ياكى كىبىر ئەمەس، ئەكسىچە، تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يېڭىلگۈچى جامۇقانىڭ قىياپىتىدە بولسا، ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ھالىتىگە پەرۋا قىلماسلىق ۋە قارشى تەرەپنى مەنستىمەسلىك ئىپادىسى بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— گەپ قىلمامسەن، غەلىبەڭگە تەنتەنە قىلمامسەن، — دېدى جامۇقا قەددىنى تىك تۇتۇپ ۋە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

تېمۇچىن ئېغىز ئاچمىدى. جامۇقا يەنە سۆزلىدى:

— قارا قاغىلار ئېگىز ئاسماندا ئۇچىدىغان، سوزۇك سۇدا ئۈزىدىغان ئالتۇن باشلىق ئۆردەككە چاڭگال سالدى. قارا قۇللار، پەس چاكارلار تەپ تارتماستىن ئۆز خانىغا قول سالدى، ئۆز خوجايىنىنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، ئاياغلىرىڭ ئاستىغا تاشلاپ بەردى. ئەي تېمۇچىن باتۇر، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

تېمۇچىن ئەمدى ئېغىز ئاچتى:

— ئۆز خانىغا قول سالغان ئادەمنى ئاياپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداقلاردىن كىمگە ۋاپا كەلسۇن؟ ئۆز خانىغا قول سالغانلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك!

جامۇقانى تۇتۇپ كەلگەن بەشەيلەن ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ:

— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز!
— بىز تېمۇچىنگە سادىق بولىمىز!
— تېمۇچىنگە سادىقلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى باغلاپ كەلدۇق ... — دېيىشىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشتى.
— كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى تېمۇچىن.
نۆكەرلەر بەش خائىننى سۆرەشتۈرۈپ، چەتكە تارتىپ ئاپاردى-دە، دەرقەمتە تۇرغان ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدىلا قىلىچ بىلەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ھەممەيلەن بىر ئەسناغىچە چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە جىمىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تېمۇچىن جامۇقاغا مۇراجىئەت قىلدى:
— ئىلگىرى ئىككىمىز بىر ھارۋىنىڭ ئىككى شوتىسى ئىدۇق، بىر شۇڭقارنىڭ ئىككى پەنجىسى ئىدۇق. لېكىن، سەن جەڭگاھلاردا بىرلىكتە ئۇران توۋلاپ، زەپەر دۇمباقلىرىنى بىرلىكتە ئۇرىدىغان كۈنلەردە باشقىچە غەرەزلەردە بولۇپ، مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ. خەير! شۇنداقتىمۇ، سېنى يەنە ئەزىزلەيمەن. ئۆتكەنكى دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ سېنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىمەن.
جامۇقا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى ۋە مۇنداق دېدى:
— باللىق چاغلىرىمىزدا ئىككىمىز دوست بولۇپ، بىر پارچە گۆش تاپساق تەڭ يېگەن، بىر يوتقاننى تەڭ تارتىشىپ ياتقاندۇق. لېكىن، پىتنىخورلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى، غەيۋەتخورلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن دىلىڭگە ئازار بېرىپ، سېنى تاشلاپ كەتتىم. شۇ قىلغىنىم ئۈچۈن قارا يۈزۈمنىڭ تېرىسىنى شىلىپ، كۆزلىرىمنى ئويۇپ، تىلىمنى كېسىۋەتسىمۇ ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. ھازىر سەن ماڭا شاپائەت قىلىپ، مېنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىمەن، دېدىڭ. لېكىن، مەن بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ساڭا ھەمراھ بولالمىدىم. سەن ئۆز كۈچۈڭ

بىلـەن ئەل ـ ئۇلۇسنـى بىرلىككە كەلتـۇرۇپ، تاغ ـ دالىلارنـى تـىنچلاندۇردۇڭ. ئەمدى سەن خان بولۇشقا مۇناسىپ. بەخت قۇشى بېشىڭغا قونۇپ، جاھان تىنچلانغان بۈگۈنكى كۈندە ساڭا ھەمـراھ بـولسام تۈنلەردە ئۇيقۇڭنى بۇزىدىغان، كۈندۈزلىرى كۆڭلۈڭگە ئارام بەرمەيدىغان ياقاڭغا چۈشكەن پىتتەك، يېڭەڭگە سانچىلغان تىكەندەك بولۇپ قالمامدىمەن. ئەي دوستۇم تېمۇچىن، سېنىڭ چېچەن ئاناڭ، ۋاپادار ئىنىلىرىڭ، باتۇر نۆكەرلىرىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى يەڭدىڭ. مەن ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك يېتىم قالغان، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم يوق، خوتۇنۇم غەيۇەتچى بولغانلىقى، ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ساڭا يېڭىلدىم. شۇڭا، دوستۇم تېمۇچىن، ماڭا شاپائەت قىلىشىڭ ئورنىغا مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىن. سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ئەمىن تاپسۇن. سەندىن بىر ئۆتۈنۈپ سورايدىغىنىم شۇكى، مېنى ئۆلتۈرگەندە قان چىقارماي ئۆلتۈرگىن.

تېمۇچىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىڭشاپ، ئۇنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىپ جەڭگىۋارلىق تۇسىنى يوقاتقان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ۋە «ماقۇل» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ قويدى.

جامۇقا ئۆزىنىڭ ئاداققى ئۆتۈنۈشىنى ئېيتتى:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى ئېگىز تاغقا قويغىن. مەن شۇ يەردە سېنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئامانلىق تىلەپ ياتاي. دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇماڭلار، ئەتە ـ ئاخشاملىرى يادىڭلارغا يېتىپ قالسام گېپىمنى قىلىپ قويارسىلەر. تېمۇچىن، ئەمدى ئۆلتۈرۈشكە تېزرەك بۇيرۇغىن.

تېمۇچىن بۇ كەم ئۇچرايدىغان سوراق ـ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى زور قىزىقىش بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان موڭغۇل ئاقساقاللارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزۈم قىيمايدۇ. ئۇ مېنى تاشلاپ

كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار. بىراق، ئۇ گېپىمگە كىرمەي، ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. جامۇقا، سەن ئەسلىي ماڭا نۆكەر بولساڭ ياخشى بولاتتى. بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم دېسەممۇ ئۇنىمىدىڭ. شۇڭا، ئۆزۈڭنىڭ ۋەسىيىتىڭ بويىچە قان چىقارماي كۆز يۇمدۇرايلى. پەرمان! ئۇنى قان چىقارماي ئۆلتۈرۈڭلار. جەسىتىنى ئوچۇقچىلىققا تاشلاپ قويماي، ئېگىز تاغقا ئاچىقىپ يەرلىككە قويۇڭلار.

تۆت نۆكەر جامۇقانى ئالدىغا سېلىپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تاغنىڭ چوققىسىغا ئەكەتتى. تېمۇچىن قول ئاستىدىكىلىرىگە قاراپ يەنە بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ئات - تۆگىلەر سويۇلسۇن! قىمىز - شارابلار تەييار قىلىنسۇن! ھەممىمىز بىرلىكتە جامۇقاغا مۇناسىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزەيلى. جامۇقانىڭ گۇناھىنى تىلەپ، مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى ھەققىدە قۇربانلىق قىلايلى.

تېمۇچىنىنىڭ بۇيرۇقى دەرھال ئىجرا قىلىندى. جامۇقانىڭ روھىغا ئاتاپ قان ئاققۇزۇلدى، كۆپچىلىك گۆش يەپ، مەي ئىچىپ، مەرھۇمنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلدى.

توختامىش يايلاق خەلقىنىڭ بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قاراپ چەكسىز ئەجەبلەندى.

— ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، — دېدى تاتا تۇڭا ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ، — ئۇلار تاغ - دالىلاردا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلق. بىز شەھەر - يېزىلاردا دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودىگەرچىلىك قىلىپ ياشايمىز. شۇڭا، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار شامان دىنىغا ئەقىدە باغلىغان. بىزنىڭ خەلقىمىز بولسا، بۇددا، ئىسلام ۋە ناسارا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزمۇ ئوخشاشمايدۇ.

— شۇنداق تۇرۇپمۇ سىز يەنە داۋاملىق تېمۇچىننىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ قالامسىز؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

تاتا تۇڭا ئۆز ئادىتى بويىچە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— مەن ياش ۋاقتلىرىمدا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگمەي، ئۇلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالغاندىن كېيىن يايلاقلارغا قېچىپ كېتىپ، موڭغۇل - تاتار چارۋىچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزاق ياشىغان. شۇڭا، موڭغۇل تىلىدىمۇ ئوبدان سۆزلىيەلەيمەن. ئۇلار مىجەزى تۈز، ئاق كۆڭۈل خەلق. لېكىن، مەن قوچۇ ھەم بەشبالىقتىكى ۋىخارالاردا ئوقۇپ بىلىم ئالغان، يېزىقچىلىقنى كەسىپ قىلغان باخشى بولغاچقا، موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئۆزۈمگە مۇۋاپىق ئىش - ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلالماي، ئاخىر يېزىق ئىشلىتىدىغان تايانخان ئوردىسىغا كەتكەنىدىم. ئەمدى يەنە موڭغۇللارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قالدىم. قارىسام، تېمۇچىن مىنىڭ كۈتكىنىمدەك ھۆكۈمدار بولۇپ چىقتى. ئۇ تاڭغۇتلار بىلەن قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلاپتۇ.

— راستىمۇ؟ — توختامىش ھاياجانلىق خىتاب بىلەن ئۇستازىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئەگەر راست شۇنداق بولسا، مانا مەنمۇ تېمۇچىنگە سادىق بولىمەن. بىراق، تېمۇچىن خۇددى ئۆزىنىڭ خەلقىگە ئوخشاش يايلاقتا ئۆسكەن ساۋاتسىز كۆچمەن. ئۇ بىزگە ئوخشاش قەغەز - قەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان باخشىلارنى يارىتامدۇ؟

— ئۇ دەل بىزدەك باخشىلارنى قەدىرلەيدىكەن، — دېدى تاتا تۇڭا، — مەن ھازىر تېمۇچىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باللىرىغا يېزىق ئۆگىتىۋاتىمەن. تېمۇچىن بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇ پات ئارىدا

ئىدىقۇت شەھەرلىرىدىن يەنە نۇرغۇن باخشىلارنى ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تىلماچلىققا تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ، مۇۋاپىق ئادەم تېپىش ئىشىنى ماڭا تاپشۇردى.

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردە ماڭىمۇ بىرەر ئىش چىقىپ قالغۇدەكقۇ، — دېدى توختامىش.

— توغرا، — دېدى تاتا تۇڭا، — مەن سىنى تىمۇچىنگە تونۇشتۇراي دەۋاتىمەن.

توختامىش تاتا تۇڭانىڭ تىمۇچىن ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىلىغۇللۇقى بېسىقىپ، كۆڭلى يورۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇساپىرچىلىق ھاياتىنىڭ چىقىش يولىنى تاپقاندەك بولۇپ قالدى.

— ئىست، مۇشۇ كۈنلەردە تارلانمۇ بىز بىلەن بىرگە بولسىچۇ. ئۇ ھازىر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئونىنچى باب

# ئونون دەرياسى بويىدا

ئېيتقاندەك، تاتا تۇڭئانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توختامىشمۇ موڭغۇل ياشلىرىغا يېزىق ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئايرىپ بېرىلگەن كىگىز ئۆيدە نايمانلاردىن ئولجا ئېلىنغان بىر شىرەگە قەغەز ـ قەلەملىرىنى قويۇپ، شاگىرتلىرىغا دەرس ئۆتەتتى، يۇڭ قەلىمىنى قارا سىياھقا چىلاپ سېرىق سامان قەغەزگە ھەرپلەرنى يازاتتى ۋە بۇلارنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقى، قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئۆگىتەتتى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاقىر باش پەرزەنتلىرى قەلەم تۇتۇش ۋە ھەرپلەرنى قوشۇپ سۆزلەرنى يېزىشنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى.

— قېنى، سەن ئۆز ئىسمىڭنى يېزىپ باققىنە، — دېدى توختامىش شاگىرتلىرىدىن بىرىگە.

خۇددى ئېيىقتەك تەمبەل يىگىت يوغان قوللىرىدا يۇڭ قەلەمنى تەستە ئەپلەشتۇرۇپ، ئالدىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە «قارچۇس» دەپ يازدى.

— ياخشى، — دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى توختامىش ۋە يەنە بىر يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى، — قېنى، ئەمدى سەن ئىسمىڭنى ياز.

ئىككىنچى يىگىتمۇ شىرەگە ئېڭىشىپ «بۇقاتۇ سالجى» دېگەن ئىسمنى يازدى.

— مەنمۇ ئىسمىمنى يازدىم! — شوخ ھەم جاراڭلىق ئاۋازدا

ئېيتىلغان بۇ خىتابتىن توختامىش سەل مەڭدەپ قالغاندەك بولۇپ، قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى.

ئىسمىنى يازغان بىر ۋاراق قەغەزنى قوش قوللاپ ئۇستازىغا كۆرسىتىۋاتقان ئوقۇغۇچى ياش ھەم چىرايلىق بىر قىز ئىدى. توختامىش شىرەنىڭ نېرىقى چېتىدە بولغاچقا، قىز سۇنۇپ بەرگەن قەغەزنى قولىغا ئالدى.

— ناسىنجىرغىل، — دەپ ئوقۇدى ئۇ.

— ھەئە، مېنىڭ ئىسمىم ناسىنجىرغىل، — دېدى قىز ئۇستازىغا شوخ كۈلۈپ تۇرغان نۇرلۇق قارا كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

ناسىنجىرغىل بىر موڭغۇل مۆتىۋەرنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى بەك ئەتىۋارلايتتى، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا، ياشلارنىڭ يېزىق ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «مەنمۇ ئوقۇيمەن» دېگەندە ئاتىسى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى دەرھال قاندۇرغانىدى. دومباق مەڭزلىرىدە قىپقىزىل قان تەپچىپ تۇرىدىغان، سوغۇر ياكى تىيىننىڭ كۆزلىرىدەك شوخ ئويناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىدە دائىما شادىيانە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئەركە قىز تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا ئوقۇشقا كەلگەنىدى. توختامىش شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بۇ يالغۇز قىزدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىمىغانىدى. بىر قىسىم ياش يىگىتلەردە شۇنداق بىر ئالاھىدە روھىي ھالەت بولىدۇكى، قىزلارنى كۆرگەندە تىلى تۇتۇلۇپ، باشقىچە مۇلايىملىشىپ قالىدۇ. ئەمما، ناسىنجىرغىل ئىسملىك بۇ ئەركىن تەبىئەتلىك دالا قىزىنىڭ روھىي ھالىتى ئۇنداق تىنچ كۆل سۈيىگە ئوخشىمايتتى، بەلكى بەئەينى تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ، مەۋج ئۇرۇپ، شىددەتلىك ئېقىپ چۇشۇۋاتقان تاغ سۈيىدەك جۇشقۇن ئىدى. توختامىش ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىماسلىققا، ئارتۇق سۆزلىمەسلىككە تىرىشاتتى. بىراق، ناسىنجىرغىل بۇنىڭ

ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن تولا سوئال سوراپ كۆزىگە كىرىۋالاتتى ۋە «مۇنۇ ھەرپ قانداق يېزىلىدۇ؟ بۇ ئىككى ھەرپ قانداق ئۇلاپ يېزىلىدۇ؟ ماۋۇ سۆزنى يازغىنىم توغرا بوپتۇمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. توختامىش بولسا، «بوپتۇ» ياكى «بولماي قاپتۇ» دېگەندەك قىسقا جاۋابلار بىلەنلا چەكلىنەتتى ۋە قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. مانا ئەمدى بۇ شوخ قىز ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ ناسىنجىرغىل ئىكەنلىكىنى قەلەم بىلەن يېزىپ كۆرسەتتى.

دەرس تاماملاندى. ئوقۇغۇچىلار توختامىشنىڭ كىگىز ئۆيىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتتى. پەقەت ناسىنجىرغىللا چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمىدى.

— ئۇستازىم، سىزنىڭ ئېتىڭىز بەك ياخشىكەن. ئۇ قارا ئارغىماققا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالىمەن، — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاتام ماڭىمۇ بىر ياخشى ئات بەردى. يۈرۈڭە، ئېتىمنى كۆرۈپ بېقىڭ.

ئىككىيلەن تالاغا چىقتى. ھەرقانداق موڭغۇل ئۆيىنىڭ يېنىدا يەرگە قېقىلغان ئىككى قوزۇققا ئارقان تارتىپ باغلانغان بولىدۇ. سىرتتىن كەلگەنلەر ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى شۇ ئارقانغا باغلاپ قويىدۇ. ناسىنجىرغىلنىڭ ئېتىمۇ ئەنە شۇ قوزۇقلۇق ئارقانغا باغلانغانىدى.

— ياخشى ئات ئىكەن، — دېدى توختامىش يالى ۋە قۇيرۇقلىرى سىلىق تارالغان ئاق بوز ئاتقا قاراپ.

قىز بۇ ماختاشتىن خۇشال بولۇپ كۈلدى.

— ئۇستازىم، ئېتىڭىزغا مىنىڭە، ئىككىمىز ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ باقايلى. قايسىمىزنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا مىنىشتى.

— ئەمدى مېنى قوغلاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى قىز.

ئاق بوز ئارغىماق شوخ تېپىرلاپ بىر چاپچىدى ـ دە، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن قاپلانغان يېشىل ئوتلاقنى بويلاپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. توختامىشمۇ قارا ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئاق بوز ئات ئالدىدا، قارا ئات كەينىدە ئوينىلاقلاپ چاپقان پېتى ئوتلاقتا ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى. توختامىش ياۋا گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى ئەكېلىۋاتقان سەلكىن شامالدا ھۇزۇرلانغان ھالدا چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يېنىكلىك ۋە ئازادىلىك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئاق بوز ئېتىنى خۇددى يايلاقتىكى شوخ شامالدەك يېنىك چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئاللىقانداق لەززەت بېغىشلىغۇچى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتتى. بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇنى شۇنداق بىر خىيالىي تۇيغۇ چۇلغىۋالدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقىنى دالا قىزى ناسىنجىرغىل ئەمەس، بەلكى قوچۇدا قالغان ئۇيغۇر قىزى تۇركەنئايدەك بىلىنىپ كەتتى. توختامىش يەنە دەرھال «ئەپسۇس، ئۇ تۇركەنئاي ئەمەس» دېگەن ئوي بىلەن خىيالىي تۇيغۇ ئىلكىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقىنى گۈللۈك چىت ياغلىقىنى بېشىغا چېكىلەپ تاڭغان، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە قارا چېچى كۆك مەخمەل يەكتەك كىيىلگەن دۈمبىسىدە چار يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان موڭغۇل قىزى ئىدى. قوچۇدىكى تۇركەنئاي ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ قېنىق قوڭۇر چاچلىرى بېشىنىڭ تۆپىسىگە ئېگىز تۇرمەكلىنىپ ئالتۇن زىخلار قادالغان، سول چېكىسىگە كەلتۈرۈپ ئىككى تىزىق مەرۋايىت يېرىم ئاي شەكلىدە ئېسىلغان، تاۋار كۆڭلەكلىرىگە خۇشپۇراقلىق گۈل سۈيى چېچىلغان... ئۇيغۇرلاردا، باشقا ھەرقانداق شەھەرلەشكەن خەلقلەردىكىگە ئوخشاش، تەبىقە پەرقى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىمۇ روشەن سىپلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. يۇقىرى تەبىقىدىكى خوتۇن ـ قىزلار ئاساسەن ئاشۇ تۇركەنئايدەك ياسىنىپ يۈرىدۇ.

ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئائىلىلىرىدىكى قىزلار چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، ئاياللار خۇددى مۇشۇ ناسىنجىرغىلدەك ئىككى ئۆرۈپ يۈرۈشىدۇ. موڭغۇللاردا ۋە باشقا كۆچمەن خەلقلەردە تەبىقە ئايرىماي، خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسىلا چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈيدۇ.

توختامىش موڭغۇل قىزنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلغۇسى كەلدى. «توۋا! نېمە ئۈچۈن ناسىنجىرغىلغا قاراپ تۇركەنئاينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن؟ تۇركەنئاينى بۇرۇن تونۇمايتتىم، كېيىنمۇ ئۇچراتمىدىم، پەقەت شۇ بىر قېتىملا كۆردۈمغۇ... لېكىن ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى قەرزدار. توۋا، توۋا! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئاشۇ تۇركەنئايدەك ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب ئادەملەرمۇ چىقىدۇ، مىسىرىسلادەك ۋىجدانسىز، قارا كۆڭۈل مۇناپىقلارمۇ چىقىدۇ».

توختامىش مىسىرىسلانى ئويلىسىلا ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش، ئۇنى جازالاش ئىستىكى مۇساپىر يىگىتنىڭ يۈرىكىدە ئوت بولۇپ ياناتتى. لېكىن، ئۇ ھازىر بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ مەيۈسلىنەتتى. «توۋا! — دەپ يەنە ئويلاپ قالاتتى ئۇ، — ئاشۇ ساتقىن مۇناپىقنىڭ ئوغلى پىداركارلىق بىلەن ئاتلىنىپ، قىتان چېرىكىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ، مېنى تۇتقۇنلۇقتىن قاچۇرۇۋەتتى. توۋا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! ئوغلىنىڭ شاپائىتى ئۈچۈن ئاتىسىنى كەچۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق، ياق... ئىنسانلار دۇنياسى نېمانچە مۇرەككەپ، نېمانچە سىرلىق؟»

ئۇشتۇمتۇت ناسىنجىرغىل ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، توختامىشقا ئۇدۇل كەلدى.

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا قوغلىمايسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ شوخ چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى بىلەن ئۇستازىنىڭ

خىيالچان قوي كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ.
— قوغلاۋاتمەنغۇ.
— شۇمۇ قوغلاش بولدىمۇ؟ خۇشياقمىغاندەك... باشقا بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندەك...
— ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەن قوغلاپ يېتىشەلمىدىم.
— ياق، ئۇنداق ئەمەس! قوغلىسىڭىز يېتىشىۋالاتتىڭىز. ئەمدى سىز قېچىڭ، مەن قوغلاي.
ناسىنجىرغىل توختامىشنىڭ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا ئالىقىنى بىلەن «ياق» قىلىپ قاتتىق بىرنى ئۇردى. قارا ئارغىماق بۇنداق كۈتۈلمىگەن زەربىدىن چاپچىپ سەكرىدى ـ دە، قۇيۇندەك پىرىلداپ چىپىپ كەتتى. ناسىنجىرغىل ئېتىنى دېۋىتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى تېخىمۇ تېز يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ خېلى كۆچەپ باققان بولسىمۇ، قارا ئارغىماققا زادى يېتەلمىدى. تۈز ئوتلاق ئاياغلىشىپ، ئالدى تەرەپتە ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلار كۆرۈندى. توختامىش ئېتىنى توختاتتى.
— مانا، سىزمۇ ماڭا يېتىشەلمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە يانداشقان ئېتىنى توختاتقان قىزغا كۈلۈپ قاراپ.
— بىراق، مەن راستتىنلا يېتىشەلمىدىم، — دېدى ناسىنجىرغىل، — سىزنىڭ ئېتىڭىز، ھەقىقەتەن، بەك يۈگۈرۈك ئىكەن. مېنىڭ ئېتىمنى ئاتام بەك ماختىغانىدى، لېكىن بۇ ئات ماختىغۇدەك ئەمەسكەن.
— بۇنداق دېسىڭىز توغرا بولمايدۇ، — دېدى توختامىش چۈشەندۈرۈپ، — موڭغۇل ئاتلىرى دىقماق، پاكارراق بولۇپ، ئۇچقۇر ئاتلار تۈرىگە كىرمەيدۇ، لېكىن ئۇلار ئېگىز تاغلار ھەم قاقاس چۆللەردە يۈرۈشكە چىداملىق، ئۇزۇن سەپەرلەردە چارچاپ قالمايدۇ.
— سىزنىڭ ئېتىڭىز ھەم چىرايلىق، ھەم ئۇچقۇر ئىكەن، — دېدى ناسىنجىرغىل.

ئۇلار ئىككىسى ئاتلىرىنى يانداشتۇرۇپ، تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشقاچ ئارقىسىغا قايتىپ ماڭدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ناسىنجىرغىل يەنە ئىككى قېتىم توختامىشقا «ئات چاپتۇرۇپ كېلەيلىچۇ» دەپ تەكلىپ قىلدى. توختامىشمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمىدى. ئۇلار دالىلاردا تۈلكە، توشقانلارنى قوغلاپ ئويناشتى.

تېمۇچىننىڭ كۆچۈش ھەققىدىكى بۇيرۇقى ئۇلارنىڭ ئات چاپتۇرۇش مەشغۇلاتلىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ھەممە بىردەك ھەرىكەتكە كەلدى. كىگىز ئۆيلەر سۆكۈلۈپ، ئات ۋە تۆگىلەرگە ئارتىلدى. موڭغۇللار ئالتاي تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ ماڭدى. توختامىشمۇ تاتا تۇڭا باخشى بىلەن بۇ كۆچمەنلەر سېپىگە قوشۇلدى.

— كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ، يۇرتىمىز تېخىمۇ يىراقتا قالىدىغان بولدى، — دېدى توختامىش تاتا تۇڭاغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ.

تاتا تۇڭا ئۇزۇن سوزۇلۇپ كۆن چىقىشقا كېتىۋاتقان ئاتلىق، هارۋىلىق، تۆگىلىك كۆچمەنلەر ئېقىنىغا مۆڭلىنىپ قاراپ چوڭقۇر تىنىق ئالدى.

— بۇنداق مۇساپىرچىلىق بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلۈپ كەتكەن قىسمەت ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ، — قىتانلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئۆز يۇرت - ماكانلىرىدا ياشىيالماي ھەر جايلاردا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈۋاتقان يۇرتداشلىرىمىز ئازمۇ؟

— ئەجەبمۇ خارلىنىپ قالدۇققۇ، — دېدى توختامىش ھەسرەتلىنىپ، — تەڭرىنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىمىز باردۇ؟

— ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى تاتا تۇڭا بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، — بۇ تەقدىر مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق، ئاخىر بىر كۈنى بىزنىڭ قۇياشىمىزمۇ پارلاپ چىقىدۇ.

ئۇمىدۋار ھەم غەيرەتلىك بولايلى.

توختامىش ئىچى قايناپ يەنە سۆزلىدى:

— مەرھۇم ئاتام مىسىرىسلا دېگەن پەس مۇناپىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن مەن ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئالالماي مۇشۇنداق بىچارە ھالەتتە يۈرىمەن. شۇنى ئويلىسام ئىچىم قايناپ، يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. بەزىدە ئويلاپ- ئويلاپ مۇشۇ تېمۇچىنگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇ موڭغۇللار ئاخىر بىزگە ئىتتىپاقداش بولۇپ قالامدۇ نېمە؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇلار تاڭغۇتلارغا يەنە قوشۇن تارتماقچىكەن. ئۇلار قىتانلار بىلەنمۇ ئەپ ئەمەسكەن.

تاتا تۇڭا تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى يېنىككىنە ئىرغىتىپ قويدى.

— ھەر ھالدا تېمۇچىندە بۈيۈك خانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر نامايان بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇ چوڭ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىكەن. ئۇ مەندىن ئۇيغۇرلار ۋە ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى قىزىقىپ سورىدى. ئۇمۇ ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ئىزدەۋاتقاندەك، بىزدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئۇ بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەلەمكەش باخشىلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز ئۇلۇسىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كۆپلەپ ئۇيغۇر باخشىلىرىنى تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، مەنمۇ تېمۇچىندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتىمەن.

— تېمۇچىن سىزگە ئالاھىدە ھۆرمەت ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى توختامىش.

— ئۇ ساڭىمۇ ئىلتىپات قىلىۋاتىدۇ، — دېدى تاتا تۇڭا.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى ناسىنجىرغىل ئىسىملىك شوخ قىز نەدىندۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى- دە، توختامىشنىڭ ئېتىغا

سۇركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ قارا ئېتى ئۈركۈپ، بىر چەتكە شوخشۇدى. قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— مېنى قوغلاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، يەنە ئېتىنى چاپتۇرۇپ، قوشۇننىڭ باش تەرىپىگە قاراپ كەتتى.

توختامىش تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ، ئېسەنگىرەپ قالدى.

— قوغلا! — دېدى تاتا تۇڭا كۈلۈپ كېتىپ.

توختامىش ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنلىرىغا نىقتىدى. قارا ئارغىماق يۇلقۇنۇپ قوزغالدى ـ دە، شوخ قىزنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كەتتى.

شۇ تەرىقىدە سەپەر كۆڭۈللۈك داۋاملىشىپ، تېمۇچىن باشچىلىقىدىكى كۆچمەنلەر ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ يايلاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. تاتا تۇڭا بىلەن توختامىش بۇ غالىب كۆچمەنلەرنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يايلاق ھاياتىغا كۆنۈپ قالدى. تاتا تۇڭا شەخسەن تېمۇچىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ ئوردىنىڭ تامغىسىنى باشقۇراتتى. تېمۇچىننىڭ بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى قەغەزگە يېزىپ، ئۇنىڭغا تامغا بېسىپ، چاپارمەنلەر ئارقىلىق جاي ـ جايلارغا تارقىتاتتى. ئۇ يەنە تېمۇچىننىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە يېزىق ئۆگىتەتتى. تېمۇچىن ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاتىدى. توختامىشمۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى.

شۇ يوسۇندا يولۋاس يىلى، يەنى مىلادىيە 1206 ـ يىلى يېتىپ كەلدى. ئەتىياز پەسلى قۇچاق ئېچىپ، ھاۋا ئىللىدى، تاغ ـ داللار كۆكەردى. تېمۇچىننىڭ ئوردىسى بۇرخان خالدۇن تېغىنىڭ يېنىغا، ئونون دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. تېمۇچىن قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇرخان خالدۇن تېغىنى مۇقەددەس جاي ھېسابلاپ ئۇلۇغلايتتى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار

ئىلگىرى، تېمۇچىن تېخى ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئۆيلىنىپ بىرنەچچە كۈن بولغاندا تۇيۇقسىز مەركىتلەر ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى بۆرتەنى بۇلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا تېمۇچىن ئىنىلىرى بىلەن مانا مۇشۇ بۇرخان خالدۇن تېغىغا قېچىپ چىقىپ قۇتۇلۇپ قالغان. كېيىن ئۇ ۋاڭ خان ۋە جامۇقانىڭ ياردىمى بىلەن مەركىتلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى ۋە ئايالى بۆرتەنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەقدىرنىڭ سىرلىق شاماللىرى ئۆزگىرىپ، ۋاڭ خان بىلەن جامۇقا تېمۇچىننىڭ ئەشەددىي دۇشمەنلىرى بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئاقىۋەتتە تېمۇچىننىڭ ئۆتكۈر قىلىچى غالىب چىقتى. ۋاڭ خان بىلەن جامۇقا ئارقا - ئارقىدىن يوقلۇق دۇنياسىغا راۋان بولدى. ئۇلارنىڭ يۇقرالىرى تېمۇچىننىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

بۇرخان خالدۇن تېغى تېمۇچىننىڭ ھاياتىدىكى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ، ھايات - ماماتلىق ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، تېمۇچىن بۇ تاغنى ئۆزىنى قۇتقۇزغان ۋە كېيىن يەنە پارلاق مەنزىلنى كۆرسەتكەن ئىلاھىي ماكان دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىدى. ئۇ دائىما ئۇزۇن سەپەرگە ياكى قانلىق جەڭلەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، كۆك تەڭرىگە سەجدە قىلاتتى.

ئونون دەرياسى ئەنە شۇ «مۇقەددەس تاغ» بۇرخان خالدۇن جىرالىرىدىن باشلىنىپ، زۇمرەتتەك پاك يېشىل يايلاقتا ئالماستەك سۈزۈك سۇلىرى بىلەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى.

ئونون دەرياسى بويىدىكى ئەنە شۇ گۈزەل يايلاقتا قۇياشلىق كۆكلەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا تېمۇچىننىڭ ئۇرۇق - جەمەتى، سەپداشلىرى ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقال - تۆرىلىرى بولۇپ، ناھايىتى

نـۇرغـۇن ئـادەم قـاتناشتى. بۇگۇن موڭغۇل خەلقىنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ۋەكىللىرى خانلىق نام ـ شەرىپى ۋە بۇيۇك ئورنىنى رەسمىي قانۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن بۇ يەرگە يىغىلغانىدى. يېشىل يـايـلاقتا ئاق كىگىزلەر سېلىنىدى. باشقا جايلاردىن ئېگىزرەك كـۆتـۇرۇلـۇپ تـۇرغـان دۆڭگە توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق تـىـكـلـەنـدى. ئـاقساقاللار تېمۇچىننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئاق كىگىزلەردە ئولتۇرۇشتى.

تېمۇچىننىڭ يېقىن سەپدىشى، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ چوڭ سەركەردىسى مۇقالى باتۇر ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز قىلدى:

— ئـەي ھـۆرمـەتـلـىـك ئـاقـسـاقاللار! ئەي شەۋكەتلىك بـاھـادىـرلار! بـىـز، مـوڭغۇللار ئۆتمۇشتە كۆپ خورلۇقلارنى تارتقانىدۇق. ئىلگىرى قىتانلار، جۇرجىتلار، تاتارلار، تاڭغۇتلار بىزنى باش كۆتۇرگۇزمىگەنىدى. لېكىن، مەڭگۇلۇك كۆك تەڭرى بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، چۇنكى بىز كۆك تەڭرىگە چىن ئىخلاسىمىز بـىـلـەن سـېـغىنىدۇق، تېۋىنىدۇق. قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ شۆھرەتلىك خانلىرىمىز بولغان. ئەمدى يەنە ئۆزىمىزنىڭ خانىمىز بـولـۇشـى كـېـرەك. بۇ خان موڭغۇللارنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ قـەبـىـلـىـلىرىنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ، بىزگە باشلامچى بولۇپ، دۇشمەنلىرىمىزگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. دەل تېمۇچىن ئەنە شۇنداق بۇيۇك خان بولۇشقا مۇناسىپ!

قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرى مۇقالىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، تەنتەنىلىك چۇقان كۆتۇرۇشتى:

— مۇقالى دۇرۇس گەپ قىلدى، بىزگە خان كېرەك!

— كۆك تەڭرى بىزگە تېمۇچىننى ئەۋەتتى، تېمۇچىن بىزگە خان بولۇشقا مۇناسىپ!

— تېمۇچىن بىزنىڭ بۇيۇك خانىمىز!

مۇقالى قولىنى ئېگىز كۆتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

— ئەمدى شامان ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى جاكارلىسۇن، — دېدى ئۇ.

كۆپچىلىك چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تېمۇچىننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شامانغا كۆز تىكتى. ئۇچلۇق كۆن قالپاق كىيگەن كوسا شامان ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇزۇن تونىنىڭ ئېتەكلىرىگە پۇتلىشىپ، ئوتتۇرىدا بوش قالدۇرۇلغان مەيدانغا چىقتى.

— ئەي تېمۇچىن باتۇر، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — قۇدرەتلىك ئۇلۇغ تەڭرى ساڭا يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەردى. بۇ يەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى خان دەپ ئاتىۋالغان ھۆكۈمدارلىرى سېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭ بىلەن بويسۇندۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئەل ـ ئۇلۇسلىرى ساڭا تەئەللۇق بولدى. ئەمدى سېنىڭ نامىڭ «چىڭگىز» دەپ ئاتالسۇن. سەن خانلارنىڭ خانى بولدۇڭ. مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى سېنىڭ چىڭگىزخان دەپ ئاتىلىشىڭنى، خانلارنىڭ خانى، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇشۇڭنى ئىرادە قىلدى.

قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرى يەنە تەنتەنىلىك چۇقان سېلىشتى:

— بىزنىڭ خانىمىز چىڭگىزخان!

— چىڭگىزخان خانلار خانى، ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارى!

— چىڭگىزخان! چىڭگىزخان!

شۇنداق قىلىپ، ئونون دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن شۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن تېمۇچىن «چىڭگىزخان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ تارىختا مەشھۇر بولدى. ئىلگىرى تېمۇچىن پەقەت ئۆز قەبىلىسىنىڭلا خانى ئىدى، ئەمدى ئۇ پۈتۈن موڭغۇل ئېلىنىڭ بۈيۈك خاقانى بولدى.

## ئون بىرىنچى باب

# دالا شاماللىرى

دېمەك، ئونون دەرياسى بويىدىكى قۇرۇلتايدا بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك موڭغۇل خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. بالىلىق دەۋرلىرىدىن تارتىپ كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، خەتەرلىك ۋە قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇددى ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىكى قار - بورانلاردا قاناتلىرى قېتىپ يېتىلگەن قىران بۈركۈتتەك شۆھرەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىغان تېمۇچىن ئەمدى چىڭگىزخان دەپ ئاتىلىپ، موڭغۇل خەلقىنىڭ يېگانە يولباشچىسى بولۇپ قالدى. چىڭگىزخانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى موڭغۇل تارىخىدىلا ياكى كېيىن جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە زور ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. چىڭگىزخان، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئېيتقاندا، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ جاھانگىر سۈپىتىدە دۇنيا تارىخىدىن ئورۇن ئالدى.

ئونون دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقتا ئات، كالا، قويلار سويۇلۇپ، داش قازانلار ئېسىلدى. تۇلۇم ۋە تورسۇقلاردا مەي - شارابلار كەلتۈرۈلدى. سورۇندا جەم بولغان ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار ئۆزلىرىنىڭ خانلىقى ۋە خاقانىغا تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. مويسىپىتلار مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈشۈپ

قىزغىن سۆھبەتلەشمەكتە. يىگىت - قىزلار زوق - ھەۋەس بىلەن بىر - بىرىنى ئۇتۇشۇپ، ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشماقتا.

چىڭگىزخان سەپداشلىرىنىڭ ئارىسىدا روھى كۆتۈرۈلگەن ۋە دىلى يورۇغان ھالەتتە ئولتۇرسىمۇ، خىيال دەپتىرى بىر - بىرلەپ ۋاراقلانماقتا ئىدى. ئادەمنىڭ تەقدىرى نەقەدەر ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي ۋە سىرلىق! چىڭگىزخان توققۇز يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالدى. ئۇنىڭ قەبىلە باشلىقى بولغان ئاتىسى يەسۈكەي باتۇرنى تاتارلار مېھمانغا چاقىرىپ، زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. يەسۈكەي باتۇرنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، جان بېقىش ئۈچۈن باشقا ھۆكۈمرانلاردىن پاناھ تىلەپ تارقىلىپ كەتتى. توققۇز ياشلىق تېمۇچىن تۆت ئوغۇلنىڭ چوڭى ئىدى. ئۇ ئەمدى ئانىسى ۋە ئۇچ ئىنىسىنى بېقىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئانىسى غەيرەتلىك ۋە جىگەرلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرىغا ئاتىسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى سۆزلەپ بېرەتتى، غۇربەتچىلىكتە ياشاش يوللىرىنى ئۆگىتەتتى. تېمۇچىن ئىنىلىرىنى باشلاپ دەريا - ئېقىنلاردا بېلىق تۇتاتتى. قاپقان - توزاق قۇرۇپ توشقان، كەكلىكلەرنى ئوۋلايتتى. تاغ، ئورمانلارغا بېرىپ ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ كېلەتتى.

يېتىملىكتىكى ئەنە شۇنداق جاپالىق كۈنلەردە تېمۇچىن جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن چېنىقىپ چىداملىق، ئىرادىلىك ۋە قورقماس باتۇر يىگىت بولۇپ ئۆستى. ئۇ غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن ئەل - جامائەتنى قايىل قىلىپ، ئۆز ئۇرۇقىنى قايتا ئۇيۇشتۇردى ۋە تاتارلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاتار ئېلىمۇ موڭغۇللارغا قوشۇلدى. شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى ئالەمشۇمۇل باسقۇنچىلىق يۈرۈشلىرى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە «موڭغۇل - تاتار ئىستېلاچىلىقى» ۋە ياكى «تاتار

ھۆكۈمرانلىقى» دەپ خاتىرىلەندى. ھالبۇكى، ياش تېمۇچىننىڭ يولىدا توسالغۇلار ۋە رەقىبلەر كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرىتى، باتۇرلۇقى ۋە كۆپ تەرەپلىمە تالانت ـ ئىقتىدارى بىلەن بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن يېڭىپ، ئاخىر پۈتۈن موڭغۇل ئۇلۇسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ھازىرغا قەدەر تېمۇچىن ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا يەنە شەرقتىكى جۇرجىت چېگرىلىرىدىن تارتىپ غەربتىكى ئالتاي، شىمالدىكى سىبىرىيە دالىلىرى ۋە جەنۇبتىكى سەددىچىن سېپىلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق تائىپىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئەللىك ئىككىنچى يىلىدا مانا مۇشۇنداق موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۆزى چىڭگىزخان دەپ ئاتالدى.

سالماقلىق ۋە كەم سۆز چىڭگىزخانغا قاراپ، ئۇنىڭ يەنە قانداق ئىشلارنى تەۋرىتىشنى دىتلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

چىڭگىزخاننى قۇتلۇقلاپ بۇ سورۇندا جەم بولغانلار تەنتەنىلىك كەيپىيات ئىچىدە ئويۇن ـ تاماشىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. يىگىت ـ قىزلار قوشاق ئېيتىشىش ئويۇنىنى تاماملاپ ئاتلىرىغا مىنىشتى ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ، بەسلىشىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى. ھەممىدىن شوخ ۋە ھەممىدىن جاراڭلىق كۈلىدىغان قىز يەنىلا ئاشۇ ناسىنجىرغىل ئىدى. ئىككى مەڭزى چوغدەك قىزىرىپ، قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ دالا قىزى توپلىشىپ تۇرغان چەۋەنداز يىگىتلەرنىڭ ئالدىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتتى.

— مېنى كىم تۇتالايدۇ؟ قوغلاڭلار! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

قىزلارغا كۆز تاشلاپ، قېنى قىزىپ تۇرغان يىگىتلەر دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. سورۇن داغدۇغىسى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. يىگىت ـ قىزلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىپ بەيگىگە چۈشۈپ كەتتى. كۈلكە ـ چاقچاق، شادلىق

سادلىرى دالا شامالىلىرىغا قوشۇلۇپ يىراق - يىراقلارغا تارقالدى. قوغلىشىۋاتقان ياشلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى شادلىق ئۈستىگە شادلىق قوشماقتا ئىدى.

توختامىشمۇ شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ باشقا يىگىتلەردەك قىزلارنى قوغلاشمىدى، ناسىنجىرغىلىنىمۇ قوغلىمىدى، پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئات چاپتۇرۇپلا يۈردى، خالاس. ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر چېتىدە شادلانسا، يەنە بىر چېتىدە هامان مەيۈسلىنىپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ، ئۇ ناسىنجىرغىلىنىڭ كۈلۈپ قاراشلىرىنى كۆرگەندە نېمە ئۈچۈندۇر ئىختىيارسىز تۇردە ئاشۇ يىراقتا قالغان ئارزۇلۇق ۋە سىرلىق تۇركەنئايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە ئۆزى تەنە قىلاتتى. «ساراڭ بولدۇممۇ؟ — دەپ ئويلاتتى ئۇ، — نېمانداق ئەخمەقلىق قىلىمەن؟ تۇركەنئاي كىم؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كىملەر؟ ئۇنىڭ بېشى باغلانغانمۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ماڭا بىرەر كۆزقارىشى، ھېسسىياتى بارمۇ؟ شۇ بىر قېتىم پەۋقۇلئاددە شارائىتتا كۆرۈشۈپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىشىم يوققۇ. ئۇ قىزنىڭ ماڭا قارىتا كۆڭۈل مايىللىقىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئويلىسام ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى كۆيگەندەك بولىدۇ؟ بۇ، ھەقىقەتەن، ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ! ئۇ مېنى خەتەرلىك پەيتتە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇشۇم كېرەك، مەن ئۇنىڭغا قەرزدار. بىراق، ھەرگىزمۇ باشقىچە شېرىن خىياللاردا لەيلەپ يۈرسەم بولمايدۇ».

توختامىش ئىچىدە شۇنداق ئويلىسىمۇ، ئاشۇ قوچۇلۇق گۈزەل قىزنى زادىلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقماس نازۇك ھېس - تۇيغۇلار

ئەسىرلىكىدە مەقسەتسىز هالدا ئىتىنى ئۈياقتىن ـ بۇياققا چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. يىگىت ـ قىزلار قىزىقچىلىقتا قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنى بەيگىدىن چىقىرىپ، هەر كىم هەر يەرلەرگە تارقىلىشتى. توختامىشمۇ ئىتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، ناسىنجىرغىل ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ ياندىشتى.

— سىز نېمىشقا دائىم پەرىشان يۈرىسىز؟ سىز نېمانچە ياۋاش؟ — دېدى ئۇ ئوينىاپ تۇرغان شوخ كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە قاراپ.

توختامىش ئۇنىڭ چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان تومپاق مەڭزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دېدى قىز ئۇنىڭغا يېنىشلاپ قاراپ.

— نېمە دەيمەن؟ — دېدى توختامىش ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ئۆزۈمنىڭ مىجەزىم شۇنداق. تولا سۆزلەشنى قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن.

— نېمىشقا مېنى قوغلىمايسىز؟ — دېدى يەنە قىز.

توختامىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. لېكىن، ناسىنجىرغىل توختىماي سۆزلەۋەردى:

— مەن ئات چاپتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. باشقىلار مېنى قوغلاپ تۇتالمىسىكەن دەيمەن. ئىتىم قانچە تېز چاپسا شۇنچە يايراپ كېتىمەن. لېكىن، سىز قوغلىغان بولسىڭىز چوقۇم ماڭا يېتىشىۋالغان بولاتتىڭىز، مېنى چوقۇم تۇتۇۋالغان بولاتتىڭىز.

— ناتايىن، — دېدى توختامىش، — سىزنىڭ ئىتىڭىز ئېسىل ئات، سىز ئۆزىڭىزمۇ ناهايىتى ياراملىق چەۋەنداز.

— توغرا، — دېدى ناسىنجىرغىل، — شۇڭا، ماڭا هېچكىم يېتىشەلمىدى. لېكىن، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ، ئەگەر سىز مېنى تۇتىمەن دېگەن بولسىڭىز مەن ئۆزۈم توختاپ بېرەتتىم.

توختامىش ئوڭايسىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئۇ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ.
— نېمىشقا ئەمدى؟ سىز مېنى پەقەتلا ياراتمامسىز؟
— ئۇنداق ئەمەس... ئۇنداق دېمەك... بىز ئادەتتىكى دوست بولالايمىز، ئالاھىدە مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىلەمسىز، مەن ھامان بىر كۈنى يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىمەن.
— سىز ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇۋاتىسىز. كېيىن مەن سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا بارسام بولىدىغۇ ياكى شەھەرلەردىكى قىزلار بەك چىرايلىقمۇ؟
— سىز بەك چىرايلىق ناسىنجىرغىل، لېكىن سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ئۆزگىچە. قوچۇ قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىمۇ باشقىچە. بىز بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى. مېنىڭ يۇرىكىم قوچۇدا قالدى.
توختامىشنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ناسىنجىرغىلغا خۇددى يىلان چاققاندەك تەسىر قىلدى. قىزنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، شوخ كۆزلىرىدىكى ئوت ئۇچقۇنلىرى غايىب بولدى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، يىگىتتىن يىراقلاشتى. توختامىش گاڭگىراپ قالدى. «نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن؟ يەنە ئەخمەقلىق قىلغىلى تۇردۇمغۇ».
شۇنىڭدىن كېيىن ناسىنجىرغىل توختامىشنى ئات چاپتۇرۇشقا چاقىرمايدىغان بولدى. توختامىش يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، موڭغۇل باللىرىغا يېزىق ئۆگىتىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ يۈرۈۋەردى.
تاتا تۇڭانىڭ كۆڭلىرى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ يېقىن ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ قالغاچقا، ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن ئىدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يېزىپ خاتىرىلەيتتى ۋە

تارقىتاتتى، خانلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان كېڭەشلەرگە قاتنىشاتتى، چىڭگىزخان بىلەن بىللە يىراق - يېقىن جايلارغا سەپەرگە چىقاتتى...

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، مىلادىيە 1207 - يىلى كەلدى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كونا دۈشمەنلىرىدىن بولغان جۇرجىتلارنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى جىن سۇلالىسىغا قوشۇن ئەۋەتتى. موڭغۇل قوشۇنى جۇرجىتلارنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن ئات، تۆگىلەرگە ئارتىلغان، هارۋىلارغا بېسىلغان ئولپان - سېلىق ماللىرىنى ئېلىپ قايتتى. موڭغۇل يايلاقلىرىغا ئامەت ياغىدىغان دەۋر باشلانماقتا ئىدى. يەنە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، مىلادىيە 1208 - يىلى ئەتىيازدا چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ باتۇر سەركەردىلىرىدىن جەبە نويان بىلەن سۇبۇتاي باتۇرنى ھۇزۇرىغا چاقىردى.

— هازىر ئۈچ چوڭ يىرتقۇچ بىزنى پايلاپ ياتىدۇ، — دېدى چىڭگىزخان تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشقان ئىككى باتۇرغا، — بۇ يىرتقۇچلارنىڭ بىرى جۇرجىتلار. بىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق. لېكىن، ئۇلار يەنىلا بىزگە كۆز ئالايتىپ، چىشلىرىنى بىلەپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدۇ. ئىككىنچى يىرتقۇچ — تاڭغۇتلار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز ئۇلارغىمۇ بىرنەچچە قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بەردۇق. لېكىن، ئۇلارمۇ يەنىلا بىزگە هامان تەهدىت سېلىپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچى يىرتقۇچ — نايمانلار. ئۇلار تارمار كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۈچلۈكخان تېخىچە بىزدىن ئۆچ ئېلىش قەستىدە كۈچ توپلاۋاتىدۇ، بىزگە قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا، سىلەر ئىككىڭلار دەرھال ئاتلىنىپ، كۈچلۈكنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىڭلار!

جەڭ دۇمباقلىرى گۈلدۈرلىدى، تۇغ - ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى. جەبە باتۇر ۋە سۇبۇتاي نويان قوماندانلىقىدىكى

يــىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئالتاينىڭ ئېرىسىدىكى يىراق يەرلەرنى كۆزلەپ يۈرۈشكە ئاتلاندى. تاتا تۇڭا چىڭگىزخان بىلەن بىللە ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىقتى. توختامىشمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان موڭغۇل قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تاتا تۇڭانىڭ يېنىغا كەلدى.

— دوستۇم تارلان هازىر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئۇ ئەمدى قانداق بولۇپ كېتەر؟

تاتا تۇڭا خىيالچان كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ ئۈنچىقمىدى. ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟ توختامىشنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى.

※ ※

تارلان كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوۋلاپ كەلگەن جەرەننى ئات ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈردى. كىگىز ئۆيدىن ئۇنىڭ ئايالى، چىرايلىق نايمان چوكان شاد ـ خۇراملىق بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ۋاھ، جەرەن ئوۋلاپ كەپسىز ـ دە، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن قازان ـ چۆمۈچلەرنى تەييار قىلاي.

ئۇچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاققا قازان ئېسىلدى. جەرەن گۆشى پـورۇقلاپ قايناپ، مەززىلىك پۇراق تارقاتماقتا ئىدى. تارلان ئايالى بىلەن شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ، ياغاچ تەڭنىگە ئېلىنغان گۆشنى پىچاق بىلەن پارچىلاپ كەستى. ئەر ـ خوتۇن گۇڭۇر ـ مـۇڭـۇر پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ گۆش يەپ، شورپا ئىچمەكتە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت يېقىن يەردىكى تاغنىڭ كەينىدىن بىر توپ نايمانلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى.

— ئاي ـ هاي! موڭغۇللار كېلىۋاتىدۇ! موڭغۇللار يېقىن كېلىپ قالدى! — دەپ ۋارقىراپ جار سالدى ئۇلار.

ئەتىراپتىكى كىگىز ئۆيلەردىن نايمانلار پاتىپاراق بولۇپ

يۈگۈرۈپ چىقىشتى.
— تەييارلىنىڭلار!
— ئاتلىنىڭلار! — دېگەن ئۈنلۈك بۇيرۇقلار ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

تارلان سەكرەپ تۇردى - دە، ئوتلاقتىكى چۆشەپ قويۇلغان ئېتىنى تۇتۇپ ئېگەرلىدى. ئۇنىڭ ئايالى ساراسىمە ئىچىدە:

— ئاھ تەڭرىم، نېمە ئىش بۇ! — دەپ ئۇن سالغىنىچە قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى.

ئەركەكلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئاتلىنىپ بولدى. كۈچلۈكخان قورۇقچى، نۆكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەلدى. نايمانلار جەڭگە ئاتلاندى.

ئېرتىش دەريا ۋادىسىدا نايمانلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم قانلىق جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. كۈچلۈكخان ئومۇمىي سەپ بويىچە چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. جەبە نويان بىلەن سۇبۇتاي باتۇر بەك تېز ئىلگىرىلەپ كېتىپ بۆكتۈرمىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدى ۋە قوشۇنلارنى قوغلاشتىن توختىتىپ، قايتىدىن تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى.

نايمانلار شۇ چېكىنگىنىچە كۆكلەم ئۆتۈپ، ياز كۈنلىرى كەلگەندە ئىلى دەرياسىغا يېقىن جايلارغا كېلىپ قالدى. بۇ جايلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئارسلانخان قوشۇن تارتىپ چىقىپ نايمانلار بىلەن ئۇرۇشتى. نايمانلار قاتتىق زەربە بېرىپ قىستاپ كەلدى. ئارسلانخان قوشۇنلىرىنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى قاياس شەھىرىگە چېكىندۈرۈپ، سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقىدى. نايمانلار سېپىللەرگە قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرگە كىرەلمىگەندىن كېيىن كۈنپېتىش تەرەپكە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالمالىق[1]

[1] ئالمالىق — ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان شەھەر.

شەھەرىگە كەلدى. ئالمالىق ھاكىمى ئوزال قوشۇن تارتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە قايتا ـ قايتا جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىدى. ئاخىر كۈچلۈكخان ھىيلە ئىشلەتتى. نايمانلار ئالمالىق قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چېكىنىپ كەتتى. ئوزال ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئالمالىق شەھىرىدە بىرنەچچە كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى.

— ئوۋغا چىقىمەن، تەييارلىق قىلىڭلار، — بىر كۈنى ھاكىم ئوزال قول ئاستىدىكىلەرگە ئەنە شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئوزالنىڭ بېكەسى پاراسەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بېگىم، ئوۋغا بارماڭ، ئۇنداق قارامىلىق قىلماڭ، — دېدى ئۇ يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، — ئۇرۇش تېخى ئاياغلاشمىدى. نايمانلار تېخى بۇ ئەتراپتىن كەتكىنى يوق. ئېھتىيات قىلغىنىمىز ياخشى.

ئوزال بەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى.

— نايمانلار قاتتىق زەربە يېدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ئۇلار بىزگە چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇلاردىن ئۇنچىلىك قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئوزال بەگ ئوۋغا ھەۋەس بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قورۇقچى ۋە مەھرەملىرىدىن بولۇپ جەمئىي ئىككى يۈزچە ئادەم نەسىللىك ئىلى ئاتلىرىنى مىنىپ، دالىغا كەڭ يېيىلىپ، قۇلانلارنى قوغلاپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا نايمانلارنىڭ بۆكتۈرمە قورۇپ پايلاپ تۇرغان بىر تارماق ئاتلىق قوشۇنى ئۇشتۇمتۇت ئېدىرلار ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى. قۇلان ئوۋلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. كۈچلۈكخان نايمان قوشۇنىنى باشلاپ ئالمالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قۇربان بولغان ئوزال بەگنىڭ

بېكەسى ئۇيغۇر ـ قارلۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شەھەرنى قوغدىدى. نايمان قوشۇنى شەھەر سېپىللىرىگە نەچچە كۈن ئۇدا ھۇجۇم قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

كۈچلۈكخان قانداق قىلىپ بولمىسۇن، شەھەرنى ئېلىپ، ئۆزلىرىگە يېڭى ماكان بەرپا قىلىش نىيىتىدە تىت ـ تىت بولۇپ، قوشۇنلارنى ئۇزۇلدۇرمەي ھۇجۇمغا تەشكىللەپ تۇردى. يىراققا ماڭدۇرۇلغان چارلىغۇچىلار خۇددى ئاتقان ئوقتەك تېزلىكتە قايتىپ كەلدى.

— موڭغۇللار! يېقىن كېلىپ قالدى! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇلار.

دەرۋەقە، جەبە نويان ۋە سۇبۇتاي باتۇر قوشۇنلىرى ئالمالىق تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. كۈچلۈكخان ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. نايمانلار ئالمالىقنى تاشلاپ، داۋاملىق كۈنپېتىش تەرەپكە كېتىۋەردى. سۇبۇتاي قوشۇنى نايمان ۋە ئۇلارغا قوشۇلغان مەركىتلەرنى تاكى چۇ دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قارا قىتان خانلىقى چېگرىسىغا يەتكەندىن كېيىن ئارقىغا قايىتتى. كۈچلۈكخان شۇ قاچقانچە قىتانلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى. جەبە نويان ئالمالىقتا قالدى. ئالمالىق ئاھالىسى موڭغۇل قوشۇننى ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىلىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ قارشى ئالدى. قارلۇق ھۆكۈمدارى ئارسلانخان ئالمالىققا كېلىپ جەبە نويانىنىڭ ھوزۇرىغا داخىل بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ئارسلانخان قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملارنى راستىلاپ، يېقىنلىرىدىن توققۇز مۆتىۋەرنى باشلاپ، موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئونون دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككى تەرەپ بىرلىشىشكە ئەھدىنامە تۈزۈشتى.

چىڭگىزخان خۇشال بولۇپ:

— بىر قىزىمنى ساڭا بېرەي، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا ـ باجا بولۇپ ئۆتەيلى، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋە نايمان ـ مەركىتلەرنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن قۇتۇلدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## ئىدىقۇت خان ئوردىسى تۈردى

مىلادىيە 1209 - يىلى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. قىش ئۆتۈپ، ئۈزۈم تەكلىرى يېڭىدىن كۆكلەشكە باشلىغان كۈنلەر ئىدى. قوچۇ ئەتراپىدىكى جايلاردا ھايات ئۆز يولى بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى. يېزا - كەنتلەردە دېھقانلار تۆگە قوشۇلغان ساپان بىلەن يەر ئاغدۇراتتى، كەتمەن چېپىپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تازىلايتتى، تەك ۋە بېدىلەرنى ئوڭشايتتى، باغۋەنلەر مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلايتتى، پادىچىلار دالا - قىرلاردا قوي - كالىلارنى ئوتلىتاتتى... ئىشقىلىپ، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

قوچۇ شەھىرى ئىچىدىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتتىكىدەك ئۆتمەكتە ئىدى. چوڭ - كىچىك كوچىلاردا ئاتلىق، ئېشەكلىك، تۆگىلىك، ھارۋىلىق ۋە پىيادە يولۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ھەر خىل ئەن رەخت، چىنە - قاچا، ئېگەر - توقۇم دېگەندەك تۈرلۈك ماللار تىزىۋېتىلگەن دۇكان - رەستىلەرگە خېرىدارلار كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى، ئوتۇن ۋە سامان باسقان ھارۋىلار ئۇچراپ تۇراتتى. بەزەن كوچىلاردىكى جۈجەم، چىنار، قارىياغاچلارنىڭ تۈۋىدە ھەقەمسايىلار توپلىشىپ سۆھبەت قۇراتتى. ئومۇمەن، ئاسايىشلىق تىنچ كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى.

پەقەت شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئېگىز ۋە مەزمۇت سېپىللار بىلەن قورشالغان ئوردا تەرەپتىلا قانداقتۇر ئالدىراش

ۋە جىددىي ئىشلار بېجىرىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، يانلىرىغا قىلىچ ـ خەنجەر ئاسقان سانغۇنلار ۋە تاۋار تون كىيىشكەن مۇلكىي ئەمەلدارلار چىرايلىرى جىددىيلەشكەن قىياپەتتە ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تېز، گەپ ـ سۆزلىرى كەسكىن ئىدى. بۇ ھالەتكە دىققەت قىلغان بىر قىسىم پۇقرالار يىراقتىن ئوردا سېپىللىرىگە قاراپ:

— نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلۇغلار جىددىيلىشىپ قاپتۇغۇ، — دېيىشەتتى.

دەرۋەقە، ئوردا ئەھلى ھەم جىددىيلەشكەن، ھەم ئالاھىدە بىر خىل جەڭگىۋارلىق كەيپىياتقا تولغانىدى. بولۇپمۇ، ئىچى قايناپ تۇرىدىغان ئالابارس تارخاننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ۋە ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن باشقىچە غەيرەت ـ شىجائەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بويلۇق جەدە ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى سېپىل دەرۋازىسىدىن كىردى ۋە خان سارىيىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە قاسراقسىمان پولات ساۋۇتىنى شاراقلىتىپ ئېگەردىن سەكرەپ چۈشتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇپ قاراۋۇللۇقتا تۇرغان چېرىكلەر ئۇنىڭغا باش ئېگىپ يول بەردى. ئالابارس تارخان چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل ئىدىقۇت خاننىڭ ئالدىغا كىردى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئەگدى.

— قۇت بولسۇن، بۈيۈك خاقانىم.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان تاۋار توننى سېلىپ تاشلاپ، خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى سانغۇن، تارخانلاردەك پولات ساۋۇت كىيگەن ۋە يەلكىلىرىگە چېچىلىپ چۈشكەن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل تاۋار ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى. خاقاننىڭ بۈگۈنكى تۇرقى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، چىرايى سۇرلۇك

تۇس ئالغان، ھەرىكەتلىرى تېز ھەم كەسكىن بولۇپ، قانداقتۇر جىددىي ۋە مۇھىم بىر ئىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئالابارس تارخان كىرگەندە ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، گىلەم سېلىنغان خانا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېز ـ تېز مېڭىپ يۈرەتتى.

— قانداق بولدى؟ تەييارلىق پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تارخاننىڭ ئالدىدا توختاپ.

— ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى، بىز تەييار! — دېدى ئالابارس تارخان ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئىدىقۇت خانغا تىكىلىپ.

خاقانمۇ تارخانغا تىكىلىپ قارىدى.

— ئەمىسە، باشلايلى! — دېدى ئۇ.

ئىككىيلەن سارايدىن چىقتى. ئات باقار خاننىڭ ئۇزۇن پۇتلۇق، غاز بويۇن ئاق بوز ئېتىنى ئېگەرلەپ ئەكەلدى. بارچۇق ئارت تېگىن سول پۇتىنى ئۇزەڭگىگە ئالدى ـ دە، خۇددى ياش يىگىتلەردەك يېنىككىنە ئىرغىپ ئاتقا مىندى. ئالابارس تارخان ۋە ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان بىرنەچچە سانغۇنلارمۇ دەرھال ئاتلىنىپ خانغا ياندىشتى. ئۇلار ئوردا سېپىلىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئالابارس تارخان قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللىنىپ تەييار ھالەتتە كۈتۈپ تۇرغان ئۈچ يۈز چەۋەندازغا قاراپ:

— ئاتلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۈچ يۈز چەۋەنداز سەپ تارتىپ، خاقان ۋە سانغۇنلارغا ئەگەشتى. خاقان ئۇلارنى شەھەرنىڭ چەت ۋە خىلۋەت بىر يېرىگە جايلاشقان قىتان دارۇغاچىنىڭ تۇرار جايىغا باشلاپ باردى. قىتانلار ئۆزلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ ۋە قەستلەش ھەرىكەتلىرىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەھكىمە ۋە ئولتۇراق جايلىرىنى مەھەللىلەردىن يىراق بولغان ئايرىم بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى

ھەمدە تۆت ئەتراپىغا سىپىل سوقتۇرۇپ ئىھتىيات ۋە مۇداپىئە چارىلىرىنى كۆرگەنىدى.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ئۆزىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان ئالابارس تارخانغا دارۇغاچ مەھكىمىسىنىڭ سېپىللىرىنى كۆرسىتىپ، كەسكىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدى:

— مەلئۇن قىتانلارنى يوقىتىڭلار!

ئالابارس تارخان قىلىچىنى «شارت» قىلىپ قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، قورالliق چەۋەندازلارغا قاراپ:

— ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى ئات سالدى.

ئۈچ يۈز چەۋەنداز قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇردى. قىتانلار بۇنداق كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالدى. ئۇلار ھەتتا سېپىل دەرۋازىلىرىنى ئېتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇيغۇرلار خۇددى چۆلدىكى قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېلىپ قىلىچ، نەيزىلىرىنى ئىشقا سالدى. دارۇغاچ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىلىرى تۇزۇكرەك قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە قىلىچ ۋە نەيزىلەرنىڭ زەربىسىدىن ھالاك بولدى.

قىستان دارۇغاچ مەھكىمە بىناسىنىڭ دېرىزىسىدىن قورۇ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ مىسلىسىز قورقۇنچ ئىچىدە تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، چىرايىدا قاندىن ئەسەر قالمىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ ۋە ھاڭۋېقىپ تۇرغان بىرنەچچە بىتىكچى، مەھرەملىرىگە قاراپ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

— قاچايلى! تېز قاچايلى! قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن قايتىدىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ بۇ خەقنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، ئىدىقۇت خان دېگەن ئەبلەخنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!

ئۇلار ئالمان ـ تالمان مەھكىمىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن

چىقىپ، بەزىلىرى ئېگەرلەنگەن ۋە بەزىلىرى ئېگەرلەنمىگەن يايتاق ئاتلارنى مىنىشتى ـ دە، ئارقا دەرۋازىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشتى. ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قىتانلار ئەمدى نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي جان قايغۇسىدا قالغانىدى. لېكىن، ئۇلار قېچىپ يىراققا بارالمىدى. ئالابارس تارخاننىڭ چەۋەندازلىرى ئۇلارنى تېزلا قوغلاپ يەتتى. قىسقىغىنە «ئۇر ـ چاپ»تىن كېيىن قاچقۇچىلار بىرلەپ، ئىككىلەپ يىقىلىپ تۆكەشتى. پەقەت دارۇغاچىلا ئېتىنىڭ يۇگۈرۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ تېخىچە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قىسمىتىنىڭمۇ ئاخىرقى جۈملىسى يېزىلىپ بولغانىدى. ئالابارس تارخاننىڭ ئېتى تېخىمۇ يۈگۈرۈك ئىدى. تارخان دارۇغاچىغا يېتىشىۋېلىپ ئوڭ تەرەپتىن يانداپ كەلدى ـ دە، ئالماستەك ۋالىلداپ تۇرغان قىلىچىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن چاپتى. يەلكىسىدىن تۆۋەنگە قارىتا بىر غىرىچچە چېپىلىپ كەتكەن دارۇغاچ ئات ئۈستىدىن موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتى.

خان ۋە باشقا چەۋەندازلارمۇ يېتىپ كېلىپ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئىدىقۇت خان ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك سالاپىتى بىلەن ئاق بوز ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قوم ـ توپىلىق يەردە قانغا مىلىنىپ ياتقان دارۇغاچىنىڭ جەسىتىگە بىر ئەسناغىچە ئۇنچىقماستىن قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئادەملىرىگە نەزەر تاشلىدى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

«ئېلىمىزدە قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن قەدىمكى ئىدىقۇت زېمىنلىرى ھۆرلۈككە ئېرىشتى!»

ئالابارس تارخاننىڭ ھاياجاندىن نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— ئاخىر قۇتۇلدۇق بۇ مەرەزلەردىن، — دېدى ئۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. قوچۇ ۋە بەشبالىق شەھەرلىرىنى قوش ئاستانە قىلغان بۇ خانلىق قارا قىتان خانىغا قارام بولۇش دەۋرىنى ئاياغلاشتۇردى. ئەمدى ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ئىلگىرىكى ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ مەھكۇملۇق يولىغا ئوخشاشمايدىغان پۈتۈنلەي باشقىچە يېڭى يول تۇتقۇسى.

قوچۇ ئاھالىسى ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىقىپ ئۆز ئارا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشتى. سىپىللەردە، بەزەن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە، كوچىلاردا ناغرا ـ سۇنايلار ياڭرىدى. پۈتۈن شەھەر قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى. بەزىلەر كۈلەتتى، بەزىلەر يىغلايتتى ۋە بەزىلەر خۇشاللىقىدا ئۆزىنى بىسۇۋالالماي ئۇسسۇل ئويناپ كېتەتتى.

بارچۇق ئارت تېگىن ئوردىغا قايتىپ كەلدى. بارلىق ۋەزىرلەر، سانغۇنلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.

— دارۇغاچ باشلىق قىتانلار يوقىتىلدى، — دېدى ئىدىقۇت خان، — بىز ئەمدى ئولپان ـ سېلىق تۆلىمەيمىز. بىراق، قىتانلارنىڭ گۇرخانى بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئۆزىمىزنى قوغداپ، ياۋغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. ئالابارس تارخان، ئۇرۇش تەييارلىقىغا سىز مەسئۇل بولۇڭ.

— باش ئۈستىگە، بۈيۈك خاقانىم.

— نۆۋەتتە ئومۇمىي ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارچۇق ئارت تېگىن، — كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىزگە خىرىس قىلىپ، تەۋەيىمىزگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ كەلگەن تاڭغۇتلار يېقىندىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم موڭغۇللارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. بىزنىڭ ئەشەددىي

دۇشمىنىمىز بولغان قىتانلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن نايمان خانلىقىمۇ موڭغۇللار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. نايمانلارنىڭ كۇچلۇكخانى ھازىر پاناھ ئىزدەپ قىتانلار تەرەپكە كەتتى. شۇڭا، گۇرخان بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرىغىمۇ دۇشمەنلىك ئۇرۇقلىرى چېچىلدى. دېمەك، بىزنىڭ يەلكىمىزدىن بېسىپ تۇرغان زۇلمەت تاغلىرى كەينى - كەينىدىن يىمىرىلدى. بىز ئەمدى كۆكرىكىمىزنى كېرىپ، چوڭقۇر ۋە ئەركىن نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

كېڭەش ئىشتىراكچىلىرى جانلانغان ھالدا كۆتۈرەڭگۇ كەيپىياتتا ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي غۇلغۇلا قىلىشتى:

— قىتانلاردىن قۇتۇلدۇق، ئاھۇ زارىمىز كۆك تەڭرىگە يەتتى.

— قېنى، ئۇ تويىمايدىغان زومىگەرلەر يەنە كېلىپ باقسۇنچۇ!

— كۆك تەڭرى، كۆك بۆرە بىزگە مەدەت بەردى.

ئىدىقۇت خان كېڭەش ئەھلىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— بىز ئىلگىرىكى چاغلاردا دۇشمەنلىرىمىزنىڭ قورشاۋىدا تەنھالىقتا پېغان چەككەندۇق، — دېدى ئۇ، — بىز بىلەن ھەمنەپەس بولىدىغان بىرمۇ دوست تاپالمىغاندۇق. مانا ئەمدى مەنپەئەتلىرىمىز بىر يەردىن چىقىۋاتقان قۇدرەتلىك بىر خاقاننى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇ بولسىمۇ، تېمۇچىن چىڭگىزخان!

— توغرا! — دەپ خىتاب قىلدى ئالابارىس تارخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — بىز ئەمدى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز كېرەك.

ئىدىقۇت خان قېلىن گىلەم ۋە يۇمشاق كۆرپىلەردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان كېڭەش ئىشتىراكچىلىرىغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

— ئالابارس تارخان توغرا دەيدۇ، — دەپ ئاۋاز قوشتى ياش بىر سانغۇن، — بىز قىتانلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئىسكەنجىسىنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن جەزمەن موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىشىمىز كېرەك. بىز بەك يالغۇز قالدۇق. بىزگە ئىتتىپاقداش كېرەك، بىز ئىشەنچلىك دوست تېپىشىمىز كېرەك.

— مەن قوشۇلىمەن، — دېدى يەنە بىر چار ساقاللىق ئەمەلدار، — هازىر پەقەت شۇ چىڭگىزخانلا بىزگە دوست ۋە يار - يۆلەك بولالايدۇ.

— بىراق، چىڭگىزخان بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟ — دەپ ئۆزىنىڭ گۇمان ۋە ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى بىر ئاقساقال ۋەزىر.

ئالابارس تارخان دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— هازىر موڭغۇللارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىشەنچلىك دوستقا موهتاج. ئۇلار بىر تەرەپتىن جۇڭدۇنى ئاستانە قىلغان جىن سۇلالىسى بىلەن، بىر تەرەپتىن بىزگە چېگرىداش تاڭغۇتلار بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن قىتانلارغا دوست بولغان نايمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، راسا يالغۇزلۇق هېس قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە بىز موڭغۇللارغا، موڭغۇللار بىزگە ئېهتىياجلىق.

كېڭەش ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بەزىلىرى تارخاننىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان ۋە قايىل بولغان تەرزدە باشلىرىنى لىڭشىتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا، قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئادەملەرگە خاس هالدا قاشلىرىنى ھىمىرىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ ئولتۇراتتى. بارچۇق ئارت تېگىن شۇلارغا كۆز تىكتى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ قانداق دانا قاراشلىرى بار مۆھتىرەم ئاقساقاللار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرى سىلىق تارالغان بىر

مويسىپىت ئەمەلدار گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى ۋە ھەربىر سۆزىنى سوزۇپ - سوزۇپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— مۆھتىرەم ئالابارس تارخاننىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، بىزگە دوست كېرەك. لېكىن، شۇنداق بىر ھەقىقەتنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، موڭغۇللار بىلەن بىزنىڭ تىلىمىزمۇ، دىنىمىزمۇ بىر ئەمەس. ئۇلار ئۆزىنىڭ تىلىدا كالدىرلايدۇ، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيمىز. ئۇلار شامان - پېرىخونلارنىڭ يولىنى تۇتقان، بىز بولساق بەزىلىرىمىز بۇددانىڭ تەرىقەت يولىنى تۇتقان ساكيامونىنىڭ مۇخلىسلىرى، بەزىلىرىمىز ئىسانىڭ يولىنى تۇتقان ناسارالار ۋە يەنە بەزىلىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەت يولىنى تۇتقان مۇسۇلمانلار. بىز ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ئۈچ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان بولساقمۇ، شامان ئېتىقادچىلىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، موڭغۇللار بىلەن دوست تارتىشىپ كەتسەك توغرا بولماسمىكىن.

— توغرا گەپ بولدى، — دەپ ئاۋاز قوشتى قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىسقا قىرقىپ ياسىۋالغان ياش بىر سانغۇن، — موڭغۇللار بىلەن بىزنىڭ تىلىمىزمۇ، دىنىمىزمۇ باشقا. «تىلى باشقىنىڭ دىلى باشقا» دېگەن گەپ بار. ئەلۋەتتە، دىنى باشقىنىڭ يولىمۇ باشقا بولىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن بىرلىشەلمەيمىز!

يەنە بىرنەچچەيلەن يۇقىرىقى پىكىرلەرنى قوللىدى:

— موڭغۇللار بىزگە يات خەلق. ئۇلارغا ھەرگىز يېقىنلىششقا بولمايدۇ!

— موڭغۇللار بىلەن بىزنى بىر قازاندا قايناتسىمۇ قېنىمىز قوشۇلمايدۇ.

ئىدىقۇت خان ئوخشاشمايدىغان پىكىرلەرنى تەمكىنلىك بىلەن دىققەت قىلىپ تىڭشاپ ئولتۇردى. ئالا بارس تارخان ھەممەيلەننى

ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قايىل كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ سۆزلەيتتى:

— قىتانلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش بۇددا تەلىماتلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق. لېكىن، بىز ئۇلاردىن نېمە ياخشىلىق كۆردۇق؟ ئۇلار بىزگە رەھىم قىلىدىمۇ؟ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشالىدۇقمۇ؟ تاڭغۇتلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ دىنىمۇ بىزگە ئوخشاشقۇ. بۇ دۇنيادىكى مەنپەئەتلەر ئىنسانلارنىڭ تىلىغا ۋە دىنىغا باقمايدۇ. پەقەت ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئورتاق نىشان ئىنسانلارنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرالايدۇ. هازىر موڭغۇللار بىلەن بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزمۇ، نىشانىمىزمۇ بىر يەردىن چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇقەررەركى، ئۇلار بىلەن بىز بىر يولدا ماڭالايمىز.

يەنە بىر قىسىم ئەمەلدار، مۆتىۋەرلەر ئالابارس تارخاننى قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى:

— ھېسسىياتقا ئەمەس، ئەقىلگە تايىنىپ قاراپ باقىدىغان بولساق، تىلىمىز بىر، دىنىمىز بىر تائىپىلەردىن ھېچكىم بىزگە ئەسقاتمىدى. ئىتتىپاقداشلارغا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇگۈنكى كۈنلىرىمىزدە دەل شۇ موڭغۇللار بىزگە ئەڭ باب كېلىدۇ. چىڭگىزخان بىزگە ئەڭ كېرەكلىك ھۆكۈمدار.

— كىم بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى تۇرۇپ، بىزگە مايىل بولسا، شۇ بىزنىڭ دوستىمىز.

— بىز تىل، دىن، نەسەب سۈرۈشتۈرمەيمىز. بىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى خالايدىغانلا ئادەم بولسا، ھەممىسىنى قارشى ئالىمىز.

— بىز قىيىن شارائىتتا ئۆزىمىزگە دوست تېپىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بىزگە مايىللار تۇرماق، ھەتتا ئىتتىپاقلىشىشنى خالىمايدىغانلارمۇ بىز بىلەن ھەمكارلاشسا زىيان تارتمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ، ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىشنى

بىلىشمىز كېرەك. مانا بۇ ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ ئىشى.

بەس ـ مۇنازىرە ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەتتى. ھەتتا بەزىلەر قىزىپ كېتىپ، بىر ـ بىرىگە تىل ـ ھاقارەت تەگكۈزۈشكە باشلىدى. بىرلىرى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىش تەرەپدارلىرىنى، «ئەجنەبىلەرگە چوقۇنىدىغانلار» دەپ تىللىسا، يەنە بىرلىرى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا قوشۇلمايدىغانلارنى، «چوڭ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشنى بىلمەيدىغان خىيالپەرەس مۇتەئەسسىپلەر» دەپ ئەيىبلەشتى.

پۈتۈن بىر كۈن شۇنداق تالاش ـ تارتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئىدىقۇت خان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە دەلىللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇ، كېڭەشتە ئارتۇق گەپ قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت ئاقىل مۆتىۋەرلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈنلا بۇ كېڭەشنى چاقىرغانىدى. بارچۇق ئارت تېگىننىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىدى. ئۇ دائىما بىرەر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن يېقىنلىرىنىڭ پىكىر مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. كېيىن شۇ ئاڭلىغانلىرىنى ئۆز ئىچىدە مۇھاكىمە قىلىپ خۇلاسە چىقىراتتى. بەزىدە كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، بەزىدە تولۇق قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئاقىلانە تەدبىر قوللىنىشتا ئاڭلىغانلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىناتتى. ئۇ ھەتتا ئۆزىگە قارشى پىكىرلەردىنمۇ ئەقىل تېپىشنى بىلەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئىدىقۇت خان يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوردا ئەھلىنى يەنە بىر قېتىم سارايغا يىغدى. ئۆتكەنكى قېتىملىق كېڭەشتە بارچۇق ئارت تېگىن گىلەم ۋە كۆرپىلەر سېلىنغان ئايرىمخانىدا كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشكەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ سارايىنىڭ

قوبۇلخانىسىغا كىرىپ، تۆردىكى ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن تارتىپ پەگاھقىچە ئىككى قاتار نەقىشلىك كۇرسىلار تىزىلغان بولۇپ، ۋەزىر، سانغۇنلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە ئولتۇرۇشتى. خانا ئىچىدە تەنتەنىلىك سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى خاقانغا تىكىلگەنىدى. ئىدىقۇت خان تەختتە ئولتۇرۇپ، جامائەتنى ئۆز ھۇزۇرىغا جەم قىلغانىكەن، دېمەك، خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قارار ياكى بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ئۇچىسىغا پەش، ياقا ۋە يەڭلىرى مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەن قىزىل تاۋار تون، بېشىغا قاتۇرۇپ تىكىلگەن يېشىل مەخمەل بۆك كىيگەن ھالدا سېرىق ئالتۇن تەخت ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ، كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۆكى تېگىدىن يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قوڭۇر چاچلىرى ۋە ئاق ئارىلىغان ساقال - بۇرۇتلىرى تەكشى قىرقىپ ياسالغانىدى. ئۇ غەيرەت - شىجائەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى بىلەن جەم بولغان ئوردا ئەھلىگە بىر قۇر نەزەر تاشلىدى.

— ئەي دانىشمەن ۋەزىرلەر، باتۇر سانغۇنلار، مۆھتىرەم مۆتىۋەرلەر، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — خانلىقىمىز مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇڭا، بىز ئەمدى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق بولغان يېڭى يول تېپىپ مېڭىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول چىڭگىزخان بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش يولىدۇر. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرىمىزدىن ئۇتۇقلۇق مۇداپىئە كۆرەلەيمىز. بىز قىتانلارنىڭ يۇرتىمىزغا قاراتقان

مۇداخىلىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. ھالبۇكى، گۇرخان بۇنىڭغا ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدۇ. ئۇ ھامان بىرگە ئىستىلاچىلىق يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھازىر قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلارمۇ، كۇنپېتىش تەرەپتىكى قۇدرەتلىك خارەزىمشاھمۇ قىتانلارغا سىلىق تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزگە قوشنا بولغان تاڭغۇتلار بىلەن نايمان، مەركىتلەرمۇ گۇرخان بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، دەرھال چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاقلىششىمىز كېرەك. بىز جەڭ قىلىشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن، دوست تېپىشقىمۇ ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇ باياندىن سۆزگە مۇددىئايىم مەلۇم بولسۇنكى، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتمەكچىمەن. خەۋەردار بولغايسىزلەر. بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلايلى، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ جاۋابىنى كۈتەيلى. مېنىڭ قارارىم ۋە ھەرقايسىڭىزلارغا يەتكۈزىدىغان ئۇقتۇرۇشۇم ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. سۆزۈم تامام.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە بەللىرىنى پۈكۈپ خانغا ئېھتىرام بىلدۇردى.

— بۈيۈك ئىدىقۇت خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش بىز ئۈچۈن ئەڭ ئالىي شەرەپ!

— بۈيۈك ئىدىقۇت خانغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ، ئىتائەت كەمىرىنى چىڭ باغلاش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر.

ئوردا ئەھلى توققۇز تەزىم بىلەن تارقىلىشتى. پەقەت ئوڭ قول ۋەزىر خاقاننىڭ يېنىدا قالدى. ئىككىيلەن ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا ئەۋەتىلىدىغان ئىككى ئەلچىنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتتى، ئاندىن موڭغۇل خاقانغا يېزىلىدىغان بىتىكنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىدىغان گەپلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئەڭ ئاخىرىدا باش ۋەزىر مۇنداق دېدى:

— بۈيۈك خاقانىم، بىز ئۇچۇن چىڭگىزخان تېخى نامەلۇم شەخس. گەرچە ئۇ بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، دىققىتىمىزنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئويلىغانلىرىنىڭ بارلىقىنى، بىزگە بولغان كۆزقاراشلىرىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىز تېخى ئېنىق بىلمەيمىز. شۇڭا، بۇ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەندە ئۇنى بىر سىناپ كۆرسەك دەيمەن. ئەزىز خاقانىم بۇنىڭغا قانداق قارايدىكىن؟

— قانداق سىنىماق دەيسىز؟ ئويلىغانلىرىڭىزنى ئوچۇق سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى بارچۇق ئارت تېگىن.

باش ۋەزىر ئىدىقۇت خانغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەرقانداق ئەلدە ئادەملەر ئۆزلىرى چوڭ كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر بىلەن قۇدىلىشىشنى خالايدۇ. ئەگەر كىمكى قۇدىلىشىش تەلىپىنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ باشقىچە كۆزقاراشلىرى بار دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۈيۈك خاقانىم ئەلچىلەر ئارقىلىق ئىتتىپاقلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە چىڭگىزخانغا كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسا قانداق بولاركىن؟

ئىدىقۇت خان ۋەزىرىنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ خىيال سۈرۈپ قالدى.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىككىلەنگەن تەلەپپۇزدا.

— جىددىي سىناق پەيتىگە كېلىپ قالدۇق، — دېدى باش ۋەزىر، — چىڭگىزخان بىلەن قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى تېزرەك ئېنىقلاش بەك زۆرۈر.

ئىدىقۇت خان تەختتىن ئاستا چۈشۈپ ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتتى ـ دە، ئۇياق ـ بۇياققا ئالدىرىماي ماڭغىلى تۇردى. باش ۋەزىرمۇ ئۆزى ئولتۇرغان كۇرسىدىن قوپۇپ قول قوشتۇرۇپ

تۇردى. بىر ئەسناغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. خاقان ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— نۆۋەتتە چىڭگىزخان بىلەن بىرلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئۈچۈن بەك مۇھىم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەنىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىيىتىمىزنى، ھەقىقىي دوستلۇق ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. قۇدىلىشىش تەلىپى بىزنىڭ چىڭگىزخانغا بولغان سەمىمىيىتىمىز ۋە ئىخلاسىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

— شۇنداق، خاقانىم بەك توغرا مۇلاھىزە قىلدى، — دېدى باش ۋەزىر تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىتتىك لىڭشىتىپ.

شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدىكى ئاخىرقى قارار قوبۇل قىلىندى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىننىڭ ئەلچىلىرى قوچۇ شەھىرىدىن چىقىپ موڭغۇل ئېلىگە راۋان بولدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## نايمانلار ۋە قىتانلار

ئاخىرقى كۈنلەردىن بۇيان تارلاننىڭ روھى چۈشۈپ، جىمغۇر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ توختىماي كۈنپېتىش تەرەپكە كۆچۈۋاتقان نايمانلار ئارىسىدا كېتىۋاتقىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. نايمانلار ئالتاي تاغلىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. موڭغۇللار بۇ جايلارنىمۇ بېسىپ كەتتى. كۈچلۈكخان ئۆزىنىڭ نايمان ئېلىنى ۋە چىڭگىزخاندىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر قىسىم مەركىتلەرنى باشلاپ داۋاملىق كۈن پېتىشقا كېتىۋەردى.

— ئەمدى نەگە بارىمىز؟ نەگە كېتىۋاتىمىز؟— دەپ سورايتتى تارلان ھېچكىمدىن جاۋاب كۈتمىگەن ھالەتتە.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئاتلىق كېلىۋاتقان ئايالى غەمكىن كۆزلىرىنى ئېتىنىڭ يالىغا تىكىپ ئۈنچىقمىدى. تارلاننىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان يېقىن ئەتراپتىكى نايمانلار ئۇنىڭغا خۇشياقمىغان ھالدا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچمايتتى.

تارلان ئاتقا مىنىپ، چۆل - داللاردا توختىماي كۈن پاتىدىغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئىختىيارسىز تۇردە پات - پاتلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، كۈن چىقىدىغان تەرەپكە قاراپ قوياتتى. شۇ يۈرۈشىدە ئۇ ئۆز يۇرتىدىن، كىندىك قېنى

تۆكۈلگەن ئاشۇ ئىللىق ماكانىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. «شۇ كەتكەنچە ئەمدى نەلەرگە بېرىپ توختايمەن؟— دەپ ئويلايتتى ئۇ،— كەينىمدە قالغان ئاشۇ ئېتىزلىقلار، باغلار ۋە ئۈزۈمزارلارنى قاچان يەنە كۆرەرمەن؟!»

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە مۇڭلىنىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يېقىنىدىن ياندىشىپ كېلىۋاتقان ئايالى.

— يۇرتۇمنى سېغىنىدىم، — دېدى تارلان ئېغىر بىر تىنىق ئېلىپ.

— سەن هامان بىر كۈنى يۇرتۇڭغا كېتىسەن، — دېدى ئايالىمۇ مەيۇسلەنگەن ئاهاڭدا، — كەتكەندە مېنى تاشلاپ كېتەرسەنمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — دېدى تارلان ۋە ئوڭ قولىنى سوزۇپ، ئايالىنىڭ تىزگىن تۇتقان ئىسسىق قولىنى مەھكەم قىسىپ قويدى، — كەتسەم سېنىمۇ ئەكېتىمەن - دە، ئىككىمىز بىللە كېتىمىز.

ئايالى كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، — دېدى يەنە تارلان، — يا مەن بىلەن كېتىشنى خالىمامسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئايالى ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىراق، مەن بۇنداق گەپنى ئويلاپ باقماپتىمەن. ئىككىمىز بىزنىڭ ئېلىمىزدىن باشقا يەرگە كەتمەيمىز دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ، — دېدى تارلان، — هامان بىر كۈنى يۇرتۇمغا قايتىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلايمەن، يۇرتۇمغا قايتىش پۇرسىتى كەلگەندە سەن بىلەن بىللە كېتىمەن، ئىككىمىز بىللە كېتىمىز.

نايمان چوكان بۇ گەپكە خېلىلا قىزىقىپ قالدى.

— سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا كىشىلەر چوڭ شەھەرلەردە، يېزا ـ كەنتلەردە ياشايدىكەن. مەن ھازىرغىچە شەھەرلەرنىمۇ، يېزىلارنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. بىز ئېگىز تاغلاردا ھەم كەڭرى يايلاقلاردا ياشايدىغان خەلق. يۇرتۇڭلاردىكى تۇرمۇشقا كۆنەلەمدىم؟

— ئەلۋەتتە كۆنۈپ كېتىسەن. مانا مەنمۇ كۆچمەنلىك تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتتىمغۇ.

— شەھەر، يېزىلارنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىمەن.

— چوقۇم كۆرىسەن. مەن سېنى قوچۇ، بەشبالىق، چانبالىق شەھەرلىرىگە ئاپىرىمەن. بىز يەنە ياڭبالىق، سۇلمى شەھەرلىرىگىمۇ بارىمىز تېخى. ئۇ يەرلەردە كىشىلەر ئازادە، كەڭرى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. باغلاردا ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، جۇجەم قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۇرۇلىدۇ، ئېتىزلاردا بۇغداي، قوناق، زىغىر، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر، قوغۇن، تاۋۇزلار تېرىلىدۇ.

— شۇ يەرلەرنى بەك كۆرگۈم كېلىدۇ.

— چوقۇم كۆرىمىز.

تارلان بىر ياقتىن يۇرتىنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئايالىنىڭ سۆيۈملۈك چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا مۇڭ ـ ھەسرەتلىرى ئۇنتۇلۇپ، يۈرىكى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. ئەنە شۇنداق قوش تەسىراتنىڭ ئىلكىدە كۈن ۋە تۈنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، تارلان ئارزۇلۇق يەرلەردىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشماقتا ئىدى.

ئۇ پېشقەدەم ئۇستازى تاتا تۇڭانى ئۇنتۇمايتتى، يېگىدىن تونۇشقان دوستى توختامىشنىمۇ يادىدىن چىقارمايتتى. «ئۇلار ھازىر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ ئۇلار قازا تاپمىغانلا بولسا تايىنلىق موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. موڭغۇللار ئۇلارنى ئاياپ قويغانمىدۇ؟»

ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار تارلانغا ئارام بەرمەيتتى. نايمانلارنىڭ ئىلگىرىكى يەرلىرىنى هازىر موڭغۇللار ئىگىلەپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى ئىدىقۇت خانلىقىغا قانداق مۇئامىلىدە بولار؟ ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى يەرلەردە هازىر نېمە ئىشلار، قانداق يېڭىلىقلار بولۇۋاتقاندۇ؟» تارلان بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي تىت ـ تىت بولاتتى. هالبۇكى، ئۇ دەل مۇشۇ سوئاللارنىڭ ئېنىق جاۋابىنى ئۇقماي تۇرۇپ كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى.

كۇچلۇكخان باشچىلىقىدىكى نايمانلار داۋاملىق كۇنپېتىش تەرەپكە كېتىۋەردى. ئاتلىق، هارۋىلىق، تۆگىلىك ئادەملەر، ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار، ياشلار ۋە بالىلار ئۇزۇن سوزۇلغان كۆچمەنلەر ئېقىمىنى هاسىل قىلىپ، قەدىمىي دالا ـ قىرلارنىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزدى. ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، هارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرى ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك خىتابلىرىغا، كىملەرنىڭدۇر سوزۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىغا ۋە يەنە كىملەرنىڭدۇر كۈلۈشلىرىگە ياكى يىغلاشلىرىغا قوشۇلۇپ، بۇ ئادەمزاتسىز دەشتلەردە ئۈزۈلمەس تىرىكلىك شاۋقۇنىنى هاسىل قىلاتتى.

ئومۇمىي شاۋقۇن ئىچىدە يېقىن ئەتراپتىكى چەۋەندازلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى خىيالغا بېرىلگەن تارلاننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان چۆللەرگە كېلىپ قالدۇققۇ؟

— ئىلگىرى مەن بۇ يەرلەرگە كەلگەن. ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا مەرھۇم تايانخاننىڭ ئەلچىلىرىگە قورۇقچى بولۇپ، مۇشۇ چۆللەردىن ئۆتۈپ قىتان ئوردىسىغا بارغانمەن.

— دېمەك، بىز قىتان تەۋەسىگە كېتىۋاتىمىز دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق، بىز هازىر قىتانلار تەۋەسىگە كېلىپ قالدۇق.

— دېمەك، ئەمدى قىتانلاردىن پاناھ تىلەيدىكەنمىز ـ دە...

نايمانلارنىڭ چىرايلىرى سولغۇن، روھى چۈشكۈن ئىدى. ۋەھالەنكى، تارلان تېخىمۇ بەتەر ئىچكى ئازابقا پاتتى. «ئاھ، مەن نېمىدېگەن تەتۈر پېشانە! — دەپ ئويلايتتى ئۇ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا، — بۇ نىجىس قىتانلاردىن قېچىپ نايمانلارغا كەلسەم، ئەمدى ئۆز پۈتۈم بىلەن يەنە شۇ قىتانلارنىڭ ئالدىغا بارامدىم؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە قاچايمۇ بىراق، ئەمدى قېچىپ نەگە بارىمەن؟»

تارلان ئۆزىنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇنىڭ ئىچى گوياكى بىر قاراڭغۇ بوشلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى.

— قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا.

ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي يېقىن ياندىشىپ كېلىۋاتقان ئايالى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئەجەبلەنگەن ئاھاڭدا سورىدى:

— نېمە دەيسىز؟ نېمە بولدى؟

تارلان ئەمدى گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئايالى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى داۋالغۇشنى چۈشەندى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

شۇنداق قىلىپ، مۇھەببەت ۋە ھەسرەتنىڭ قوش ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان بۇ دەردمەن مۇساپىر خۇددى چوڭ ئېقىنغا چۈشۈپ قالغان يېگانە غازاڭدەك نايمان كۆچمەنلىرىنىڭ ئىچىدە قارا قىتان خانلىقى تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە كېلىپ قالدى.

ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن كەڭرى يايلاقنى بىر چوڭ دەريا كېسىپ ئۆتەتتى.

— چۇ دەرياسىغا كەلدۇق، — دېدى نايمان چەۋەندازلاردىن بىرى يىراقتىنلا قولىدىكى قامچا بىلەن ئاپتاپتا «پىل - پىل» چاقناپ ئېقىۋاتقان سۇزۇك سۇنى كۆرسىتىپ.

— قىتانلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە كىمدۇر بىرى.

دەرۋەقە، كۆنپېتىش تەرەپتىن قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغان بىر بۆلۈك قوشۇن ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كەلمەكتە ئىدى. نايمانلار يۇرۇشتىن توختىدى. كۈچلۈكخان بىرنەچچە مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا توپتىن ئايرىلىپ قىتانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— قايسى ئەل، قايسى تائىپىنىڭ ئادەملىرى سىلەر؟ نەگە بارماقچى؟— دەپ ۋارقىراپ سورىدى قىتان قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى.

— بىز نايمان تائىپىسىدىن بولىمىز، — دېدى كۈچلۈكخان يېقىن كەلگەندىن كېيىن، — بىز يىراق ئالتاي دىيارىدىن كېلىۋاتىمىز، جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ گۇرخانغا باش قويۇش، بۈيۈك قىتان ئوردىسىنىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش ئىستىكى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىقتۇق.

— ئەمدى ئالغا مېڭىشقا بولمايدۇ. خوجىمىز گۇرخاننىڭ ئىجازىتى يېتىپ كەلگۈچە مۇشۇ يەرنى چۇشكۈن قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى قىتان سەركەردىسى.

شۇ گەپ بىلەن قىتانلار يەنە كەلگەن يولىغا قايتىپ كەتتى. نايمانلار ئۇلاغ ۋە ھارۋىلىرىدىن چۈشۈپ چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرنى تىكتى، چوڭ ـ كىچىك قازان ۋە كورا ـ چۆگۈنلىرىنى ئۈچ ئاياغلىق تۆمۈر ئوچاقلارغا ئاستى.

تارلان ئۇيۇقتا تاقاشقان كەڭ دالىغا مەيۈس كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئۇزاققىچە جىمىپ تۇرۇپ كەتتى.

— تاماق تەييار بولدى، كېلىڭ، — دەپ چاقىردى ئايالى.

تارلان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە ياغاچ تەڭنىدىكى قورۇلغان تېرىقنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، خۇشياقمىغان تەرزدە ئاغزىغا سالدى.

— ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ، يەنە قىتانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى

چايقاپ.
— بوپتۇ، بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، — دەپ تەسەللى بەردى ئايالى، — ھېچ ئىش بولمايدۇ. قىتانلار بىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتىدىغۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمىدىن قورقىمىز؟
تارلان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە قورۇلغان تېرىقنى مەززە قىلماي چاينىدى.
ئۇزۇن سەپەردە ھېرىپ - ئېچىپ ھالى قالمىغان نايمانلار قورساقلىرىنى بىر قۇر تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن جىمىپ كەتتى. تولىسى ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئېغىناپ يېتىپ ئۇخلاپ كېتىشتى. بەزىلەر ئۇخلىمىغان بولسىمۇ، مۈگدە تولغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، ئۇنچىقماستىن يانپاشلاپ ياتاتتى. بەزىلەر غەم بىلەن ئېغىرلاشقان باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك ھەرىكەتسىز ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋازدا سوزۇپ ناخشا باشلىدى. بۇ قەدىمكى نايمان خەلق ناخشىسىغا يەنە بىرنەچچەيلەن قوشۇلدى. تارلان بىلەن ئايالى ناخشا ئاۋازى ياڭراۋاتقان تەرەپكە ئىختىيارسىز تۇردە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، دىققەت بىلەن تىڭشىدى. ئۇخلاۋاتقانلارنىڭمۇ بەزىلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى، بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ كېتىشتى، ھەتتا خەقىشلىك قىلىپ چاتاق چىقىرىۋاتقان باللارمۇ يىغىسىنى توختىتىپ ناخشىچىلار ئولتۇرغان يەرگە يۈگۈرۈشتى. بۇ ناخشا نايمان خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بۇلۇتلاردىنمۇ ئېگىز كۆك ئاسماننىڭ قەرىگە ئاچىقماقتا ئىدى. گوياكى پۈتۈن كائىنات چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەندى، شۇ ناخشىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئىشىتىلمەيتتى.
ئاق كىگىز ئۆيدە پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ھاردۇق چىقىرىپ ياتقان كۇچلۇكخان ئاستىغا سېلىنغان قات - قات ئېيىق

ۋە يىلپىز تېرىلىرىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقتى.

— كىملەر ئۇ توختىماي ناخشا ئېيتىۋاتقان؟ — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

خانىنىڭ خىزمىتىگە تەييار ھالەتتە كىگىز ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىككى مۇلازىم دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئۇلار ناخشىنى توختاتسۇن، بىز بېرىپ ئۇلارغا خانىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزەيلى، — دېدى ئۇلار ۋە مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ياق، توختاڭلار، — دېدى كۈچلۈكخان قول ئىشارىسى قىلىپ، — بولدى، ناخشىنى ئېيتىۋەرسۇن.

مۇلازىملار تەزىم قىلىپ كەينىگە ياندى. كۈچلۈكخان يەنىلا قوشۇمىسى تۈرۈلگەن قىياپەتتە ئۇنچىقماستىن تۇرىۋەردى. ئۇ ناخشىنىڭ مۇڭىغا بېرىلىپ كەتتىمۇ ياكى قانداقتۇر بىر چىگىش مەسىلىلەرنى ئويلاۋاتامدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلانغان غەمسىز كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتامدۇ ياكى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ سىناقلىرىغا يەنە قانداق تاقابىل تۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

قايسىدۇر بىر چېدىر ۋە ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇشقان ناخشا ھەۋەسكارلىرى خۇددى ئىچىدە يىغىلىپ قالغان دەرد ـ پىغانلىرىنى شۇ ناخشا بىلەن تۆكۈپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك بارغانسېرى ھېسسىياتلىنىپ، نايمان خەلقىنىڭ يۈرەكلىرىدە ئۇچقۇنلاپ ئۆچمەيدىغان ئاتا مىراس غايىلەرنى كۈيلىمەكتە ئىدى.

كۈن ئولتۇرۇپ، ئاسماننىڭ غەربىي قىسمى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتتى. نايمان كۆچمەنلىرىنىڭ قىتان تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى كېچىسى يېتىپ كەلدى. بۇ كېچىنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئۆزىنىڭ كەينىدە يەنە قانداق خۇشاللىق ۋە قانداق خاپىلىقلارنى يوشۇرۇپ تۇرغاندۇ؟ ئەتىكى كۈن سەرسان بولغان جاپاكەش نايمانلارنى تەقدىرنىڭ يەنە قانداق يوللىرىغا سېلىپ قويار؟

ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. ئاي ۋە يۇلتۇزلار كۆرۈنمەي قالدى. ھېلى قىزىرىپ تۇرغان كەچكى شەپەقمۇ سوغۇق شامال بىلەن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار ئاستىدا غايىب بولدى. كۈچلۈكخان بارغانسېرى كۈچىيىپ كېلىۋاتقان شامالغا يۈزلىنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ناخشا توختىدى. شامال قاتتىق گۈركىرەپ، بىردەمدىلا قارا بورانغا ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرى، قورقۇپ كەتكەن باللارنىڭ يىغلاشلىرى، بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن نەرسە - كېرەكلەرنىڭ قالايمىقان تاراقلاش ۋە گۈلدۈرلەشلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. كۈچلۈكخان كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى، نەپسى بوغۇلدى. مۇلازىملار ئىككى ياندىن كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. ئۇلار كىگىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. بوران توختىماي قۇتراپ، ئۆينى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟ كۈچلۈكخان گۇرخاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى زېمىنغا كېلىشى بىلەنلا قارا بورانغا دۇچ كەلدى. گوياكى پۈتۈن تەبىئەت بۇ سەرگەردان خانغا تەتۈر قاراۋاتقاندەك ئىدى.

قارا بوران ئىككىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئاران بېسىقتى. يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، تېخى ھاردۇق چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن كۆچمەنلەر جۇدۇنلۇق ئۇيقۇسىز كېچىنى تەستە ئۆتكۈزدى ۋە ئەمدى پۈتۈن دالىغا چېچىلىپ، بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن نەرسە - كېرەكلىرىنى، پىتىراپ كەتكەن ئات ۋە تۆگىلىرىنى يىغىشقا كىرىشتى. ئەنە شۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە يەنە بىر كۈن ئۆتتى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كۈنى كەچكە يېقىن قىتان ئوردىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى بىر توپ قورۇقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى. كۈچلۈكخان ئاقساقال - مۆتىۋەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن قىتان ئەمەلدار كۈچلۈكخانغا مۇراجىئەت

قىلدى:

— باھادىر كۈچلۈكخانغا مەلۇم بولسۇنكى، خوجىمىز ۋە تەڭداشسىز خاقانىمىز چۈرۈق گۈرخان سىزلەرنى ئاستانىمىزگە تەكلىپ قىلدى.

قىتانلار 12 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامۇر (خېيلۇڭجياڭ) ۋادىسىدىن چىققان ۋە ئىدىقۇت خانلىقى، تارىم ۋادىسى، يەتتە سۇ رايونى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، بۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى قىشلىق ئاستانىسى بولغان بالاساغۇن شەھىرىنى قىتان خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قىلىۋالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، نايمانلار بالاساغۇن ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا ماكانلاشتى. كۈچلۈكخان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن شەھەرگە كىردى. گۈرخان ئۇلارنى خۇش مۇئامىلە ۋە مېھرىبانلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. قىتانلارنىڭ چۈرۈق گۈرخان ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدارى چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئاغزىدا چىشلىرى قالمىغان، ئورۇق گەۋدىسى مۈكچىيىپ قالغان بىر قېرى بوۋاي ئىدى. ئۇ نايمانلارنىڭ مەرھۇم خاقانى تايانخان بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ، يېقىن بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكخانىمۇ خۇددى يېقىن تۇغقىنىنى كۆرگەندەك ئەزىزلىدى.

— تايانخاننىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ بەك ئېچىندىم، — دېدى ئۇ قېرىلىقتىن تىترەپ چىققان زەئىپ ئاۋازدا ياشقا تولغان نۇرسىز كۆزلىرىنى تېز - تېز چىمچىقلىتىپ.

كۈچلۈكخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئېغىر تىنىپ قويدى.

— تېمۈچىن دېگەن ناكەس ئىتتىن خان ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ياردەم بەرگەيسىز، قۇدرەتلىك ئۇلۇغ گۈرخانىم، — دېدى ئۇ ئىلتىجا، غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك مەنىلىرى سىڭگەن

ئاجايىپ بىر تەسىرلىك ئاۋازدا.

ئۇلار ئىككىسى قىتان ئوردىسىدىكى گىلەم ۋە تاۋار كۆرپىلەر سېلىنىپ كۆركەم بېزەلگەن ياسىداق ھوجرىدا ئايرىم ئولتۇرۇپ پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭداشتى.

— تايانخان بىلەن كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى، — دەيتتى چۇرۇق گورخان، — ئىككىمىز بۇزۇلماس ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھەمدەم - ھەمنەپەس بولۇپ، تۇمشۇقلۇقنىڭ چوقۇشىغا، قاناتلىقنىڭ قېقىشىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغانىدۇق. ئىككىمىز گويا بىر ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى ئىدۇق. بىر چاق سۇنۇپ كەتسە ھارۋا ئورنىدىن قوزغالماس بولىدۇ. شۇڭا، ئەمدى سەن ئاتاڭنىڭ ئورنىدا شۇ ھارۋىنىڭ بىر چاقى بول. بىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا بىر ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى بولۇپ بىللە يۈرەيلى.

كۇچلۇكخان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئەگدى.

— ئۇلۇغ گورخانىم، مەن سىزنى ئاتامنىڭ ئورنىدا كۆرىمەن. سىز ئاتا، مەن بالا. سىز ھارۋا بولسىڭىز مەن شۇ ھارۋىنىڭ شوتىسى بولاي، سىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت بولسىڭىز مەن شۇ بۈركۈتنىڭ قانىتى بولاي، مەن ئاتامنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ، ئوتتۇرىمىزدىكى ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىمەن، بۇ ئىتتىپاققا مەڭگۈ سادىق بولىمەن!

— ئىشىنىمەن بالام، سۆزلىرىڭگە ئىشىنىمەن، چۈنكى سەن ھۆرمەتلىك تايانخاننىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ، — دېدى چۇرۇق گورخان بېشىنى لىڭشىتىپ.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرى ياشىغان ئالتايدىكى تاغ ۋە دالىلارنى تەرك ئېتىپ، بەختسىزلىك قىسمىتىنىڭ خەۋپلىك سىقىشلىرى ئىچىدە سەرسان بولغان كۇچلۇكخان ئاخىر قىتان ئاستانىسى بولۇپ قالغان بالاساغۇن شەھىرىدە پاناھ تاپتى. گورخان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ تۇردى.

بارا ـ بارا ئۇ خۇددى گۇرخان ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىدەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشسا يىقىنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، كەڭ داللاردا ئات چاپتۇرۇپ، كۆندۈرۈلگەن بۇركۇت، قارچىغىلارنى ئۇچۇرۇپ، ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا ئۆزىگە ئايرىپ بېرىلگەن ھەشەمەتلىك قەسىر ئىچىدە قات ـ قات ئېسىل گىلەملەر ۋە يۇمشاق كۆرپىلەردە ئېغىناپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. پايانسىز قىرلاردا يايراپ ئۆسكەن تۇغما كۆچمەن ئەمدى ئۆزىنى قەپەسكە سولانغاندەك ھېس قىلىپ بۇرۇقتۇرما بولاتتى. ئەركىن، يۇگەنسىز يايلاق تۇرمۇشىنى ئەسلەپ مەيۇسلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ دائىم ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ قالسا گۇرخان قەسرىگە بېرىپ مېھمان بولاتتى. گۇرخان ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلاتتى. قېرىپ كەتكىنىدە تالا ـ تۈزگە تولا چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان چۇرۇق گۇرخان پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەتداشىنىڭ كەلگىنىگە بۆلەكچە خۇش بولۇپ كېتەتتى. كۇچلۇكخان ھەر كىمگە ئۆز لايىقىدا شېرىن سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئوۋلاشقا ماھىر ئىدى. شۇڭا، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ئوردىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى نايمانلارنىڭ بۇ دەردمەن ياش خاقانىنى ياقتۇرۇپ قالدى. كېيىنچە يەنە بەزىبىر مۇھىم ئامىل بۇ خىل كۆڭۈلچەكلىك مۇناسىۋەتلىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

كۇچلۇكخان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ باھادىرلارچە قاۋۇل بوي ـ بەستى، قاراقاش، ئۆتكۈر كۆزلىرى گۇرخاننىڭ كەنجى قىزىدا ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ ياش مەلىكە كۇچلۇكخاننى كۆرگەندە خۇشال بولۇپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ نازلىناتتى ھەمدە بۇ خان يىگىت بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشكە، يېقىن تۇرۇپ سۆزلىشىشكە ئىنتىزار بولغانلىقىنى قىلچە يوشۇرمايتتى.

بۇ ھېسسىياتچان خان قىزىنى نايمان يىگىت ئۇستاتلىق بىلەن ئىــــندەككە كەلتۈردىمۇ ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىغا غايىبتىن ئىسسىقلىق چۈشتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئاخىر ئاشىق ـ مەشۇقلۇق رىشتى باغلاندى. ئۇلار قىتان ئوردىسىدىكى باغچىلاردا ۋە خاس ھۇجرىلاردا پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئىدىقۇت خان ۋە چىڭگىزخان

چىڭگىزخاننىڭ مۇھىم ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولغان جەبە نويان توختامىشنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. توختامىش گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قوي تېرىلىرىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى.

— خوش كېلىپسىز جەبە نويان باتۇر، كېلىڭ، مەرھەمەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

توختامىش جەبە نويان بىلەن يېقىندىن بۇيان خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى. بۇ باتۇر نويان توختامىشتىن ئۇيغۇرلار ۋە ئىدىقۇت خانلىقى توغرۇلۇق كۆپ گەپلەرنى قىزىقىپ سورايتتى. توختامىشمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە خۇشتار ئىدى. بىر كۈنى جەبە ئۆزىنىڭ ھاياتىدا پەۋقۇلئاددە بۇرۇلۇش ياسىغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

جەبە ئەسلىي چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان جامۇقانىڭ ئادىمى ئىدى. تېمۇچىن قوشۇنى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلدى. سەپ ئالدىدا قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان تېمۇچىننىڭ چىرايلىق ئاق بوز ئېتى مەرگەن جەبەنىڭ ئاتقان ئوقىدا يىقىلدى. تېمۇچىن ئېتىنى ئالماشتۇرۇپ جەڭنى داۋاملاشتۇردى. جەڭ جامۇقانىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئوتتۇرا بوي، دىقماق كەلگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت تېمۇچىننى ئىزدەپ كەلدى.

— ئىسسىم جىرغۇتاي، تايچىغۇت قەبىلىسىنىڭ ئىسۇت ئۇرۇقىدىن بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ.

تېمۇچىن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— دېمەك، سەن جامۇقانىڭ ئادىمى ئىكەنسەن ـ دە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، — دەپ دادىل جاۋاب بەردى جىرغۇتاي ئىسىملىك بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان يىگىت، — ئۆتكەنكى جەڭدە سېنىڭ ئېتىڭنى ئاتقان كىشى مەن.

تېمۇچىننىڭ ھەيرانلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى.

— ئۇنداق بولسا، قورقماي مېنىڭ ئالدىمغا نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلاي دەپ كەلدىم. سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا قايىل بولدۇم، ئەقىل ـ پاراسىتىڭگە كۆزۈم يەتتى. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇساڭ پەقەت ئالىقانچىلىك يەرنىلا قانىغا بويايسەن. ئەگەركى، مېنى ئۆلتۈرمەي خىزمىتىڭگە سالساڭ، شىددەتلىك ئېقىن سۇنى كەينىگە ياندۇرىمەن، تاغدەك ئۇيۇلتاشلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىمەن!

تېمۇچىن ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالدى.

— قورقۇمسىز مەرت ئوغلان ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — گەپلىرىڭدىن سەمىمىيلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى زىيانكەشلىك قىلغان دۈشمەن ئادەتتە بۇنى قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرماي سىر ساقلايدۇ. لېكىن، سەن ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن كېلىپ، بولغان ئىشنى راستچىللىق بىلەن ئېيتتىڭ. مەنمۇ ساڭا قايىل بولدۇم. ئەمدى مېنىڭ نۆكىرىم بولۇپ قالغىن.

— مېنى قوبۇل قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلمايسەن، ئەي باتۇر تېمۇچىن، — دېدى جىرغۇتاي.

تېمۇچىن ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

— سەن ماڭا قارىتىپ ئوق ئېتىپسەن. مۇشۇ قىلمىشىڭنىڭ

خاتىرىسى ئۈچۈن ئەمدى سېنىڭ ئىسمىڭ جەبە[1] بولسۇن.
شۇنىڭ بىلەن، تايچىغۇت قەبىلىسىدىن كەلگەن جىرغۇتاي ئىسمىلىك بۇ ئاجايىپ مەرت يىگىتنىڭ ئىسمى شۇنىڭدىن باشلاپ «جەبە» دەپ ئاتالدى. ئۇ، ھەقىقەتەن، تېمۇچىننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، چىڭگىزخانغا يېقىندىن ئەگىشىپ، چوڭ - كىچىك نۇرغۇن جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى ۋە كېيىن «نويان» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ چىڭگىزخاننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە باتۇر دەپ تونۇلغان سەركەردىلىرىدىن بىرى ئىدى.
جەبە نويانىنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرى توختامىشقا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغان ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ چىڭگىزخاننىمۇ، جەبە نويانىنىمۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنگەندەك بولدى. داڭقى چىقىپ قالغان بۇ تايچىغۇت باتۇر بوش ۋاقىتلىرىدا توختامىشنىڭ يېنىغا كىرىپ بىرەر - يېرىم دەم پاراڭلىشىپ ۋە بەزىدە بىرەر - ئىككى چىنە مەي ئىچىشىپ چىقاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ مەي ئىچىشكىلى كىرمىگەنىدى. ئۇ توختامىشنىڭ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىغا قۇلاق سالماستىن مۇنداق دېدى:
— ھە، باخشى، مۇشۇنداق يېتىۋېرەمسەن؟ يۇرتداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمامسەن؟
توختامىشنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى.
— يۇرتداشلىرىم؟ قايسى يۇرتداشلىرىم؟— دېدى ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ.
— قوچۇدىن ئىدىقۇتنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى، — دېدى جەبە نويان.
— قېنى ئۇلار؟ نەدە؟
— چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىدا.
توختامىش تالاغا ئىنتىلدى.

[1] جەبە — موڭغۇل تىلىدا «ئوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

— جەبە نويان، مېنى باشلاپ بارسڭىز، ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي.
— بارساق بارايلى، ئۇلار چىڭگىزخان بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈشسەڭ بولىدۇ. يۇر ئەمىسە.
چىڭگىزخاننىڭ تۇرالغۇسى بىر تاغنىڭ نېرىسىدا بولۇپ، بۇ يەردىن ئاتلىق يۈرگەندە بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بارغىلى بولاتتى. جەبە نويان بىلەن توختامىش ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يېتىپ بارغاندا موڭغۇل - ئۇيغۇر ئىككى تەرەپ سۆھبىتى ئاياغلىشىپ، كۆپچىلىك مەخمەلدەك يېشىل ئوتلاقتا راسلانغان سورۇندا جەم بولغانىدى.
ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغان چىڭگىزخان ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ:
— جەبە نويان قېنى؟ جەبە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مانا مەن! — دەپ توۋلىدى ئېتىدىن چۈشۈپ سورۇنغا يېقىن كېلىپ قالغان جەبە نويان.
— نەدە يۈرىسەن؟ بۇياققا كېلىپ ئولتۇر، — دېدى چىڭگىزخان.
— مۇنۇ ئۇيغۇر باخشىنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى جەبە نويان يېنىدا كېلىۋاتقان توختامىشنى كۆرسىتىپ.
— ھە، يىگىت، بۇياققا كەل، يۇرتداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈش، — دېدى چىڭگىزخان توختامىشقا قاراپ ۋە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى كىشىنى كۆرسىتىپ.
توختامىش ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا، ئاندىن كۆپچىلىككە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ھەمدە ئۇچىلىرىغا يالتىراق تاۋار تون، تاقىر باشلىرىغا كۆپتۈرمە مەخمەل بۆكلەرنى كىيىشىپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ئىككى ئەلچىنىڭ يېنىغا كەلدى.
— قۇت بولسۇن ئاكىلار.

— قۇت بولسۇن باخشى ئۇكە.

شۇ يەردە ئولتۇرغان تاتا تۇڭا شادىيانە كۈلۈمسىرەپ، ئەلچىلەرگە توختامىشنى تونۇشتۇردى:

— بۇ يىگىت قوچۇدىن كەلگەن. ھازىر بۇ يەردە باخشى بولۇپ، موڭغۇل ياشلارغا يېزىق ئۆگىتىۋاتىدۇ.

— بۇ يەرگە قاچان كەلگەنىدىڭىز؟ — ئەلچىلەردىن بىرى قىزىقىپ سورىدى.

— قوچۇدىن چىقىپ كەتكىنىمگە بەش يىل بولدى.

— شۇندىن بۇيان قوچۇغا بارالمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، بارالمىدىم··· بارالمىدىم···

— بۇنى مەن دەپ بېرەي، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى تاتا تۇڭا، — توختامىش قوچۇدىكى قىتان دارۇغاچىنىڭ بىر گۇماشتىسىنى جازالىيمەن دەپ قولغا چۈشۈپ قالغان. كېيىن ئۇ قىتانلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، مېنىڭ بىر قەدىناس بۇرادىرىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئالتايغا كەلگەن.

— دېمەك، سىز قىتانلار بىلەن قارشىلاشقان باتۇر ئىكەنسىز - دە، — دېدى ئەلچىلەردىن بىرى، — ئەمدى قورقماستىن يۇرتىڭىزغا بارسىڭىز بولىدۇ. ئىدىقۇت تەۋەسىدە قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى.

— نېمە؟ ھازىر قوچۇدا قىتانلار يوقمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى توختامىش.

— ئەمدى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا قىتانلار يوق.

توختامىشنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

— ئاخىر مەن تەقەززا بولغان كۈنلەر كەپتۇ - دە! ئاخىر پۈتۈن ئەل تەڭرىدىن تىلىگەن دەۋر كەپتۇ - دە!

ئىدىقۇت ئەلچىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ تەسىرلەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى. توختامىش ئۇلۇغلار ئالدىدا داۋاملىق سۆزلەشتىن ئەيمىنىپ، ھاياجانلىق سۈكۈتكە چۆمدى. سۆھبەت ۋە زىياپەت

دوستانه كەيپىيات ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئۆتتى.
ئىككىنچى كۈنى توختامىش تاتا تۇڭانى ئىزدەپ كەلدى.
— ئۇستازىم، مۇشۇ ئەلچىلەر بىلەن بىللە قوچۇغا قايتىپ كېتەيمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ.
تاتا تۇڭا ئويلىنىپ قالدى.
— سەن هازىر چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ، — خىزمىتىڭنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كەتسەڭ بولماسمىكىن، ئاۋۋال قولۇڭدىكى شاگىرتلىرىڭنى ئوقۇتۇپ بول، ئاندىن ئېپىنى كەلتۈرۈپ خاندىن رۇخسەت سورايلى.
توختامىش بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ ئۇستازى تاتا تۇڭانىڭ گېپىنى يىرمىدى، ئۇنىڭ بۇ مەسلىھىتىنى ئورۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا تاتا تۇڭانىڭ كىگىز ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ ئېتىغا مىندى. ئاتمۇ ئىگىسىنىڭ روهىي كەيپىياتىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت غايىبانە بىر تۇيغۇدىن توختامىش ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىغا قارىدى. ئاتقا مىنگەن چىرايلىق موڭغۇل قىزى ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەنىدى.
— ناسىنجىرغىل ... — دېدى يىگىت تېڭىرقاش ۋە ئەجەبلىنىش ئالامەتلىرى ئارىلاشقان غەمكىن كۆزلىرى بىلەن قىزغا قاراپ.
ناسىنجىرغىلنىڭ چىرايىمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. خېلى بىر يەرلەرگە بارغۇچە هەر ئىككىسى ئۈنچىقماستىن ياندىشىپ كېتىۋەردى. بۇ ئېغىر سۈكۈتكە ئاخىر قىز بەرداشلىق بېرەلمىدى.
— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — دېدى ئۇ ئىنتىزارلىق ئاهاڭلىرى سېزىلىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا.
توختامىش ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ پەرىشانلىق بىلەن بېشىنى

تۆۋەن سالدى.

— يۇرتۇمدىن ئەلچىلەر كەپتۇ، — دېدى ئۇ باشقا گەپ تاپالماي.

— بۇنى بىلمەن، — دېدى ناسىنجىرغىل، — ھازىر ھەممە خەق شۇ ھەقتە سۆزلىشىپ يۈرىدۇ، ئەمدى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان بولدۇق، دېيىشىۋاتىدۇ. لېكىن، سىزنىڭ ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟

توختامىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، بىراق شۇ تاپتا نېمە دېيىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان، روھى چۈشكۈن ئىدى. ئۇ ھازىرچە قوچۇغا قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، گويا كى سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ناسىنجىرغىل بىردەم شۈك بولغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— توختامىش باخشى، ئاتا ـ ئانام مېنىڭ توييۇمنى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

توختامىش چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ بىر قارىدى ـ دە، يەنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ كۆزلىرىنى قاچۇردى. ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يىگىت كۆڭلىدە بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ بولغۇچە قىز ئېتىنى زەرب بىلەن قامچىلىدى. ئات يۇلقۇنۇپ چاپچىدى ـ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. توختامىشنىڭ ۋۇجۇدى بەئەينى كۆرمەس، ئاڭلىماس ۋە سەزمەس بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ تېڭىرقىغان ھالدا ئېتىنى توختىتىپ قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. قىز يىراقلىشىپ، كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈن ۋە توم ـ توم ئىككى ئۆرۈمە قارا چېچىنىڭ خۇددى چار يىلاندەك تولغىنىپ جەۋلان قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئۇزاققىچە يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى.

توختامىش ئۆزىنى خۇددى گاراڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس

قىلاتتى، شۇ تاپتا كۆڭلىنىڭ نېمىنى تارتىدىغان ۋە نېمىنى تارتمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قوچۇنىڭ توپىلاڭ كوچىلىرى، ئۆزىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن ئاتا مىراس ئۆيى، مەرھۇم ئاتىسى بولدۇز قايا، ئاتىسىنىڭ جان دوستى بادرۇق باخشى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ سىغىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق خىيالىي كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىن قوڭۇر چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۇلدەك چىرايلىرى ئاقار يۇلتۇزلاردەك نۇرلىنىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايناق يىگىتلىك ھېسسىياتى گوياكى قورام تاشلار ئاستىدا قېلىپ پىغان چېكىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

«ناسىنجىرغىلنى نېمە ئۇچۇن رەت قىلدىم؟ ئۇ شۇنداق ياخشى قىز ئىدىغۇ! نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلمىدىم؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە نېمە ئۇچۇنلۇكىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرەلمەيتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى نجاتكار، ئاق كۆڭۈل، مېھرى ئىللىق تۇركەنئاي دېگەن قىز پەيدا بولاتتى. توختامىش ئۇنى ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەسلىككە، ئويلاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئارتۇقچە ئەخمىقانە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەسلىككە تىرىشاتتى، لېكىن ھامان شۇ بىر قىزنىڭ غايىبانە ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلالمايتتى. «توۋا! ئادەم بالىسىنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ چۈشىنىكسىز بولىدىكەن - ھە! — دەيتتى توختامىش ھەيرەت ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ، — تۇركەنئايغا پەقەت مىننەتدارلىقتىن باشقىچە ھېسسىياتىمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ. كۆڭلۇمدە داۋالغۇش يۈز بەرگەن پەيتلەردە نېمە ئۇچۇن ئۇنى ئەسلەپ قالىمەن؟»

توختامىش خىيال ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي نەلەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئېتىنىڭ يۈرۈشىنى باشقۇرمىدى. ئېتى ئۆزى خالىغانچە توختاپ ئوتلاپ، ئۆزى بىلگەن

يەرلەرگە كېتىۋاتاتتى. «تۇركەنئاي بۇ چاغقىچە ئاللىقاچان ياتلىق بولۇپ، پەرزەنت يۈزى كۆرگەندۇ،— توختامىشنىڭ جاھىل خىياللىرى قېرىشقاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاشۇ قوچۇدا قالغان قىزغا مەركەزلىشىپ قالاتتى، — ئۇنى پەقەت بىر قېتىملا كۆردۈم، شۇ بىر كۆرگەندىن كېيىن مانا بەش يىل ئۆتتى. بۇ چاغقىچە قىز بالا دېگەننى باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدۇ - دە... مەن بولسام، تېخىچە مۇنداق يۈرىمەن... تېخىچىلا ئەقلىدىن ئازغان مەجنۇندەك ئاشۇ غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاقار يۇلتۇزنى ئويلاپ يۈرىمەن. بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش دېگەن شۇ ئوخشىمامدۇ؟»

شۇ كۈنى توختامىش بېشى قايغان يەرلەردە يۈرۈپ، ئۆيىگە ناھايىتى كەچ قايتتى.

※ ※

ئىدىقۇت خاننىڭ ئەلچىلىرى قوچۇغا قايتىپ كەلدى ۋە ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرىپ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان خان ئالدىدا تىز چۆكتى.

— چىڭگىزخان بىزنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، — دەپ مەلۇمات بەردى ئەلچىلەر، — ئۇ خاقانىمىز بارچۇق ئارت تېگىننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇق - تۇغقانلارچە ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش تەلىپىنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. پات ئارىدا چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى قوچۇغا كەلمەكچى.

ئىدىقۇت خان رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولماقتا ئىدى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يەلكىلىرىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغلار بىر - بىرلەپ يىمىرىلمەكتە ئىدى. قىتانلار ئەمدى بۇ تەرەپلەرگە تۇمشۇقىنى تىقالماس بولدى،

تاڭغۇتلار موڭغۇللاردىن داۋاملىق قاتتىق زەربە يەپ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالالمىغۇدەك يەرگە يەتتى. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار تېخىچە قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرماقتا ئىدى، لېكىن ئۇ يەرلەردىكى قىتانلار ئەمدى ئەتراپتىكى ئەللەرگە تەھدىت سالالمايتتى. نۆۋەتتىكى ئەڭ زور ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەمدى قۇدرەتلىك بىر ئىتتىپاقداش بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىنچىلىكى روشەنلەشمەكتە ئىدى. بارچۇق ئارت تېگىن قوشنا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ چىڭگىزخان بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلماقتا ئىدى. ئىدىقۇت خانىنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقلىرىغا چىڭگىزخانمۇ پائال ماسلاشماقتا ئىدى.

مىلادىيە 1210 ـ يىلى ئەتىيازدا چىڭگىزخانىنىڭ ئەلچىلىرى قوچۇغا يېتىپ كەلدى. بارچۇق ئارت تېگىنمۇ ئۇلارنى دوستانە كەيپىيات ئىچىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. موڭغۇل ئەلچىلىرى چىڭگىزخانىنىڭ سالىمىنى ۋە ئىدىقۇت خانغا ئېيتقان ياخشى تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

— بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك خاقانىمىز چىڭگىزخان دىدار كۆرۈشمەك ئىستىكى بىلەن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىننى ئونۇن دەريا ۋادىسىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئەلچىلەردىن بىرى ۋە چىڭگىزخانىنىڭ نامىدا يېزىلغان بىتىكنى قوش قوللاپ ئۇزاتتى.

بارچۇق ئارت تېگىنمۇ بىتىكنى قوش قوللاپ ئېلىپ، تەخت يېنىدا ئولتۇرغان بىتىكچىگە بەردى. بىتىكچى بىتىكنى ئوقۇدى:

— «نامى بەلەن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىنگە مەندىن سالام! ئەي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇناسىپ خاقانى، سىزنىڭ بەختىڭىزنى كۆرۈش مېنىڭ ئىستىكىم. ئەلچىلىرىڭىز سىزنىڭ ياخشى تىلەكلىرىڭىزنى بىزلەرگە يەتكۈزدى. بىزلەر بىلەن

ئـۇرۇق - تۇغـقان بولـۇپ ئۆتۈشنـى خالايدىكەنسىز. شۇنداق ئىرادىڭىز بولسا بىز تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز».

ئىدىقۇت خان بىتىكنى يەنە قولىغا ئېلىپ، قىزىققان هالدا زەن سېلىـپ قاراپ چىقتى. بىتىك ئۇيغۇر يېزىقىدا سېرىق قـەغـەزگـە قـارا سـىياھ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تېگىگە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى يوغان قىزىل تامغا بېسىلغانىدى. تامغىغا ئويۇلغان خەت مۇنداق ئىدى:

«كـۆكـتـە تـەڭرى. خاقان تەڭرىنىڭ يەردىكى قۇدرىتى. ئادەمزات هۆكۈمدارىنىڭ تامغىسى».

— بـۇ قـۇدرەتـلـىك چـىڭگىزخاننىڭ تامغىسى، — دەپ چۈشەندۇردى ئەلچىلەردىن بىرى.

— سىلەرمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىكەنسىلەر - دە؟ — ئىدىقۇت خان قىزىقىپ سورىدى.

ئـەلـچىلەر كۈلۈمسىرەپ، تەستىقلىغان تەرزدە باشلىرىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق. ئىلگىرى نايمان خانىنىڭ تامغىچىسى بولغان بىر ئـۇيغـۇر باخشى هازىر خاقانىمىزنىڭ خاس بىتىكچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بىزگە بۇ يېزىقنى ئۆگەتتى.

— ئۇ باخشىنىڭ ئىسمى تاتا تۇڭامۇ؟ — دەپ سورىدى خان.

— شـۇنــداق، شــۇنداق، — دەپ جاۋاب بـېرىشـتى ئەلچىلەر، — بۈيۈك ئىدىقۇت خان ئۇنى تونۇيدىكەن - دە؟

— يۈز كۆرۈشمىگەن بولسامۇ، نامىنى ئاڭلىغان، — دېدى ئىدىقۇت خان، — ئۇنىڭ بىلىملىك، پاراسەتلىك ئالىم دەپ نامى بار.

ئەلچىلەر يەنە باشلىرىنى لىڭشىتتى:

— توغرا، بۈيۈك خاقانىمىز چىڭگىزخان تاتا تۇڭا باخشىنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاتىدى.

— دېمەك، تاتا تـۇڭانـىڭ موڭـغۇل ئوردىسـىدا ئورنـى بار

ئىكەن ـ دە؟

— ئەلۋەتتە، تاتا تۇڭا باخشى هازىر چىڭگىزخاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئىدىقۇت خان رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.

— ياخشى، ياخشى. دېمەك، تاتا تۇڭا باخشى موڭغۇللار بىلەن دوستلىشىشنى بىزدىن بالدۇر باشلاپتۇ ـ دە.

ئەلچىلەرمۇ كۈلۈشتى:

— راست، شۇنداق بولدى. ئەمدى بىزمۇ تېزرەك رەسمىي دوستلىشايلى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمىز. مەن چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن.

چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى قوچۇدا بىر ئاي مېهمان بولدى. ئالابارس تارخان ئىدىقۇت خانغا ۋاكالىتەن ئەلچىلەرنى كۈتۈش، ساياھەت قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. موڭغۇللار ئالابارس تارخاننىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر كوچىلىرىنى، رەستە ـ بازارلارنى زىيارەت قىلىشتى. ئۇلار ساراي ـ قەسىرلەرنىڭ گەج بىلەن قاپارتما نەقىش ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلىرىنى كۆرۈپ، قايىل بولغان رەۋىشتە باشلىرىنى لىڭشىتاتتى؛ ئىبادەتخانا ۋە ۋىخارا ـ مەكتەپلەرنىڭ ئاپئاق گەج بىلەن سۇۋالغان ئېگىز تاملىرىدىكى رەڭلىك رەسىملەرگە قاراپ ھەۋەسلىرىنى باسالماي ئۇزاققىچە تۇرۇپ كېتەتتى؛ ئۇ يەرلەردە ساقلىنىۋاتقان كىتاب ۋە قولىيازمىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، دۇكان ۋە يايمىلاردىكى تۈرلۈك مال ـ دۇنيانىڭ خىلمۇخىللىقىدىن ھەيران بولۇشاتتى؛ ساراي سەنئەتكارلىرىنىڭ ساز ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى؛ ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىشىپ، ياخشى كۆڭۈللىرىنى ئىزهار قىلىشاتتى.

ئەلچىلەر ئىنتايىن ياخشى تەسىراتلارنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ

قايتىشتى. ئۇلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىدىقۇت خان سەپەرگە جابدۇندى ۋە قىرىق تۆگىگە قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئارتىپ، ئۈچ يۈز قوروقچى چەۋەندازنىڭ ھەمراھلىقىدا چىڭگىزخاننىڭ ئونون دەرياسى بويىدىكى تۇرار جايىغا يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن يېشىل يايلاقنىڭ ئوتتۇرىغا چوڭ ـ چوڭ ئىككى ئاق كىگىز ئۆي تىكىلگەنىدى. بۇلارنىڭ بىرى چىڭگىزخاننىڭ خاس ئۆيى ئىدى، ئىككىنچىسىگە ئىدىقۇت خاننى باشلاشتى. ئىككى خان ئۆزئارا سالاملىشىپ، تونۇشۇپ، گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، كەڭ ـ كۇشادە مۇڭداشتى. ئىككىنچى كۈنى يايلاقتا كاتتا سورۇن ھازىرلىنىپ، شاھانە زىياپەت بېرىلدى. تاتا تۇڭا بىلەن توختامىش تەكلىپ بويىچە تۆردىكى ئورۇندا چىڭگىزخانغا ياندىش ئولتۇرغان بارچۇق ئارت تېگىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۈچىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئىدىقۇت خان چىڭگىزخاننىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەلدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بارچۇق ئارت تېگىن مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇدرەتلىك خاقان! دوستلۇق مېھرىنى يۈرىكىمگە پۈكۈپ، ئەڭ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ھۇزۇرىڭىزغا يىراقتىن كەلدىم. تەڭرى سىزنىڭ ئورنىڭىزنى تېخىمۇ يۈكسەك قىلسۇن. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز تېخىمۇ قويۇقلاشسۇن. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشسۇن. سىزنىڭ تۆت ئوغلىڭىز بار ئىكەن. ئەمدى مېنى بەشىنچى ئوغلۇم دەپ ھېسابلىسىڭىز كۆڭلۈم كۆندەك يورۇپ كېتەرىدى.

چىڭگىزخان ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— ئەي قۇتلۇق خان، — دېدى ئۇ، — تىلىكىڭىز شۇ بولسا، مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز. قىزىم ئالتان[1] بېكەنى سىزگە بېرەي.

[1] ئالتان — موڭغۇل تىلىدا: ئالتۇن.

سىز ماڭا كوراگان[1] بولۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن، قىرىق كۈن توي بولدى. ئىدىقۇت خان چىڭگىزخانغا كوراگان بوپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يىراق ـ يېقىندىن خالايىق يىغىلدى. تۆت يەرگە چوڭ ـ چوڭ ئوچاقلار ياسىلىپ، داش قازانلار ئېسىلدى. تۆت يەردە كەينى ـ كەينىدىن قوي، كالىلار سويۇلدى. شۇ ئەتراپتىن ئۆتۈپ قالغان ھەرقانداق يولۇچى بۇ توي زىياپىتىدىن بەھرىمەن بولدى. يىغىلغان خالايىققا تۈرلۈك يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئەن رەخت قاتارلىق مالىلار تارقىتىلىپ بېرىلدى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر چېچىلدى. چەۋەندازلار بەيگىگە چۈشتى، پالۋانلار چېلىشىپ ماھارەت كۆرسەتتى، يىگىت ـ قىزلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇلغا چۈشتى.

قىرىقىنچى كۈنى كەچتە يەڭگىلەر بىر جۈپ ئاق ئات قوشۇلغان ئىككى چاقلىق ھارۋىدا كېلىننى ئەكېلىشتى. ئالتان بېكەنىڭ ئۈزۈن قارا چاچلىرى ئىككى ئۆرۈلۈپ، ئالتۇن چاچتەڭگىلەر ئېسىلغان، بېشىغا مەشۈت بىلەن زىننەتلەنگەن ئېگىز ئۇچلۇق بۆك، ئۇچىسىغىمۇ مەشۈت بىلەن كەشتىلەنگەن چوغدەك قىزىل تاۋار تون، قونچىلىرىغا گۈل تۇتۇلغان ئۇچلۇق ئۆتۈكلەر كىيىلگەنىدى. ئىدىقۇت خان ئۇنىڭ قىپقىزىل ۋە دومباق مەڭزلىرىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئالتان بېكە ئىزا تارتىپ قاپقارا مونچاقتەك كۆزلىرىنى يەرگە قاراتتى.

يەڭگىلەر قىزنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئالتان بېكە ئاق كىگىز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىپ، تۆردىكى تەختتە ئولتۇرغان ئاتىسىغا تەزىم قىلدى. چىڭگىزخان قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىتىش ئالدىدىكى ئاخىرقى نەسىھەتلىرىنى ئېيتتى:

— سەن ئۇيغۇر ئېلىگە كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن.

[1] كوراگان — كۈيئوغۇل.

ئـاتاڭنىڭ مۇنۇ گەپلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلىغىن، قىزىم. بەختلىك ئائىلىنىڭ ئۈچ ئېرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى دۆلەت، ئىككىنچىسى ياخشى نام، ئۈچىنچىسى ئۆز ئېرىڭ. مانا، مۇشۇ ئۈچ ئەرگە ئىگە بولالىساڭ سەن بەختلىك بولىسەن. ئەگەر سەن دۆلەتكە سادىق بولۇپ، ئەدەپ - قائىدىلەرگە ئەمەل قىلساڭ، تەبىئىي هالدا ياخشى نامدىن ئىبارەت ئىككىنچى «ئەرگە» ئىگە بولىسەن. ياخشى نامىڭنى مەهكەم ساقلىيالىساڭ هېچقانداق ئەرنىڭ سېنى تاشلىغۇسى كەلمەيدۇ.

گېپىمنى ئاڭلا قىزىم، سەن ئىدىقۇت ئېلىگە بارغاندىن كېيىن مېنىڭ بىر پۈتۈم بول، مېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تايانچىم بول، توغرا يولنى تاللاپ چاپىدىغان يۈگۈرۈك تايچىقىم بول.

ئېسىڭدە بولسۇن، تەن ۋاقىتلىق، ياخشى نام مەڭگۈلۈك بولىدۇ. پاك - دىيانەتلىك بولساڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىڭ سېنىڭ نامىڭنى ئەبەدىيلەشتۈرىدۇ. بىلمىگەننى ئۆگىنىشكە، زېرىكمەي، بوشاشماي داۋاملىق ئۆگىنىشكە دىققەت قىل. شۇنداق قىلساڭ ئىشلىرىڭ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. ئىرادەڭ چىڭ بولسا هېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان غالىب بولۇپ ياشايسەن. بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا!

ئالتان بېكە ئاتا ئۆيىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قارا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

تويدىن كېيىن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن چىڭگىزخاننىڭ قىزى ئالتان بېكەنى ئېلىپ قوچۇغا قايتتى.

# ئون بەشىنچى باب

## ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىزلار

توختامىش چىڭگىزخاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئىدىقۇت خان بىلەن قوچۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېلىقى تۇركەنئاي خانقىز تەقدىم قىلغان قارا ئاتنى مىنىپ يولدا كېتىۋاتقان چاغدا يېنىدىكى چەۋەندازلارغا بىرنەچچە قېتىم مۇراجىئەت قىلغانىدى:

— يۇرتۇمدىن چىقىپ كەتكىنىمگە مانا ئالتە يىل بولاي دەپ قالدى. قوچۇدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى؟

— قــوچــۇ يەنە شۇ قوچۇ، ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، — دېيىشتى خاننىڭ قورۇقچىلىرى، — ئۇ يەردە ھازىر قارا قىتانلار يوق. بولغان ئۆزگىرىش ئەنە شۇ، باشقا گەپ يوق.

— شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر كەنتتە تۇركەنئاي ئىسىملىك بىر قىز بولىدىغان. ئۇنى تونۇمسىلەر؟

— ياق، تونۇمايدىكەنمىز.

— مــىــســىــرىــســـلا دەيــدىــغـــان بىر ئەمەلدار بولىدىغان، قىتانلارنىڭ غالچىسى. ئۇ ھازىرمۇ بارمۇ؟

— ئىدىقۇت خان قارا قىتانلارنى قىرغىن قىلىپ، گۇرخان ھــۆكــۈمرانلىقىدىن ئازاد بولغانلىقىمىزنى جاكارلىغاندىن كېيىن پــۇقــرالار ئۆي - ئۆيلىرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، دارۇغاچىنىڭ غالچىلىرى ھەم ئايغاقچىلىرىنى قوغـلاپ تۇتـۇپ، كالـتەكلەپ، سۇر - توقاي قىلىۋەتتى. ئاسىي مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى خەقنىڭ

تاياق ـ توقماقلىرى ئاستىدا ئۆلۈپ تۈگەشتى، بەزىلىرى ھەر ياقلارغا قېچىپ كېتىشتى، يەنە بەزىلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ ياشاۋاتىدۇ.

— ھە، ئۇقتۇم. مىسىرىسلاچۇ؟ مىسىرىسلا قانداق بولدى؟

— ئۇنىمۇ بىر يەرلەردە ئۆلدى دەپ ئاڭلىدۇق. بەلكىم ئۆلگەندۇ ياكى قېچىپ كەتكەندۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىر قوچۇدا يوق.

— بادرۇق باخشى ئىسىملىك بىر بوۋاي بولىدىغان، ئاتامنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇنى تونۇمسىلەر؟

— تونۇمايدىكەنمىز.

توختامىش يول بويى سەپەرداش چەۋەندازلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى سورىدى. ئۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى توغرىسىدا ۋە ئومۇمەن ئىدىقۇت ئېلى توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىشىشكە ۋە كۆپرەك بىلىشكە ئىنتىزار ئىدى. ئەنە شۇنداق ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۇلار ئاخىر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بۈيۈك ئاستانىسى قوچۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

توختامىش ئىچى سىقىلغان ھالدا ئۆز ئۆيىگە كەلدى. ئۆي، قورۇ يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. ئۆزگىرىش پەقەت توختامىشنىڭ قەلبىدە يۈز بەرگەندەك تۇيۇلاتتى. بۇ تەۋەررۇك ئۆي شۇ تاپتا توختامىشقا بۇرۇنقىدىنمۇ ئىللىق ۋە تېخىمۇ قەدىرلىك بىلىنمەكتە ئىدى. ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن قورۇ ئىچى ۋە ئۆي تولۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۆيدىن ئاق ساقاللىق ۋىجىك بىر بوۋاي ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان كونا كەشنى پالاقلىتىپ سۆرەپ ۋە يۆتىلىپ، ئىنجىقلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى بېدىشتىن ئۆتتى ـ دە، قورۇغا كىرىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرغان توختامىشنى كۆرۈپ توختىدى.

— كەلگىن بالام، ئىشىڭ بارمىدى؟ كىمنى ئىزدەيسەن؟ — دېدى ئۇ زەئىپ ۋە خىرقىراق ئاۋازدا.
توختامىش ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ سالام بەردى:
— قۇت بولسۇن بوۋا. هازىر بۇ ئۆيدە كىم تۇرۇۋاتىدۇ؟
— بۇ ئۆيدە مەن تۇرۇۋاتىمەن. سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن بالام؟
— مەن بولدۇز قايانىڭ ئوغلى توختامىش بولىمەن.
بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆز ئالدىدا تۇرغان يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى.
— هە، مۇنداق دېگىن! دېمەك، سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئىكەنسەن - دە.
— شۇنداق بوۋا.
— هە، قېنى، ئېتىڭنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرغىن بالام.
توختامىش ئېتىنى بوش قالغان ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ، بېدىش ئاستىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى. بوۋاي داستىخان سېلىپ، بىر مىس لېگەندە ئۈزۈم قويدى ۋە ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى:
— مەن جاهاندارچىلىق ھەلەكچىلىكىدە چانبالىق دىيارىدىن مۇساپىر بولۇپ چىقىپ قالغانىدىم. بالا - چاقام يوق بىر سەرگەرداندان قېرى مەن. مەرھۇم بادرۇق باخشى…
— نېمە؟ بادرۇق باخشى قازا تاپتىمۇ؟
— شۇنداق، رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل بادرۇق باخشى بىرنەچچە ئاي كېسەل تارتىپ يېتىپ، ئاخىر بۇلتۇرقى مۇشۇ كۈنلەردە تەڭرىنىڭ يېنىغا كەتتى. ئۇ هايات چېغىدا ماڭا پاناهلىق بېرىپ، هالىمدىن خەۋەر ئالغانىدى. كېيىن ئۇ مېنى مۇشۇ ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى. ئۇ ماڭا «مۇشۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ، ئۆيگە

قاراپ تۇرۇڭ، ئۆي ئىگىسى بولدۇز قايانىڭ ئوغلى توختامىش قايتىپ كەلگەندە ئامانەتنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمىز» دېگەنىدى. مانا ئەمدى سەن كېلىپسەن ئەمەسمۇ بالام. ئەمدى بۇ ئۆيۈڭنى ئۆز قولۇڭغا ئالغىن. مەنمۇ ئۆزۈمگە باشقا بىر ماكان تاپاي.

— ياق، ياق، سىز يەنە بۇ يەردە تۇرىۋېرىڭ. مەنمۇ يالغۇز بىر جان ئادەم. بىللە تۇرايلى.

— رەھمەت بالام، تەڭرى سىنى قۇتلۇق قىلسۇن.

توختامىش ئۆيگە كىرگەندە ئىختىيارسىز تۇردە كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە شۇنچە تونۇش بولغان ئۆي بىساتلىرىغا، گەج بىلەن سۇۋالغان ئاق تاملارغا، كېمىرلەنگەن تورۇسلارغا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە قاراپ - قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆينىڭ بىر يەرلىرىدىن ئاتىسى بولدۇز قايانىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقاندەك، قوشنا خانىنىڭ ئىشىكىدىن ئاتىسى تەمكىنلىك بىلەن قەدەم بېسىپ كىرىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. توختامىش گىلەم سېلىنغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. مانا مۇشۇ سۇپىدا، ئەنە ئاۋۇ ئويۇقتىكى تاۋار يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى ياتاتتى. مانا مۇشۇ سۇپىدا توختامىشنىڭ مېھرىبان ئانىسى كېسەللىكتىن شىپا تاپالماي ئۇزاق يېتىپ مەڭگۇلۇك دۇنياغا كۆچكەنىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن قارىغاندا، توختامىشنىڭ ئۆزىمۇ مانا مۇشۇ سۇپىدا دۇنياغا كەلگەنىكەن. ئەمدى قېنى شۇ سۆيۈملۈك كىشىلەر؟ قەدىردان ئاتا، كۆيۈمچان ئانا... ئانىسى توختامىشتىن دائىم ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. «بالام توختامىش! ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمىگىن، ئاتنى تېز چاپتۇرمىغىن...»، «بالام، قورسىقىڭ ئېچىپ قالدى، تامىقىڭنى يەۋالغىن...»، «بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ جۇدەپ قالدىڭغۇ...». مانا ئەمدى توختامىشتىن ئەنسىرەيدىغان ھېچكىم يوق. ئاتىسى بولدۇز قايا سىرتلارغا

چىقىقاندا كىچىك توختامىشنى ئاتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئوغلىغا ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى سىلاشتۇرۇپ قوياتتى، كېچىلىرى ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئۇخلىتىپ قوياتتى.

— ئاھ ئاتا! جېنىم ئاتا ...— توختامىشنىڭ كۆكسىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن يىغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېغىر نىدا ئىختىيارسىز تۇردە ئۇرغۇپ چىقتى.

ھالبۇكى، ئاتا - ئانىسى ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. توختامىش ئېغىرلاشقان بويىنى تەستە كۆتۈرۈپ سۇپىدىن چۈشتى ۋە قورۇغا چىقىپ، ئۇياق - بۇياققا ماڭدى، ئېغىل - قوتانلارنى كۆرۈپ چىقتى، باغقا كىرىپ ئۈزۈم تەكلىرى ۋە ئۆرۈك، جۈجەم دەرەخلىرىنى ئارىلاپ خېلى ئۇزاققىچە ھايال بولدى.

— خوجايىن، ئۇسساپ قالغانسىز، چاي ئىچىۋالامسىز؟ ئۈزۈپ قويغان ئۈزۈم بار، ئېغىز تېگەمسىز؟ — بۇ ھېلىقى مۇساپىر بوۋاي ئىدى.

— ياق، رەھمەت، — دېدى توختامىش، — مەن چىقىپ بىر ئايلىنىپ كىرەي.

قوچۇنىڭ كوچىلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا شۇنچە تونۇش، شۇنچە ئىللىق، شۇنچە سۆيۈملۈك. بۇ كوچىلاردا پۈتۈن ئىدىقۇت خەلقىنىڭ ئومۇمىي تىرىكچىلىك ئەھۋالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. مانا، باي ۋە بەگلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرلىرى. قورۇلارنىڭ ئېگىز تاملىرى پىششىق خىشتا قوپۇرۇلغان بولۇپ، تۆپىسىگە كۆپتۈرمە شەكىلدە كاھىش تىزىلغان، تاملاردىنمۇ ئېگىزرەك چىقىرىلغان قوش قاناتلىق كەڭ ياغاچ دەرۋازىلار تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ۋە قارا، قىزىل رەڭلەردە سىرلانغان، بەزى دەرۋازىلارنىڭ تۆپىسىگە ياغاچتىن يونۇپ ياسالغان بىر جۈپ شۇڭقار بېشى بىر - بىرىگە قارىتىپ

ئورنىتىلغان، بەزى تاملار ھاكلانغان، بەزىلىرى گەج بىلەن سۇۋىلىپ رەڭدار گۈل ـ گىياھ نەقىشلىرى سىزىلغان؛ بەزەن ئېچىپ قويۇلغان دەرۋازىلاردىن قورۇ ئىچىدىكى ئىمارەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چېدىر شەكلىدىكى ئۆگزىلىرىگە قىزغۇچ ـ سېرىق كاھىش ياتقۇزۇلغان بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرىمۇ ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، كۆك، قىزىل، يېشىل رەڭلىك سىرلار بىلەن نازۇك نەقىشلەر سىزىلغان. بۇ قەسىرلەردىن زەرباپ، تاۋار تونلارنى كىيىشكەن سۆلەتلىك باي ۋە ئەربابلار نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، گىلەم سېلىنغان سايىۋەنلىك ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ چىقىپ كېلىشىدۇ.

مانا، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆي ـ جايلىرى. ھاكلانمىغان ئېگىز ـ پەس كېسەك تاملارنىڭ تۆپىسىدىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىق شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چاققان كېمىر ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چەت ـ ياقا مەھەللىلەردە ئۆگزىسىگە تۇڭلۇك ئېچىلغان قارا ئۆيلەرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

يوللاردا ئاتلىق، ئېشەكلىك، تۆگىلىك، ھارۋىلىق ۋە پىيادە يولۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بازار قىلىنغان كوچا ۋە مەيدانلاردىكى دۇكان ۋە يايمىلار ئالدىغا ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بۇنداق جايلاردا چەت ئەللىك سودىگەرلەرمۇ ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ، يەرلىك خېرىدارلار بىلەن قىزغىن سودىلىشاتتى. ھەرقايسى سەھرا ـ يېزىلاردىن چىققان دېھقانلار ئىككى چاقلىق ئېگىز كۆتەك ھارۋىلىرىغا تاغار ـ تاغارلاردا بۇغداي، قوناق، تېرىقلىرىنى بېسىپ، ئېشەك ۋە قېچىرلىرىغا سېۋەت ـ سېۋەت مېۋە، كۆكتاتلارنى ئارتىپ كېلىشەتتى. ئىشقىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بۈيۈك ئاستانىسى قارا قوچۇدىكى قايناق ـ تاشقىنلىق ھايات بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى.

توختامىش گۈگۈم چۈشكۈچە شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنى ئايلىنىپ يۈردى. ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مەرھۇم بادرۇق باخشىنىڭ ئۆيىگە باردى. گۈللۈك چىت كۆڭلەك كىيىپ، قوڭۇر چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن بىر ئاق پىشماق قىز ئىشىك ئالدىدىكى بېدىشتىن ئۈزۈم ئۈزۈپ قولىدىكى كىچىك سېۋەتكە سالماقتا ئىدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان توختامىشنى كۆرگەندە ھەيران قېلىپ، باللارچە مەسۇم قوي كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلىپ كەتتى.

— توختامىش ئاكا! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

توختامىش ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— يۇلتۇزمۇ سىز؟ قۇت بولسۇن سىڭلىم. مەن كەتكەندە سىز تېخى كىچىككىنە قىزچاق ئىدىڭىز، ئەمدى قارىسام، چوڭ بولۇپ كەتكىنىڭىزنى! بىر قاراپ تونۇمايلا قاپتىمەن جۇمۇ.

— يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى، توختامىش ئاكا، — يۇلتۇز قىز قولىدىكى ئۈزۈم سېلىنغان سېۋەتنى تەكىنىڭ تۈۋىگە قويۇپ يول باشلىدى.

توختامىش ئۇنىڭ كەينىدىن ئازادە كېمىر ئۆيگە كىردى.

— ئاپا، توختامىش ئاكام كەلدى! — يۇلتۇز ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى.

— ۋاي بالام، بارمۇ سەن؟ قاچان كەلدىڭ؟ — يۇلتۇز قىزنىڭ ئانىسى، بادرۇق باخشىنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئاق چاچلىرىنى رومال بىلەن تاڭغاچ چىقىپ كەلدى.

توختامىش ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام بەردى:

— قۇت بولسۇن ئانا. ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟ ھەممىڭىزلەر ساق - سالامەت تۇردىڭىزلەرمۇ؟

ئۆي ئىچى خېلى سالقىن ئىدى. ئۇچەيلەن سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق نانغا ئېغىز تەگكەچ ھال - ئەھۋال سورىشىپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىشىپ ئۇزاق

مۇڭداشتى. غېرىبسىنغان توختامىش بۇ ئائىلىدە ئىللىقلىق ھېس قىلىپ، دىلى يورۇپ، خۇش بولۇپ قالدى.

توختامىش خوشلىشىپ ماڭغاندا يۇلتۇز قىز ئۇنى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— خوش سىڭلىم، تۇرۇپ قېلىڭ.

— خوش توختامىش ئاكا، يەنە كېلىپ تۇرۇڭ.

توختامىش بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك بىر قەسىر ئالدىغا كەلگەندە ئېتىنى توختاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىغا تولۇپ قىزىرىپ كەتتى. بۇ قەسىر مىسىرىسلا ئائىلىسىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى. ئالتۇن ۋە مەنسەپ ھېرىسمەنلىكىدە قارا قىتانلارنىڭ تەۋرەنمەس غالچىسى بولۇپ كەتكەن بۇ مەلئۇن مۇناپىق خوجايىنلىرىغا سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، قانچىلىغان تۇل خوتۇن - يېتىم بالىلارنى زار قاقشاتتى، قانچىلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلدى!

«ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ھەرگىز كەچۈرۈشكە بولمايدۇ! — دېدى توختامىش ئۆز ئىچىدە، — ئۇ ھازىر نەدە؟ بەلكىم بۇ تۇرالغۇسىدا ئەمەستۇ، تايىنلىق ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەندۇ».

قەسىر دەرۋازىسىدىن مۈكچىيىپ قالغان بىر قېرى چاكار چىقىپ كەلدى.

— خوش تەقسىر، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— بۇ يەردە ھازىر كىم تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

— بۇ مىسىرىسلا بېگىمنىڭ قەسىرى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چاكار.

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— مىسىرىسلا بېگىمنى دەمسىز؟ ئۇ بۇ يەردىن باشقا يۇرتقا

كۆچۈپ كەتكەنىدى، يېقىندا يەنە قايتىپ كەلدى...

— ئۇ ھازىر مۇشۇ يەردىمۇ؟

قىبرى چاكار توختامىشنىڭ ئەلپازىدىكى قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— تەقسىر، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىرمۇنچە ئادەملەر بېگىمنى قەستلەپ كەلگەنىدى... شۇڭا، بېگىم بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەن... ئۇنى ئاۋارە قىلمىسىڭىز تەقسىر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

توختامىش ئېتىنى دىۋىتىپ دەرۋازىدىن كىردى. بېزەكلىك ئىمارەت ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئېگەردىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى پەلەمپەي سالاسۇنىغا باغلاپ قويۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىردى.

— كىم ئۇ؟ — بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

توختامىش ئاشۇ ئاۋاز چىققان خانىغا قەدەم تاشلىدى. گىلەم سېلىنغان سۇپىدىكى ئىككى قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە بىر ئادەم پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا گۈللۈك دۇردۇن كۆڭلەك كىيگەن ياشانغان بىر ئايال پۇتلىرىنى سۇپىدىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن تەكەللۇپسىز كىرىپ كەلگەن توختامىشنى كۆرۈپ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا سۇپىدىن ئالمان ـ تالمان چۈشۈپ، كەشىنى كىيدى.

— سىز كىم؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟ — ياشانغان ئايال چارلاشقان چاچلىرىغا روملىنى ئارتقاچ ھودۇقۇپ سورىدى.

— مىسىرىسلانى ئىزدەپ كەلدىم.

— ياق، ئۇنىڭغا چېقىلماڭ، ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىڭ. ئۇ تەڭرىنىڭ ئالدىغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. كۆرمەيۋاتامسىز؟ بۇدساتۋا ساكيامونى سىزگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇنى تىنچ ياتقىلى قويۇڭ.

توختامىش سۇپىغا يېقىن كەلدى. ياتقان بىمار، ھەقىقەتەن،

مـــســـــرسـلا ئىدى. لېكىن، ئۇ بەكلا قېرىپ ۋە ئورۇقلاپ تونۇۋالغۇسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن قانسىز چىرايى ئاق ساقىلى بىلەن رەڭ تالاشقانىدى. ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. «ئۇ ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى قەستەن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدىمۇ؟» دەپ ئويلىدى توختامىش ئۇنىڭغا قاراپ.

ياشانغان ئايال توختامىشنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا قاراپ تىترەڭگۇ ئاۋازدا توختامىشتىن:

— رەھىم قىلىڭ، باتۇر ئەزىمەت، رەھىم قىلىڭ، — دەپ يالۋۇراتتى.

— سىز قاپلانبەگنىڭ ئايىسى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

— شۇنداق. قاپلانبەگ مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدى ياشانغان ئايال رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ئۇ قېنى؟

— بەشبالىققا كەتكەنىدى، تېخى كەلمىدى.

بۇ يەرگە قىساس ئوتى بىلەن تاۋلىنىپ كىرگەن توختامىش ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ قالدى. مىسىرسلا ۋە قاپلانبەگ... بىر - بىرىگە نەقەدەر ئوخشاشمايدىغان ئىككى شەخس، بىر - بىرىگە نەقەدەر ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل مەۋقە! لېكىن ئۇلار ئاتا ـ بالا. بۇ نېمىدېگەن مۇرەككەپ دۇنيا!

— قاپلانبەگنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى ياشانغان ئايال.

— تونۇيمەن، — دېدى توختامىش، — ئۇ بىر باتۇر ئەزىمەت.

— مىسىرسلا ئۇنىڭ ئاتىسى. مانا، ئۇ كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، — دېدى ياشانغان ئايال توختامىشنى تەسىرلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ.

توختامىش غەزەپ بىلەن خىتاب قىلدى:

— لېكىن، ئۇ قانچىلىغان ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىقتى؟ قانچىلىغان ئىللىق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلدى؟

— رەھىم قىلىڭ... رەھىم قىلىڭ...

— ئۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ ئۆلۈشىگىمۇ سەۋەبچى بولغان!

— رەھىم قىلىڭ. تەڭرى ئۇنى جازالىدى. مانا ئۇنىڭ ھالىغا قاراڭ... شۇمۇ يېتەر ئەمدى...

توختامىش سۇپىغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ قارىدى. مىسىرىسلا بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ، بەئەينى مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا جان باردەك ئەمەس ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ كۆز ياشلىرىلا ئۇنىڭ تېخى جېنى چىقمىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. توختامىش ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، مۇشۇنداق يېرىم جان ئۆلۈمتۈك قېرىغا قول تەگكۈزگىلى ياكى يۇرەككە تەگكۈدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىلى بولامدۇ؟ شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى توختامىش يۇزمۇيۇز ئۇچرىشىشنى كۈتكەنىدى. مانا ئەمدىچۇ؟ قارىغاندا، تەڭرى بۇ ئىشلارنى توختامىشنىڭ ئويلىغىنىدەك ئورۇنلاشتۇرماپتۇ. ئىچى قايناپ تۇرغان توختامىش ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئاستا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

«ئەمدى نەگە باراي؟ ئۆيگە قايتايمۇ؟» توختامىش قارا ئارغىمىقىنى مىنىپ مىسىرىسلا قەسرىدىن چىققاندىن كېيىن پىكىر - خىياللىرى چېچىلىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى گوياكى قاراڭغۇ بوشلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇشتۇمتۇت «تۇركەنئاي» دېگەن يېقىملىق ئىسىم ئۇنىڭ شۇ كۆڭۈل قاراڭغۇلۇقىدا بىر يورۇق نۇقتا ھاسىل قىلدى. توختامىش قارا ئارغىماقنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى. «تۇركەنئاي ھازىرمۇ شۇ ئۆيدىمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بەلكىم ئاللىقاچان بالا - چاقىلىق بولۇپ، ئېرىنىڭ ئۆيىگە

كۆچۈپ كەتكەندۇ» .

قارا ئارغىماق ئۇنى شەھەر سىرتىغا ئاچىقتى. مانا، ھېلىقى قۇمساڭغۇ توپىلىق يەر. مانا، دەل مۇشۇ يەردە ھېلىقى قاپلانبەگ قىستان چېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ، توختامىشنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئاشۇ قاپلانبەگ، ئاسىي مۇناپىق مىسىرىسلانىڭ ئوغلى... ئەي ئادەملەر، ئادەملەر! بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خىلمۇخىل ئادەملەر. بەش بارماق تەكشى بولمىغاندەك بىر جەمەت، بىر ئۇرۇق ئادەملىرىمۇ ئوخشاش بولىۋەرمەيدىكەن. بەزەن ئۆيلەردە بەش جان ئادەم بولسا، بەشى بەش خىل. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىيىنلىقى ئەنە شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

مانا، ھېلىقى يېزا، ئەگرى ـ بۈگرى توپىلىق هارۋا يوللىرى. مانا ھېلىقى دەرۋازا. مانا ھېلىقى سۇڭگۇچ. ياربدار بولغان توختامىش مۇشۇ سۇڭگۇچتىن ئۆمىلەپ كىرىپ، مۇشۇ باغلىق هويلىدا يوشۇرۇنغانىدى. مۇشۇ هويلىدا ئۇ تۇركەنئاينى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى تۇركەنئاي!

توختامىش ئاتتىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى، تۇرقىدىن قارىغاندا، مۇشۇ ئۆينىڭ دېدىكى بولسا كېرەك.

— تۇركەنئاي خانقىز ھېلىمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

— ھەئە، شۇنداق بېگىم.

— ئىسمىم توختامىش. كىرسەم بولامدىكىن؟

بۇ چاغدا باغ تەرەپتىن تۇركەنئاي ئۆزى چىقىپ كەلدى. ئۇ توختامىشنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ توختاپ قالدى. لېكىن، توختامىش ئۇنى تەستە تونۇدى. ئۇ تۇركەنئاينى تۇنجى كۆرگەندە، ئۇ قىز ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق تاۋار تون كىيگەنىدى. ئەمدى قارىسا، ئاددىيلا چىت كۆڭلەك كىيگەن

بولۇپ، چاچلىرىدىمۇ بۇرۇنقىدەك ئالتۇن زىخچىلار ۋە مەرۋايىت تىزىقلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان، ئۆزى جۇدەپ ئورۇقلاپ قالغانىدى.

— ھە... بۇ سىز ئىكەنسىزغۇ، — دېدى ئۇ يىگىت تەرەپكە يېقىنراق كېلىپ.

ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ جاراڭسىز، مىسكىن ئاڭلاندى. ئۇ ھەتتا توختامىشنىڭ بۇنداق كۇتۇلمىگەندە تۇيۇقسىز پەيدا بولغىنىغا ئەجەبلەنگەندەكمۇ ئەمەس، پەرۋاسىز قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. توختامىش ئۇنى بۇنداق ھالەتتە كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ئەسناغىچە ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالدى.

— قۇت بولسۇن ... — ئۇ تۇركەنئايىنى «خانقىز» ياكى «خانىم» دەپ ئاتاشنى پەملىيەلمەي ئوڭايسىزلاندى.

— ھە... كېلىڭ... ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى تۇركەنئاي بوش ۋە بوغۇق ئاۋازدا.

توختامىش ئېتىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئۇنچىقماي ئۇنىڭ كەينىدىن قەدەم تاشلىدى. ئۇلار يەنە ھېلىقى ئۆيگە كىردى، ئۇلار تۇنجى نۆۋەت كۆرۈشكەندە كىرگەن ئاشۇ ئۆيگە. بۇ ئۆيدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. يەنە شۇ بۇرۇنقى ئاق تاملار، يەنە شۇ گىلەم سېلىنغان سۇپا، پاكىز سۇپۇرۇپ تازىلانغان سالقىن ئۆي.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى تۇركەنئاي ۋە ئۆزىمۇ ئاستا كېلىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى.

توختامىش ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە كەيپىياتىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭغا قىيا كۆزدە قاراپ قويۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئارىلىق ساقلاپ سۇپىغا ئولتۇردى. ئارىغا ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغۇدەك جىمجىتلىق چۈشتى. تۇركەنئاي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟... تاۋىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

تۇركەنئاي بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، يىگىتكە كۆز تاشلىدى ۋە سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن سورىدى:

— قاچان كەلدىڭىز؟ نەلەردە يۈردىڭىز؟

توختامىش ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. تۇركەنئاي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. توختامىش سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى. تۇركەنئاي يەنە ئۇنچىقماستىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. تۇركەنئاي نېمە بولغاندۇ؟ «بىمەزگىل كېلىپ قالدىممۇ نېمە؟— دەپ ئويلىدى توختامىش،— ئاستا خوشلىشىپ كېتەيمۇ يا؟» ياق، توختامىش ئۇنداق قىلالمايتتى.

— تۇركەنئاي، — دېدى ئۇ سەل قورۇنۇپ، — ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ.

تۇركەنئاي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— ئۆزۈم توغرۇلۇق نېمە دەي ئەمدى؟ — دېدى ئۇ بىر خىل خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا، — ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىزغۇ، يەنە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.

— بۇ ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرۇۋاتامسىز؟

— دېدەكلەر بار، خىزمەتكارلار بار... بىر نەۋرە ئاكام پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ... مۇشۇنداق بىر تەنھا يېتىممەن.

— سىز... ياتلىق بولمىدىڭىزمۇ؟ — توختامىش ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

تۇركەنئاي يەنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى.

— ياق، — دېدى ئۇ.

توختامىش يەنىمۇ ئەجەبلەندى، ئەجەبا، شۇنچە يىللاردىن بېرى··· بۇ قانداق گەپ؟ ھالبۇكى، بۇ ھەقتە يەنە كوچىلاپ سوراش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

— تۇركەنئاي، سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، — دېدى يىگىت، — سىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. سىزنىڭ قىلغىنىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. مەن سىزگە مەڭگۈ قەرزدار··· قانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا دائىم تەييار.

— مەن سىزگە ھېچقانچە ئىش قىلىپ بەرگىنىم يوق، — دېدى تۇركەنئاي كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — بۇ ھويلىغا ئۆزىڭىز كىرىپ قاپسىز. مەن ناھايىتى كەتسە، سىزنى ئۆزىتىپ قويدۇم شۇ، مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى توختامىش، — ھەممە ئادەم سىزدەك ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل بولىۋەرمەيدۇ.

تۇركەنئاي يەنە گەپ قىلماستىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. «ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ، نېمە بولغاندۇ؟— دەيتتى توختامىش ئۆز ئىچىدە،— يا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خۇلقى ـ مىجەزى شۇنداقمۇ؟ ياق، ئۇلار تۇنجى كۆرۈشكەندە ئۇ بۇنداق ئەمەستىغۇ».

ئەمدى قىلىشقۇدەك گەپ ـ سۆزمۇ قالمىغانىدى. توختامىش خوشلىشىپ ماڭغاندىمۇ تۇركەنئاي گەپ قىلماستىن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.

توختامىش ئېغىلدىن قارا ئارغىماقنى يېتىلەپ چىقتى.

— بۇ ھېلىقى سىز بەرگەن ئات، — دېدى ئۇ.

تۇركەنئاي گەپ قىلماي ۋە چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي بېشىنى يېنىككىنە ئىرغىتىپ قويدى.

— بولدى، تۇرۇپ قىلىڭ، خەير - خوش، — دېدى توختامىش.

— خوش ئەمىسە، — دېدى تۆركەنئاي ۋە ئۇزاپ كېتىۋاتقان مېھمانىنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئالدىرىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بايىقى دېدەك توختامىشنى ئۇزىتىپ سىرتقا چىقتى.

— خانقىزنىڭ تەن ساقلىقى يوقمۇ، قانداق؟ — توختامىش ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ۋاي، بىزنىڭ بۇ خانقىزغا بەك ئۇۋال بولدى، — دېدى دېدەك، — بەك ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان خانقىز ئىدى. بۇ دۇنيادا ياخشىلارغا ياخشىلىق يوقكەن.

— نېمە بولدى؟ چۈشەندۈرۈپ سۆزلىگە، — دېدى توختامىش تاقەتسىزلىنىپ.

دېدەك چۈشەندۈرگىلى تۇردى:

— تۆركەنئاي خانقىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ يەردە تاغىسىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بەختسىزلىك يۈز بەردى. خانقىزىمىزنىڭ بەشبالىقتا تۇرۇۋاتقان ئىككى ئاكىسى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار سودا كارۋىنىنى باشلاپ سەمەرقەند، بۇخارا تەرەپلەرگە ماڭغانىكەن، يولدا قىتانلار كارۋاننى بۇلاپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. تۆركەنئاي خانقىز بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ، ئاخىر كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى. تېۋىپلارنىڭ دورىلىرىمۇ، پېرىخونلارنىڭ ئامال - چارىلىرىمۇ كار قىلمىدى. خانقىزىمىز باشقىلارنىڭ تەسەللى، نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي شۇ ياتقانچە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە سۆزلەپ قالدى.

— ھە! شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟ — توختامىش ئۆزىنى

باسالماي خىتاب قىلدى.
دېدەك پەشتامىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.
— شۇنداق بولدى بېگىم. خانقىزىمىز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، چۆلدىكى تىكەندەك يالغۇز قالدى ئەمەسمۇ. بۇ ئاسان گەپمۇ بېگىم. تېۋىپ ـ دورىگەرلەرنىڭ كۆپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن خانقىز ئاخىر ئويغىنىپ قالدى. بىراق، مانا مۇشۇنداق مىسكىن بىچارە بولۇپ، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقماي، تويمۇ قىلماي زاھىتلارچە ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تاغىسىمۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان كېسەلچان بولۇپ، بۇ يەرگە كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. پەقەت شۇ تاغىسىنىڭ ئوغلىلا كېلىپ يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.
— شۇ تاغىسىنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشسەم بوپتىكەن. ئۇ بۇ يەرگە قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.
— ئۇ بېگىم ھازىر قوچۇدا ئەمەس، بەشبالىقتا كەتكەنىكەن. شۇڭا، بۇ يېقىن ئارىدا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى دېدەك.
توختامىش ئېتىغا مىندى ۋە شۇنچە كۈتۈلمىگەن تەسىراتلار ئىلكىدە دېلىغۇل بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.
ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئۇ ئوردىغا باردى.
— ئالابارس تارخان بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى ئۇ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاراۋۇلغا.
ئالابارس تارخان ئۇنى ئوردا ئىچىدىكى ئايرىم خانىدا قوبۇل قىلدى.
— توختامىشمۇ سەن؟ يەردىن ئۈنگەندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدىڭغۇ. نەلەردە يۈردۈڭ؟ نەدىن كەلدىڭ؟
توختامىش بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.
— ھە، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى

تارخان.
— يەنە ئالدىڭىزغا قايتىپ كەلدىم، يەنە سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا خىزمەت قىلسام دەيمەن، — دېدى توختامىش.
— ياخشى گەپ، — دېدى ئالابارس تارخان، — سېنى قوشۇنغا قوبۇل قىلاي. يەنە بۇرۇنقىدەك ئونبېشى بول.
شۇنداق قىلىپ، توختامىش ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيىپ، كەڭ تاسما كەمەرگە قىلىچ، خەنجەر ئېسىپ، ئالابارس تارخان قوماندانلىقىدىكى مۇنتىزىم قوشۇنغا كىرىپ، شەھەر سىرتىدىكى دالا مەشقلىرىگە قاتناشتى. ئۇ، قوشۇندىكى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئۇ موڭغۇللار ئارىسىدا قەلەم تۇتۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. ئەمدى قەلەمنى ئەلەمگە ئالماشتۇردى. ئالابارس تارخان ئۇنىڭغا نەسىللىك چىلان تورۇق ئارغىماقتىن بىرنى سوۋغا قىلدى.
— ئۆزۈڭنىڭ ئېتىمۇ ياخشى ئىكەن، — دېدى تارخان، — بىراق، سەل قېرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.
«توغرا، — دەپ ئويلىدى توختامىش، — بۇ قارا تۇلپارنى تۈركەنئاي سوۋغا قىلغاندىن بۇيان ئالتە يىل ئۆتتى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ يورغىسىمۇ، يۈگۈرۈشلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس».
ئۇ تۈركەنئاينى ئېسىگە ئالسىلا دىل ئارامى بۇزۇلاتتى. ئۇ قىزنىڭ بۇرۇنقى نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايى بىلەن هازىرقى سولغۇن كۆرۈنۈشى يىگىتتە ئېچىنىش، هېسداشلىق تۇيغۇلىرى ئارىلاشقان مۇرەككەپ تەسىراتلارنى قوزغايتتى. توختامىش مەشىق ئارىلىقلىرىدا ۋاقىت چىقىرىپ تۈركەنئاينى ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدى. خانقىز ئاۋۋالقىدەكلا كەم سۆز بولسىمۇ، توختامىشنى كۆرگەندە خۇش بولۇپ چىرايى ئېچىلاتتى. توختامىش ئۇنىڭغا تەسەللى بولغۇدەك گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، يېنىدا بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ قايتاتتى. ئىككىيلەن مۇناسىۋەتتە خېلىلا ئەركىنلىشىپ، ئۆزلىشىپ قالدى.

توختامىش مەرھۇم بادرۇق باخشىنىڭ كېسەل ئازابىدا يوتقان تۇتۇپ ياتقان ئايالىنىمۇ ئىككى قېتىم يوقلاپ باردى. كېسەلچان موماي ئۇنى كۆرسە بەكلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قىزى يۇلتۇزمۇ، «توختامىش ئاكام كەلدى» دەپ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ، شوخلىشىپ كېتەتتى. ئۇ يېنىش ـ يېنىشلاپ، «توختامىش ئاكا، ئۇزۇم يەڭ» ، «توختامىش ئاكا، يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭە، تاماق پىشۇرۇپ بېرەي» دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كېتەتتى.

بۇنداق كۆرۈشۈشلەردە توختامىشنىڭمۇ كۆڭلى ئاۋۇنۇپ، كۈنلىرى مەنىلىك ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا غەمگۈزار بولۇپ، تەنھالىقنى بىلىندۇرمەيدىغان ئىككى ئۆي بار بولغانىدى.

توختامىش تۇركەنئاينى ئۈچىنچى قېتىم يوقلاپ باردى.

— قۇت بولسۇن تۇركەنئاي. ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ تىنچلىقمۇ؟

— قۇت بولسۇن توختامىش. مەرھەمەت، ئۆيگە كىرىڭ.

شۇ كۈنى توختامىش كەچ كىرگىچە تۇركەنئاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. تۇركەنئاي كۈلۈمسىرەيتتى ۋە ھەتتا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مەڭزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى باشقىچە نۇرلاندى. ئەمدى ئۇنىڭ سولغۇنلۇقى، روھسىزلىقى غايىب بولغانىدى. توختامىش ئۇنىڭغا قاراپ شادلىناتتى، سۆيۈنەتتى. ئاخىر ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چوغلىنىپ تۇرغان ئىستەكنى ئىزھار قىلدى:

— تۇركەنئاي، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىز رازى بولسىڭىز ئىككىمىز توي قىلايلى. مەن سىزنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن، ئۆمۈر بويى قەدىرلەيمەن...

توختامىش قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمەي ۋە يەنە نېمە دېيىش لازىملىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە قورقۇپ

كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقىدىن ئەمەس، سۆيگۈ ئىزهارىنى قىزنىڭ رەت قىلىشىدىن قورقۇپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قورقۇشى ئورۇنسىز ئىدى. قىزنىڭ مەڭزلىرى ئوت ئالغاندەك «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇچقۇنلار چاقنىدى. ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە «يالت» قىلىپ بىر قارىدى ـ دە، دەرھال بېشىنى تۆۋەن سالدى. توختامىش بۇ ئۇنسىز جاۋابتىن ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ گوياكى ھاۋادا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بىر تىلسىملىق تۇيغۇسىدا قولىنى ئۇزىتىپ قىزنى ئۆزىگە تارتتى. تۇركەنئايغا خۇددى ئۆي ئىچى پىرقىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئولتۇرغان يېرىدىن ئىتتىك تۇردى. ئەمما، بۇ چاغدا توختامىشنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى قاماللاپ بولغانىدى. گوياكى ئىككى تەن بىر بولدى، ئىككى يۈرەك قوشۇلۇپ كەتتى.

— بۇ راستمۇ؟ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى يىگىت.

— بۇ راست، چۈش ئەمەس، — دېدى قىز.

قاراڭغۇ چۈشكەندە توختامىش كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى ۋە ئەتىسى يەنە كەلدى.

— بىر نەۋرە ئاكىڭىز كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى توختامىش.

تۇركەنئاي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، — دېدى ئۇ.

— ئاندىن تاغىڭىزغا ئەلچى كىرگۈزىمەن، — دېدى يەنە توختامىش.

تۇركەنئاي پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، كۆزلىرىنى قاچۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن توختامىش قوشۇن بىلەن ۋەزىپە ئىجرا

قىلىش ئۈچۈن سىرتلاردا يۈرۈپ، بىرنەچچە كۈنگىچە تۈركەنئاي بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئۇ ۋەزىيىتىنى ئورۇنداپ قوچۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈرۈشتە مىنگەن ئېتىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ، تۈركەنئاي بەرگەن ھېلىقى قارا ئاتنى ئېگەرلەپ مىندى ـ دە، شۇ سۆيۈملۈك قىزنى كۆرگىلى باردى.

تۈركەنئاي ئۇنى قورۇدا خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى.

— نەۋرە ئاكام كەلدى، — دېدى ئۇ، — يۈرۈڭ، سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

توختامىش ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. سۇپىدا بىر ئەر كىشى بېشىغا تەكيە قويۇپ سوزۇلۇپ ياتقانىدى. ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇ دەرھال قوپۇپ يەرگە چۈشتى. توختامىش ئۇنىڭغا قاراپ خۇددى تاختايغا قاققان مىختەك قېتىپلا قالدى. بۇ نېمە كارامەت! ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى قاپلانبەگ ئىدى! ئاشۇ مىسىرىسلانىڭ ئوغلى قاپلانبەگ! توختامىشنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ كەتتى. كەشتىلەنگەن ئاق شايى كۆڭلىكى ئۈستىدىن ئىسىل يىپەك مەخمەل پەشمەت ۋە قونچىلىرىغا گۈل تۇتۇلغان سېرىق كۆن ئۆتۈك كىيگەن قاپلانبەگمۇ توختامىشقا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. توختامىشمۇ ئۈچىسىغا كالتە مەخمەل پەشمەت كىيگەنىدى. پەرقى شۇكى، ئۇ بېلىنى كەڭ تاسما كەمەر بىلەن باغلاپ، يېنىغا قىلىچ ۋە خەنجەر ئاسقان، تاقىر بېشىغا چەۋەندازلارچە كەڭ گىرۋەكلىك قارا بۆك كىيىپ، بىر يېنىغا شۇڭقار قانىتىنىڭ چوڭ پېيىنى قىستۇرۇۋالغانىدى.

تۈركەنئايمۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق مىخلانغاندەك تۇرۇپ قالغىنىغا قاراپ ھەيران بولدى.

— بۇ مېنىڭ نەۋەر ئاكام قاپلانبەگ، — دېدى ئۇ توختامىشقا تونۇشتۇرۇپ.

توختامىش ئۈنچىقماستىن سەل ئېگىلىپ سالام قىلدى.

قاپلانبەگمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا سالام ياندۇردى.

— قوچۇغا قايتىپ كەلگىنىڭنى ئالابارس تارخاندىن ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ قوشۇنىدا تۇرۇۋېتىپسەن. چەۋەندازلىقىڭ تۇرقۇڭدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— سېنى بۇ يەردە كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، — دېدى توختامىش.

— مەنمۇ سەن بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم، — دېدى قاپلانبەگ.

— نېمە؟ سىلەر تونۇشامسىلەر؟ — تۈركەنئاي تەئەججۇپ ئىچىدە خىتاب قىلدى.

— تونۇشىمىز، — دېدى قاپلانبەگ ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن توختامىشنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

توختامىش ئېغىر تىنىق ئېلىپ سۇپىغا ئولتۇردى. تۈركەنئاي سۇپىدا ئولتۇرۇشقان ئىككىيلەنگە چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز تىكىپ تۇرۇۋېلا قالدى. بىردەملىك ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن توختامىش بوغۇق ئاۋازدا سورىدى:

— تۈركەنئاينىڭ ئاتىسى كىم؟

قاپلانبەگ جاۋاب بەردى:

— تۈركەنئاينىڭ ئاتىسى مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ھازىر تۈركەنئاي ئاتامنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

توختامىشنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، مۈكچىيىپلا قالدى. قارىماقدىغان، ئۇنىڭ سۆيگەن يارى، ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىكى ئاشۇ تەڭداشسىز ئابىدە، ئاشۇ گۈزەل تۈركەنئاينىڭ رەزىل مۇناپىق مىسىرىسلا بىلەن تۇغقان چىقىپ قالغىنىنى! يەنە كېلىپ، ئاشۇ مىسىرىسلانىڭ جىيەن قىزى بولۇپ چىققىنىنى! ھەي تەقدىر!

— چۈشەندىم، — دېدى قاپلانبەگ، — تۈركەنئاي بىر يىگىتنى قىتانلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى

سۆزلەپ بەرگەندى. بۇ ئەسلى سەن ئىكەنسەن ـ دە.
— شۇنداق، مەن، — دېدى توختامىش، — تۇركەنئاي ۋىجدانلىق، ھەقىقىي ئىدىقۇت قىزى ئىكەن.
قاپلانبەگ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ بېشى قاتقان ئادەمدەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىمىپ كەتتى.
— تۇركەنئاي، سىز خاپا بولماي بىردەم چىقىپ تۇرسىڭىز، — دېدى توختامىش.
تۇركەنئاي ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قايمۇققان ھالدا چىقىپ كەتتى. قاپلانبەگ توختامىشنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا قارىدى. «سەن ئىلگىرى تۇركەنئاينىڭ مىسىرىسلا جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىكەنسەن. ئەمدى نېمە دەيسەنكىن؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. توختامىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى.
— تۇركەنئاي بىلەن ئىككىمىز ۋەدىلەشتۇق، — دېدى ئۇ ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان ئاۋازدا، — مەن ئۇنى سۆيىمەن، چىن قەلبىمدىن قەدىرلەيمەن…
— لېكىن، تۇركەنئاي بىزنىڭ جەمەتنىڭ ئەزاسى تۇرسا، — دېدى قاپلانبەگ، — ئۇ مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم، ئاتام مىسىرىسلانىڭ جىيەن قىزى، سەن ئاتامنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسمىدىڭ؟
توختامىشنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، نەپسى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىنىڭ كەشتىلەنگەن ئۆرە ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېخىمۇ تېز مېڭىپ كەتتى ـ دە، قاپلانبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— مەن تۇركەنئايدىن كېچەلمەيمەن… ئۇ مىسىرىسلاغا ئوخشاشمايدۇ… سەنمۇ ئاتاڭغا ئوخشاشمايسەنغۇ…
— ئۇ بەرىبىر مېنىڭ ئاتام! — دېدى قاپلانبەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ ئالدىمدا ئاتامنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىڭغا

يول قويمايمەن!
توختامىش يەنە جىددىيلىشىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كەتتى.
— تۈركەنئاينى نىكاھىمغا ئالىمەن... قانداق شەرتىڭ بولسا ئېيت، تويلىشايلى، — دېدى ئۇ.
ئەمدى قاپلانبەگ كەسكىن ھەرىكەت قىلىپ سۇپىدىن پەسكە چۈشتى.
— بولمايدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — سېنى قىتانلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىمغا قاراپلا بۇ ئىشتا يول قويىدۇ دەپ ئويلىما. بۇ تامامەن باشقا - باشقا ئىش.
— توغرا، بۇ باشقا - باشقا ئىش، — دېدى توختامىش، — شۇڭا، تۈركەنئاينىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بۇ ئىشقا چېتىۋالماسلىقىڭ كېرەك.
قاپلانبەگمۇ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ قىيىن مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— بولمايدۇ، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ توختامىشنىڭ ئالدىدا توختاپ، — بۇنداق نىكاھنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. تەقدىر بىز بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىغا يۇيۇلماس قارا ئىزلارنى سالغان. بۇ قارا ئىزلار ھامان نىكاھ يىپىدا تۈگۈن پەيدا قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئاداشلىقىمىز①ساقلىنىپ قالسۇن، ئەمما، مۇناسىۋىتىمىز بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ! — دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى توختامىش، — تۈركەنئاي ئىككىمىز ھاياتىمىزنى تامامەن باشقا ئىزغا سالىمىز، تەقدىر يولىمىزنى يېڭىدىن باشلايمىز، بۇرۇنقى قارا ئىزلارغا ئەمدى قەدەم باسمايمىز.
قاپلانبەگ بېشىنى چايقىدى.

---

① ئاداش — قەدىمكى تۈركىي تىلدا: دوست، دوستلۇق.

— سەن بىردەملىك ھېسسىياتىڭغا تايىنىپ سۆزلەۋاتىدىسەن، — دېدى ئۇ.

— ياق! — دېدى توختامىش قەتئىيلىك بىلەن، — مەن ھېسسىياتىم بىلەن ئەمەس، ئەقىل - ئىدرىكىم بىلەن سۆزلەۋاتىمەن. سەن دېگەن قارا ئىزلار تۈركەنئاينىڭ ئىزى ئەمەس. ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل پەرىشتە.

— بەس، بۇ گەپنى قويايلى، بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلەشنى خالىمايمەن، — دېدى قاپلانبەگ ۋە سۆھبەتنىڭ تامام بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ قايتىدىن سۆپىغا ئولتۇرۇۋالدى، — بۇ تەلىپىڭگە ئاتامنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بىز پەرزەنت تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرالمايمىز.

توختامىشنىڭ گوياكى قىزىپ تۇرغان بەدىنىگە مۇزدەك سۇ قۇيۇۋېتىلگەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى گاراڭ بولۇپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىغاندەك تۇيۇلدى. قاپلانبەگنىڭ، «بىز پەرزەنت تۇرۇقلۇق» دېيىش ئارقىلىق تۈركەنئاينىمۇ مىسىرىسلانىڭ پەرزەنتى قاتارىدا ساناۋاتقانلىقى توختامىشنىڭ ئىچىنى زەھەر قۇيغاندەك ئېچىشتۇردى. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولدى، قاپلانبەگنىڭ ئېيتقانلىرىغا رەددىيە بەرمەكچى، ئۇنى ئەيىبلىمەكچى، ئۇنى قايىل كەلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇ نەپەسى بوغۇلۇپ، چىرايى ئۆڭگەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئىچى تىت - تىت بولۇپ باغ ئىچىدىكى گۈللۈكتە ئايلىنىپ يۈرگەن تۈركەنئاي ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەن ھالدا.

توختامىش ئېغىلغا كىرىپ قارا ئېتىنى تىزگىنىدىن يېتىلەپ چىقتى.

— ھېچ گەپ يوق، كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ

قىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلىرىگە مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ.
شۇ ئەسنادا قاپلانبەگمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.
— ئەي توختامىش، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — سەن ئاتامنى دۈشمەن كۆرسەن، ئەجەبا، ئاتامنىڭ ئېتىنى مىنىپ يۈرۈپسەنغۇ.
توختامىش بۇ خىتابتىن تېڭىرقاپ قالدى.
— بۇ ئاتنى ئاتام تۇركەنئايغا بەرگەن، — دېدى يەنە قاپلانبەگ.
توختامىش گەپ قىلالماي تۇركەنئايغا قارىدى.
— شۇنداق، توغرا، — دېدى تۇركەنئاي، — بۇ ئاتنى ماڭا مىسىرىسلا تاغام بەرگەن. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ توختامىش نېمىدەپ تاغامنى دۈشمەن كۆرگۈدەك؟
توختامىش قاپلانبەگنىڭ سۆزلىرىدىن ھاقارەت ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنىڭ يېنىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان تۇركەنئاينىڭ سۆيگۈ تەپتىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئېلىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ قاپلانبەگكە تولۇق تەگمىدى.
— بۇ ئاتنى ماڭا تۇركەنئاي بەرگەن، — دېدى ئۇ قاپلانبەگكە قاراپ، — سېنىڭ گېپىڭگە يارىشا بۇ ئاتنى ھازىر ساڭا بەرسەم توغرا بولمايدۇ. ئەگەر تۇركەنئاينىڭ بۇ سوۋغىتىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسەم ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ. شۇڭا، سېنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلىشىڭ ئورۇنسىز. بۇ، تۇركەنئاي بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىش.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز قاپلانبەگ ئاكا؟ — دېدى تۇركەنئاي نەۋرە ئاكىسىغا قاراپ، — سىلەر نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ بۇ زادى نېمە گەپ؟ نېمە ئىش؟ زادى چۈشەنمىدىمغۇ...
— تۇركەنئاي، — دېدى توختامىش، — مەن ھەر قېتىم سىزنى كۆرگىلى كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى ئۆيدە قويۇپ

ئاتايىن مۇشۇ قارا ئاتنى مىنىپ كېلىمەن. بۇ نېمە ئۇچۇن؟ چۈشىنەمسىز؟

— چۈشىنىمەن، — دېدى تۇركەنئاي، — لېكىن ئىككىڭلار نېمىلەرنى دەۋاتىسىلەر؟ نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟ پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ.

— مەن يەنە كېلىمەن. كېيىن سۆزلىشەيلى تۇركەنئاي، — دېدى توختامىش ۋە قارا ئارغىماققا بىر سەكرەپلا مىندى ـ دە، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## قىتانلار ۋە نايمانلار

نايمانلارنىڭ سەرگەردان خانى كۈچلۈك قارا قىتان مەملىكىتىگە ئۆيلىنىپ، گۈرخان چۈرۈقتىن قالسا ئىككىنچى شەخس بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نايمان خانلىقى ئاخىر قىتانلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. قېرى گۈرخاننىڭ ئوغلى يوق ئىدى. شۇڭا، كۈيئوغلى كۈچلۈكخاننى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى قىلىۋالدى.

گۈرخان ساقلىقى بولماي كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، يىراق - يېقىنغا تولا بارمايتتى. خانلىقىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋەزىرلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاش بىلەن چەكلىنەتتى. ئۇ، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولغۇدەك بىرەر ئوغلىنىڭ يوقلۇقىدىن قايغۇرۇپ ئارامسىزلىناتتى، خانلىقىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيتتى. «مەندىن كېيىن بۇ تاج ۋە تەخت كىمگە قالىدۇ؟» دەپ ئويلىسا قان يۇتقاندەك ئازابلىناتتى.

گۈرخاننىڭ ئەنە شۇنداق نادامەتلىك كۈنلىرىدە نايمانلارنىڭ ياش ھۆكۈمدارى كۈچلۈكخان پەيدا بولۇپ، قارا قىتان تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گۈرخاننىڭ ئەتىۋارلىق قىزى بۇ قاۋۇل، كېلىشكەن ياش خانغا كۆڭلىنى بەردى. گۈرخان ئۆزىمۇ بۇ تەدبىرلىك، پائالىيەتچان كۈيئوغلىنى ياقتۇرۇپ قالدى. موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا كۆپ تالاپەت كۆرۈپ سەرسان

بولغان نايمانلار ئەمدى ئارام تېپىپ، ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئېرىشكەندەك بولدى.

گۇرخان بوش ۋاقىتلىرىدا كۈيئوغلى كۈچلۈكخاننى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۈيۈك قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— بىز قىتانلار قۇدرەتلىك خەلق، — دەيتتى گۇرخان، — ئەجدادلىرىمىز كۈنچىقىش تەرەپتىن بۇ يەرلەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەتراپتا قۇدرەتلىك ھېسابلانغان ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى خانلىقىمىزنى تىكلىگەن. قاراخانىيلارنىڭ ئىككى ئاستانىسىنىڭ بىرى بولغان مانا مۇشۇ بالاساغۇن شەھىرىنى ئۆزىمىز ئاستانا قىلىۋالدۇق. شۇنىڭدىن بۇيان يۈز يىل ئۆتتى. خانلىقىمىز يىلدىن يىلغا يۈكسەلدى. كۈنچىقىشتا ئىدىقۇت خانلىقى، كۈنپېتىشتا خارەزىم دۆلىتى، جەنۇبتا قاراخانىيلار بىزگە سېلىق تۆلەيدىغان بولدى.

— بىراق، يېقىندىن بېرى ئەھۋال تازا ياخشى ئەمەس، — دەپ سۆز قاتتى كۈچلۈكخان، — موڭغۇللارنىڭ تەھدىتى كۈچىيىۋاتىدۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، سېلىق تۆلەشتىن باش تارتتى، ھەتتا قىتان مەمۇرلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. ھازىر ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، خارەزىمشاھمۇ بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئۆكتە قوپۇشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئىلى دىيارىدىكى ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرىمۇ بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، موڭغۇللار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ئەتە ـ ئۆگۈن تارىم ۋادىسىدىكى قاراخانىيلارمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ھېسابقا ئېلىپ، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك.

سۇپىدىكى قات ـ قات تاۋار كۆرپىلەردە يوغان تەكيىگە

يۈلـــنىپ ئولتـۇرغان گۇرخان تەستىقـلىغان تەرزدە بېشىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك لىڭشىتتى.

— توغرا، توغرا، — دېدى ئۇ، — بولۇپمۇ خارەزىمشاھنىڭ پەيلى يامان، ئۇ بۇلتۇرمۇ، بۇ يىلمۇ ئولپان تاپشۇرمىدى. ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئوبدان بىر ئەدەپلەپ قويساق بولاتتى. قانداق دەيسەن؟

كـۇچـلـۇكـخـان بـالاسـاغـۇنـغـا كـەلگەندىن بۇيان قىتان ئوردىسىدىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتا ئىچى سىقىلىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئات مىنىپ، يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىپ، دالا ـ قـــىرلاردىـــكى بوران ـ چاپقۇنـلاردا چـەۋەندازلـىق قىلىشتىن ھـۇزۇرلـــىناتتى. شۇڭا، ئۇ گۇرخاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىگە كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەت كەلدى دەپ چۈشەندى.

— شـۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى ئۇ قېيىناتىسىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، — مانا مەن قوشۇن تارتىپ خارەزىمشاھنىڭ ئالدىغا باراي. ئۇ ياخشىلىقچە ئىتائەت بىلدۈرسە سۈلھى ئارقىلىق كېلىشىمىز. ئەگەر ئۇ ئىتائەت يولىدىن چىقسا، ئۇنى قىلىچ ـ نەيزە بىلەن باش ئەگدۈرىمەن.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ ئوغلۇم، ياخشى گەپ قىلدىڭ، — دېدى گۇرخان مەمنۇن بولۇپ، — دەرھال يۈرۈشكە ئاتلانغىن. ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتىدىغان خارەزىمشاھ دېگەن لەقۋاغا كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قوي.

شـۇنـداق قـىلىپ، كۇچلۇكخان نايمان قوشۇنىنى باشلاپ بالاساغۇن سېپىلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

قــوشــۇن قۇمساڭغۇ توپىلىق چۆللەرنى كېزىپ، خارەزىم دۆلــــتــــنــــىڭ ئاستانىسى ئۈرگەنچ شەھىرىگە يېقىن كەلدى. كۇچلۇكخان ئۈچ نەپەر ئەلچىنى شەھەرگە ئەۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ھــېلىقى ئۈچ نايمان ئەلچى بىلەن بىللە ئۇزۇن تاۋار تونلارنى كـىيىشىپ، باشلىرىغا يوغان ئاق يېپەك سەللە ئوراشقان ساقاللىق

ئــۈچ ئادەم شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلار خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈچلۈكخانغا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى.

— خوجىمىز مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئالىيلىرى شەۋكەتلىك باھادىر كۈچلۈكخان ھەزرەتلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز.

كــۈچــلــۈكــخان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى بــاشــلاپ غــالــىــبــلارچــە ســالاپەت بىلەن ئۆرگەنچ شەھىرىدىكى خارەزىمشاھ ئوردىسىغا قەدەم باستى. بۇ مۇسۇلمانلار دۆلىتىنىڭ ھــۆكــۈمــدارى مــۇھــەمــمــەد ئــەلائــىــددىــن خارەزىمشاھ نايمان ھۆكۈمدارىنى ئاجايىپ دەبدەبىلىك كۈتۈۋالدى. بۇنداق قىزغىن كــۈتۈۋېلىش ۋە بولۇپمۇ بۇ شەھەرنىڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشى، ئــوردا ئــىــچــىــدىــكى ھەشەمەتچىلىكلەر كۈچلۈكخاننى ھەيرەتتە قالدۇردى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز بەزمە ـ زىياپەتلەر بىلەن ئۆتتى.

سەككىزىنچى كۈنى كۈچلۈكخان رەسمىي سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سارايغا كــىــرگــەنــدە خارەزىمشاھ تۆردىكى ئالتۇن تەختتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. ئەمەلدارلار كۈچلۈكخاننى تەختنىڭ ئوڭ يېنىدىكى كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى.

قــورســاق ســېــلــىــپ كــەتــكەن سېمىز ۋە چار ساقاللىق خــارەزىــمــشــاھ ئۇچىسىغا زەرباپ تون كىيىپ، بېشىغا سىماب رەڭلىك يىپەك سەللە ئورىغانىدى. سەللىسىنىڭ ماڭلاي قىسمىغا ئــۆرۈكــتــەك چــوڭــلــۇقــتــىــكــى ســۈس يــېشىل زۇمرەت كۆز ئــورنــىــتــىــلــغانىدى. تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن پەگاھقا قاراپ تــىــزىــلــغان كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشقان توققۇز ۋەزىرمۇ قىممەت بــاھــالــىــق كــىمخاب تونلارنى كىيىشىپ، ئاق، سېرىق يىپەك ســەلــلــىــلــەرنى ئوراشقانىدى. ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەر. ئۇلارغا نىسبەتەن خېلى ئاددىي كىيىنگەن كۈچلۈكخان بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدە، «ئەر كىشىلەرگە بۇنچىلىك ياسىنىپ

كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دەپ ياراتمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھېسابسىز بايلىقنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ھەشەمەتچىلىكلەرگە قاراپ بىر ئاز ئەيمەنگەندەك بولاتتى. ئۇ نەگىلا قارىمىسۇن، ھەسەن - ھۈسەندەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاۋار - دۇردۇنلار، ھەممە يەرنى ئالا قويماي قاپلاپ كەتكەن رەڭدار گىلەملەر، ھەممە يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىرلار گويا خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— ئەي نامى ئۇلۇغ باھادىر كۈچلۈكخان، — دېدى خارەزىمشاھ سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — سىز بىلەن دىدار كۆرۈشمەك ئىستىكىنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن مۇرادىمغا يەتتىم. بىزگە ئېيتىدىغان ھەرقانداق كالامىڭىزنى ئىشىتمەك بىز ئۈچۈن زور خۇشاللىقتۇر.

تاغ - دالىلارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۆسكەن نايمان ھۆكۈمدارى شەھەرلەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرى ئىچىدە ئەيش - ئىشرەتلىك جاپاسىز تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خارەزىم ئۇلۇغلىرىنىڭ دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلىرى ۋە زىل مۇناسىۋەتلىرىگە كۆنۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا بايان قىلدى:

— مەن بۇ يەرگە گۇرخان ئاتامنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كەلدىم. خاقانىيە① ھەم خارەزىم تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار گۇرخان ئاتامغا ئىتائەت بىلدۈرۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇلتۇردىن بېرى خارەزىمشاھنىڭ ئولپان تاپشۇرمىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، مەن گۇرخان ئاتامغا ۋاكالىتەن تەۋەيىڭىزلەردىن يىغىلغان ئولپان - سېلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان مۇھەممەد خارەزىمشاھ سىمىز

① خاقانىيە — قەشقەر ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار.

گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە سالاپىتىنى بۇزماي، تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. كۈچلۈكخاننىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان باش ۋەزىر كالتە يۆتىلىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بىز نامى ئۇلۇغ باھادىر كۈچلۈكخاننى قارا قىتانلارنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى باتۇر نايمان خەلقىنىڭ مۇناسىپ خاقانى دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىمىز.

كۈچلۈكخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەڭدەپ قالدى.

— گۇرخان مېنىڭ قېيناتام. ئۇ بىزگە پاناھلىق بەردى، — دېدى ئۇ.

— ھازىر گۇرخان بەكلا قېرىپ كەتتى، — دېدى مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئالدىرىماي سۆزلەپ، — قارا قىتانلارغا بىر قابىل خان كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، گۇرخاننىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ۋارىسى يوق. ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن قارىغاندا، دەل باھادىر كۈچلۈكخان قارا قىتان تەختىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋارىسى بولۇشقا مۇناسىپ. گۇرخان ھازىر دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر بالاساغۇندا ھوقۇق تۇتسا سىزلەرنىڭ ھەم بىزلەرنىڭ ئىشلىرىمىز ناھايىتىمۇ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. خارەزىم بىلەن بالاساغۇن ئىتتىپاقلاشسا بىزگە كىم تەڭ كېلەلەيدۇ!

— بىزدە بايلىق كۆپ، — دېدى باش ۋەزىر، — بايلىقىمىز كۆپ بولغاچقا، تۆت يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى بېقىپ كېتىۋاتىمىز. بۇنداق زور قوشۇن قوشنا ئەللەردە يوق. ئەگەر كۈچلۈكخان بىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى خالىسا، ماددىي بايلىق بىلەنمۇ، قوشۇن بىلەنمۇ ياردەم بېرىشكە تەييارمىز.

كۈچلۈكخان ئويلىنىپ قالدى. «تۆت يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن قارا قىتانلاردىمۇ ھەم بىزدىمۇ يوق، — دەپ مۇلاھىزە

قىلدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرى ئېگىز ۋە مەزمۇت سېپىللار بىلەن قورشالغان، شەھەر ئىچى ھېسابسىز بايلىق بىلەن تولغان. ئۇلار يېمەكلىك ۋە ئات ـ ئۇلاغدىن قىسىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار ھۈنەرۋەنلىكتىمۇ كامىل ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى شۇنچە كۆركەم ۋە پۇختا، قىلىچ ـ خەنجەر ۋە ئوقيالىرى شۇنچە سۈپەتلىك. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ناھايىتى كۆپ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ھالى خاراپلاشقان نايمانلار ئۈچۈن ئوت بىلەن ئويناشقاندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە! قارا قىتانلارغا قانچىلىك ئىشەنگىلى بولار؟ ئەنە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئاشكارا تىغ كۆتۈرۈپ، قارا قىتانلارنىڭ مەمۇرلىرىنى قىرىپ تاشلىغانسىدى، گۇرخان ئاچچىق يۇتۇپ، غىڭ قىلالماي ئولتۇرمامدۇ».

مۇھەممەد خارەزىمشاھ ۋە باش ۋەزىر شۇنچە ھەيۋە بىلەن كەلگەن بۇ سەرگەردان نايمان ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى كۈچلۈكخان، — ئولپان، سېلىق توغرىسىدا بىز كېيىن ئايرىم كېلىشىم تۈزەيلى.

خارەزىمشاھ يەنە داغدۇغىلىق زىياپەت بېرىپ ۋە قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىپ، كۈچلۈكخاننى ئۇزىتىپ قويدى. كۈچلۈكخان بالاساغۇنغا قايتماي، دالىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرۇپ قالدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي تۇرۇپ، قىممەتلىك سەرپايىلەرنى كىيىشكەن سالاپەتلىك مۇسۇلمانلار نايمانلار بارگاھىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشتى ھەمدە كۈچلۈكخان ئالدىدا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى:

— سۇلتانىمىز مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئالىيلىرى

باھادىر كۈچلۈكخان جانابىي ئالىيلىرىغا سالام يوللاپ، بىزلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

كۈچلۈكخانمۇ خارەزىم ئەلچىلىرىنى قوي سويۇپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئاخىر، خارەزىمشاھنىڭ ئەلچىلىرى كۈچلۈكخان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتى.

خارەزىمشاھنىڭ ئەلچىلەر ئارقىلىق كۈچلۈكخانغا يوللىغان مەكتۇپىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «... سىز ئۇ تەرەپتىن گۈرخان ئۈستىگە قوشۇن تارتقايسىز، مەن بۇ تەرەپتىن ھەرىكەت قىلىمەن. ئىككىمىز بىرلەشسەك ھېچكىم بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىز مەشرىقتىن، مەن غەربتىن ئاتلىنايلى. گۈرخاننىڭ غەزىپى ئەمدى بىزنى تەقىپ ئېتەلمەيدۇ. گۈرخان ئەمدى بىزنىڭ ئورنىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ».

مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى كۈچلۈكخاننىڭ كۆڭلىگە باب كەلدى. شۇ ئاساستا ئەھدىنامە تۈزۈشتىكى، ئەگەر سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ باشتا كېلىپ گۈرخاننى مەغلۇپ قىلسا قەشقەردىن چىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەر ئۇنىڭ بولىدۇ. ئەگەر كۈچلۈكخان ئالدىنراق يېتىپ كېلىپ گۈرخاننى يەڭسە فەناكەس دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان يەرلەر ئۇنىڭ بولىدۇ.

شۇ ئەھدىنامە بويىچە ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇن تارتىپ قىتانلار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. كۈچلۈكخان ئالدىنراق يېتىپ كەلدى ۋە بالاساغۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قىتانلار نىمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي تەمتىرەپ قالدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ زەربە بەردى. شەھەر ئىچىگە كىرىپ بولغان نايمانلار يەنە چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى كۈن قاتتىق جەڭ بولدى. نايمان قوشۇنى تارمار كەلتۈرۈلدى. كۈچلۈكخان ئېتىنى ئايىماي قامچىلاپ شەھەردىن چۆللەرگە قاچتى.

بۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ مۇسۇلمانلار

قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ قىتانلارنىڭ بۇخارا، سەمەرقەند ۋە ئوترار ئەتراپلىرىدىكى قوشۇنلىرىنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خارەزىم دۆلىتىمۇ خۇددى ئىدىقۇت خانلىقىغا ئوخشاش قارا قىتان ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلدى.

گۇرخان ئاستانىدىكى قارا قىتان قوشۇنىغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، سۇلتان مۇھەممەدكە قارشى ئاتلاندى. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى باياۋاندا توقۇنۇشۇپ، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە قاتتىق جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەت كۆردى. ئاخىر خارەزىم قوشۇنى چېكىندى. گۇرخان ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ ئاستانىگە قايتتى.

ئەنە شۇ چاغدا قېرى گۇرخان ئويلاپ يەتمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئەسلىدە قاراخانىيلارغا تەۋە بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا باشتىن - ئاياغ كۆڭلىدە غوم ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار خارەزىم تەرەپ بىلەن ئۇرۇش باشلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جانلىنىپ كەتتى.

— سۇلتان مۇھەممەد قوشۇنى يېتىپ كەلگۈچە بىز ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، قارا قىتانلارنى يوقىتايلى! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ئۇلار.

شۇنىڭ بىلەن، جېنى بارلىكى ئەركەك كالتەك - توقماق، پالتا - كەكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەھەردىكى قىتانلارنى بىر باشتىن ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. گۇرخان خارەزىم قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە بالاساغۇن ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، ئۇلارنى كىرگۈزمىدى. چۆلدە ماكانسىز قالغان قىتانلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، سېپىللەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئون ئالتە كۈن جەڭ بولدى. گۇرخان باشقا جايلاردىكى قىتان قوشۇنلىرىنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئېقىندى

بەگلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى جەم قىلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم بىلەن بېسىپ كىردى. شەھەر ئاھالىسى دەھشەتلىك تالان ـ تاراج قىلىندى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۆتىۋەر ئاقسۆڭەكلىرىدىن يەتتە مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. كۆزى قىزارغان قىتانلار كوچا ـ كوچا، ئۆي ـ ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئولجا يىغىش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئىنتىزام بۇزۇلدى، قوشۇن تارقاقلاشتى.

كۈچلۈكخان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن نايمان قوشۇنىنى باشلاپ شەھەرگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىردى ۋە قىتانلارنىڭ مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى بىلەن تاپتىن چىققان چېرىكلىرىنى تېزلىكتە جىمىقتۇرۇپ، گۇرخاننى تۇتقۇن قىلدى.

گۇرخان دەرمانسىز غەزەپتىن روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۆرە تۇرالماي، تويلىشىپ تۇرغان نايمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا داق يەرگىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ، ئاپئاق ساقىلى تىترەپ كەتتى. سۆسەر تۇمىقى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ئاپپاق بېشى يالىڭاچ قالدى.

— ۋۇي نومۇسسىز… ۋىجدانسىز… مۇناپىق …— دېدى ئۇ ئالدىدا تۇرغان كۈيئوغلى كۈچلۈكخانغا قولىنى شىلتىپ، — تۇزكورلۇق قىلىپ، ئاش بەرگەنگە مۇشت قايتۇرامسەن؟ تەڭرىدىن قورقمامسەن؟ ئۇ دۇنياغا بارغاندا بۇدساتۋا ساكيامونىغا نېمە دەيسەن؟ سەن… سەن… مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلىنىپ … بۇ يورۇق دۇنيادىن كەتكەندە ئۇلۇغ، مېھرىبان شەپقەتچىمىز ئاۋالۇكى تېشۋاراغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن؟

نايمانلار خۇدىنى يوقىتىپ سۆزلەۋاتقان قېرى گۇرخاننى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇشتى ۋە ئۇنىڭ تىركىشىپ چالۋاقاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ يانتۇزۇپ قويۇشتى.

كۈچلۈكخان ئۇ ياتقان كاتنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى:

— بۇنداق خاپا بولۇشنىڭ ئورنى يوق. سىز يەنىلا مېنىڭ قېيناتام، سىز يەنىلا مۇشۇ ئەلنىڭ خوجىسى، سىز يەنىلا ئۇلۇغ گۇرخان. مەن پەقەت سىزگە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىمەن. مەن سىزنىڭ قولىڭىزدىكى گۇرزى تاياق. مېنى قاياققا شىلتىسىڭىز شۇ ياققا ماڭىمەن. سىز ماڭا بۇيرۇق قىلسىڭىز مەن سۇ كەلسە سۇدىن، ئوت كەلسە ئوتتىن ھەرگىز يانمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ گۇرخان ئاتا، بەھۇزۇر ئارام ئېلىڭ.

شۇنىڭ بىلەن، كۈچلۈكخان قېرى گۇرخاننى قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتكەندە توقسان بەش ياشقا كىرگەن گۇرخان ئالەمدىن ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا 12- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 13- ئەسىرنىڭ بېشىغىچە تەخمىنەن يۈز يىلغا يېقىن داۋاملاشقان قۇدرەتلىك قارا قىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئەنە شۇنداق جىمجىتلا نايمان كۈچلۈكخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

قىتانلار ئەسلىي خېيلۇڭجياڭ ۋە لياۋخې دەريالىرى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشايدىغان خەلق ئىدى. 6-، 7- ئەسىرلەردە ئۇلار تاڭ سۇلالىسى ۋە كۆك تۈرك خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، بەزىدە بويسۇندۇرۇلغان ۋە بەزىدە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان. 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىنغان. ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قىتانلار ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىنى تىكلىگەن ۋە تېزلىكتە كۈچىيىپ، خېيلۇڭجياڭ ۋادىسىدىن تارتىپ موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىگەن. كېيىن بېقىندى خەلقلەردىن جۇرجىتلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىتان خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ «ئالتۇن خانلىقىنى» يەنى جىن سۇلالىسىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن قىتانلار بىلەن جۇرجىتلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. ئاقىۋەتتە جۇرجىتلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. قىتانلار ئەسلىدىكى يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، غەربكە كۆچتى ھەمدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى تارباغاتايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە «غەربىي لياۋ» دەپ ئاتالغان قارا قىتان خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئالدى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئاندىن قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە يۇرۇش قىلدى. قاراخانىيلار ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى بىرنەچچە قېتىم زەربە بىلەن چېكىندۇردى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا قاراخانىيلارمۇ ۋە ئىدىقۇت خانلىقىمۇ ئوخشاشلا قىتانلارغا سېلىق تۆلەيدىغان ئورۇنغا چۇشۇپ قالدى.

قارا قىتان خانلىقى راسا كۇچەيدى. ئۇلار ئەمدى بالاساغۇن شەھىرى، ئىلى، يەتتىسۇ ۋە ئىسسىق كۆل رايونلىرىنى، كېيىن يەنە سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، خارەزىم دۆلىتى بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. نەتىجىدە خارەزىمشاھمۇ ئولپان تۆلەشكە رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پۇتۇن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرى قارا قىتان ھۆكۇمرانلىقى ئاستىغا چۇشۇپ قالدى.

بېقىندى ئەللەردىكى كىشىلەر ئەلەملىك باشلىرىنى چايقاپ:

— ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق، ھەرقانچە ئۇزۇن كۇننىڭمۇ ئاخىرى بولىدۇ. بىزنىڭ كۇنىمىزمۇ كېلەر، — دېيىشەتتى.

ئاقىۋەت شۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولدى. قىتانلارنى كەينى ـ كەينىدىن نەس باسقىلى تۇردى. قېرى گۇرخان چۇرۇقنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئالدى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرى قىتانلارنى ئۇز

زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھمۇ ئىتائەت يولىدىن ئاياغلىرىنى تارتتى. گۇرخان چۈرۈقنىڭ كۈيئوغلى بۇتپەرەس نايمان كۈچلۈكخان مۇسۇلمانلار سەردارى خارەزىمشاھ بىلەن تىل بىرىكتۈردى. نەتىجىدە، خارەزىمشاھ سەمەرقەند، بۇخارا، ئوترار قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار زېمىنلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمى ئۆزىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى تاماملىدى. كۈچلۈكخان قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىگە ئولتۇردى.

تارىخنىڭ چاقى تېز چۆرگىلەپ كۈتۈلمىگەن كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى.

كۈچلۈكخان بەزەن چاغلاردا بالاساغۇن سېپىلىگە چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ئۇزاق - ئۇزاقىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئالتاي تاغلىرىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئويلىمىغان يەردىن قۇدرەتلىك بىر خانلىققا باش بولۇپ قالغان بۇ نايمان خان چىڭگىزخاندىن ئۆچ ئېلىپ، ئالتايغا قايتىشنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى.

«چىڭگىزخان ھازىر بەك كۈچىيىپ كەتتى، — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى كۈچلۈكخان، — ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پۇختا تەييارلىق كۆرۈش زۆرۈر. قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. خارەزىمشاھ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە يۈرۈش قىلىشقا پۈتۈشۈش كېرەك. بىراق، خارەزىمشاھ موڭغۇل يايلاقلىرىغا ئاتلىنىشقا قىزىقارمۇ؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرچە خارەزىم تەرەپتىن بىزگە خەۋپ يەتمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇش مۇمكىن. خەۋپ كەلسە قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار قارا قىتانلارغا بەك ئۆچ دېيىشىدۇ. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا بىزگە ئارقا

تەرەپتىن تىغ ئۇرىدۇ. شۇڭا، چىڭگىزخانغا تېگىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش كېرەك. قاراخانىيلار خاقانى ئىدىقۇت خاندىن ئۆگىنىپ، سېلىق تۆلەشتىن باش تارتىۋاتىدۇ. سەل بوشاڭلىق قىلسام ئۇلار راستىنلا تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، دەرھال قەشقەرگە ئاتلىنىش كېرەك».

مىلادىيە 1212 - يىلى كۈچلۈكخان قىتان ۋە نايمان قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئىشلار خارەزىمدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. خاقانىيە ھۆكۈمدارلىرى كۈچلۈكخان بىلەن تىل بىرىكتۈرمىدى. قانلىق جەڭلەردىن كېيىن كۈچلۈكخان قەشقەرگە بېسىپ كىردى. قەشقەر تارىخىغا يەنە پاجىئە سەھىپىلىرى يېزىلدى.

قىتان - نايمان قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن ئاھالىنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ بۇتپەرەسلىك دىنىغا كىرىشكە قىستىدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قىلىچ ۋە نەيزىدىن ئۆتكۈزدى، ئۆيلەرگە ئوت قويدى، ساق قالغان ئۆيلەرنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئورۇنلاشتى. قەشقەردە قەھەتچىلىك باشلاندى.

كۈچلۈكخان بۇ يەردە ئالدىغاننى ئېلىپ، قۇرۇتۇپ، خوتەنگە ئاتلاندى. بۇ شەھەرنىمۇ بېسىۋالدى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇتپەرەسلىككە دەۋەت قىلدى. بۇتپەرەسلەرنىڭ جارچىلىرى خەلقنى توپلاپ جاكار قىلدى:

— ئەي خالايىق، ئىشىنىڭلار، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچلۈكخاننىڭ بۇيرۇقى! بۈگۈندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇش، مەدرىسىلەردە دىنىي دەرس ئۆتۈش مەنئىي قىلىنىدۇ. پۈتۈن خەلق ساكيامونى يولىدا مېڭىپ، بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۆگەنسۇن! بارچە ئىمالار ۋە

مـولـلـىلار مـەيـدانـغـا چىقىپ، خالايىق ئالدىدا ئۆز دىنىدىن قـايـتـقـانلىقىنى ئاشكارا تەكىتلىسۇن! كىمدەكىم كۇچلۇكخان ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددا دىنىدىن باش تارتسا شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!

ئىشغالىيەتچى چېرىكلەر جەمئىي ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىمام ۋە ئـۆلىما ـ موللىلارنى مەيدانغا يىغدى. كۇچلۇكخان ئۇلارغا قارىتىپ مۇنداق دېدى:

— سـىـلـەردىن كىم ئۆز دىنىمدىن قايتمايمەن، بۇددىغا ئېتىقاد قىلمايمەن دېيەلەيدۇ؟ قورقمايدىغانلار بولسا ئالدىغا چىقسۇن!

شەيخ ئەلاۋۇددىن مۇھەممەد خوتەنى ئىسىملىك كاتتا ئۆلىما ۋە مۇدەررىس توپ ئىچىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كۇچلۇكخاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مـانـا مـەن ئـۆز دىنىمدىن قايتمايمەن، — دېدى ئۇ كۇچلۇكخاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ.

كۇچلۇكخان ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر قىياپەتتە تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزۈن شايى تونىغا، ئاق سەللىسىگە ۋە قويۇق ئۆسكەن چار ساقىلىغا سىناق نەزىرىدە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — سەن نېمە ئۈچۈن دىنىڭدىن قايتمايسەن؟ ماڭا شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەر، — دېدى ئۇ.

— چۈنكى ئىسلام دىنى ھەق ۋە پاك دىن، — دېدى شەيخ ئـەلاۋۇددىن خوتەنى قۇرئان، ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، دىـنـىـي ئـىـسـلامنىڭ ئەركان ۋە ئەمرىمەرۇپلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بولدى! توختا! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى كۇچلۇكخان ۋە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئېلىپ ھاقارەت ياغدۇردى.

شەيخ مىسلىسىز غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— تـىـلـىـڭـنى تارت، پاسىـق مەلـئۇن! ئاغزىڭغا توپا

تولسۇن! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ كۈچلۈكخانغا قولىنى شىلتىپ.
كۈچلۈكخاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.
— سىنىڭ قانچە جېنىڭ بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي! دىنىڭدىن يانمىغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي قېنى! — دېدى ئۇ ۋە يېنىدا تەييار تۇرغان چېرىكلەرگە شەيخنى تۇتۇشنى ئىشارەت قىلدى.
چېرىكلەر ئېتىلىپ كېلىپ شەيخكە چاڭگال سالدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ قىل ئارقان بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. شۇ ۋەقە بولۇۋاتقان مەيداننىڭ بىر يېنىدا شەيخ ئەلاۋۇددىن خوتەنى ئۆزى سالدۇرغان بىر چوڭ مەدرىسە بار ئىدى. چېرىكلەر كۈچلۈكخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە شەيخنى شۇ مەدرىسىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ قىيىن - قىستاققا ئالدى، «ئۆز تالىپلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئىسلامدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭنى ئېيتىسەن» دەپ زۇلۇم سالدى. شەيخ ئازابقا چىداپ، توختىماي كەلىمەئى شاھادەتنى ئوقۇدى.
كۈچلۈكخان زەردى قايناپ ۋارقىرىدى:
— ھۇ، جاھىل خوتەنلىك! ئۆلۈم يولىنى تاللىغان بولساڭ شۇ يولغا ماڭ ئەمىسە!
چېرىكلەر شەيخنى مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلىۋەتتى. شەيخ ئەلاۋۇددىن مۇھەممەد خوتەنى ھەزرىتىنىڭ ئەنە شۇ تەرىقىدە شېھىت بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يىراق - يېقىندىكى ئىسلام ئەللىرىگە تارقىلىپ، تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە يېزىلىپ قالدى.
كۈچلۈكخاننىڭ قەشقەر ۋە خوتەننى ئىستېلا قىلىشى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 280 يىللىق تارىخى ئاخىرلاشتى.

## ئون يەتتىنچى باب

# قوچۇدىن قەشقەرغىچە

مىلادىيە 1218 ـ يىل، ئەتىياز.

توختامىشنىڭ بەختلىك كۈنلىرى باشلانغانىدى. ئۇ ئۆز ئاتا ئۆيىدە تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەمدى ئالابارس تارخاننىڭ قوشۇنىدا يۈزبېشى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. ئادەتتىكى مەشىق ۋە يۈرۈشلەردىن بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ كىشىلىك ئىللىق ئائىلىسىدە ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئىلتەرىشنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىشتىن چەكسىز هۇزۇر ـ هالاۋەت هېس قىلاتتى.

مانا بۈگۈنمۇ توختامىش يۈزبېشى ئۆز ئۆيىدىكى ئازادە سۇپا ئۈستىدە سۆيۈنگەن ۋە شادلانغان هالدا كىچىككىنە ئىلتەرىش بىلەن ئويناشماقتا ئىدى. ئۇ هېلى ئوغلىنى يېتىپ بۇدرۇق ئوغلىنى قورسىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇنى مىجىقلاپ، غىدىقلاپ كۈلدۈرەتتى؛ هېلى «ئات» بولۇپ، بۇ ئوماق چاتاقچىنى دۈمبىسىگە مىنگۈزۈۋېلىپ سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇراتتى.

ياندىكى ئۆيدىن توختامىشنىڭ ئايالى، ئىلتەرىشنىڭ ئانىسى گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلگەن پېتى يۈگۈرۈپ كىردى.

— هە، سىلەر ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار مېنى يالغۇز قويۇپ ئۆزۈڭلار ئوينامسىلەر؟ — دېدى ئۇ جاراڭلىق، شادىيانە ئاۋازدا ۋە سۇپا ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ئاتا ـ بالىغا يېپىشتى.

ئۇچەيلەن كۇلۇشۇپ، چىرقىرىشىپ، پومداقلىشىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىن دەرۋازىنىڭ تاراقلىغىنى ۋە ئىتنىڭ قاۋىغىنى ئاڭلاندى. توختامىش چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ياش بىر چەۋەنداز ئاتتىن چۈشمەيلا خەۋەر يەتكۈزدى:

— سەركەردىمىز ئالابارس تارخان بارلىق مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلارنى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا دەرھال يىغىلىشقا بۇيرۇدى.

توختامىش ئېتىنى ئېگەرلەپ مىندى ۋە ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا ئوغلى ئىلتەرىشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ:

— يۇلتۇز، مەن ئوردىغا كەتتىم، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

شۇنداق، توختامىش مەرھۇم بادرۇق باخشىنىڭ قىزى يۇلتۇزغا ئۆيلەنگەنىدى. شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ئۆچمەي كەلگەن تۇركەنئاي غايىب بولغانىدى. توختامىش تۇركەنئاينىڭ ئۆيدە قاپلانبەگ بىلەن كۆرۈشكەن شۇ كۈندىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. توختامىش گويىاكى ئۆزىنىڭ بەخت قۇياشىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ مەسۇمە قىزنىڭ ساتقىن مۇناپىق مىسىرىسلانىڭ جىيەن قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن يۈرىكى سىقىلىپ، يورۇق دۇنيا كۆزلىرىگە قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئاچچىق ھەسرەت ئۇنى دەم ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرسە، دەم قار ـ مۇزلۇق سۇغا سېلىپ تىترەتكەندەك بولدى. ھالبۇكى، ئىككى ياش يۈرەك ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ئەقىدىسى بەجايىكى قۇياش تەپتىدەك ئىسسىق ۋە كىرسىز پاك ئىدى. توختامىش قاپلانبەگكە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلدى، ئۇنىڭ مۇھەببەت يولىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئۆتۈندى. تۇركەنئايمۇ كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇپ نەۋرە ئاكىسىغا يېلىندى. بىراق، قاپلانبەگ ئۆز سۆزىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى.

توختامىش، قاتتىق ھاياجانلىنىشتىن بولسا كېرەك، بىر كۈنى قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېتىپ قالدى. شۇ ياتقانچە تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ساقىيىپ ھېلىقى يېزىغا بارغاندا تۇركەنئاينى تاپالمىدى. قاپلانبەگمۇ، مىسىرسلامۇ يوق ئىدى. ئۇلار قورۇ جايلىرىنى سېتىۋېتىپ، نەگىدۇر كەتكەنىدى. توختامىش ھېچ يەردىن ئۇلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمىدى، ئىزدىمىگەن، بارمىغان يېرى قالمىدى، تېپىلمىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق خۇپىيانە ھالدا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئېھتىمال، قاپلانبەگ ئاتىسى مىسىرسلانىڭ ئەل ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن يامان ئاتىقى بىلەن بۇ يۇرتلاردا تۇرىۋېرىشنى خوپ كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تۇركەنئايچۇ؟ ئۇ مۇشۇنداقلا كېتىپ قېلىشقا رازى بولغانمىدۇ؟ «ياق! — دەيتتى توختامىش، — ئۇ ھەرگىز رازى بولمىغان، ئۇنى مەجبۇرىي ئەكېتىشكەن».

قەلبى جاراھەتلەنگەن توختامىش ئامالسىز قالدى، لېكىن ئۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى. ئۇ ھامان ئاشۇ مېھرى ئوتلۇق جانان قىزنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يوللارغا تەلمۈرۈپ قارىدى، پالچىلارغا پال ئاچقۇزۇپ، ئاقساقاللاردىن چۈشلىرىگە تەبىر سوراپ، سۆيگەن يارىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆرۈلدى. ئۇ ئالابارس تارخانىنىڭ قوشۇنىدا يېڭى جەڭچىلەرنى جاپالىق مەشىقلەندۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى، ھەر خىل ۋەزىپىلەر بىلەن سەپەر قىلدى، بوش ۋاقىتلىرىدا مەرھۇم بادرۇق باخشىنىڭ ئائىلىسىنى داۋاملىق يوقلاپ تۇردى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ھېلىقى يۇلتۇز قىز، «ئاپا، توختامىش ئاكام كەلدى!» دەپ يۈگۈرۈپ خەۋەر يەتكۈزۈپ، بۆلەكچە خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇلتۇز قىزنىڭ ئانىسى توختامىشنى يېنىغا چاقىردى.

— توختامىش بالام، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ ساقلىقىم بولمايۋاتىدۇ، ئۇزاق بولدى يوتقان تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنلىرىم ئاز قالدى. توختامىش بالام، سەنمۇ گۆدەك چاغلىرىڭدىن تارتىپ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولدۇڭ، ئۆزىمىزنىڭ بالىمىزدەك بولۇپ قالدىڭ. مۇشۇ يالغۇز قىزىم يۇلتۇز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىڭلارنى قوشۇپ قوياي دەيمەن. سەن بىلەن بىز ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن ئادەملەر، بالام. قىزىمنى ساڭا تاپشۇرۇپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا كەتسەممۇ روھىم خۇش بولۇپ، ئۇ دۇنيادىمۇ خاتىرجەم بولىمەن. تېزرەك تويۇڭلارنى قىلمۇۋېتەيلى، بالام.

توختامىش ئېسەنگىرەپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇركەنئايىنىڭ ئوتلىرى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان پەيتتە باشقىچە ئويلاردا بولمىغانىدى.

— يۇلتۇزنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرىمەن ... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — مەن... مەن... توي ئىشىنى ئويلاشمىدىم.

— بۇنىڭ ئويلايدىغان نېمىسى بار بالام؟ ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ.

توختامىش يەنە ئۇنى - بۇنى دەپ ئېنىق جاۋاب بەرمەي بۇ ئېچىلغان گەپنى كەينىگە سوزدى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن يۇلتۇز توختامىشنىڭ ئۆيىگە جىددىيلەشكەن هالدا يۈگۈرۈپ كىردى.

— توختامىش ئاكا... توختامىش، ئاپامنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالدى... قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

توختامىش يۇلتۇزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى.

يۇلتۇزنىڭ ئانىسى ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ قالغانىدى. توختامىش كىرگەندە بىرنەچچە ئەر - ئايال، ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. يۇلتۇزنىڭ ئانىسى ئېغىر هاسىراپ، توختامىشقا بىرنېمىلەرنى دېيىشكە تەمشەلدىيۇ، گەپ قىلالمىدى.

ئۇ تۆشەك يېنىغا كەلگەن توختامىش بىلەن يۇلتۇزنىڭ قوللىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، تەلمۇرۇپ قارىدى ۋە ناھايىتىمۇ تەستە پىچىرلاپ دېگۈدەك بىرنەچچە سۆزنى ئېيتالىدى:

— توختامىش...... يۇلتۇز... باللىرىم... ئىككىڭلار ئايرىلماڭلار...

شۇ گەپ بىلەن، ئۇ يىگىتنىڭ قولىنى تارتىپ قىزنىڭ قولىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ ئاپا، جېنىم ئاپا! — يۇلتۇز ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى تىنىقتىن قالغانىدى.

قىرىق كۈندىن كېيىن توختامىش يۇلتۇز قىزنى ئەمرىگە ئالدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ پاقلاندەك بۇدرۇق ئوغلى ئىلتەرىش تۇغۇلدى. توختامىش بىلەن يۇلتۇز ئامراق، مېھرىبان ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى...

شۇنداق قىلىپ، توختامىش ئېتىنى مىنىپ، ئالابارس تارخاننىڭ بۈيرۇقى بويىچە ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا كەلدى. بارلىق مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار تولۇق يىغىلىپ سەپكە تۇردى. قوماندان ئالابارس تارخان ئۆزىنىڭ قاۋۇل چىلان تورۇق ئېتىنى مىنىپ سەپ ئالدىغا ئۆتتى. ئىدىقۇت خانىنىڭ كۆك بايرىقى تىكلەنگەن ئوردا سېپىلىدىن ناغرا ـ سۇناي ساداسى ياڭرىدى. بۇ ھال ئۇشبۇ يىغىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ناغرا ـ سۇنايىنىڭ تەنتەنىلىك ساداسى بېسىققاندىن كېيىن ئالابارس تارخان سەپكە تىزىلىپ تۇرغان سەركەردىلەرگە مۇنداق ئۇقتۇرۇشنى جاكارلىدى:

— ئەي باتۇر ئەزىمەتلىرىم، بىلىڭلاركى، موڭغۇل ئېلىنىڭ بۈيۈك خاقانى چىڭگىزخان قارا قىتانلار بىلەن نايمانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن جەبە نويان قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇننى يولغا سالدى. بۇ قوشۇن ئەتە ـ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە ئاستانىمىز قارا

قوچۇغا يېتىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ شەۋكەتلىك خاقانىمىز ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېگىن بىزنى جەبە نويان قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئاتلىنىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا، ھەرقايسى مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار جەڭچىلەرنى يىغىپ، بۈگۈندىن باشلاپ تەييار ھالەتتە تۇرۇڭلار!

دېگەندەك، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە موڭغۇل قوشۇنى قوچۇ تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر سىپىللىرىگە يېقىن جايدا بارگاھ قۇردى. ئالابارس تارخان شەھەر مۆتىۋەرلىرىدىن بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە جەبە نويانىنى ئىدىقۇت خانىنىڭ سارىيىغا باشلاپ كىردى.

موڭغۇللار بەش ـ ئالتە كۈن دەم ئالدى، ئاندىن چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرۈشكە تەييارلاندى. جەبە نويان باشچىلىقىدىكى چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن ئالابارس تارخان باشچىلىقىدىكى ئىدىقۇت قوشۇنى بىرلىكتە ئاتلىنىپ چىقىپ، جەنۇب تەرەپتىكى خاقانىيە زېمىنلىرىگە يول ئالدى.

توختامىش يۈزبېشى سەپ ئىچىدە ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك خىيالغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇ قوچۇدا قالغان سۆيۈملۈك ئايالى يۇلتۇزنى ۋە تاتلىق ئوغلى ئەلتەرىشنى ئويلايتتى. ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ئىچىدە تۇيۇقسىز ئاشۇ ئۇنتۇلماس تۈركەنئاينىڭ ئايدەك جامالى سۈرەتلىنىپ چىقاتتى. تۈركەنئاي ھازىر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ بۇ دۇنيادا بارمىدۇ؟ توختامىش يول ئۈستىدە دۇچ كەلگەن ھەربىر يېزا، مەھەللىلەردىن ئۆتكەندە ئىختىيارسىز تۈردە ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارغا ياكى ئىشىكى ئېچىلىپ قالغان قورۇ ۋە ئۆيلەرگە زەن سېلىپ قاراپ قوياتتى. مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىدا، مۇشۇ يەرلەردە تۈركەنئاي ئۇچراپ قالارمۇ؟ لېكىن دائىما ئۇنىڭ ئىنتىزارلىقى بوشقا كېتەتتى.

توختامىش تۈرلۈك يەنە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئالتايدىكى

نايمانلار ئارىسىدا تونۇشقان ئۇستازى تاتا تۇڭانى ۋە دوستى تارلاننى ئەسلەپ قالاتتى. تاتا تۇڭا چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا قالغانىدى. ئۇ «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاتىلىپ، موڭغۇل ئوردىسىدا نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قالدى. ئۇ بەلكىم ھازىرمۇ چىڭگىزخان بىلەن بىرلىكتە چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرىلىشىپ يۈرۈۋاتقاندۇ. تارلانچۇ؟ ئۇ ئالتايدىن نايمانلار بىلەن كەتكەنىدى. ئەمدى نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ توختىماي بولۇۋاتقان چوڭ ئۇرۇش، كىچىك جەڭلەردە ئۇ ئامان قالغانمىدۇ؟ نايمانلار قارا قىتانلار بىلەن بىرلەشتى. مانا، ھازىر موڭغۇل ـ ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنى نايمانلار ۋە قارا قىتانلار بىسىۋالغان قەشقەرگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. تارلان ھايات بولسا ھازىر قەشقەردىمۇ ياكى خوتەندىمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن جەڭگاھتا ئۇچرىشىپ قالساق قانداق بولار؟ بۇرۇنقى ئاداشلىقىمىز ساقلىنىپ قالامدۇ ياكى...

توختامىش ئات ئۈستىدە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېتىۋاتقاندا بىر تەرەپتىن ئەنە شۇنداق تۈگىمەس خىياللارغا بېرىلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان يۇرتلارغا، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە قىزىقىسىنىپ قارايتتى.

موڭغۇل ـ ئۇيغۇر قوشۇنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، كۇچا دىيارىغا كەلگەندە ھەممەيلەن سەگەكلەشتى. ئىدىقۇت زېمىنلىرى ئاياغلىشىپ، قاراخانىيلار زېمىنلىرى باشلانغانىدى. ئەمدى ھەر قەدەمدە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراش ئېھتىمالى بار ئىدى. جەبە نويان ھەربىر يېزا، ھەربىر كەنتكە كەلگەندە مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، چىڭگىزخاننىڭ، «ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن يوليورۇقىنى جاكارلايتتى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار يېنىكلىشىپ ئەركىن نەپەس ئالاتتى ۋە بۇنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمىگەن يارۇ بۇرادەرلىرىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزەتتى. ھەممە يەردە بۇ ھەقتە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— موڭغۇللار بىلەن تات ئۇيغۇرلار[1]مۇسۇلمانلارنى يەكلىمەيدىكەن.
— ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىمايدىكەن.
— موڭغۇللار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قارا قىتانلارنى يوقاتقىلى كەپتۇ...

جەبە نويان ۋە ئالابارس تارخان قوشۇنلىرى بارغانلىكى يېرىدە مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشەتتى، تۇنەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قورۇ ۋە ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىشەتتى، ئۇلارنىڭ قارا قىتانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى تىلەيتتى. جاي - جايلاردا پالتا، قىڭراقلار بىلەن قوراللانغان پىدائىيلار تەشكىللىنىپ، قىتانلارنىڭ نائىپ ۋە باجگىرلىرىنى سۆرۈپ - توقاي قىلىشۋەتتى. موڭغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ھېچقانداق توسالغۇسىز دېگۈدەك قەشقەر تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى.

※ ※

قەشقەردە ئەنسىزچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان كۈچلۈكخان موڭغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال نايمان - قىتان قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاشلىقنى جۇغلاپ، ئات - ئۇلاغلارنى كۆپەيتىپ، بولغۇسى جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى. قىتانلارمۇ، نايمانلارمۇ، ھەقىقەتەن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇتۇپ چىقىشقا تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيتتى.

قەشقەر خەلقى ئەكسىچە، روھلىنىپ، جانلىنىپ كەتتى.

[1] تات ئۇيغۇرلار — غەيرىي دىندىكى ئۇيغۇر، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر.

«ئاھۇ زارىمىز خۇداغا يەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ نىجىسلاردىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەر كەلگەن ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى ئۇلار.

«موڭغۇللار ئىسلام دىنىنى چەكلىمەيدىكەن، ئۇلار بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىكەن» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ يۈرەتتى. ھەممە ئادەم ئاشۇ نىجاتكار قوشۇننىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

تارلان ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆزىنى، «بەختى قارا تەلەيسىز يېتىمچى» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نايمان قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ يۈرگەن چاغلىرى ئۆتۈپ، كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇبىيەتلەر، غۇربەتچىلىكلەر، كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇزۇلمەي كەلگىلى تۇردى. ئۇ نايمانلار ئارىسىدا بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئالتايدىن بالاساغۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا قانچىلىك جەبىر ـ جاپا ۋە قانچىلىك خەۋپ ـ خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىدى ۋە شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ نېمىگە ئېرىشتى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەل ـ يۇرتىدىن ئايرىلدى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭمۇ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. مانا، ئاخىر ئۇ سوقۇلۇپ ـ تاسقىلىپ يۈرۈپ قەشقەرگە كېلىپ قالدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي جان قايغۇسىدا يۈرىدىغان بولدى.

كۈچلۈكخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى چەكلىدى، مەسچىتلەر ۋەيران قىلىندى ياكى تاقىۋېتىلدى ۋە نايمان ـ قىتان چېرىكلىرى ياتىدىغان ياتاققا، ئات ـ ئۇلاغلارنى ساقلايدىغان ئېغىلغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. قەشقەرلىقلەر قارشىلىق كۆرسىتىپ، قاتتىق باستۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن ياۋاشلاپ، جىمىپ قالدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ئوتلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى گۇمانلىق بولۇپ، ئىستىبلاچىلارنىڭ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سالىدۇ.

تارلان كېچە ـ كۈندۈز دەككە ـ دۈككىدە يۈرەتتى، قاچان بىر دوقمۇشتىن ئوقيا ئېتىلىپ قالاركىن، قاچان، قايسى يەردە يوشۇرۇن دۈشمەنلەر ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ قالاركىن دېگەن ۋەسۋەسە ئىچىدە كۈندۈزلىرى تالا ـ تۈزدە ئىختىيارى يۈرەلمەيدىغان، كېچىلىرى تۈزۈككىنە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، موڭغۇل قوشۇنى بۇياققا كېلىۋاتقۇدەك. تېخى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قوشۇنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېلىۋاتقانىمىش. بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ تارلان ئەمدى ئۆز ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئۇرۇشامدۇ؟ ئۇ خاتا يولغا مېڭىپ قالدىمۇ؟

«ياق، مېنىڭ تۇتقان يولۇم خاتا ئەمەس، — دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — نېمە بولسا بولسۇن، نايمانلار بىلەن بىزنىڭ دىنىمىز بىر، تىلىمىز يېقىن. ئىدىقۇت خان ئەسلى بىز تەرەپتە، نايمانلار تەرەپتە تۇرسا توغرا بولاتتى. موڭغۇللارنىڭ تىلىمۇ، دىنىمۇ باشقا. ئۇلار شامانلارغا ئېتىقاد قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇددانىمۇ، ئىسانىمۇ بىلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۇددا دىنىغا، بىر قىسمى ناسارا دىنىغا ۋە يەنە بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرسا. نايمانلارمۇ بىزگە ئوخشاش بۇددا تەرەپدارلىرى ئەمەسمۇ».

تارلان بۇ مۇرەككەپ، چىگىش ۋەزىيەتنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي تىت ـ تىت بولاتتى. يەنە باشقىچە بىر پىكىر ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى: «بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قارا قىتانلارغا موڭغۇللار دۈشمەن بولدى، لېكىن نايمانلار قارا قىتانلار بىلەن دوست تارتىشىپ كەلدىغۇ». كۆڭۈلسىز خىياللارنى تولا ئويلاپ تارلاننىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

بەزەن ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇ ئۇستازى تاتا تۇڭا بىلەن ئالتايدا تونۇشقان ھېلىقى دوستى توختامىشنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇلار ھازىر ھاياتمىدۇ؟ نەدە، نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتقاندۇ؟

ئـەنـە شۇنداق دىلىغۇللۇقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاخىر نايمانلار بىلەن قىتانلارنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش پارتلاپ چىـقتى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى گۈركىرەپ تۇرغان قـاپـقـاراڭـغـۇ بۇلۇتلۇق تۈندە مىڭلىغان قەشقەرلىقلەر ئۆي ـ ئۆيلەردىن، كوچا ـ كوچىلاردىن ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كېلىپ توپلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يوشۇرۇپ قويغان قىلىچ، نەيزە، ئوقيالىرىنى ۋە بەزىلىرى پالتا، قىڭراق، تۆمۈر گۈرزە قاتارلىق قوراللارنى تەييار ھالەتتە تۇتۇشۇپ، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئاخىر ھەممە تەقەززا بولغان پەيت يېتىپ كەلدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، قىلىچىنى قىنىدىن «شارت» قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ توۋلىدى.

قوزغىلاڭچىلار دەرھال ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

گـويـاكى دەرياغا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ كەلكۈن كـەلـگەندەك بولدى. يۈزلىگەن، مىڭلىغان غەزەپلىك ئادەملەر نـايـمان ۋە قىتانلارنىڭ كاتتىلىرى ياتقان ئۆيلەرگە ئېتىلدى. دەھـشـەتلىك قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ئىشغالىيەتچىلەر ئـۇيقۇچىلىقتا نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە قوزغىلاڭچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ نۇرغۇنلىرىنى يەر چىشلەتتى. قاراڭغۇلۇقتا «ئۇر!»، «چاپ!» دېگەن چاقىرىقلار ۋە زەربە يەپ ياردار بولغانلارنىڭ داد ـ پەريادلىرى، كوچەپ تىغ ئۇرۇۋاتقان كـىـشـىلەرنىڭ «ھايت! ھۇيت!» دەپ ئۈن سېلىشلىرى پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتتى. ئامان قـالـغـان قىتـانـلار ۋە نايمانلار ئۆي ـ ئۆيلەردىن قېچىپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

تـاڭ يـورۇغـۇچە پۈتۈن شەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئـۆتـۈپ بـولـغـانـىدى. كـۈچـلـۈكـخـان ئۆزىنىڭ خىللانغان

قورۇقچىلىرىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا شەھەر سىرتىغا چىقىۋالدى. ئىشغالىيەتچى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق قىسمى شەھەر ئەتراپىدىكى چېدىر - بارگاھلارغا جايلاشقانىدى. كۈچلۈكخان قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، شەھەر سېپىللىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. قوزغىلاڭچىلار شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، سېپىل تۆپىسىگە چىقتى. ئەمدى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئەر - ئايال، قېرى - ياش دەپ ئايرىماي، قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن قوراللىنىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىلگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سېپىلگە شوتا قويۇپ چىقىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە تاش - كېسەكلەر ئېتىلدى، قايناق سۇلار تۆكۈلدى. ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇملىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى.

شۇ ئەسنادا نايمانلارنىڭ كوچا تەرەپكە ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىلىرى ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

— موڭغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۇچ[①]شەھىرىدىن ئۆتۈپ، بۇياققا توختىماي ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇلار.

كۈچلۈكخان دەرمانسىز زەردى بىلەن يەرگە قاتتىق بىرنى تەپتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ لەنىتى موڭغۇللار بىلەن يەنە سوقۇشۇش كېرەكمۇ؟ بېشى قاتقان كۈچلۈكخان ئۇچىسىغا كىيىلگەن زەنجىرسىمان پولات ساۋۇتىنى شاراقلىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئالتايدا بولغان پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتنى ئۇ تېخى ئۇنتۇمىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئاتىسى تايانخاندىن ئايرىلىپ قالغانىدى، پۈتۈن نايمان ئېلى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، غەربكە كۆچۈپ، قىتانلاردىن پاناھلىق تىلىدى. شۇ چاغدا

① ئۇچ — ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان شەھەر.

تېمۇچىن رەھبەرلىكىدىكى موڭغۇللارغا قۇدرەتلىك قارا قىتان ھۆكۈمدارلىرىمۇ چېقىلىشقا پېتىنالمىغانىدى. ھالبۇكى، ھازىر موڭغۇللار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىم ئۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە تېخى مۇنۇ قەشقەرلىكلەرمۇ قوزغىلىپ چىقتى. كۈچلۈكخان ئۆزىنى گوياكى ھەر تەرەپتىن يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ دەرمانسىز غەزەپتە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن يېنىدا تۇرغان سانغۇنغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھۇجۇمنى توختىتىڭلار!

ھۇجۇم توختىدى. قەشقەر شەھىرىدىن چېكىنىپ چىققان ئىشغالىيەتچىلەر ئەمدى چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئات ۋە تۆگىلەرگە ئارتىپ ئىككى كۈنگىچە تەرەددۇت قىلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ، قەشقەردىن يىراقلاشتى.

يەنە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەبە نويان ۋە ئالابارس تارخان قوشۇنلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ، ئۇلارنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدى ۋە شەھەرگە باشلاپ كىردى.

جەبە نويان مەيداندا يىغىلغان خالايىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك چىلان تورۇق ئېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ، چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر يوليورۇقىنى يەنە جاكارلىدى:

— ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە!

خالايىق خۇشاللىقتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ، دەۋرەپ كەتتى.

جەبە نويان ۋە ئالابارس تارخان قوشۇنلىرى قەشقەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ ئارام ئېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تولۇقلىۋالغاندىن

كېيىن قايتا ئاتلىنىپ، كۈچلۈكخاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ كەتتى.

※ ※

نايمان ـ قىتان قوشۇنى قاقاس چۆللەردىن ئۆتۈپ، خۇددى شۇنداقلا قاقاس تاقىر تاغلارغا دۇچ كەلدى. قاتمۇقات تاغلاردىكى ئات ۋە تۆگىلەر ماڭالىغۇدەك سوقماق يوللار بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بارماقتا ئىدى. كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا، بۇلۇتلۇق ئاسماندىن گوياكى سوغۇق يېغىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن كۈچلۈكخان بولغۇن جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، ساقاللىق تاجىك يول باشلىغۇچىدىن ئەسەبىيلەشكەن ئاھاڭدا سورىدى:

— بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىن قاچان چىقىمىز؟ قاچان ئاھالە ياشايدىغان يەرلەرگە بارىمىز؟

يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ تېرىكىشىگە پەرۋا قىلماستىن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— يىراق ئەمەس، ئاز قالدى.

— نەگە يىراق ئەمەس؟ نەگە ئاز قالدى؟

— ئاھالە ياشايدىغان يەرلەرگىچۇ.

— ئۇ يەرلەردە قايسى تائىپىنىڭ كىشىلىرى ياشايدۇ؟

— تولىراق ئافغانلار، تاجىكلار ياشايدۇ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭساق ھىندىلارمۇ بار.

— ئۇلار قانداق خەقلەر؟ ئۇلار قانداق تەڭرىلەرنى تونۇيدۇ؟

— ئافغانلار بىلەن تاجىكلار مۇسۇلمان، ھىندىلار بۇتپەرەس.

— ئۇنداق بولسا، ئاشۇ ھىندىلارنىڭ يۇرتلىرىغا بارايلى.

سەرگەردان قوشۇن تاغدىن تاغقا ئۆتۈپ كېتىۋەردى. تارلان

بەكلا پەرىشان ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھەر ئىچىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ياردار بولغانىدى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىر توپ قورال‌لىق ئادەملەر ئۇ ياتقان ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. تارلاننىڭ بىرمۇنچە سەپداشلىرى تېخى ئۇيقۇسىنى ئاچالماي گاڭگىراپ تۇرغاندىلا قىرىپ تاشلاندى. تارلان تەكيە ئاستىدىكى قىلىچىنى ئېلىپلا دېرىزىدىن سەكرەپ قاچتى. ھەممە يەردە قالايمىقان ئۇرۇشماق، چېپىشماق باشلىنىپ كەتكەنىدى. تارلان كوچا ـ كوچىلاردا قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىشىۋاتقان، قېچىۋاتقان، قوغلاۋاتقان ۋە ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايسىلىرى ئۆز ۋە قايسىلىرى يات ئىكەنلىكىنى زادىلا پەرق ئېتەلمىدى. ئۇ پەقەت بۇ مالىمانچىلىق ئىچىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ ھەدەپ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، تېنەپ يۈرگەندە ئۇشتۇمتۇت ئوڭ بىلىكىگە قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇ يەرگە يىقىلدى ۋە چۈشۈپ قالغان قىلىچىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي، چاقماق تېزلىكىدە سەكرەپ قوپۇپ قاچتى. ئەسلىدە ئۇنىڭغا نەيزە سانجىلغان بولۇپ، بىلىكىنىڭ بولجۇڭ گۆشى تىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ، پىتىراپ كەتكەن بىر توپ نايمانلارنىڭ ئارىسىدا ئاخىر شەھەردىن قېچىپ چىقىۋالدى. ئەمما، شۇنىڭدىن بېرى يارىلانغان بىلىكىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. يارا ئېغىزى دەسلەپتە قىزىرىپ، لوقۇلداپ ئاغرىدى، كېيىن يىرىڭلاشقا باشلىدى. نايمان ئەمچى ئۇنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى تېڭىپ، قولىدىن كېلىشىچە داۋالاپ باقتى، لېكىن ئۈنۈمى بولمىدى.

مانا، تارلان ھازىر بەدەخشان دېگەن يەردىكى خىلۋەت، ئادەمزاتسىز ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تېڭىپ قويۇلغان ئوڭ بىلىكى ئىششىپ، كۆكىرىپ كەتتى. تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، كۆزلىرى

قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى. ئۇ ئېگەردە ناھايىتىمۇ تەستە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېتىشۋالغۇسى كېلەتتى. بىراق، نايمانلار تاغلىق جايلارغا كەلگەندىن كېيىن ھارۋىلارنى تاشلىۋەتكەنىدى. «ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئېگەردە ئولتۇرغۇدەك مادارى قالمىدى.

— بولىدى…، مېنى مۇشۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ كېتىۋېرىڭلار، — دېدى ئۇ، — جېنىم قىينىلىپ كەتتى… بەربىر ساقىيالمايمەن…

نايمانلار ئۇنى تاشلاپ كەتمىدى. بىر ئاق ساقاللىق چال ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئارقان بىلەن ئۆزىگە چېتىپ باغلىۋالدى. سەزگۈسى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان تارلانىنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ساقال باسقان مەڭزلىرىگە سىرغىپ چۈشتى. شور پېشانە تارلان بۇ يورۇق دۇنيادىن خوشلىشىپ، مۇشۇ ئادەمزاتسىز قاقاس تاغلار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ بالاساغۇندا قالغان ۋاپادار خوتۇنى ۋە ئىككى نارەسىدە بالىسى قانداق بولۇپ كېتەر؟ كىملەرنىڭ قولىغا قالار؟

— موڭغۇللار كېلىپ قالدى!

— موڭغۇللار كەلدى…

بۇ ۋەھىملىك ۋارقىراشلار تارلانىنىڭ قۇلاقلىرىغا گوياكى نەچچە قات ئاسمانىنىڭ نېرىسىدىكى يىراق بىر يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي جەبە نويان ۋە ئالابارس تارخانىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۆمۈر تاقىلىق تۇياقلىرى قاقاس تاغلار ئارىسىدىكى تاش ـ تۇپراقلاردا ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەپ، سۈرلۈك شاۋقۇن ـ سۈرەن پەلەككە ئۆرلىدى. تاغ ئىچى گوياكى دوزاخقا ئايلاندى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى قىلىچلار بىلەن چاپاتتى، نەيزە سانجىيتتى.

ئادەملەر ۋە ئاتلار كەينى ـ كەينىدىن يىقىلغىلى تۇردى.
تارلانىنى مىنگەشتۇرۇۋالغان قىرى نايمان ھەدەپ ئېتىنى قامچىلاپ، جەڭگاھتىن يىراقراق كېتىشكە ئالدىرايتتى. تارلان ھەممىگە بىپەرۋا بولۇپ، خامۇش ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنى مىنگەشتۇرۇۋالغان قىرى نايمان بىقىنىغا نەيزە يەپ، ئات ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئارقان بىلەن چېتىپ باغلانغان تارلانمۇ قاتتىق تاشلار ئۈستىگە موللاقلاپ چۈشۈپ يېتىپ قالدى. ئەمدى ئۇ پۈتۈنلەي ھېچنېمىنى سەزمىدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ قالدى.
كۇچلۇكخان تەقدىر بەلگىلەيدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئەمدى چېكىنىشكە ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭا، ئەمدى «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئۆز جەڭچىلىرىگە مەدەت بېرىپ، ئۇران توۋلاپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى موغۇللارنىڭ سەپلىرىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يىغىپ، جان ئاچچىقىدا قىلىچىنى ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ چاپقىلى تۇردى. بىر موغۇلنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئىككىنچىسىنىڭ قورسىقىنى ياردى، ئۈچىنچىسىنى يەلكىسىدىن كىندىكىگىچە پارچىلىۋەتتى، يەنە ئىككى ئاتنىمۇ يىقىتتى. ئۇنىڭ ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرغان پولات قىلىچى قانغا بويىلىپ قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. لېكىن، تەقدىر ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىمىدى. قۇيۇندەك ئېتىلىپ كەلگەن بىر موغۇلنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى كۇچلۇكخان مىنگەن چىرايلىق ئاق بوز ئاتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئۇرۇلدى. ئات يەرگە «گۇپ» قىلىپ يىقىلغىنىچە خارتىلداپ يېتىپ قالدى. كۇچلۇكخان ئېگەردىن قاڭقىپ چىقىپ، توپا ئارىلاش شېغىللىقتا دومىلاپ كەتتى. قىلىچى قولىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەكرەپ قوپۇپ، يەردە

قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر نايمان جەڭچىنىڭ نەيزىسىنى ئالدى ـ
دە، يېقىن كېلىپ قالغان بىر موڭغۇلنىڭ بىقىنىغا سانجىدى.
شۇئان ھەر تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن موڭغۇللار ئۇنىڭغا
كەينى ـ كەينىدىن قىلىچ ئۇردى.

دەسلەپتە نايمان خەلقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ، كېيىن
قارا قىتان خانلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان
تىنىم تاپماس كۈچلۈكخان ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ يۇرت ـ
ماكانلىرىدىن يىراق يەرلەردىكى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئىچىدە
مەڭگۈلۈك دۇنياغا سەپەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەشھۇر قارا
قىتان (قارا خىتاي) خانلىقىمۇ تارىخ سەھىپىلىرىدىن
مەڭگۈلۈككە يوقالدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئوترار

جەبە نويان ۋە ئالابارس تارخان قوشۇنلىرى قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، كۈچلۈكخانغا زەربە بېرىۋاتقان مەزگىلدە خارەزىم دۆلىتىنىڭ ئوترار شەھىرىدە شۇ دەۋردىكى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەردى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بېرى چىڭگىزخان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ قوشنا ئەللەردىن كېلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنى خۇش مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئىشلىرىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاڭغۇت، جۇرجىت، قىتان سودىگەرلىرى موڭغۇل يايلاقلىرىغا بارغانسېرى كۆپلەپ كېلىدىغان بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ، يېقىندىن بۇيان خارەزىم ۋە ھەتتا ئىران سودىگەرلىرىمۇ بۇياقلارغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتقانىدى. ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسىم سودىگەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرى چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى مىلادىيە 1218 ـ يىلى يازدا خارەزىم تەۋەسىدىن چوڭ بىر سودا كارۋىنى كېلىپ قالدى. كارۋان خوجايىنى تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئېلىپ چىڭگىزخاننىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە سالامغا كىردى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەم، — دېدى ئۇ تەزىمدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، — بىز كۈنپېتىش تەرەپتىكى بۈيۈك خارەزىم مەملىكىتىدىن تىجارەت ئىشى بىلەن كارۋان تارتىپ كەلدۇق. كۆڭلىمىزنى قايتۇرماي سوۋغاتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز.

چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان تاتا تۇڭا سودىگەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بىز سودىگەرلەرنى قارشى ئالىمىز، — دېدى چىڭگىزخان كۈلۈمسىرەپ.

ھەممەيلەن بىرلىكتە سىرتقا چىقىپ، توققۇز تۆگىدە ئەكېلىنگەن سوۋغاتلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

— ياخشى ماللار ئىكەن، ئېسىل ماللار ئىكەن، — دېدى چىڭگىزخان بېشىنى ئىرغىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن، خارەزىملىك سودىگەرلەر «ساھىبقىرانى ئەزەم» دىن ئىجازەت ئېلىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار يايلاقلارنى ئارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى چارۋىچى ۋە ئوۋچىلارنىڭ قولىدىكى قوي، كالا ۋە سۆسەر، بۇلغۇن، قۇندۇز قاتارلىق قىممەتلىك جانۋارلارنىڭ تېرىلىرىگە، كەم ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك دورىلىرىغا ئالماشتۇردى.

ئارىدىن بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ، سودىگەرلەر قايتىشقا تەرەددۇت قىلغاندا چىڭگىزخان ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، بىر دۆۋە ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى تەقدىم قىلدى. سودىگەرلەر يايلاق ھۆكۈمدارىنىڭ قولىدىن شۇنچە كۆپ جاۋاھىرلارنىڭ چىققانلىقىدىن ھەيران قالدى. ئۇلار تاغ - دالىلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەردە بۇنداق بايلىقنىڭ بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى.

— بىزدە بۇنداق نەرسىلەر كۆپ، — دېدى چىڭگىزخان، — سىلەرنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىڭلارمۇ ناھايىتى ئېسىلكەن. بىز سىلەر بىلەن سودا قىلىشنى خالايمىز، داۋاملىق

كېلىپ تۇرۇشلار، بىزمۇ بارايلى.

سودا كارۋىنى كەتكەندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ياللۇغ چۇساي ۋە شەخسىي كاتىپى تاتا تۇڭا بىلەن باش قوشۇپ، خارەزىم تەرەپ بىلەن رەسمىي سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدا كېڭەشتى. ياللۇغ چۇساي ئەسلىي جىن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق بىر قىتان ئىدى. چىڭگىزخان سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇرجىتلارغا زەربە بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئۇ ئەسىرگە چۈشكەنىدى. كېيىن ئۇ خۇددى تاتا تۇڭاغا ئوخشاشلا چىڭگىزخاننىڭ يېقىن ھەم ئىشەنچلىك ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. موڭغۇل خانلىقىنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەن چاغلاردا چىڭگىزخان ھەمىشە مۇشۇ ئىككى قابىل ياردەمچىلىرى بىلەن پىكىرلىشەتتى.

— بىز بۈگۈندىن كېيىن سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرايلى، — دېدى چىڭگىزخان، — بۇ ھەقتە تاتا تۇڭامۇ، ياللۇغ چۇسايمۇ، ھەر ئىككىڭلار ماڭا ياخشى مەسلىھەت، ئاقىلانە پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردىڭلار. سىلەرنىڭ بۇ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. بىز جۇرجىتلارنىڭ ئالتۇن خانلىقىغا (جىن سۇلالىسىغا) يۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولدۇق. ھازىر جۇرجىتلارمۇ، تاڭغۇتلارمۇ بىزگە سېلىق تۆلەيدىغان بولدى. ئەمدى قولىمىزدىكى شۇ بايلىقلارنى تىجارەتكە دەسمايە قىلايلى.

— بارىكاللا! — دېدى ياللۇغ چۇساي، — بىز چارۋىچىلىقنىمۇ، سودا - تىجارەتنىمۇ تەڭ تۇتۇپ، ئىگىلىكنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز كېرەك.

— يات ئەللەر بىلەن سودا قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپ، — دېدى تاتا تۇڭا، — سودا كارۋانلىرىنى ھەرقايسى ئەللەرگە ماڭغۇزۇپ تۇرساق بايلىق توپلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەڭ

مۇھىمى، دۇنيانى بىلىدىغان ھەم چۈشىنىدىغان بولىمىز.

كېيىنكى ئەتىجىسىدە خارەزىمگە بىر چوڭ سودا كارۋىنى ئەۋەتىش قارار قىلىندى. موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن مۇھەممەد خارەزىمى، ئۆمەر، يۈسۈپ ئىسىملىك ئۈچ زات چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇلارغا يەنە مۇسۇلمانلار ۋە باشقا تائىپە كىشىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي بەش يۈز سودىگەر قوشۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، نەچچە يۈز تۆگە، نەچچە يۈز ئات ۋە نۇرغۇن ھارۋىلاردىن تەركىب تاپقان يەۋقۇلئاددە زور سودا كارۋىنى تەشكىللەندى.

تاتا تۇڭا چىڭگىزخاننىڭ نامىدىن خارەزىمشاھقا قارىتىپ بىر پارچە بىتىك يازدى ۋە ئۇنىڭغا قىزىل تامغا باستى. چىڭگىزخان بۇ بىتىكنى باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزىمگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇردى.

— بۇنى خارەزىمشاھنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ تاپىلاپ.

— باش ئۇستىگە، بۈيۈك خاقانىم، — دېدى باش ئەلچى ۋە قېلىن سېرىق قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان بىتىكنى قوش قوللاپ ئېلىپ لېۋىگە، ئاندىن پېشانىسىگە تەگكۈزدى-دە، قوينىغا سالدى.

بۇ بىتىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئەي نامى مەشھۇر تاجدار سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئالىيلىرى!

تەڭرى بۇ جاھاننى سىزگە ۋە بىزگە ئاتا قىلدى. سىز ۋە مەن تەڭرى ياراتقان ئادەملەرنىڭ ئاسايىشلىقىنى كۆزلەيمىز. سىزنىڭ مەملىكىتىڭىزدىن بىزگە سودىگەرلەر كەلدى. ئۇلار بىز تەرەپتىن نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى سىزگە ئۆزلىرى يەتكۈزسۇن. بىز تەرەپتىنمۇ سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى ئېلىپ سىزلەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار سىزنىڭ مەملىكىتىڭىزگە

بارغاندىن كېيىن سودىنىڭ تەلەپكارى بولغۇسى. ئۇلار بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. سىز ماڭا پەرزەنتتەك بولغايسىز. تەڭرى جاھاننى ئىككىمىزگە تارتۇق قىلدى، ئۇنى ئادالەت ۋە ئېھسان بىلەن بېزىدى. بىز ياخشى ئىشلارغا مەشغۇل بولغان چاغدا بىزگە مەدەتكار ۋە تايانچ بولغايسىز. بىز سادىق دوستلاردىن بولايلى. شۇنداق بولغاندا، يوللىرىمىز بەتنىيەتلەردىن تازىلىنىدۇ. يەر ـ جاھان ئادالەتتىن ئاۋات بولغاندا بارچە خەلق بىزگە ئاپىرىن ئېيتقۇسى».

بەش يۈز سودىگەر ئۇچ ئەلچىنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا راۋان بولدى. بۇ پەۋقۇلئاددە زور سودا كارۋىنى چۆل ـ باياۋانلاردا ئۇزۇلدۇرمەي يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خارەزىم دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئوترار شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئوترار ئانچە چوڭ شەھەر بولمىسىمۇ، چېگرىدىكى ئاۋات ماكان ئىدى. بۇ يەردە رەستە ـ دۇكانلار، قونالغۇ ـ كارۋان سارايلىرى بار ئىدى. ئۆتكەن ـ كەچكەن خالايىق شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەن بۇ زور كارۋانغا ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ:

— راسا كاتتا سودىگەرلەر كەپتۇ ـ دە، — دېيىشەتتى.

دەڭ ۋە كارۋان سارايلارنىڭ خوجايىنلىرى يول ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىشىپ شېرىن سۆزلەر بىلەن كارۋان ئەھلىنى خېرىدارلىققا تۇتۇپ قالماقچى بولۇشاتتى:

— ئەي باي ئاكا، بۇ تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىزلەر! ئازادە، پاكىز دەڭ بار، ياتاقلىرىمىز كەڭتاشا.

— ئەي ئەزىز بەندىلەر، كارۋان ساراي مانا بۇياقتا، ئات ـ ئۇلاغلارغا ئېغىل ھەم كەڭرى مەيدانلىرىمىز بار، ئېسىل يەم ـ خەشەكلىرىمىز بار...

كاۋان ئەھلى ئۇلارنىڭ چاقىرىش ۋە چىللاشلىرىغا قارىماي

ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

— ئالدى بىلەن شەھەرىستانغا بارايلى، — دېدى باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزىمى.

ئەينى دەۋردىكى ھەرقانداق بىر ئوتتۇرا ئاسىيا شەھىرىدەك ئوترارمۇ تاشقى ۋە ئىچكى شەھەر رايونلىرىغا ئايرىلاتتى. ئىچكى شەھەر رايونى «شەھەرىستان» دەپ ئاتىلىپ، شەھەر ھاكىمى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى شۇ يەردە تۇراتتى. سودا كارۋىنى ئېگىز سېپىللەر بىلەن قورشالغان شەھەرىستانغا كىرىپ كەلدى.

مۇھەممەد خارەزىمى باشلىق ئۈچ ئەلچى شەھەر ھاكىمىنىڭ تۇرالغۇسىغا كىردى. شەھەر ھاكىمى ئىنالچۇق غايىرخان ئۇلارنى تۆت بۇلۇڭغا بىر كەلتۈرۈپ يۇمشاق گىلەملەر سېلىنغان ئازادە قوبۇلخانىدا كۈتۈۋالدى.

— سالامدىن سۆڭرە ھاكىم جانابلىرىغا كېلىشتىكى مۇددىئايىمىز ئايان بولسۇنكى، — دېدى مۇھەممەد خارەزىمى چوڭقۇر تەزىم قىلىپ گىلەمگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، — كۈنچىقىشتىكى خاقانىمىز ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەم ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، كۈنپېتىشتىكى بۈيۈك تاجدار سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئالىيلىرىغا بىز پېقىرلار ئارقىلىق شاھانە تامغا بېسىلغان مەكتۇپ يوللىدى. شۇ ۋەجىدىن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىغا مۇيەسسەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھاكىم غايىرخان جانابلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالام بېرىش ئىستىكى بىلەن باش ئېگىپ ھوزۇرلىرىغا داخىل بولۇپ تۇرىمىز. پېقىرانە سالاملىرىمىزنى ئىلىك ئالغايسىز.

ھاكىم غايىرخان تۆردىكى تۆت قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. قورساق سېلىپ كەتكەن گەۋدىسى بەك سېمىز بولغاچقىمىكىن، ئۇ يوغان يېشىل شايى سەللە ئورالغان بېشىنى بىرئازمۇ ئېگىپ قويماستىن غادىيىپ

ئولتۇراتتى. باش ئەلچىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ تومتاق بارماقلىرى بىلەن يىرىك چار ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— خوش كېلىپسىزلەر، هارمىغايسىزلەر، — دېدى ئۇ پۇشۇلداپ ۋە خىرقىراپ.

ئەلچىلەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ، سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆز تىكتى. لېكىن، هاكىم قانداقتۇر چۈشىنىكسىز ۋە مەغرۇرانە قىياپەتتە تېخىمۇ بەك غادىيىپ، ئارتۇق ئۈندىمىدى. هاكىمنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ۋە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان ئۇزۇن ساقاللىق ئەمەلدار چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ مۇنداق دېدى:

— خوجىمىز هەم پاسىبانىمىز غايىرخان هەزرەتلىرى شەۋكەتلىك سۇلتانىمىز مۇهەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاه ئالىيلىرىنىڭ تاغىسى بولىدۇ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ سائادەتلىك ئانىسى تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بولىدۇ. شۇڭا، هەرقايسىلىرىنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ ئاپتاپتەك دىدارىغا يەتمەك ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى سائادەتلىك هاكىم غايىرخان هەزرەتلىرىنىڭ هۇزۇرىغا داخىل بولغانلىقلىرى تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ. هاكىم هەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك سايىسىدە سەپىرىڭلار قۇتلۇق، مەقسەت ۋە ئەجرىڭىزلەر ئۇتۇقلۇق بولغۇسىدۇر.

باش ئەلچى مۇهەممەد خارەزىمى «چۈشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىگەن هالدا بېشىنى يېنىككىنە ئىرغىتىپ قويدى.

— هاكىم هەزرەتلىرىنىڭ نامى ـ نەسەبى ۋە داڭقى ـ شۆهرىتى بىزلەرگىمۇ ئاياندۇر، — دېدى ئۇ، — شۇنداق بولغاچقا، سائادەتلىك هاكىم هەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك بوسۇغىسىغا باش قويۇش بىز ئۈچۈن شەرەپ. ئىلتىماسىم شۇكى، هاكىم غايىرخان هەزرەتلىرى ئالتۇن بويلىرىنى يېنىك قىلىپ،

بىز پېقىرلەر ئەكەلگەن ئەرزىمەس سوۋغىلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپسا، بېشىمىز ئاسمانغا يەتكەندەك بولاردۇق.

غايىرخانىنىڭ چىرايىدا ئازراق مەمنۇنلۇق ئىپادىسى كۆرۈلدى. ئۇ قورساق سالغان سېمىز گەۋدىسىنى تەستە قوزغاپ، يېنىدىكى ئەمەلدارنىڭ يۆلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ھەممەيلەن بىرلىكتە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزىمى سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ھارۋىدا كەلتۈرۈلگەن يوغان - يوغان ئىككى ساندۇقنى ھاكىم غايىرخانغا قول ئىشارىتى بىلەن كۆرسەتتى.

— كۆڭلىمىزنى قايتۇرماي بۇ ئەرزىمەس سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز.

ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن خىزمەتكارلار ساندۇقلارنى ئاچتى. بىر ساندۇقتا لىققىدە يىپەك رەختلەر، يەنە بىر ساندۇقتا تۈرلۈك چىنە - قاچىلار قاچىلانغانىدى. ھاكىم سوۋغىلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— ئالتۇن خانلىقىنىڭ ئېسىل ماللىرى ئىكەن، — دېدى ھاكىمنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەمەلدار چىرايىغا بىلەرمەنلىك تۈسىنى بېرىپ.

— چىڭگىزخان ئالتۇن خانلىقىغا بىرنەچچە قېتىم يۈرۈش قىلىپ خېلى كۆپ مەنپەئەت كۆرۈپتۇ - دە، — دېدى ھاكىم.

— جۇرجىتلار ۋە تاڭغۇتلار ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەمگە ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى، — دېدى باش ئەلچى.

غايىرخان مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى:

— دۇنيادا ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئولپان تاپشۇرىدىغان ئەلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئەلچىلەر ئەدەپ يۈزىسىدىن قول قوشتۇرۇپ سۈكۈت

قىلىشتى.

— قېنى، يۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ كارۋىنىڭلارنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى يەنە غايىرخان.

ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مىنىشىپ، قىرىق نەپەر چەۋەنداز قوروقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاكىم قەسرىدىن چىقىشتى. كارۋان ئەھلى كەڭرى ئوچۇقچىلىقتا تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ ئارام ئالماقتا ئىدى. ئەلچىلەر بىلەن ھاكىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھاكىم ئوچۇقچىلىقتا كەڭ يېيىلغان ئات ۋە تۆگىلەر ئارىلىرىدا تۇرۇشقان سودىگەرلەرگە چىرايىنى ئاچمىغان ھالدا بىر قۇر قاراپ چىقتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ سودىگەرلەرگە خەيرخاھلىق قىلغۇسى يوقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ساپلا مۇسۇلمان ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، سودىگەرلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان تۈركىي قوۋمىدىن، — دېدى باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزمى.

شۇ ئەسنادا بېشىغا يوغان كۆك سەللە يۆگەپ، ھىندىچە ئاق تون، ئاق تامبال كىيگەن كۆتمەك ساقاللىق قارىمۇتۇق بىر سودىگەر چۆكتۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھاي ئىنالچۇق ئاداش! — دەپ تۇۋلىدى ئۇ ۋە خۇشال-خۇرام كۈلۈپ، كۆرۈشمەك ئىستىكى بىلەن ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

ھاكىم ئۇنىڭغا قول بەرمىدى ۋە زەردى بىلەن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قارىدى. ھىندى سودىگەر ئەجەبلەنگەن ھالدا سۆزلەپ كەتتى:

— ھاي ئاداش، ئىنالچۇق، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ كونا دوستۇڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن ھېلىقى...

هاكىم غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— غوجا ئاكاڭ هازىر ئىنالچۇق ئەمەس، هاكىم غايىرخان! بۇنى ئۇنتۇپ قالما، كالۋا هىندى!
— مۆھتىرەم هاكىمنى «غايىرخان» دېگەن هۆرمەت نامى بىلەن ئاتاش كېرەك! — هېلىقى ئەمەلدارمۇ هىندى سودىگەرگە تەنبىھ بەردى.
هىندى هودۇققان هالدا ئالدىراپ كۆڭلىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى:
— ئىنالچۇق… ياق، غايىرخان يىگىت ۋاقتىدا هىندىستانغا سودىگەرچىلىك قىلىپ چىققانىدى… بىز شۇ چاغدا تونۇشقان. كېيىن مەنمۇ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن ئىككى قېتىم بۇياقلارغا ئۆتتۇم… بىز غايىرخان بىلەن يېقىن دوست بولۇپ كەتكەنىدۇق. ئۇ چاغلاردا بىز ئۇنى… ياق، هاكىم غايىرخاننى «ئىنالچۇق» دەپ ئۆز ئىسمى بىلەنلا ئاتاۋېرەتتۇق… شۇنداق دەپ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، گۇناھ مەندە.
بۇ هىندى، ھەقىقەتەنمۇ، ئەجەللىك گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىنالچۇقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇستەبىتلىكتە داڭقى چىققان زالىم هاكىم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.
— تۇتۇڭلار، بۇ ئەدەپسىز پاسكىنا هىندىنى! — غايىرخان بار ئاۋازى بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى.
چەۋەنداز قورۇقچىلار ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ هىندىغا چاڭگال سالدى.
باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزىمى ئارىغا چۈشتى.
— غەزىپىڭىزگە هاي بەرگەيسىز، مۆھتىرەم غايىرخان هەزرەتلىرى. بۇرادىرىمىز گۇناھىنى تونۇدى. گۇناھىنى بويىنىغا ئالغان كىشىگە رەهىم - شەپقەت قىلىش مۇسۇلمان هۆكۈمدارلارنىڭ گۈزەل پەزىلىتىدۇر.
— كاپىر هىندىلار مېهرى - شەپقەتكە لايىق ئەمەس! بۇنى

بىلىپ قوي، ئاسىي مۇناپىق! — غايىرخان تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى.
باش ئەلچى مۇھەممەد خارەزمىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، زالىم ھاكىمنى قايىل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.
— ئۇ كاپىر بولسىمۇ، بىز بىلەن بىللە كەلدى. ئۇنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز يەتسە خاقانىمىز چىڭگىزخانغا جاۋاب بېرىش تەس بولۇپ قالارمىكىن.
— چىڭگىزخان دېگەن پاسكىنا موڭغۇلنى تىلغا ئېلىپ مېنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتامسەن تېخى؟ — غايىرخان ئەسەبىيلىشىپ ئۆزىنى يوقاتتى، — سەن خەقنىڭ ھەممىڭ چىڭگىزخاننىڭ جاسۇسلىرى! مۇسۇلمان تۇرۇپ كاپىر موڭغۇللارغا سېتىلىپ كەتكەن ئاسىي مۇناپىقلار! سەنلەر بۇ يەرگە سودا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن كېلىشتىڭ! مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىشىۋاتامسەن؟ كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ئالدىمدىن ئۆتۈۋېلىپ، ئاستانىمىزگە بېرىپ بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولۇشۇۋاتىسەن! بۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، چىڭگىزخانغا مەلۇمات يەتكۈزمەكچى بولۇشۇۋاتىسەن!
سودىگەرلەر قورقۇپ كېتىپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئۈن سېلىشتى:
— يوقسۇ تەقسىر، بىز جاسۇس ئەمەس! بىز سودىگەر.
— ھەزرەتلىرى، بىز تىجارەت بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر، باشقا ئىشلارنى بىلمەيمىز، ئاللا ھەققىدە قەسەم قىلىپ بېرەيلى!
— مۆھتىرەم ھەزرەتلىرى، قادىر ئاللا ئىگەم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، گېپىمىز يالغان بولسا يەر يۇتسۇن، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا قارا يۈز بولۇپ كېتەيلى!
— بىز مۆمىن مۇسۇلمانلار! قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ

بېرەيلى!

باش ئەلچىمۇ قورقۇپ كەتتى ۋە ئالمان - تالمان قوينىدىن بىتىكنى چىقاردى.

— مۆھتىرەم غايىرخان ھەزرەتلىرى، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ چىڭگىزخاننىڭ سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئالىيلىرىغا يوللىغان بىتىكى، كۆرۈپ بېقىڭ. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي دوستلۇق سودا - تىجارەتنىڭ گېپى يېزىلغان.

غايىرخان باش ئەلچىنىڭ قولىدىن بىتىكنى يۇلۇپ ئالدى - دە، كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ھىم، دوستلۇقمىش تېخى! — دېدى ئۇ تېخىمۇ بەتەر غەزەپلىنىپ، — جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك خارەزىمشاھنى «ماڭا پەرزەنتتەك بولۇڭ» دەپتۇ تېخى! بىلىپ قوي، خارەزىمشاھ شۇنچە كۈچلۈك قارا قىتان گۇرخانىنى يېڭىپ، «ئىسكەندەرى سانى»① دەپ ئاتالغان. مانا، مۇشۇ بىتىكتىنلا سەن خەقنىڭ جاسۇسلۇقۇڭ چىقىپ تۇرامدۇ.

شۇ گەپ بىلەن غايىرخان چىڭگىزخاننىڭ خارەزىمشاھقا يازغان بىتىكىنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىپ يەرگە تاشلىدى. سودىگەرلەرنىڭ قورقۇنچتىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھاكىم ئىنالچۇق غايىرخان تەييار ھالەتتە تۇرغان قورۇقچىلارغا قاراپ ھالاكەت ياغدۇرغۇچى ئاخىرقى بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

— بۇ جاسۇسلارنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار!

چەۋەنداز قورۇقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە باستۇرۇپ كەلدى. سودىگەرلەر داد - پەرياد ئۇرۇپ ھەر تەرەپكە قاچقىلى تۇردى. غايىرخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەرىستان سىپىللىرىنى قوغدىغۇچى چېرىكلەرمۇ يېتىپ كەلدى. سودا كارۋىنى توختىغان بۇ كەڭرى مەيدان بىردەمدىلا

① ئىسكەندەرى سانى (پارىسچە) — ئىككىنچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين.

بەئەينى ۋەيلۇن دوزاخقا ئايلاندى. چېرىكلەر قېچىپ كېتىۋاتقان سودىگەرلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيا ۋارقىراشلىرى، ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلارنىڭ قاتتىق كىشنەشلىرى، تۆگىلەرنىڭ ئەنسىز بوزلاشلىرى پۈرقۇپ چىقىۋاتقان چاڭ - توزانلار بىلەن قوشۇلۇپ پەلەككە يەتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەش يۈز سودىگەر تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى.

ئوترار شەھىرىدە يۈز بەرگەن بۇ قانلىق ۋەقە كېيىنكى زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇش پاجىئەلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئالتۇن ئارقان ئۈزۈلدى

موڭغۇل ئوردىسىدىكىلەر چىڭگىزخاننىڭ بۇنداق كۈچلۈك غەزەپكە كەلگەنلىكىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. خان ئادەتتە ئېغىر - بېسىق، سالماق ئىدى. ئۇ شۇ كەمگىچە دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قوشۇن تارتىپ، تەمكىنلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، خۇددى كۆك تەڭرىنىڭ ئەركىسىدەك، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ نامايەندىسىدەك توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئوترار ۋەقەسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چىڭگىزخان خۇددى تاغ دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئۆركەشلىرىدەك ئۇرغۇپ چىققان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— مەن خارەزىمشاھقا ياخشى نىيەت بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن ئۇ شۇنچىلىك نامەردلىك قىلدى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — كۆك تەڭرىمۇ ئۇنىڭ قىلمىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ!

دانىشمەن مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي ھەر دائىمقىدەك تەمكىنلىك بىلەن خاننىڭ غەزىپىگە ھاي بەردى.

— «غەزەپ ئەقىلنى كېسەر» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئۇ، — بىز خارەزىمشاھقا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتەيلى. بۇ قېتىم ئەلچىلىرىمىز ئوترارغا كىرمەي، ئۇدۇل خارەزىمشاھ ئوردىسىغا بارسۇن. بىز خارەزىمشاھتىن ئوترارغا بارغان

ئەلچىلىرىمىز ۋە سودىگەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلايلى.

— مەسلىھەتچى دانا گەپ قىلدى، — دېدى تاتا تۇڭامۇ، — بىز ئۇيغۇرلاردا «شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن گەپ بار. ئەلچىلىرىمىزنى ئوترار ھاكىمى ئۆلتۈردى. بەلكىم خارەزىمشاھنىڭ بۇ قىلمىشقا چېتىشلىقى يوقتۇ، بەلكىم ئۇمۇ غايىرخاننى ئەيىبلىگەندۇ.

— ئەگەر خارەزىمشاھ غايىرخاننى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ياكى ئۇنى جازالاشنى رەت قىلسىچۇ؟ — دېدى چىڭگىزخان.

— ئۇنىڭ بۇ تەلىپىمىزگە قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قاراپ ئىش تۇتمايمىزمۇ، — دېدى ياللۇغ چۇساي، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولساقمۇ ھازىر ۋاقتى ئەمەس. قىش كۈنلىرى يېقىنلاپ قالدى، بەربىر ئەتىيازغىچە پۇختا تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

چىڭگىزخان دانىشمەن مەسلىھەتچىسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. مۇسۇلمان ۋە موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، گۈل - گىياھلار پاخاللاشقان، يوپۇرماقلار غازاڭلاشقان، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى گۇركىرەپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولغا سېلىندى.

ئەلچىلەر خارەزىم دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى ئۆرگەنچ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھقا چىڭگىزخاننىڭ قىزىل تامغىسى بېسىلغان بىتىكنى تاپشۇردى. خارەزىمشاھ بىتىكنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بىراقلا جۇۋىنى تەتۈر كىيدى.

— چىڭگىزخان بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن تېخى ئۆز تاغام غايىرخاننى ئۇنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەرمىشمەن! ئۇ مېنى كىم چاغلاپ قالدى؟

ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشتا خارەزىمشاھ بىلەن بىللە بولغان

باش ۋەزىرمۇ ئەلچىلەرگە دوق قىلىپ، غەزەپلىك تەنە ياغدۇردى:
— ئۇ چىڭگىزخان دېگەن ئەخمەق موڭغۇل ئۆزىنى جاھاننىڭ خوجىسى دەپ چاغلايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بىلىپ قويۇش، بىزنىڭ سۇلتانىمىز شۇنچە قۇدرەتلىك قارا قىتانلارنىمۇ مەغلۇپ قىلغان. ھەتتا باغداد خەلىپىسىمۇ سۇلتانىمىزغا تەڭ كېلەلمىگەن! شۇڭا، بىزنىڭ شەۋكەتلىك سۇلتانىمىز «ئىسكەندەرى سانى»، «يېڭى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» دەپ ئۇلۇغلاندى.
دەرۋەقە، سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۈستۈنلۈك ۋە يېتەكچىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ باغداد خەلىپىسى بىلەن دەسلەپتە رىقابەتلىشىپ، كېيىن دۈشمەنلىشىپ قالغانىدى. ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرنەچچە قېتىملىق توقۇنۇشلاردا خارەزىم قوشۇنى خەلىپىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن سۇلتان خارەزىمشاھ ئۆزىنى خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ھېسابلاپ، چىڭگىزخاننىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. چىڭگىزخان خارەزىمگە ئەلچى ئەۋەتكەندە بۇ نۇقتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى.
شۇنداق قىلىپ، خارەزىمشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باش ئەلچىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى چىڭگىزخانغا سۇلتان خارەزىمشاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ھەيۋىسىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن قامچا بىلەن ئۇرۇلۇپ قويۇپ بېرىلدى.
چىڭگىزخان قەتئىي قارارغا كەلدى. ئەمدى ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. خاننىڭ ئاق كىگىز ئۆيىدە جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.
— سارتاۋۇللارغا① ئالتۇن ئارقىنىمنى مۇشۇنداقلا ئۈزدۈرۈپ

① سارتاۋۇل — ئەينى دەۋردىكى موڭغۇللار خارەزىملىكلەرنى «سارتاۋۇللار» دەپ ئاتايتتى.

قـويـــمەنمۇ؟ — دېدى چىڭگىزخان غەزەپتىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كېڭەش ئەھلىگە قاراپ، — ئۆزىنى بىلمەيدىغان مەنمەنچى سۇلتان ئۇدا ئىككى قېتىم ئەلچىلىرىمنى ئۆلتۈردى. دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىنىدۇ. لېكىن، سارتاۋۇللارنىڭ سۇلتانى ئۇنداق قىلمىدى. ئەلچىلىرىمنىڭ ۋە بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كەتكەن سودىگەرلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن سارتاۋۇل ئېلىگە دەرھال ئاتلىنايلى!

— سارتاۋۇل چوڭ ۋە كۈچلۈك مەملىكەت، — دېدى مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى پۇختا ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. ھازىر قىش كىرىپ قالدى. ئەنئەنىمىز بويىچە ئۇرۇشنى ئەتىيازدا باشلىغىنىمىز تۈزۈك. ئۇنىڭغىچە بىز قوشنا ئەللەرگە چاپارمەن يوللاپ، ئۇلارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ بىزگە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلايلى.

چىڭگىزخان بۇ پىكىرگە ماقۇل بولدى. ئەڭ ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر تەرەپ - تەرەپلەرگە چېپىپ كەتتى. ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن موڭغۇل ئوردىسىغا جاۋابەن بىتىك يوللاپ، شەخسەن ئۆزى ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ چىڭگىزخان بىلەن بىرلىكتە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغانلىقىنى بىلدۈردى. قىرغىزلارنىڭ ھۆكۈمدارىمۇ قوشۇن چىقىرىدىغان بولدى. بۇلاردىن باشقا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن تاتارلار بىلەن جۇرجىتلارمۇ سەپەرۋەر قىلىندى. پەقەت تاڭغۇت خانىلا چىڭگىزخانغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتتى.

— چامى يەتمەيدىغان ئادەم خان بولۇپ نېمە قىلىدىكەن؟ كۈچى يەتمەيدىغان ئادەم ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى ئۇ ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىنى تاپا - تەنىلەر بىلەن قايتۇرۇۋەتتى.

چىڭگىزخان تاغۇت خانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى.

— بۇ ھاكاۋۇر تاغۇتنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي قىلغان گېپىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ، — شۇ تاپتىلا بېرىپ ئۇ چۇپرەندىنىڭ جاجىسىنى بېرىش قانچىلىك ئىش ئىدى! بىراق، ھازىر باشقا يەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمىز. خەير، بوپتۇ. تەڭرى ئىگەمنىڭ پاناھىدا ئالتۇن تىزگىننى قولۇمغا ئېلىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاناۋىڭنى تارتىمەن!

قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قار - مۇزلار ئېرىپ، نەملەشكەن يەرلەرمۇ قۇرۇپ قالدى. يۇرۇشكە ئاتلىنىش ۋاقتى كەلدى. ھەممە تەييارلىقلار تەق بولغاندىن كېيىن چىڭگىزخان، «تەڭرىگە تېۋىنىپ، ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەيمەن» دەپ، يالغۇز ئۆزى ئاق كىگىز ئۆيگە بېكىنىۋالغىنىچە سىرتقا چىقماي ۋە ھېچكىمنى كىرگۈزمەي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى بولغاندا ئۇ كىگىز ئۆيدىن چىقتى.

— بوغدا تەڭرى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھلىرى ماڭا غەلىبە ئاتا قىلىدىغان بولدى، — دەپ جاكارلىدى ئۇ، — ئالتۇن ئارقاننى ئۈزۈۋەتكەن سارتاۋۇللارنى جازالاشقا ئەمدى ئاتلىنايلى!

چىڭگىزخان ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن سەپەرنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇرغاندا كىگىز ئۆينىڭ ئىشىك يوپۇقى قايرىلىپ، ئۇزۇن گۈللۈك تاۋار تون كىيگەن، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچىغا ئالتۇن - كۈمۈشتىن چاچتەڭگىلەر ئېسىلغان، زەر گۈللۈك يىپەك رومالنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان سۇمباتلىق ياش بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ نۇرغۇن خوتۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى، چېچەنلىكى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن موڭغۇل ئوردىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن ئىدى. چىڭگىزخانمۇ ئۆز خانىدانىدا يەسۇي ئىسىملىك

بۇ ياش خوتۇنغا چوڭ خوتۇنى بۆرتەدىن قالسا ئىككىنچى دەرىجىلىك ھوقۇق بەرگەنىدى. يەسۈي خاتۇن كىگىز ئۆيگە كىرىپ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى ھەمدە خان ئېرىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— خان ئىگەم، بىز بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز. تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ، چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، يات ئەللەرنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك سەپەرگە تەييارلىنىۋاتىسىز. بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. ناۋادا بىزلەرنى يۆتمەس ـ تۈگمەس دەرد ـ ئەلەمگە قويۇپ، قارىغايدەك قامىتىڭىز يىقىلسا، تۇۋرۇكتەك قەددىڭىز ئۆرۈلسە، ئىگىسىز قالغان تېرىقتەك چېچىلىپ، ئۇچار قۇشلاردەك توزۇپ كېتىدىغان بۇ ئېلىڭىزنى كىمنىڭ قولىغا تاپشۇرارمەن دەپ ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟ بىر قورساقتىن تۇغۇلغان تۆت ئوغلىڭىزدىن قايسىنى ئورنىڭىزغا تىكلەيسىز؟ بۇنىڭدىن باللىرىڭىز، ئىنىلىرىڭىز، ۋەزىر ـ ئەمەلدارلىرىڭىز، ئەل ـ جامائەتلىرىڭىز ۋە بىزدەك نادان مەزلۇملىرىڭىز خەۋەردار بولۇپ قالساق دەيمەن. ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن گېپىمنى ئېيتتىم، قالغىنىغا ئۆزىڭىز بىرنېمە دېگەيسىز.

بۇ گەپلەر چىڭگىزخانغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ يەسۈي خاتۇنغا تىكىلىپ قاراپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئاندىن قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— يەسۈي مەزلۇم بولسىمۇ، ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىنىلىرىم، باللىرىم، ھەتتا بوغۇرچۇ، مۇقالى، سىلەرمۇ ۋەزىرلىرىم، مېنىڭ ئوڭ ۋە سول قاناتلىرىم تۇرۇپ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدىڭلار. مەنمۇ خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ كەينىدىن كەتمەيدىغاندەك، ئەجەل سىرتمىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قېنى، يەسۈي، بۇياققا كېلىپ

باللىرىمىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىن. ئەمدى سەن ئېيتقان بۇ گەپنى مۇزاكىرىلىشەيلى، ئولتۇرۇپ سەنمۇ ئاڭلىغىن. بۇگۈن تەخت ۋارىسىنى بېكىتەيلى، بۇ ھەقتىكى قارارىمىزنى باشقا خاتۇنلارغا يەتكۈزگىن.

يەسۈي خاتۇن سىلىققىنە مېڭىپ كېلىپ، خاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلى جۇچىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى.

— جۇچى، سەن باللىرىمنىڭ چوڭى. ۋارىسلىق مەسىلىسىدە قانداق ئويلىرىڭ بار؟ سۆزلەپ باققىن.

جۇچى ئاغزىنى ئاچقۇچە قېنى قىزىق، ئاغزى ئىتتىك ئىككىنچى خانزادە چاغاتاي گەپنىڭ بېلىگە تەپتى.

— خان ئاتا، ۋارىسلىق ئىشىنى تېخى جۇچىدىن سورايسىزغۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — بىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ بۇ مەركىت پۇشتىنىڭ بىزنى باشقۇرىدىغان نېمە ھەققى بار؟!

چىڭگىزخاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. جۇچى توغرىسىدىكى گەپنى ئۇ ئاڭلاشنى خالىمايتتى، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىيتتى. چاغاتاينىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلەرنى ئىشىتكەندە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى چىڭگىزخان تېمۇچىننىڭ باغرىدا چوڭقۇر جاراھەت ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ۋەقە گوياكى ھازىر قايتىدىن ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. مەركىت ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى دەھشەتلىك دۈپۈرلىدى. شۇ مەزگىلدە تېمۇچىننىڭ يېنىدا ئازلا ئادىمى بار ئىدى. مەركىتلەرنىڭ قىلىچ - نەيزىلىرى باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ جېنىنى ئالدى. تېمۇچىن پەقەت بىر نەچچە ئادەم بىلەنلا بۇرخان خالدۇن تېغىغا قېچىپ چىقىپ قۇتۇلۇپ قالدى. مەركىتلەر ياش تېمۇچىننىڭ توي قىلغىنىغا تېخى بىرنەچچە كۈنلا

بولغان سۆيۈملۈك ئايالى بۆرتەنى بولاپ كەتتى. تېمۇچىن قوشۇن تۈپلاپ، دوستانە ئۆتتۈۋاتقان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن ياردەم سوراپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مەركىت ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۆرتەنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا بۆرتەنىڭ قورسىقى يوغاناپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. مومايلار تېمۇچىننى بوۋاقىا ئات قويۇپ بېرىشكە چاقىردى. تېمۇچىن يۈگەكتە تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان بوۋاقىا كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئۇزاقىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئىسمى جۇچى[1]بولسۇن، — دېدى ئۇ.

كېيىن جۇچى چوڭ بولدى. ھازىرغا قەدەر ئۇ چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ چوڭ خانزادە چىڭگىزخاننىڭ كۆڭلىدە بىلگىلى بولمايدىغان سىر، جاۋابى چىقمايدىغان تېپىشماق بولۇپ قالدى. جۇچى زادى چىڭگىزخاننىڭ ئۆز پۇشتىمۇ ياكى قايسىدۇر بىر مەركىتنىڭ ئۇرۇقىمۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، چىڭگىزخان ئۇنى ئۆگەيلىمىدى، ئۇنى باشقا بالىلىرىغا ئوخشاش كۆرۈپ، قاناتلىقىا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇقىا چوقۇلاتماي بېقىپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلدى. جۇچىمۇ بۇ خان ئاتىسىغا كۆيۈمچان، ۋاپادار ئوغۇل بولدى. لېكىن، ئۇنى مەركىتلەرگە باغلايدىغان گەپ-سۆزلەر ئەل ئىچىدە ھېلىھەم تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى.

ئاغزى ئىتتىك چاغاتاي مەركىتلەرگە چېتىشتۇرۇپ گەپ قىلغاندا ئېغىر-بېسىق جۇچىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى ھەمدە:

— خان ئاتام ياتلىمىغان يەردە سەن نېمىدەپ مېنى ياتلايسەن؟ — دەپلا ئىنىسى چاغاتاينىڭ ياقىسىدىن ئالدى، — سېنىڭ تەرسالىقىڭدىن باشقا قايسى ھۈنىرىڭ مەندىن ئارتۇق؟ ئەگەر ئوقيا ئېتىشىشتا ساڭا يېتەلمىسەم باشمالتىقىمنى كېسىپ

---

[1] جۇچى — موڭغۇل تىلدا «مېھمان» دېگەن مەنىدە.

بىرىمەن، چىلىششتا ساڭا يېڭىلىپ قالسام ياتقان يېرىمدىن تۇرمايمەن! قېنى، خان ئاتام پەرمان چۈشۈرسۇن.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ياقا سىقىشىپ، بوغۇشۇپ كەتكەندە ۋەزىر بوغۇرچۇ جۇچىنىڭ قولىنى، مۇقالى چاغاتاينىڭ قولىنى تارتىپ ئاجراتتى. چىڭگىزخان چىرايى ئۆڭۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. خان جەمەتىدىن بولغان بىر ئاقساقال خاپا بولۇپ، قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەي هايانى بىلمەيدىغان ئەدەپسىزلەر! خان ئاتاڭلارنىمۇ، بىزلەرنىمۇ كۆزگە ئىلماي نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ ئەي چاغاتاي، نېمانچە قىلىپ كېتىسەن؟ خان ئاتاڭ باللىرى ئىچىدە ساڭا بەكرەك ئۈمىد باغلىغان. مۇشۇنداق يېنىكلىك قىلىپ خان ئاتاڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالامسەن؟ مۇشۇنداق تەنتەكلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاناڭنى رەنجىتىپ، ئۇنىڭ سېرىقمايدەك يۇمشاق كۆڭلىنى قاتۇرۇۋەتتىڭ، ئاق سۈتتەك پاك قەلبىنى ئۇيۇتۇۋەتتىڭ. ئەمدى خان ئاتاڭنىڭ يۈرىكىگىمۇ سوغۇق سۇ سېپىپ سوۋۇتماقچى بولۇۋاتامسەن؟

يەسۈي خانۇنمۇ ئاكا ـ ئۇكىلارغا تەنبىھ بەردى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار هە؟ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟ خان ئاتاڭلاردىن تەپ تارتماستىن قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى قاراڭلار! ئۇيات ئەمەسمۇ!

كۆپچىلىكنىڭ هاي ـ هۇيلىرى بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلار پەسكويغا چۈشۈپ، ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ ۋە ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— جۇچىنى ئۇنداق ـ مۇنداق دېيىشكە قانداق ئاغزىڭ باردى؟ ئۇ باللىرىمنىڭ چوڭى ئەمەسمۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما! ئۇقتۇڭمۇ؟

چاغاتاينىڭ هورى بېسىلدى. ئۇ، خان ئاتىسىنىڭ ئالدىدا

خىجىللىق ھېس قىلىپ ۋە گۇناھىنى بويىنغا ئالغانلىقىنى ئىپادىلەپ ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇقتۇم خان ئاتا، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ ئىچىمىزدە جاسارەت، ماھارەت جەھەتلەردە جۇچىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. جۇچى ئىككىمىز بالىلارنىڭ چوڭلىرى. شۇڭا، خان ئاتىمىز تاپشۇرغان خىزمەتلەرنىڭ ئېغىرىنى بىز ئىككىمىز ئۇستىمىزگە ئالايلى. قايسىمىز باش تارتساق شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن، قايسىمىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلساق شۇنىڭ پايخېنى كېسىلسۇن!

— ياخشى، — دېدى چىڭگىزخان رازى بولغان قىياپەتتە بېشىنى ئىرغىتىپ، — ئۇنداقتا، سەن تەخت ۋارىسى بولۇشقا كىمنى لايىق كۆرىسەن؟

چاغاتاي بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىز قېرىنداشلار ئىچىدە ئىنىم ئۆگەتاي ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولدى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە بىز ھەممىمىز قايىل. شۇڭا، مەن ئۇنى خانلىقىمىزنىڭ ئالتۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا لايىق دەپ ھېسابلايمەن. ئۇ خان ئاتىمىزنىڭ يېنىدا تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ، خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆگەنسۇن. مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ، خان ئاتا.

— جۇچى، سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان.

جۇچى ئىككىلەنمەيلا جاۋاب بەردى:

— چاغاتاي ئېيتقاندەك، ئىككىمىز خان ئاتىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولايلى. تەخت ۋارىسلىقىغا مەنمۇ ئۆگەتاينى لايىق كۆرىمەن.

— خىزمىتىمدە بولايلى دېگىنىڭلار نېمىسى؟ — دېدى

چىڭگىزخان، — يەر ـ زېمىنلار شۇنچە كەڭ، دەريا ـ ئېقىنلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئاشۇ زېمىنلارنى ھەرقايسىڭلارغا سۇيۇرغاللىقا بەرسەم، ئۆز ئالدىڭلارغا يۇرت سوراپ باشقۇرماسىلەر. جۇچى، چاغاتاي ئىككىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن دوستقا ئەلەم، دۈشمەنگە كۈلكە بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىپ، ھېلىقى ئېيتقان ۋەدەڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن تايماڭلار، ياساقتا[①]يۇتۇلگەن قانۇنلىرىمىزدىن چىقىپ كەتمەڭلار. ئىلگىرى ياساقتا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانداق جازالىنىپ، قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقى ئېسىڭلاردىمۇ؟ سىلەر شۇلاردىن ئىبرەت، ساۋاق ئالساڭلار ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى ھەرگىز سادىر قىلمايسىلەر، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىدا ھەرگىز ماڭمايسىلەر.

— خوپ، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز، خان ئاتا، — دېدى جۇچى.

— بىزگە بەرگەن تەربىيە، نەسىھەتلىرىڭىزنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز، خان ئاتا، — دېدى چاغاتاي.

— ھە، ئۆگەتاي، — دېدى چىڭگىزخان ئىككى ئاكىسىنىڭ يېنىدا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان ئۈچىنچى ئوغلىغا قاراپ، — ئاكىلىرىڭ سېنى سايلىدى. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟

— خان ئاتا، ئىلتىپات قىلىپ، گېپىڭ بارمۇ دەپ سورىدىڭىز، — دېدى ئۆگەتاي، — نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن... نېمە دېسەم بولار. ئەگەر خان ئاتام مېنى ئىزباسارلىققا لايىق كۆرسە، ئىمكانقەدەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەرمەن. لېكىن، شۇ تاپتا كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىڭ ئىچىدىن مېنىڭ ئورنۇمغا ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىقنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرگۈدەك ئادەم چىقارمۇ دەپ ئويلاپ

① ياساق — ئەنئەنىۋى قانۇنلار دەستۇرى.

قىلمىۋاتىمەن. كېيىنكى ئەۋلادلىرىم چۆپكە ئوراپ بەرسە كالا يېمەيدىغان، ياغقا ئوراپ بەرسە ئىت يېمەيدىغان، ئالدىدىن قانداغاي ئۆتۈپ قالسا ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلمەيدىغان يارىماس، بولۇمسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ دەيدىغانلىرىم، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە دەيمەن؟

— ئۆگەتاي خېلى ئورۇنلۇق سۆزلىدى، — دېدى چىڭگىزخان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ھە، ئەمدى تولى، سېنىڭمۇ دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

— مەنمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئېيتاي، — دېدى ئۆگەتاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كەنجى خانزادە تولى، — مەن بۇ ھاياتىمدا خان ئاتامنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتۇپ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ جارچىسى بولىمەن. جۇچى ئاكامنىڭ ئۇنتۇپ قالغان ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېسىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئايرىلماس كۆلەڭگىسى بولىمەن. چاغاتاي ئاكام ئۇخلاپ قالسا ئۆز ۋاقتىدا ئويغىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا قالقان بولىمەن. ئۆگەتاي ئاكام تۇلپارغا مىنسە قولىدىكى قامچىسى بولۇپ، ھارماي - تالماي خىزمىتىنى قىلىمەن. يۇرۇشلەردە ئاكىلىرىمغا ھەمدەم بولۇپ، دۈشمەنلەر بىلەن باش كەتكۈچە ئېلىشىمەن.

— ياخشى، — دېدى چىڭگىزخان، — سىلەر مېنىڭ باللىرىم، قانات قاققان شۇڭقارلىرىم، ھەر دەم، ھەر جايدا ئىناق، ئىتتىپاق بولۇڭلار. شۇنداق بولساڭلار سىلەرگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئوقيانىڭ بىر تال ئوقىنى ھەرقانداق ئادەم ئۇشتۇپ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ، لېكىن چوڭ بىر باغلام ئوقنى ھەرقانداق پالۋانمۇ سۇندۇرالمايدۇ. ئەمدى مېنىڭ قارارىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار ھەم شۇنىڭغا شەرتسىز ئەمەل قىلىڭلار. ئوغۇللىرىمدىن ئۆگەتاي مېنىڭ ئورنۇمغا چىقىدۇ، مەندىن كېيىنكى خان بولىدۇ. قالغان ئۇچىڭلار ھەردەم، ھەر

جايدا ئۇنى قوللاڭلار، ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇڭلار.
ئۆگەتاي، سېنىڭ ئەنسىرىشىڭ ئورۇنسىز. مۇبادا سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ چۆپكە ئوراپ بەرسە كالا يېمەيدىغان، مايغا ئوراپ بەرسە ئىت يېمەيدىغان بەزدەك يارامسىز چىقىپ قالسا، مېنىڭ باشقا ئورۇق ـ ئەۋلادلىرىمدىن يارامىلىق بىرەر بالا تۇغۇلماسمۇ؟ شۇڭا، بۇ جەھەتتە ئارتۇق غەم يېمەي، كۆڭلۈڭنى توختىتىپ ئىشلىرىڭنى قىلىۋەرگىن.

— خوپ خان ئاتا، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن.

— كېچەش تامام. ئەمدى ھەممىڭلار ئارام ئالغاچ ئەتكى يۈرۈشكە ھازىر بولۇڭلار، — دېدى چىڭگىزخان.

خانزادىلەر ۋە نويانلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ خان ئۆيىدىن چىقىشتى. باش مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي مىسكىن قىياپەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھەممىنىڭ كەينىدە چىقىۋاتاتتى. خان ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى.

— سەن توختاپ تۇر، ئولتۇر.

ئېگىز بويلۇق پالۋان سۈپەت ياللۇغ چۇساي خاننىڭ ئالدىغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ قويۇق قارا ساقال بېسىپ كەتكەن قارىمۇتۇق چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى.

— بۈگۈن ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ. قورقۇۋاتامسەن؟

— يوقسۇ، بۈيۈك خاقانىم. گەپ قورقۇش ـ قورقماسلىقتا ئەمەس. قورققان بولسام ئۆزۈم قىتان تائىپىسىدىن تۇرۇقلۇق موڭغۇل ئوردىسىدا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تۇرمىغان، پىداكارلىق بىلەن سىزگە ئەگەشمىگەن بولاتتىم. ھازىرغا قەدەر خەتەرلىك ھەم جاپالىق يۈرۈشلەردە بولسۇن ۋە ياكى ئاتتىن چۈشۈپ ئەلنى سوراش ئىشلىرىدا بولسۇن، گېپىڭىزگە گەپ قوشۇپ، مەسلىھەت پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ كەلدىم. لېكىن، بۇ قېتىم بىرەر پايدىلىق مەسلىھەت بېرەلمىگىنىمدىن ئازابلاندىم. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ

ئىيتقىنىمدەك، سارتاۋۇللار ئېلى ماڭا ناتونۇش. كۆنۈپېتىش تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا مەن بېرىپ باقمىغان.

چىڭگىزخان قىسىق كۆزلىرىنى قىسىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا غەمكىن ئولتۇرغان مەسلىھەتچىسىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى.

— شۇنداق، بۇ ھەقتە ماڭا كۆپ سۆزلىدىڭ، — دېدى ئۇ، — دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق. سارتاۋۇللار ئېلىگە مەنمۇ بېرىپ باقمىغان، بىزنىڭ ھېچقايسىمىز بېرىپ باقمىغان. لېكىن، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلمىساق بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ ئەلچىلىرىمگە ئىككى قېتىم زىيانكەشلىك قىلدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرغان يەردە مەن ئۇلارغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرمىسام بولامدۇ؟ بىز موڭغۇللار ئىلاھىي كۆك بۆرە بىلەن گۇزەل مارالنىڭ ئەۋلادلىرىمىز. كۆك بۆرە بىزنى غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلاپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى. ئەگەر مەن جىم يېتىۋالسام مۇقەددەس كۆك بۆرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشمەمدۇ؟ مەن ئۇلار بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىشىپ، سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى يولغا قوياي دەپ ئالتۇن ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى ئۇلارغا تاشلاپ بەرگەنىدىم. لېكىن، ئۇلار ئالتۇن ئارقاننى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەمدى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ!

— شۇنداق، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز كېرەك. بۇ گەپكە قىل سىغمايدۇ، — دېدى مەسلىھەتچى، — لېكىن بىز ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا يېقىنلاپ بارغاندا ھوجۇمغا ئۆتۈش ئۇسۇلىمىزنى قوللانماستىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىز كېرەك، دېمەكچىمەن.

چىڭگىزخان ئاق ئارىلاشقان شالاڭ ساقىلىنى سىيپاشتۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى ئىرغىتتى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمىز، — دېدى ئۇ، — ئۇ تەرەپلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، سارتاۋۇللار چوڭ شەھەرلەردە، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆي - ئىمارەتلەردە ياشايدىكەن. ئۇلار مال - دۇنياغا، ئەيش - ئىشرەتكە، راھەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەردەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەھۋال راستتىن شۇنداق بولسا، ئارتۇقچە قورقۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن بولىدۇ. ئەنە، چەكسىز بايلىققا كۆمۈلۈپ ياتقان جىن خانىدانلىقى بىزگە تەڭ كېلەلىدىمۇ؟ شەھەرلەردە باياشات ياشايدىغان تاڭغۇتلار بىزنىڭ يولىمىزنى توسيالىدىمۇ؟

دەرۋەقە، جىن سۇلالىسى ۋە تاڭغۇت خانلىقىغا قارشى بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلەردە موڭغۇللار ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

— لېكىن كۇنپېتىشتىكى سارتاۋۇللارنىڭ ئادەم سانى كۆپ، قورال - ياراغلىرى خىل دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى چىڭگىزخان، — لېكىن شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قارشى تۇرىدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەنە، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز كۇچلۇكخانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تارىم ۋادىسىغا بارغاندا ئۇ يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنغۇ. ھەتتا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالە قوللىرىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزغا ھەمكارلاشتىغۇ. شۇڭا، سارتاۋۇللارنىڭمۇ ھەممىسى بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېتىشى ناتايىن. سارتاۋۇللارنىڭ يۇرتلىرىدىن كەلگەن بىرمۇنچە سودىگەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېتىۋاتامدۇ. يەنە بىرمۇنچە سارتاۋۇللار مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتامدۇ.

دەرۋەقە، ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر چىڭگىزخان بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلماقتا ئىدى.

ئەمدى مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇسايمۇ خاننىڭ بۇ سۆزلىرىگە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— ھەقىقەتەن، بۈيۈك خاقانىمنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، دىلى يورۇق ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دېدى يەنە چىڭگىزخان، — ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، كۆپچىلىكمۇ كۆردى، ئاق ساقاللىق ياغرىنچى[1] قارا قوچقارنىڭ تاغاق سۆڭىكىدە پال سېلىپ، ئالدىمىزدىكى كۈنلەردىن بېشارەت بەردى، بۇ سەپەردە بىزنى شانلىق ئۇتۇقلار كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق، — ياللۇغ چۇساي ماقۇللىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى.

چىڭگىزخان ئورنىدىن قوزغالدى.

— بولدى، ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن يەنە مەسلىھەتلىشەمىز.

ياللۇغ چۇساي تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. چىڭگىزخانمۇ بۇ ئاق كىگىز ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. بۇ قېتان مەسلىھەتچى ئىلگىرى تۇرلۇك ئەسكىري ۋە مەمۇري ئىشلاردا تولىمۇ دادىللىق بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ خاننى رازى قىلاتتى. سارتاۋۇللارغا يۈرۈش قىلىشنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىنلا ئۇ گويا كېكەچلەپ، دادىل سۆزلىيەلمەيدىغان، ئارىسالدى بولۇپ قالدىغۇ. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، يەنە باشقا بىر قىسىم ئاقساقال، تۆرىلەرمۇ تىلىنى چايناپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ ئۇلار ئاشۇ

---

① ياغرىنچى — پالچى.

سارتاۋۇللار دېگەن ئەلدىن شۇنچە قورقۇۋاتامدۇ؟ سارتاۋۇللار شۇنچە يامانمىدۇ؟ ئۇياقتىن كېلىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ سالاپىتى ۋە ماللىرىنىڭ ئېسىللىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەقىقەتەن باي خەلق بولسا كېرەك. سودىگەرلەر يەنە ئۇ ئەلنى تەڭداشسىز باتۇر، دېيىشىدۇ. ئۇلار قۇدرەتلىك باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغانمىش. سارتاۋۇللارنىڭ قوشۇنلىرى ھۆججۇمغا ئۆتسە خۇددى تاغدىن چۈشكەن دەريا دولقۇنلىرىدەك شىددەت بىلەن كېلەرمىش. ئۇلار جەڭچىلەرنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى پولات ـ تۆمۈردىن ياسايدىكەن. ھالبۇكى، موڭغۇللار ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كالا ۋە قوتاز تېرىلىرىدىن ياسايدۇ. چىڭگىزخان كۇنپېتىش تەرەپتىكى ئاشۇ سىرلىق ئەلدىن كەلگەن سودا كارۋانلىرىنىڭ قورۇقچى چېرىكلىرى يانلىرىغا ئاسقان ئاجايىپ كۆركەم بېزەلگەن، ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان قىلىچ، خەنجەرلەرنى كۆرگەن. شۇ قوراللاردىن قارىغاندا، سارتاۋۇللارنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلار ئىكەن.

«ئاشۇ كارامەتلىك ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى بىزنىڭ يايلاقلارغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى بىز ئۈچۈن ئىشلەشكە سېلىش كېرەك، — دەپ ئويلايتتى چىڭگىزخان، — ئاشۇ ھۈنەرۋەنلەر بىزگە ئاشۇنداق كۆركەم، سۈپەتلىك قىلىچ، خەنجەرلەرنى سوقۇپ بەرسۇن، بىزگە پولات ـ تۆمۈردىن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى ياساپ بەرسۇن. چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك! بىز ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، بىز ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىمىز. كۆك تەڭرى، قارا يەر بىزنى قوللايدۇ، كۆك بۆرە بىزنى يېڭىشكە باشلايدۇ!»

قۇياش غەرب تەرەپكە بارغانچە قىيسىيىپ، كۆك ئاسماندىكى مامۇقتەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئەمدى خۇددى قانغا چىلانغان پاختىدەك قىزىرىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چىڭگىزخان قىزىل نۇر بىلەن

تاۋلانغان غەرب تەرەپكە كۆز تىكىپ گويىاكى جەڭ مەيدانىغا ئۇچۇپ كىرىۋاتقان مىڭلىغان، تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، قارىمۇقارشى تەرەپلەردىن بىر - بىرلىرىگە يىرتقۇچلاردەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان، تۇمەنلىگەن جەڭچىلەرنىڭ قان ئىچكەندەك قىزىرىپ كەتكەن دەھشەتلىك كۆزلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك، تۇپراقلارغا تۆكۈلگەن قىپقىزىل قانلارنىڭ قاڭسىق ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر خىل ئىچكى داۋالغۇش ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. شۇ پەيتتە مۇبادا كىمكى ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ قالغان سوغۇق چىرايىغا قارىغۇدەك بولسا چوقۇم يۈرىكى جىغىلداپ، تەنلىرى شۈركىنىپ كەتكەن بولاتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئەگىشىپ ئەتراپ جىمىپ كەتتى. يىراق - يېقىندىكى پادىچىلارنىڭ قوي - كاللىلارنى ھەيدەپ تۇۋلاشلىرى بېسىقتى. تۇزلەڭگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئارىلىرىدا ئىت ۋە كۈچۈكلەر تۇگۈلۈپ ياتاتتى. ئويمان - دۆڭلەردە يوگۇرۇپ، چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق بالىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىپ جىمىقتى. ئاسماننىڭ كۆك رەڭگى بارغانسېرى قېنىقلىشىپ، بىردىن - ئىككىدىن يۇلتۇزلار چاقناپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

چىڭگىزخان يېقىن ئەتراپتىكى بىرنەچچە كىگىز ئۆيلەرگە خىيالچان نەزىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. بۇلار چىڭگىزخاننىڭ بىرنەچچە خوتۇنلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئىدى. «كىمنىڭ ئۆيىگە كىرەي؟» دەپ ئويلىدى خاقان مۇرەككەپ خىياللار بىلەن چېچىلىپ كەتكەن زېھنىنى يىغىۋالالماي. ئۇ، ئەلۋەتتە، چوڭ خانىش بۆرتەنىڭ ئۆيىگە كىرىشى كېرەك. ئۇ، يۈرۈش ئالدىدىكى بۇ ئاخىرقى كېچىنى ئۆزىنىڭ قەدىناس ھەمراھى، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى بولغان تۆت ئوغلىنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۆرتەنىڭ ئۆيى خاننىڭ قارارگاھى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئاق كىگىز ئۆيگە ئەڭ يېقىن يەرگە

تىكىلگەنىدى. چىڭگىزخان بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقتا چارچاپ كەتكەن تېنىنى رۇسلاپ، چوڭقۇر بىر تىنىق ئالدى ـ دە، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېلىپ، بۆرتەنىڭ ئۆيىگە كىردى.

خانىش بۆرتە قات ـ قات كىگىز ۋە گىلەملەر ئۈستىگە سېلىنغان تۆشەكتە يوتقانغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، خان ئېرىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ، ئېرىنىڭ بۈگۈن چوقۇم بۇ ئۆيگە كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئېگىز، بەستلىك گەۋدىسى ئېگىلىپ ۋە ئىرغاڭلاپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە، قاراڭغۇلۇقتا بەئەينى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى ھەيۋەتلىك دېۋىگە ئوخشاپ كەتتى.

— قېنى سەن بۆرتە؟ نېمىشقا ئۈنۈڭنى چىقارمايسەن؟ — دېدى خاقان خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىلەرنىڭ بۇيرۇقنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلىۋاتقاندەك قوپال ئاۋازدا.

باشقا خانىشلار ياكى توقاللار بولسا، خاننىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، پايپېتەك بولۇپ كېتەرىدى. پەقەت بۆرتەلا ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇپ، خاننىڭ ئالدىدا تەمتىرىمەي، ھودۇقماي، ئۆزىنى ئەركىن تۇتاتتى. ئۇلار ئىككىيلەن قىرىق نەچچە يىللىق ئورتاق تۇرمۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ ھەم ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ ئۆزلىشىپ، خۇددى گۆش بىلەن ياغدەك بىر ـ بىرىدىن ئاجرالماس بولۇپ كەتكەنىدى. چىڭگىزخانمۇ بۇ چوڭ خانىشنىڭ باشقا كۈنداشلىرىدەك ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئېغىر ئالمايتتى.

— خان ئىگەم، — دېدى بۆرتە چىڭگىزخاننىڭ بۇ قوپال سوئالىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، — سىزنى تۆت كۆزۈم بىلەن ساقلاپ ئولتۇرىمەن. مانا، تۆشەكنىمۇ سېلىپ قويدۇم. قېنى بۇياققا كېلىڭ، يېنىمغا كېلىڭ.

چىڭگىزخان خۇددى سەمرىپ، يوغىناپ كەتكەن قوڭۇر

ئېيىقتەك ئىرغاڭلاپ ۋە پۇشۇلداپ، بۆرتەنىڭ يېنىغا كېلىپ تۆشەككە ئولتۇردى. ئىككىيلەن بىر ئەسناغىچە يانمۇيان شۈك ئولتۇرۇشتى. چىڭگىزخان بۇ قەدىناس خانىشىنىڭ چىرايىنى قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئەتلىك بەدىنىنى، قورۇق باسقان بوغداي ئۆڭلۈك يۈزىنى، ئاقىرىپ ۋە شالاڭلاپ، ئۆرۈلگەندە خۇددى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىدەك بولۇپ قالغان چاچلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇشتۇمتۇت چىڭگىزخان بۆرتە بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ قالدى. چىڭگىزخان ئۇ چاغلاردا تېمۇچىن دەپ ئاتىلىدىغان توققۇز ياشلىق بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى يەسۈكەي باتۇر موڭغۇللارنىڭ بۆرتچىن قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. ئاشۇ يەسۈكەي باتۇر ئوغلى تېمۇچىنگە لايىق تېپىش ئۈچۈن ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ يۈردى. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ تېمۇچىننى باشلاپ، بىرنەچچە كۈنلۈك يول يۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىگە يېقىن يەرلەردە ياشايدىغان قونغىرات قەبىلىسىگە باردى. قونغىرات ھۆكۈمدارىنىڭ بۆرتە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىز گەرچە تېمۇچىندىن بىر ياش چوڭ بولسىمۇ، يەسۈكەي باتۇر ئۇنى ئوغلىغا لايىق كۆردى. قونغىراتلار ئىچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا تېمۇچىنمۇ ئۇ قىز بىلەن چىقىشىپ قالدى. يەسۈكەي باتۇر قونغىرات ھۆكۈمدارى بىلەن قۇدىلىشىشقا پۈتۈشتى. قونغىراتلار يەسۈكەي بىلەن تېمۇچىننى قوي سويۇپ، تاي سويۇپ، ئۈچ كۈنگىچە مېھمان قىلدى. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە قونغىرات ھۆكۈمدارى: «تېمۇچىن بۇ يەردە قېلىپ، بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بىلەن تونۇشسۇن، بىزنىڭ ئېلىمىزگە كۆنۈۋالسۇن» دېگەن تەلەپنى قويدى. يەسۈكەي باتۇر ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن تېمۇچىن قونغىراتلار ئېلىدە شوخ بۆرتە قىز بىلەن قوغلىشىپ، ئوينىشىپ يۈرۈپ، تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئىككى ئوغۇل - قىز ئاسانلا چىقىشىپ، ئۆزلىشىپ كەتتى. بۆرتەنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ تېمۇچىننى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى.

تېمۇچىن ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا يەسۈكەي باتۇرنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى كېلىپ، قونغىرات ھۆكۈمدارى بىلەن كۆرۈشتى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا ھېلىقى كىشى تېمۇچىننى ئۆز يۇرتىغا ئەكەتتى.

يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن تېمۇچىن ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتى. يەسۈكەي باتۇر ئوۋ ئوۋلاپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇچراپ قالغان تاتار ئاقساقاللىرى ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئادەتلىرىدە ئوۋدىن قايتقان ئادەم ئۇچرىغان ئاۋۇلغا كىرىپ، بىر - ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ ئۆتىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا، يەسۈكەيمۇ تاتار ئاقساقاللىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋۇلىدا بىر كېچە مېھمان بوپتۇ. لېكىن ئۇ تاتارلارنىڭ ئۆز ئېشىغا زەھەر سېلىپ قويغانلىقىنى بىلمەپتۇ. ئۇ ئۆز ئاۋۇلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلى ئاينىپ، ياندۇرۇپ، قورسىقى ئاغرىشقا باشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۈچ كۈن قىينىلىپ ياتقاندىن كېيىن يەسۈكەي باتۇر قازا تېپىپتۇ.

بىر ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقى ئەمدى ئون ئۈچ ياشلىق تېمۇچىننىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئانىسى ۋە ئىنىلىرىنى بېقىشى كېرەك ئىدى. ئون ئۈچ ياشلىق تېمۇچىن ئورمانلاردا قاپقان قۇرۇپ، ئوقيا ئېتىپ ئوۋ ئوۋلىدى، دەريا - ئېقىنلاردا بېلىق تۇتتى. يەسۈكەي باتۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەل - جامائەت ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ياقلارغا كۆچۈپ كەتتى. كىچىككىنە تېمۇچىن

ئـاتـىسىنى ئۆلتۈرگەن تاتارلارغا غەزىپىنى باسالماي تۇرغاندا، ئەمدى ئۆز ئادەملىرىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىشتى.

ئـانـىسى ئۇزۇن كېچىلەردە ئاينىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ تېمـۇچىنگە موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى رىـۋايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. موڭغۇللارنىڭ كۆك بۆرە ۋە گۈزەل مارالنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ، ئاشۇ كۆك بۆرىگـە ئېـتـىـقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ باتۇر، چىداملىق بولـىـدىغانلىقىنى تەرىپلەيتتى. تېمۇچىنىنىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى ئالدىدا يېڭىلمەس قەھرىمان پالىۋانلارنىڭ تاغ سۈپەت ئوبرازلىرى گەۋدىلىنەتتى. ئۇ كۆك بۆرە ۋە گۈزەل مارالنىڭ ھامـان بىر كۈنى موڭغۇل باتۇرلىرىنى شانلىق غەلىبىلەرگە، يورۇق مەنزىللەرگە باشلاپ بارىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەنە شۇ روھ كـىـچـىككىنە تېمۇچىنىنىڭ ئىرادىسىنى پولاتتەك تاۋلاشقا بـاشـلىدى. ئۇ كەلگۈسىدە ئاتىسى يەسۈكەيدەك باتۇر بولۇپ، دۈشمەنلىرىنى باش ئەگدۈرۈشكە، چېچىلىپ كەتكەن ئۆز ئېلىنى يىغىپ كېلىپ، قۇدرەتلىك موڭغۇل ئېلىنى تىكلەشكە ئىنتىزار بولاتتى. ئانىسىمۇ بۇ ئوغلىنىڭ ئەنە شۇنداق غايىلىك، جىگەرلىك بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈنەتتى.

قـېـقـىلىپ، تاسقىلىپ يۈرۈپ تېمۇچىن ئون ئالتە ياشقا كىردى. بىر كۈنى ئانىسى ئۇنى يېنىغا تارتىپ مۇنداق دېدى:

— بـالام، ئەمدى قونغىرات ئېلىگە يەنە بېرىپ، بۆرتەنى ئەكېلىۋالساڭ بولامدىكىن. ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى سېنىڭ رەھمەتلىك ئـاتـاڭ بـىـلەن قۇدىلىششقا پۈتۈشكەن. بۆرتەنىڭ ئاتىسى شۇ ئەھدىدىن يېنىۋالماس. مەنمۇ كېلىنىمنى كۆرەي.

تېمۇچىن ئىنىسى بەلگۈتاينى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئاكا ـ ئـۇكـا ئىككىيلەن قونغىرات ئېلىگە كەلگەندە بۆرتەنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— قارىغىنە، سېنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىڭنى! — دېدى ئۇ

تېمۇچىننىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، — تۆت يىل ئىلگىرى بۇ يەردىن كەتكەن چېغىڭدا تېخى بىر يېشىل يوپۇرماقتەك يۇمران بالا ئىدىڭ. مانا ئەمدى ھەقىقىي كۆك بۆرە نەسلىدەك پالۋان سۈپەت يىگىت بولۇپ چىقىپسەن.

تېمۇچىن ئۆزىنىڭ بۇ غېرىبلىق كۈنلىرىدە قونغىرات ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن رەت قىلىنماي، ئەكسىچە، قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقىدىن ۋە كۆك بۆرە نەسلىگە ئوخشىتىلغىنىدىن بەك خۇشال بولدى. قونغىرات ھۆكۈمدارى ئۇرۇق - جەمەتىنى چىللاپ توي قىلىپ، زىياپەت بېرىپ، قىزى بۆرتەنى تېمۇچىنگە چېتىپ قويدى. تېمۇچىن غۇنچە بويلۇق، قىزىل يۈزلۈك بۆرتەنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ، ئىنىسى بەلگۈتاي بىلەن بىللە ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان قىرىق ئىككى يىل ئۆتتى. ھازىر تېمۇچىن ئەللىك سەككىز ياشقا، بۆرتە ئەللىك توققۇزغا كىردى. بۇ قىرىق ئىككى يىلنىڭ خاتىرە سەھىپىلىرىگە تالاي - تالاي ھەسرەت ۋە كۈلپەتنىڭ ئۇنتۇلماس ئىزلىرى يېزىلىپ قالدى، تالاي - تالاي شانلىق غەلىبىلەرنىڭ تەنتەنە سادالىرى سىڭىپ كەتتى. تېمۇچىن بىلەن بۆرتەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ھارارىتى شۇ يىللارنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، قوش يۈرەكنى ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن مەھكەم باغلىغانىدى. ھازىر تېمۇچىننىڭ خوتۇن ۋە توقاللىرى ناھايىتى كۆپ. يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە تېمۇچىن قانلىق جەڭلەردە ئۆزى مەغلۇپ قىلغان قەبىلە ۋە تائىپىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ياكى قىزلىرىنى، ئىگىچە - سىڭىللىرىنى ۋە ھەتتا ئانىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆزى خوتۇن ياكى توقال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تېمۇچىننىڭ غەلىبىلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ خوتۇن ۋە توقاللىرىمۇ كۆپىيىۋەردى. بۇ، ئەلۋەتتە، سۆيگۈ ئىستىكى ياكى

ھۆزۆرلىنىش تەقەززاسىدىن بولماي، بەلكى غالىبلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ ئىسپاتى ھېسابلىناتتى.

ھالبۇكى، بۇرۇنقى تېمۇچىن، ھازىرقى چىڭگىزخاننىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ جەمەتى ئىچىدە بۆرتە باشتىن ـ ئاياغ دەخلىسىز ھوقۇق ۋە ئالاھىدە ئىمتىياز ئىگىسى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. چىڭگىزخان گەرچە ئۇزۇن سەپەرلەردە، يۇرۇشلەردە قېرىپ قالغان بۆرتەنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرمىسىمۇ، ئۇنى قەدىرلەيتتى، يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، مۇڭدىشىپ، ئايرىم خوشلىشاتتى.

مانا، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. خان بىلەن چوڭ خانىش تۆشەك ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇراتتى. بۆرتە چىڭگىزخاننىڭ بىلىكىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا يۆلەندى. چىڭگىزخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، يەنىلا گەپ قىلماستىن جىم ئولتۇراتتى.

— بۇ قېتىم كىملەرنى بىللە ئېلىپ ماڭىسىز؟ — دەپ سورىدى بۆرتە.

بۇ سوئال، ئەلۋەتتە، «خانىش ياكى توقاللاردىن كىملەرنى بىللە ئېلىپ ماڭىسىز؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

— قۇلاننى، — دەپ جاۋاب بەردى چىڭگىزخان.

بۆرتە قاراڭغۇدا بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— قۇلانمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — لېكىن يەنە يەسۈينىمۇ قوشۇۋېلىڭ. يەسۈي ئەقىللىق، چېچەن. بۇ قېتىم تەخت ۋارىسىنى ئالدىنئالا بېكىتىپ، قانۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنىمۇ شۇ يەسۈي بىرىنچى بولۇپ خان ئىگەمنىڭ سەمىگە سالدى. ئۇزۇن سەپەردە ئۇ خان ئىگەمگە يەنە ئەسقېتىپ قالىدۇ. قۇلان يەسۈيدىن ياشراق بولغاچقىمۇ، بەزى ئىشلارنى تازا ئوبدان ئويلاپ كېتەلمەيدۇ.

چىڭگىزخان پۇشۇلداپ قويۇپ ۋە چوڭقۇر تىنىۋېلىپ، سۆزلەشكە ئالدىرىمىدى. بۆرتە بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى.

چىڭگىزخان ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەنە شۇنداق ئىخچىر ـ بىسىق، كەم سۆز بولۇپ، ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىپادە بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەندە ئالدىرىماي، ئويدان ئويلىۋېلىپ سۆزلەيتتى. سۆزلىگەندىمۇ قىسقا، مېغىزلىق سۆزلەيتتى. شۇڭا، بۆرتەمۇ خان ئېگىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

— قۇلان ئۆزى يالغۇز بارسۇن، — دېدى چىڭگىزخان سالماقلىق بوش ئاۋازدا، — بۇ قېتىمقى يۈرۈشىمىزنىڭ مەنزىلى يىراق. سارتاۋۇل بىزگە ناتونۇش، سىرلىق ھەم كۈچلۈك ئەل. شۇڭا، بۇ قېتىم تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە كۈتۈلمىگەن خەتەرلىك ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ ئاز بولغىنى ياخشى. يەسۈي ئەقىللىق، لېكىن يېشى چوڭ بولۇپ قالدى، تەن ساقلىقىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. قۇلان تېتىك، ساغلام.

بۆرتە ئۈنچىقمىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، خاننىڭ تاللىشىغا ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. چىڭگىزخان خوتۇنلىرى ئىچىدە ئاشۇ قۇلان خاتۇنغا بەكرەك ئامراق ئىدى. بۇنى بۆرتە بىلىدۇ. «ئۇنىڭ نېمىسىگە شۇنچە ئامراقلىق قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلايتتى بۆرتە، — ئۇنىڭ ئاشۇ يەرگە تېگەي دەپ قالغان ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە قارا چاچلىرىغىمۇ؟ ياكى كۆكسى ۋە ساغرىلىرى تولۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ بېجىرىم، چىڭ بەدىنىگىمۇ؟ ياكى ھېلى خان ئۆزى ئېيتقاندەك تېتىك، چەبدەس خۇلقىغىمۇ؟»

بۆرتە خان ئېگىسى يەنە نېمە دەيدىكىن دەپ گەپ قىلماي ئولتۇرىۋەردى. خانمۇ خىيالغا بېرىلگەندەك پۈشۇلداپ ۋە چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. «ئىلگىرى بىر چاغلاردا ئۇ يەسۈي خاتۇنغىمۇ شۇنداق ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى، — دەپ يەنە ئويلىدى بۆرتە، — يەسۈي قۇلانغا ئوخشاشمايدىغان زىلۋا بويلۇق، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك مۇلايىم قىز ئىدى. ئۇ

چىڭگىزخاننىڭ ئەمرىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق، ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى بىلەن خان جەمەتى ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەنىدى. خان ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسىم مەسلىھەتلىرى ۋە پىكىر ـ تەلەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ».

دەرۋەقە، بۆرتە، يەسۇي ۋە قۇلاندىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ خانىش گوياكى چىڭگىزخاننىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى ھەممىدىن بەكرەك چاقناپ تۇرىدىغان ئۈچ يۇلتۇز ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆرتە ھەقىقىي موڭغۇل ئىرقىدىن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر كۆرۈپ ئۆتكەندەك، قونغىرات ھۆكۈمدارىنىڭ قىزى ئىدى. ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ بۇ ئامراق قىزىنى تېمۇچىنگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن. كېيىن پۈتۈن قونغىرات قەبىلىسىمۇ ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

يەسۇي ئەسلىي تاتار ھۆكۈمدارىنىڭ قىزى ئىدى. تاتارلار چىڭگىزخاننىڭ ئاتا دۈشمىنى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى يەسۇكەي بىر ئۆمۈر تاتارلار بىلەن بەزىدە ئۇرۇشۇپ، قان تۆكۈشۈپ، بەزىدە يارىشىپ، سۇلھى قىلىشىپ ئۆتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا تاتارلارنىڭ ئاقساقاللىرى يەسۇكەينى ئالداپ، زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئېشىغا زەھەر سېلىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تېمۇچىن تاتارلاردىن ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈردى. كىچىك تېمۇچىن ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى، ئەتراپتىكى دۈشمەنلىشىۋاتقان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرۇپ قۇدرەت تاپتى ۋە ئاخىر تاتارلارنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقىنى ئۆز ئېلىگە قوشۇۋالدى. تاتارلار ئورخۇن، سېلېنگا ۋادىلىرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تائىپە ئىدى. شۇڭا، تېمۇچىن بۇ زور غەلىبىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تاتار

ھـۆكـۈمـدارىـنـىڭ ئىككى قىزىنى بىراقلا خوتۇن قىلغانىدى. يـەسۈكەي ئەنە شۇ ئىگىچە ــ سىڭىل ئىككى قىزنىڭ كىچىكى ئىدى.

قۇلان بولسا، چىڭگىزخاننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان مەركىت قەبىلىسىدىن ئىدى. تېمۇچىن چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دۈشمەنلىرىنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ نـايـمـانـلارنـى ئـالـتـاي تاغلىرىدىن سۈرۈپ چىقاردى، كەرەي قەبىلىسىنى بېقىندۇردى، جالايىر قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە مەركىتلەرگە ئارقا ــ ئارقىدىن زەربە بېرىپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ ھـۆكۈمدار ــ بەگلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، خەلقىنى ئۆزىگە ئەل قىلدى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان مەركىت بەگلىرىدىن بىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى بەرگەنىدى. بۇ قىز دەل مۇشۇ قۇلان ئىدى.

چـىـڭـگـىـزخان ھازىرغا قەدەر بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا ھـېـچـقـاچان بۇ قېتىمقىدەك ئېھتىياتچان بولغان ئەمەس. ئۇ خـارەزىـمـدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەملىكەتكە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى بېكىتىشتىن ئاۋۋال ئۆز يېقىنلىرى بىلەن ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشتى. بەزىلەر خارەزىمدەك بـۇنـداق بـاي ۋە كـۈچـلـۈك چـوڭ دۆلەتكە تەۋەككۈل قىلىپ بارماسلىقنى ئېيتتى. بەزىلەر، ئەكسىچە، تېزرەك ئاتلىنىشنى دەۋەت قـىـلـىـشتى. بولۇپمۇ، چوڭ خانزادە جۇچىنىڭ يۈرۈش قـىـلـىش پىكرى بەك كەسكىن ۋە قەتئىي ئىدى. «بۇ دۇنيادا ھـەرقـانـداق قـۇدرەتلىك دۈشمەنمۇ كۆك بۆرە ئېلىگە تاقابىل تـۇرالـمايدۇ!» دەيتتى ئۇ. چىڭگىزخان ئۇنى ئەل ــ جامائەت ئالدىدا ئاشكارا ماختىمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۇنىڭ غەيرىتىدىن سۆيۈندى.

خانىشلاردىن يەسۈي خاتۇن خان ئىگىسىنى يەنىلا ئېھتىياتچان

بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ئويلىمىغان يەردىن قۇلان خاتۇن جەڭگىۋارلىق قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر كۈنى ئۇ چىڭگىزخانغا مۇنداق دېگەنىدى:

— خان ئىگەم، سارتاۋۇللار ھەرقانچە باي ھەم قۇدرەتلىك بولسىمۇ، موڭغۇللارنىڭ باتۇرلۇقىغا دۇنيادا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ. موڭغۇللار ھەم تاتارلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتلاندۇرۇڭ. كۈيئوغلىمىز ئىدىقۇت خانىمۇ چاقىرىڭ. مەن جەڭ مەيدانلىرىدا، ئۆلۈمنىڭ قارا قاناتلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان خەتەرلىك يەرلەردە سىزگە ھەمراھ بولاي، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي.

چىڭگىزخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاڭ قالدى. ئۇ، شوخ، كۈلگۈنچەك، بىر قارىماققا يېنىك تەبىئەتلىك ئايالدەك كۆرۈنىدىغان قۇلاننىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدى.

چوڭ خانىش بۆرتە بۇ خىلدىكى مەسلىھەت، كېڭەشلەردە ھېچقانداق پىكىر قاتناشتۇرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن چىڭگىزخاننى بەك ئوبدان چۈشىنەتتى.

— خان ئىگەم باشقىلاردىن مەسلىھەت سورىغىنى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ، — دەيتتى ئۇ.

چىڭگىزخان مۇشۇنداق تەكرار سۆھبەتلىشىش ۋە كېڭىشىشلەر نەتىجىسىدە ئاخىر بىر قارارغا كەلدى: «جۇچىنىڭ ئىرادىسى چىڭ، ئۆزى قەيسەر. ئۇ بىر تارماق قوشۇنغا قوماندان بولالايدۇ. خانىشلاردىن پەقەت قۇلان خاتۇنلا بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە مەن بىلەن بىللە بولۇشقا لايىق».

چىڭگىزخان بىلەن بۆرتە تۆشەك ئۈستىدە يەنە خېلى ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇشتى.

— ياتايلىمۇ؟— سورىدى بۆرتە.

— ياتايلى.

— ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، — دېدى بۆرتە يوتقاننى يېپىنىپ خان ئىگىسىنىڭ يېنىدا سوزۇلۇپ ياتقاندىن كېيىن، — جۇچى بىلەن چاغاتاي پات-پاتلا گەپ تەگىشىپ قالىدۇ. چاغاتاينىڭ قېنى قىزىق، ئاغزى ئىتتىك. جۇچى ئېغىر-بېسىق بولغىنى بىلەن بەك قارام. ئۇلاردىن بەك ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. ئۆگەتايغۇ بىر ئوبدان ئەقىللىق بالا بولدى••• لېكىن ئۇرۇش دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش••• تولى تېخى كىچىك، ياش•••

— ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى چىڭگىزخان، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىلىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق••• خان ئىگەم•••

— ھە، نېمە؟

— خان ئىگەم••• جۇچىغا ئوبدانراق كۆڭۈل بۆلگەيسىز•••

چىڭگىزخان بۇ گەپنىڭ تېگىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى، ئەلۋەتتە، دەرھال چۈشەندى. ئۇ بۇنداق گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى، يۈرىكىدە تۈگۈن بولۇپ قالغان بۇنداق گەپلەردىن بىزار ئىدى. بۆرتەمۇ ئادەتتە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايتتى، بۈگۈن خوشلىشىش ئالدىدا دەپ سالدى. چىڭگىزخان ئۇنى سىلكىۋەتمەكچى بولدىيۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا چىڭگىزخاننىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كېتەتتى، چۈنكى نەسەب سۈرۈشتۈرىدىغان بۇنداق گەپلەر يالغۇز جۇچىغىلا ئەمەس، بەلكى چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىنىڭمۇ نازۇك يېرىگە تېگىپ كېتەتتى. مەرھۇم يەسۈكەي باتۇرمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنى بىر قېتىملىق جەڭدە مەركىتلەرنىڭ ئاۋۇلىدىن بۇلاپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتتى. بىراق، تېمۇچىن تۇغۇلغاندا يەسۈكەي باتۇرمۇ، «بۇ مېنىڭ پۇشتۇممۇ

ياكى مەركىتنىڭمۇ؟» دەپ گۇمانلانغانىدى، چۈنكى بۇ ئايال يەسۇكەينىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بىر مەركىت يىگىت بىلەن توي قىلىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈن بىللە تۇرغانىدى. «تېمۇچىن زادى كىمنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن؟» دېگەن سوئالغا ئانا بولغۇچى ئايال ئۆزىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇ گەپلەرنى تېمۇچىن كېيىن، چوڭ بولغاندا ئەل ئىچىدىكى مىش ـ مىش گەپلەردىن ئۇقتى ۋە كۆپ ئازابلاندى. ئۇ مەركىت بولۇشنى خالىمايتتى، كۆك بۆرىنىڭ نەسلى بولۇشنى، ھەقىقىي موڭغۇل بولۇشنى خالايتتى ھەم ئۆزىمۇ تەۋرەنمەس ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى موڭغۇل دەپ ئاتايتتى.

تەڭرىنىڭ كارامەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇچىمۇ خۇددى شۇنداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تەقدىرىدىكى مۇنداق ئوخشاشلىقنى خان جەمەتى ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم بىلەتتى، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، چىڭگىزخانمۇ، جۇچىمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنى خالىمايتتى. ئۇلارغا قاراپ باشقىلارمۇ تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئۇشبۇ گۇمانىي يازمىشى توغرىسىدا كۇسۇلداشمايدىغان بولۇشتى.

بۆرتەمۇ بۇنداق گەپلەرنى ئېغىر ئالاتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ قېتىم تەخت ۋارىسىنى تاللاش مەسىلىسىدە چاغاتاينىڭ جۇچىغا ئۆكتە قوپۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېيتىشقا بولمايدىغان بۇ تۇگۈننى قايتا تىلغا ئالغانلىقىنى ۋە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە تىل ياندۇرۇشقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۆرتە ئاچچىق يۇتۇپ، ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ، تۇنجى ئوغلىنىڭ يەكلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ ئاخىر بۇ غەمنى ئىچىگە سىغدۇرالماي خان ئىگىسىگە ئېغىز ئاچتى.

— جۇچىمۇ، چاغاتايمۇ، ھەر ئىككىسى ئۆگەيلىنىڭ ۋارىسلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، — دېدى چىڭگىزخان بۆرتەنىڭ

ئەندىشىسىگە جاۋابەن، — ئۇلار يەنە نېمىنى تالىشاتتى؟ ھەممىسى بىر ئوبدان كېتىۋاتامدۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا چىڭگىزخان بۇلغۇن جۇۋىسى ۋە تۇلكە تۇمىقىنى كىيىپ، بېلىنى كەڭ تاسما كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلاپ بۆرتەنىڭ كىگىز ئۆيىدىن چىقتى. ئەتىياز كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا تېخى ئىسسىپ كەتمىگەنىدى. نەملىشىپ تۇرغان قارا تۇپراقتا يېڭىدىن ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى بۇرخان خالدۇن تېغى قويۇق تۇمان پەردىسى ئىچىدە غۇۋا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئاشۇ تاغ ئېتىكىدە موڭغۇل - تاتار قوشۇنى سەپ - سەپ بولۇپ، تويلىنىشقا باشلىغانىدى. ھەر تەرەپلەردىن يۈزلىگەن - مىڭلىغان چەۋەندازلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، خۇددى ئېقىن سۇلار كۆلگە قۇيۇلغاندەك، بۇ يەرگە كېلىپ يىغىلماقتا ئىدى. يۈزبېشى ۋە مىڭبېشىلار ئۈنلۈك توۋلاپ بۇيرۇق بېرىپ، ئۆز چېرىكلىرىنى سەپكە تۇرغۇزماقتا ئىدى.

چىڭگىزخان سەھەردىكى ساپ ھاۋادا چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، قەددىنى رۇسلىدى ۋە چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ، قوشۇن تويلانغان يەرگە يېقىنلاشتى. ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بۇرخان خالدۇن تېغىنىڭ ئېتىكىدە تويلاندى. سەپلەرنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. قاتار - قاتار تىزىلغان چەۋەندازلار سەپلىرى گوياكى ئۈزۈن نەيزىلەردىن ئورمان ھاسىل قىلغانىدى. چىڭگىزخان ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئۇرۇش - جەڭلەردىمۇ بۇنداق زور قوشۇننى بىر يەرگە جەم قىلىپ باقمىغانىدى. خارەزىمدەك باي، مەدەنىيەتلىك، ئاھالىسى كۆپ بولغان مەملىكەتكە مۇشۇنداق زور كۈچ بىلەن بارمىسا بولمايتتى. چىڭگىزخان ئۆزى قۇرغان، كېڭەيتكەن ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئۇرۇشقا يارىغۇدەك بارلىق ئادەم كۈچى ۋە ماددىي بايلىقى تولۇق سەپەرۋەر قىلىنغانىدى.

ئەنە، چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى، ئىنىلىرى، ئۇرۇق - جەمەتىدىكى بالىلار ۋە قېرىلاردىن باشقا ھەممە ئەركەكلەر دېگۇدەك ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئەڭ ئېسىل نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، ھەرقايسى سەپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرىدا خاننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا.

ئاتىباقار خاننىڭ گەۋدىلىك، چىرايلىق ئاق بوز ئېتىنى چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ كەلدى. چىڭگىزخان ئاتقا مىنمىدى. ئۇ ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ، نەيزىلىك چەۋەندازلارنىڭ ھەيۋەتلىك سەپلىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل بۇرخان خالدۇن تېغىغا چىقتى. بىر توپ نويانلار ۋە تۆرىلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. چىڭگىزخان تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا توختىدى. ئۇ بىراقتىكى ئۇپۇقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قىزىل قۇياشقا يۈزلەندى ھەمدە بېلىدىن كەمىرىنى يېشىپ بوينىغا سالدى - دە، تىزلاندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەنلەرمۇ تۆۋەنرەك بىر جايدا تىزلاندى.

— ئالەمنى ياراتقۇچى مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى، — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان، — مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن سارتاۋۇللارغا ئالتۇن ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى تاشلاپ بەرگەنىدىم، لېكىن ئۇلار ئالتۇن ئارقانني ئۈزۈپ تاشلىدى، مېنىڭ يالاۋاچلىرىمنى[1]ۋە سودىگەرلىرىمنى ئۆلتۈردى. مەن ناھەق ئۆلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا، سارتاۋۇللارنى جازالاشقا ئاتلاندىم. ئەي ئىگىمىز كۆك تەڭرى، بىزگە مەدەت بەرگەيسەن! ئەي ئۇلۇغ كۆك تەڭرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرىنى بىزگە ياردەمگە ئەۋەتكىن! ئەي كۆك تەڭرى، قارا يەرگە بۇيرۇق بەرگىن، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرمۇ بىزنى قوللىسۇن! دۈشمەنلىرىمىزنى نەس باسسۇن! ئەي قۇدرەتلىك ئىگىمىز كۆك تەڭرى!

---

① يالاۋاچ — ئەلچى.

چىڭگىزخان تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش سۆزىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن قىزىل قۇياشقا قاراپ توققۇز قېتىم سەجدە قىلدى. پەس تەرەپتە تىزلانغان نويانلار ۋە تۆرىلەرمۇ قىزىل قۇياشقا قوللىرىنى سوزۇپ چىن ئىخلاس ۋە چەكسىز ئېتىقاد بىلەن ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ خىتاب قىلىشتى:

— ئەي ئۇلۇغ ئىگىمىز كۆك تەڭرى!

— ئەي مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى...

چىڭگىزخان بۇ خىتاب قىلغۇچىلار بىلەن بىللە تاغدىن قايتىپ چۈشتى. ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئىچىدە ئۇن چىقارغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بۇرخان خالدۇن تېغىدىن باشلانغان كەڭ تۈزلەڭ ئاجايىپ سۈرلۈك جىمجىتلىققا تولغانىدى. شۇ تاپتا بۇ قوشۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن موڭغۇل - تاتار ئېلى بۈيۈك خاقانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

چىڭگىزخان بويىنىغا ئېسىلغان كەمىرىنى قايتىدىن بېلىگە باغلىدى ۋە ئاتباقار تۇتۇپ تۇرغان ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، سەپ ئالدىدىكى بايراقدارغا قول ئىشارىتى قىلدى. توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق ئېگىز كۆتۈرۈلدى. جەڭ دۇمباقلىرى ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىدى. زور قوشۇن گوياكى داۋالغۇپ تۇرغان كەڭ دېڭىزدەك تەۋرەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1219 - يىلى ئەتىيازدا، يەنى چىڭگىزخان ئەللىك سەككىز ياشقا تولغان يىلى موڭغۇل - تاتار قوشۇنى كۈنپېتىش تەرەپتىكى سىرلىق دۆلەت خارەزىمنى كۆزلەپ يۈرۈشكە ئاتلاندى. چىڭگىزخان يۈرۈشتىن قايتىپ كەلگۈچە ئىنىسى تەمۇگەي ئەل ئىچىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇلدى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئىدىقۇت ئاسمىنىدا قايسى يۇلتۇز بار، قايسى يۇلتۇز يوق؟

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن چىڭگىزخانىنىڭ چاپارمەنلىرىنى قوي سويۇپ، زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. چاپارمەنلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن قوچۇ ئوردىسى جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. ئىدىقۇت خان سانغۇن ۋە تارخانلارنى يىغىپ، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشقا دەرھال تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى غەملەش، جۇغلاش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

ئىدىقۇت خان ئۈچ كۈندىن بېرى بۇيرۇق بېرىش، يارلىق چۈشۈرۈش، ھەرقايسى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاش، قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. موڭغۇل چاپارمەنلەر چىڭگىزخانىنىڭ شەخسەن ئىدىقۇت خان نامىغا قارىتىپ يازغان بىتىكنى ئەكەلگەنىدى. بىتىكتە موڭغۇل ـ تاتار ئۇلۇسىنىڭ بۈيۈك خاقانى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ئىدىقۇت خانغا مۇراجىئەت قىلىپ، شەخسەن ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ، خارەزىم ئېلىگە ئاتلانغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭمۇ بۇ يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىدىقۇت خانمۇ ئۇيغۇر قوشۇنىغا شەخسەن ئۆزى

قوماندانلىق قىلىپ، چىڭگىزخان باشلىغان بۇ يۈرۈشكە ئاتلىنىشنى قارار قىلدى.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن بىر كۈن ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكىنىگە قارىماي، كەچ كىرگەندە ياتقۇسى كەلمىدى ۋە بۇلغۇن جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ شەھەرىستان سېپىلىگە چىقتى. ئەتىياز پەسلى بولۇپ، ھاۋا تېخى تامامەن ئىسسىپ كەتمىگەن بولغاچقا، كېچىلەردە خېلى سوغۇق بولاتتى. بۇلۇتسىز كۆك ئاسماندا كۈمۈش ئورغاقتەك يېڭى ئاي ۋە خۇددى نۇر چاچقۇچى ھېكمەتلىك مارجانلاردەك سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلار قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن شەھەر ۋە داللارغا گوياكى زوقلىنىپ كۆز تىكمەكتە ئىدى.

بارچۇق ئارت تېگىن چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ، ساپ ھاۋانى سۈمۈردى ۋە خىيالچان كۆزلىرىنى يۇلتۇزلارغا قاراتتى. ئۇ جىمىرلاپ چاقناپ، مەڭگۈلۈك سۈكۈنات ئىچىدە نۇرلىنىپ تۇرغان ئاشۇ سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدىن تەقدىرىنىڭ كۆرۈنمەس يوللىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. تەڭرى ياراتقان ئاشۇ مەڭگۈ ئۆچمەس يورۇق ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھاياتلىقنىڭ قانداق سىرلىرىنى، ئىنسان كۆرەلمەيدىغان قانداق تىلسىماتلارنى يوشۇرۇپ تۇرغاندۇ؟ ئىدىقۇت خان چىڭگىزخاننىڭ بىتىكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى كەچتىلا ئاتاقلىق مۇنەججىم، رەمچىلەرنى ئوردىغا چاقىرتقانىدى. ئۇلار مانا مۇشۇ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئاللىنېمىلەرنى ھېسابلاپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئۆز ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىپ، كەلگۈسىدىكى كۈنلەرنىڭ بېشارىتىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ئامانلىق ۋە زەپەردىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

— بۈيۈك خاقانىمىزغا مەلۇم بولسۇنكى، — دېدى باش

مۇنەججىم يورۇق يۇلتۇزلارنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — مەڭگۈلۈك تەڭرى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بۇ پايانسىز كۆك ئاسمان كىتابىدىن قارىغاندا، ئىدىقۇت قوشۇنىنىڭ بۇ قېتىمقى يىراق سەپىرى ئوڭۇشلۇق باشلىنىپ، غەلىبىلىك تاماملانغۇسى. بۈيۈك خاقانىمىز بارچۇق ئارت تېگىننى شان ـ شەرەپ ۋە پارلاق ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىدىقۇت خان مانا ھازىر ئۆزى يالغۇز سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، ھېلىقى مۇنەججىم كۆرسەتكەن ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا چىن ئېتىقادى بىلەن سېغىنىپ، تىكىلىپ، قادىلىپ سەپسالماقتا ئىدى.

يۇلتۇزلار خاقانىنىڭ ئۈنسىز سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي، ئۈنسىز جىمىرلايتتى، خۇددى ئوينىشىپ كۆز قىسىشىۋاتقاندەك. يۇلتۇزلار نېمە دېمەكچى؟ بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچە يېقىن، ئېنىق ۋە نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ؛ بەزىلىرى يىراقىراق، ئانچە نۇرلۇق ئەمەس.

«شۇ تاپتا بارلىق پەلەك بۇرجلىرى ئىچىدە ئىدىقۇت يۇلتۇزى تەدرىجىي نۇرلىنىپ، بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىدۇ» دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى بارچۇق ئارت تېگىن ئۆز ئىچىدە.

ئىدىقۇت يۇلتۇزى زادى قەيەرگىچە ئۆرلەپ چىقار؟ كېيىن يەنە قانداق بولار؟ پەلەك چاقى ئايلانغاندەك بۇ دۇنيامۇ داۋاملىق ئايلىنىپ، ئۆزگىرىپ، قايتىلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ھاياتلىقنىڭ، مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ تۈگىمەس، ئۈزۈلمەس ئۇزۇن سەپىرىدە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئىدىقۇت خانلىقى بارلىققا كەلدى. بۇ خانلىق ناھايىتى تېزلىكتە مۇستەھكەملىنىپ، كېڭىيىپ، كۈچىيىپ گۈللەندى. كېيىن پەلەك چاقى ئايلىنىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يۇلتۇزى خىرەلىشىشكە باشلىدى. شەرقتىن

كەلكۈندەك يامراپ كەلگەن قارا قىتانلار ئۈزلىرىنىڭ يۇلتۇزىنى پەلەكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقاردى. قوچۇ ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت خانلىقى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىراقلا قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق چەمبىرىكى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. قىتان گۇرخانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. پەلەك چاقى يەنە ئايلىنىپ، قىتانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى نايمانلار ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، موڭغۇل ـ ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلدى. ئەمدى موڭغۇللارنىڭ مەشھۇر خاقانى چىڭگىزخاننىڭ يۇلتۇزى باشقا قوۋملارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئاسماننىڭ تۆرىگە ئۆرلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىقۇت يۇلتۇزىنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرى يات ئەلنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرى ئىدىقۇت زېمىنلىرىگە ئىستىلاچىلىق يۈرگۈزگەنىدى. مانا ئەمدى پەلەك چاقى ئايلىنىپ، ئىدىقۇت خان يىراقتىكى باشقا يۇرتلارغا قوشۇن تارتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى مەھكۇم ئىدىقۇت خانلىقى ئەمدى ئورنىدىن دەس تۇرغان غالىب ئەل قىياپىتى بىلەن تارىخ سەھىپىلىرىگە ئىز باسماقچى.

بارچۇق ئارت تېگىن كۆك ئاسماندىكى ئاشۇ نۇرلۇق ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا كۆز تىكىپ يەنە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سېپىلدىن قايتىپ چۈشكۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تەڭرىنىڭ كارامىتى بىلەن كېچىلىك ئاسماننى يورۇتۇپ تۇرغان ئاي ۋە يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلار يوشۇرۇپ تۇرغان تەقدىرنىڭ غايىبانە يوللىرىنى بىر كۆرۈپ بېقىشقا تەقەززا ئىدى. ئىدىقۇت قانداق ئىدى، قانداق بولدى، ئەمدى يەنە قانداق بولىدۇ؟

بارچۇق ئارت تېگىن يۇلتۇزلاردىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ، سېپىلنىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇ بوشلۇققا نەزەر تاشلىدى.

«موڭغۇل ـ تاتارلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىمىز قاچانغىچە داۋاملىشار؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — چىڭگىزخان مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتكە داۋاملىق ھۆرمەت قىلارمۇ؟ موڭغۇللار تاتارلار بىلەن ئاۋۋال ئۇرۇشۇپ، ئاندىن ئىتتىپاقلاشتى. بىز، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللار بىلەن ھېچقانداق قارشىلاشماستىن، بىرىنچى قەدەمدىلا ئىتتىپاقلىشىشتىن باشلىدۇق».

بارچۇق ئارت تېگىن ئويلاپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئىختىيارسىز تۇردە چىڭگىزخاننىڭ مەلىكىسى، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى خانىشى ئالتان بېكەنى ئەسلىدى. چىڭگىزخان ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن بۇزۇلماس ئىتتىپاق تۈزۈشنى كۆزلەپ، ئۆز قىزىنى بارچۇق ئارت تېگىنگە ياتلىق قىلىپ بەرگەنىدى.

بارچۇق ئارت تېگىن بىلەن ئالتان بېكە ئىناق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئاي ـ كۈنى توشقاندا ياش خانىش قىيىن تۇغۇتقا دۇچ كەلدى. ئىدىقۇت خان قوچۇدىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئەمچى ۋە دورىگەرلەرنى ئوردىغا چاقىرتتى. شامان ۋە پېرىخونلارنى چاقىردى ۋە ئېغىر بوي خانىشقا چاپلىشىۋېلىپ تۇغۇتنى قىيىنلاشتۇرۇۋاتقان جىنلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن پېرە ئويناتتى. لېكىن، بەندىلەرنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى كار قىلمىدى. ھەممىگە قادىر تەڭرى ئالتان بېكەنى ئۆز پاناھىغا ئەكەتتى. ئەڭ ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن موڭغۇل يايلاقلىرىغا يول ئېلىپ چېپىپ كەتتى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي چاپارمەنلەر چىڭگىزخاننىڭ بىتىكىنى ئەكەلدى. بىتىكتە ئالتان بېكەنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىش ۋە قايغۇ ھېسسىياتى بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن مۇنداق قۇرلار پۈتۈلگەنىدى:

«... بىز تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلالمايمىز. ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ. بىز يەنىلا تىرىكلىكتىكى ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قانچىكى ئوڭۇشلۇق بولسا ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى شۇنچە خۇش بولىدۇ. ئالتان بېكە بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا نەۋرە بولىدىغان بالىسىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا قالماي كەتكەن بولسىمۇ، مەن ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىننى يەنىلا ئۆزۈمنىڭ كۈيئوغلۇم دەپ ھېسابلايمەن. بىزنىڭ رىشتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ».

شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت خان بىلەن موڭغۇل مەلىكىسىنىڭ سۆيگۈ كەچۈرمىشلىرى ئەنە شۇنداق قىسقا بىر مەزگىللا چاقناپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خان ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۈنسېرى كۈچەيدىكى، ھەرگىز سۇسلاشمىدى. مانا ئاخىر چىڭگىزخان ۋە ئىدىقۇت خان قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، يىراق يۇرۇشكە بىرلىكتە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

— ئامىتابا! — دەپ خىتاب قىلدى بارچۇق ئارت تېگىن كۆزلىرىنى ئەرشكە قارىتىپ، — كۆك تەڭرى، ساڭا سېغىنىمەن، ساڭا تېۋىنىمەن. پەقەت سەنلا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئېلىنى مەھكۇملۇقتىن قۇتقۇلدۇردۇڭ! ئەي ئۇلۇغ تەڭرى، سەن ئۆزۈڭلا كارامەت كۆرسىتىپ، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان زور تاغنى يىراقتىكى چىڭگىزخاننىڭ كۈچى بىلەن غۇلاتتىڭ. ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ تەڭرى، بۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىزدىمۇ بىزگە مەدەتكار بولغايسەن!

پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت. گويىكى بارچە تەبىئەت خۇددى يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەندى. ئىدىقۇت خان سالماقلىق قەدەم تاشلاپ سېپىلدىن چۈشتى. ئەمدى ئارام ئېلىش كېرەك. ئەتە يەنە مۇھىم ئىشلار خاقاننى كۈتۈپ تۇرماقتا.

بارچۇق ئارت تېگىن كەچ ياتقىنىغا قارىماي ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى. ناشتىدىن كېيىن ئۇ ئالابارس تارخاننى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئالابارس تارخان جەبە نويان بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرىنى يوقىتىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئۇزاق بولمىغانىدى.

— يۈرۈشنىڭ تەييارلىقلىرىمۇ پۈتۈپ قالدى، — دېدى ئىدىقۇت خان تارخاننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، — شەخسەن مېنىڭ موڭغۇللار بىلەن تونۇشلۇقۇم تازا چوڭقۇر ئەمەس. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە موڭغۇللارنى ئوبدان چۈشىنىدىغان بىر ئادەمنى ھەمراھ قىلىشۋالاي دەيمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى ئالابارس تارخان، — مېنىڭ قوشنۇمدا شۇنداق بىرى بار. ئۇ قارا قىتانلار دەۋرىدە ئالتايغا قېچىپ كېتىپ، كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە يىل تۇرغان.

— موڭغۇلچىنى بىلەمدۇ؟

— خېلى ياخشى ئۆگىنىۋاپتۇ.

— ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي.

※ ※

ئالابارس تارخان ئىدىقۇت خانغا توختامىشنى تونۇشتۇردى. توختامىش دەرھال سارايغا كىرىپ، خاقان ئالدىدا تىز پۈكتى. ئۇ، بارچۇق ئارت تېگىننىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىنىڭ ئالتايدا ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بىر باشتىن تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇسىدا تۇرغان ۋاقتىڭدا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانغانىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئىدىقۇت خان.

— مەن ئۇستازىم تاتا تۇڭا ھەم باشقا ئۇيغۇر باخشىلىرى بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە يېزىق ئۆگەتتىم.

خاقان بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ھەم، ياخشى، — دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بېشىڭدىن كۆپ ئىشلار ئۆتۈپتۇ. سەن قەلەم تۇتۇپ ئوقۇتقۇچىلىقمۇ قىلىپسەن، كېيىن يەنە قولۇڭدا تىغ تۇتۇپ جەڭلەردە بولۇپسەن. ئالابارس تارخاننىڭ دېيىشىچە، سەن خاقانىيە ۋە بەدەخشان زېمىنلىرىدىكى قارا قىتانلارغا زەربە بېرىش يۈرۈشىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق جاسارىتىڭنى نامايان قىلىپسەن. ياراملىق ئەزىمەت ئىكەنسەن. ئەمدى مەن بىلەن بىللە يۈرۈشكە ئاتلىنىسەن. ماڭا تىلماچ ۋە بىتىكچى بولىسەن.

— باش ئۇستىگە بۈيۈك خاقانىم.

توختامىش خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، سارايدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن بېشى قېتىپ شۈكلەپ كەتتى. ئۇ جەنۇب يۈرۈشىدىكى قانلىق جەڭلەردىن تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلگەندى. ئەمدى ئۇ ئايالى يۇلتۇز ۋە ئوغلى ئىلتەرىش بىلەن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىساسكارلىق، جەڭگىۋارلىق روھى ئۆزىنىڭ تەشنالىقىغا قېنىپ، ئەمدى ئاسايىشلىق تەلپۈنۈشلەرگە يۈزلەنمەكتە ئىدى. قارا قىتانلارنىڭ زومىگەر دارۇغاچىلىرى يوقىتىلدى، جاھانغا پاتماي كەتكەن قىتان خانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان دەرەختەك ئاغدۇرۇلۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولدى. توختامىشنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىمۇ ھەم كۆرەش نىشانىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئەلنىڭ ئارمان، مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى ئۆزىگە ناتونۇش بولغان باشقا ئەللەرگە بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟ تىنچ ياشاپ تىرىكچىلىك قىلماي، شۇنچە

يىراق يەرلەرگە باستۇرۇپ بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟
توختامىش بىر كۈن كەچكىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇھ تارتىپ، جىمغۇر بولۇپ يۈردى.
— نېمە بولدىڭىز؟ تاۋىڭىز يوقمۇ؟— دەپ سورايتتى ئۇنىڭ كۆيۈمچان ئايالى يۈلتۈز خاتىرجەمسىزلىنىپ.
— ھېچ ئىش يوق، ئىچىم پۇشۇپ قالدى،— دېدى توختامىش.
ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ قېتىمقى يۈرۈش توغرىسىدا سۆزلەشكە پەقەتلا كۆڭلى تارتمايتتى. ئۇ قەشقەر ۋە بەدەخشاندىكى ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالابارس تارخاننىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، دېمىسىمۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا خۇددى يانار تاغدەك پارتلاپ چىققان قەھرى - غەزىپى بىلەن ئۇرۇشقانىدى، قىتانلاردىن تالاي - تالايلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويغانىدى. لېكىن، ئەمدى ئۇ يەنە كۈرەش قىلىشنى، يەنە قانداقتۇر كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىن، ئايالىدىن، ئوغلىدىن يەنە ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىشنى ئويلىسا ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى.
— سىرتقا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كىرەي، — دېدى ئۇ سۇپىدا كەشتە توقۇپ ئولتۇرغان ئايالى يۈلتۈزغا قاراپ. كىچىككىنە ئوغلى ئىلتەرىش ئانىسىنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق كۆرپىدە تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى.
توختامىش كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىغىراق توغرا كېلىدىغان بىر كارۋان سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. چوڭ بىر سودا كارۋىنى تېخى ئەمدىلا بۇ يەرگە كېلىپ توختىغانىدى. تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى، ئادەملەرنىڭ ئۈنلۈك توۋلاشلىرى ھەر ياندىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھامماللار چۆكتۈرۈلگەن تۆگىلەردىن تاغار ۋە

ساندۇقلارنى چۇشۇرۇپ ئامبارلارغا توشۇماقتا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت توختامىش كارۋان ئەھلى ئىچىدە بىر تونۇش چىراينى بايقاپ سەگەكلەشتى. ئۇچىسىغا كالتە جۇۋا، تاقىر بېشىغا پاختىلىق قارا پوسما كىيگەن بىرەيلەن قوللىرىنى ئۇياق - بۇياققا شىلتىپ، ھامماللار ۋە ئاتباقارلارغا يۇقىرى ئاۋازدا بۇيرۇق بېرىپ ۋارقىرايتتى:

— ھاي، تاغارلارنى بۇياققا توشۇڭلار! ساندۇقلارنى مانا بۇياققا! ھاي، ھاي، ئاتلارنى ئەنە ئاۋۇ ئىچكىرىسىدىكى ئېغىلغا ئاپىرىڭلار!

توختامىش ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— چاغرىبەگ! بۇ سەنمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ۋۇي، توختامىشقۇ سەن!

ئىككىيلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغرىبەگ توختامىشنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ۋىخارادا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى.

— كۆرۈشمىگەنگە شۇنچە ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ. نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى توختامىش.

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ۋىخارادىكى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتۇم چانبالىققا كەتتىم.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— كېيىن تىجارەت يولىغا كىرىپ، سەپەرلەردە بولۇپ كەتتىم.

— ھە، بۇ قېتىم نەدىن كېلىشىڭ؟

— بۇ قېتىم كۇنپېتىش تەرەپتىكى خارەزىمشاھ دۆلىتىگە قاراشلىق يۇرتلاردا بولدۇم. مانا ھازىر ئۇدۇل سەمەرقەندتىن كېلىشىم. ھە، سەن ئۆزۈڭچۇ؟ تارىم ۋادىسىدىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ قەھرىمان بولدى، دەپ ئاڭلىدىم. ھازىر يەنە قوشۇندا خىزمەت قىلىۋاتامسەن؟

— شۇنداق. هازىر يەنە قوشۇن بىلەن سەن بارغان ئاشۇ خارەزىمشاھ زېمىنلىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن.

— ھە... مۇنداق دېگىن، — دېدى چاغرىبەگ ئاۋازىنى سوزۇپ، — دېمەك، يەنە ئۇرۇش بولىدىكەن ـ دە؟

— شۇنداق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇرۇش بولىسمۇ چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ، چۈنكى بۇ قېتىم قوشۇننى ئىدىقۇت خان شەخسەن ئۆزى باشلاپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

چاغرىبەگ بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ جىمىپ قالدى. توختامىش ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇ يەرلەر قانداقكەن؟ ئۇ يەرلەردىكى ئادەملەر قانداقكەن؟

— خارەزىم ئېلى ناھايىتى باي مەملىكەت، — دېدى چاغرىبەگ، — ئۇ يەرلەردىكى ھۆكۈمدارلار ۋە بايلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك. يېزىلىرىدا دېھقانلار خۇددى بىزگە ئوخشاشلا بۇغداي، قوناق تېرىيدۇ، باغلاردا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. خارەزىملىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان، لېكىن تىلى بىزنىڭكىگە ئوخشاش. شۇڭا، بىز تەرەپتىن بارغان سودىگەرلەر ئالاقىدە قىىسىلمايدۇ.

— ئۇ يەرلەردە بىز تەرەپلەردىن بېرىپ، ماكانلىشىپ قالغانلار بارمۇ؟

— بىر كۈنى سەمەرقەند كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، بىزنىڭ قوچۇدىن بارغان بىرەيلەننى ئۇچرىتىپ قالدىم.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— ھېلىقى مىسىرىسلا دېگەن مۇناپىقنىڭ ئوغلى قاپلانبەگ.

— نېمە؟ ئۇ ھازىر سەمەرقەندتىمىكەن؟ — غايەت زور تەئەججۈپ ئىچىدە سورىدى توختامىش.

— شۇنداق، ئۇ سەمەرقەندتە بىر دۇكان ئېچىۋاپتۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىڭمۇ؟ ئۇ نېمە دېدى؟

— ئۇ ئۆزىنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى يوشۇرۇپ، شۇ يەرلەردىكى مۇسۇلمانلاردەك ئۇزۇن بەقەسەم تون كىيىپ يۈرىدىكەن. ئۇ: «بىر مەزگىل تاپاۋەت قىلىۋالغاندىن كېيىن ھىندىستانغا كېتەيمىكىن» دېدى. ھەي، ئۇ بىچارىنىڭمۇ كۈنى تەس بولدى. ئۆزىگە ئوبدان يىگىت ئىدى، بىراق ئاتىسىنىڭ مۇناپىقلىقىدىن ئەل ـ يۇرتىنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالدى.

— لېكىن قاپلانبەگ مۇناپىق ئەمەس. ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاشمايدۇ، — دېدى توختامىش.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى چاغرىبەگ، — ئەمما بۇنى پۈتۈن خەلققە بىرمۇبىر دەپ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ئاخىر ئۇ بىچارە سەرگەردانلىق يولىنى تاللىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى پالەچ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. كىم بىلسۇن، بەلكىم ئاتىسى قازا تاپقاندىن كېيىن قايتىپ كېلەر.

توختامىش تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— قاپلانبەگنىڭ تۈركەنئاي ئىسىملىك بىر نەۋرە سىڭلىسى باريدى. ئۇمۇ سەمەرقەندتىمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۇنى بىلمىدىم، — دېدى چاغرىبەگ.

توختامىش بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇ ئاللىقاچان ياتلىق بولۇپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ كەتكەندۇ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى چاغرىبەگ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— ھېچنېمە... ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى توختامىش ۋە بۇ كونا ساۋاقدىشى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

«ئۇلار سەمەرقەندتە ئىكەن ـ دە... سەمەرقەندتە...» دەپ تەكرار ـ تەكرار ئويلايتتى توختامىش كوچىدا كېتىۋېتىپ. ئۇ خېلى ئۇزاقىچە كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنتۇلغان خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى قايتىدىن چىرماشقا

باشلىدى. ئۇزۇن يىللىق ھىجران يۈكلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئوتلۇق ھېسسىيات يەنە باشقىدىن چوغلىنىشقا باشلىغاندەك تەسىرات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قىزىتماقتا ئىدى.

ئۇ پەقەت ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىلا خىيالىي دۇنيادىن قايتقاندەك بولدى. ئۇ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان ئوغلى ئىلتەرىشنى باغاشلاپ كۆتۈرۈۋالدى ۋە ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە قاراپ خۇددى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى پارلاق قۇياشتەك ئېچىلىپ شادلانغان ئايالى يۇلتۇزغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

ھالبۇكى، كۆك ئاسمانمۇ ھەممىشە بۇلۇتسىز بولىۋەرمەيدۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ چاقناشلىرى خىرەلىشىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ. ئايرىلىش كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. ئىدىقۇت قوشۇنىنىڭ سەپەر تەييارلىقلىرى پۈتتى. ئىدىقۇت خان يۈرۈشكە ئاتلىنىش ۋاقتىنى بېكىتتى.

توختامىش ئوردىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— ئەتە يولغا چىقىدىغان بولدۇق، — دېدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنىڭ ۋاپادار ئايالى يۇلتۇزنىڭ كۆزلىرى ياشتىن قۇرۇمىدى. ئۇ ياش ئەگىپ تۇرغان ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ تونۇرغا نان ياقتى، تالقان قورۇدى، قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈم ۋە مېغىزلارنى خالتىلارغا قاچىلىدى. ئۆي ئىشىكىنىڭ بېشىغا بۈركۈتنىڭ قۇرۇتۇلغان قوش قانىتى ئېسىپ قويۇلغانىدى. يۇلتۇز شۇ قاناتلاردىكى ئەڭ چوڭ ئىككى پەيىنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، توختامىشنىڭ سەپەردە كىيىدىغان كىگىز قالپىقىنىڭ ئىككى يېنىغا چىڭ قاداپ تىكىپ بەردى.

— بۈركۈت پېيى ھەمراھ بولسا سەپەر ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

توختامىش «راست» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئايالىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ قىستى.

يۇلتۇز مەيۈس كۈلۈپ قويدى ـ دە، تام تۈۋىگە قويۇلغان يوغان قىزىلساندۇقنى ئاچتى ھەمدە كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە ئەن رەختلەرنىڭ ئەڭ تېگىنى ئاختۇرۇپ، كىچىك بىر كۆن قاپچۇقنى چىقىرىپ ئالدى. ئۇ قاپچۇقنىڭ بوغۇپ چىگىلگەن ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر تال ئۇششۇقنى چىقاردى.

— بۇ بۆرە ئۇششۇقى ئاتامدىن قالغان تەۋەرۈك، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، بىلىمەنغۇ، — دېدى توختامىش يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ.

يۇلتۇز نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ سارغۇچ ئۇششۇقنى نېپىز بىر قەۋەت پاختىغا يۆگەپ ۋە بىر پارچە رەخت ئىچىگە يۆمەپ تىكىپ، ئۈچبۇرجەكلىك تۇمار ياسىدى. ئاندىن بۇ تۇمارغا يەنە پاختىدىن ئېشىلگەن ئىنچىكە تانىنى ئىككى ئۈچىدىن تىكتى.

— بۇ تۇمارنى بوينىڭىزغا ئېسىۋېلىڭ. بۆرە ئۇششۇقى بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئۆزى ياسىغان بۇ تۇمارنى ئۆز قولى بىلەن ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

— بۇ تۇمارنى ھەرگىز بوينۇمدىن ئالمايمەن، — دېدى توختامىش ۋە ئىختىيارسىز تۇردە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئايالىنى باغرىغا باستى. توختامىش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىل رىشتىسىنىڭ يۇلتۇزغا قانچىلىك مۇستەھكەم باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. خوشلىشىش پەيتىدە ئۇ گويا كى يۈرىكىنىڭ ئىسسىق بىر پارچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلدى.

— قايتىپ كېلىمەن، يۇلتۇز… تەڭرى بۇيرۇسا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىمەنغۇ، — دەيتتى ئۇ ئايالىغا ۋە شەخسەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئىدىقۇت قوشۇنى يۈرۈشكە ئاتلاندى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئۇپۇقتا سىرلىق بوستانلار

چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنى ئېرتىش ۋادىسىغا كېلىپ توختىدى. ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ئۇيغۇر قوشۇنىمۇ كېلىشىم بويىچە شۇ جايغا يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1219 ـ يىلى ئەتىيازدا موڭغۇل، تاتار، ئۇيغۇر، قىرغىز قوشۇنلىرى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بىرلىشىپ، گوياكى چىڭ تۇگۈلگەن تەڭداشسىز قۇدرەتلىك مۇشت ھاسىل قىلغانىدى.

ۋەھالەنكى، چىڭگىزخان يۇرۇشكە ئاتلىنىشقا ئالدىراپ كەتمىدى.

— بىز ئالدى بىلەن بۇ ناتونۇش سارتاۋۇللار توغرىسىدا كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولايلى، — دېدى ئۇ.

سارتاۋۇللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ماھىر ئايغاقچىلار لازىم بولاتتى. چىڭگىزخان بۇنداق ئايغاقچىلاردىنمۇ قىسىلىپ قالمىدى. خارەزىم ئېلىنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر موڭغۇللارنىڭ بۇ ھۆكۈمدارىغا ھېرىسمەن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ھەر قېتىم كارۋان تارتىپ موڭغۇل يايلاقلىرىغا كەلگەندە نام ـ شۆھرىتى كەڭ تارقىلىۋاتقان چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشەتتى. چىڭگىزخان ئۇلاردىن خارەزىم مەملىكىتى

توغرىسىدىكى ئۆزى قىزىقىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى سۈرۈشتە قىلاتتى. ئاشۇ كارۋانچى سودىگەرلەرمۇ ئۆزلىرى بىلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ، چىڭگىزخاننى رازى قىلىشقا تىرىشاتتى. خارەزىملىك باي سودىگەر مەھمۇد ئەنە شۇنداق چىڭگىزپەرەسلەرنىڭ بىرى ئىدى.

چىڭگىزخان مەھمۇد خارەزىمىي ئىسىملىك شۇ سودىگەر بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەھمۇد خارەزىمىي سودىگەرچىلىكنى تاشلاپ، پۈتۈنلەي موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خىزمىتىگە ئۆتكەنىدى. چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىنىڭ ماۋارائۇننەھىر ۋە خوراساندىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئەۋەتىدىغان مەخسۇس ئەلچىسى قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «مەھمۇد يالاۋاچ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

چىڭگىزخان ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېڭىدىن كۆكلەشكە باشلىغان ئوتلاقتا تىكىلگەن ئاق كىگىز ئۆيدە مەھمۇد يالاۋاچ بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتى.

— سارتاۋۇللار توغرىسىدا سىزدىنمۇ ۋە باشقىلاردىنمۇ كۆپ ئاڭلىدىم، — دېدى موڭغۇل خاقان، — خارەزىم ئاھالىسى كۆپ، شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلىرى گۈللەنگەن باي مەملىكەت ئىكەن. سىز يېقىندا خارەزىمگە بېرىپ كەلدىڭىز. كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭىزنى قالدۇرماي سۆزلەڭ.

موڭغۇل خاقان ۋە خارەزىملىك يالاۋاچ گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان ئېيىق تېرىلىرىدە باداشقان قۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى. چىڭگىزخاننىڭ ھەربىر سۆزىنى يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان مەھمۇد يالاۋاچ ئاق ئارىلىغان قويۇق قارا ساقىلىنى تومتاق بارماقلىرى بىلەن سىلاشتۇرغاچ ئىنائەت بىلدۈرۈپ، بېشىنى ئاستا ئېگىپ، سىپايىلىك بىلەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئۆرگەنچ شەھىرىدە ئوردىغا كىرىپ، سۇلتان مۇھەممەد

بىلەن كۆرۈشتۈم، ئاندىن ئۇرۇق- تۇغقان، تونۇش- بىلىشلىرىم ئارقىلىق سوررۇشتۇرۇپ ۋە تىڭتىڭلاپ، ئىمكانقەدەر تولۇقراق مەلۇمات يىغىشقا تىرىشتىم، — دېدى مەھمۇد يالاۋاچ، — ھازىر خارەزىمشاھنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قىلىچ - ئوقيالىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئاتلىرى ئۇچقۇر. ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالمايدۇ.

چىڭگىزخان شالاڭ چار ساقىلىنى يوغان قولى بىلەن سىيپاپ قويدى ھەمدە ئويچان قىسىق كۆزلىرى بىلەن يالاۋاچقا مىختەك قادالدى.

— ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق ساپاسى قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا ماھىرمۇ؟ ئۇلار تولىراق ھۇجۇم قىلىشقا ئامراقمۇ ياكى مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنمۇ؟

مەھمۇد يالاۋاچ ھەق گەپنى ئىككىلەنمەي ئۇدۇللا سۆزلىدى، چۈنكى چىڭگىزخان ھەرقانداق گەپنى راستچىللىق بىلەن دادىل سۆزلەشنى تەلەپ قىلاتتى.

— خارەزىم قوشۇنى ئۇچقۇر ئارغىماقلىرى بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، گېزى كەلگەندە شەھەرلىرىنىڭ ئېگىز ۋە مۇستەھكەم سېپىللىرى ئىچىگە كىرىۋېلىپ مۇداپىئە كۆرىدۇ. خارەزىم يىگىتلىرى مەردلىك ۋە باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ئىنتىلىدۇ.

چىڭگىزخان بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئويلىنىپ قالدى. خارەزىم قوشۇنىنىڭ سانى تۆت يۈز مىڭدىن ئاشىدىكەن! دېمەك، ئۇلارنىڭ سانى موڭغۇل - تاتار قوشۇنلىرىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرى باتۇر بولسا...

— خارەزىمشاھ ئۆزى قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە مەھمۇد يالاۋاچ سەل دۇدۇقلاپ قالدى.

— سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئۆزى قېرىپ قالغان ئادەم، — دېدى ئۇ، — ھىم... نېمە دېسەم بولا... ئۆزى سېمىز، قورساق سالغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاقارغان... سالاپەتلىك...

چىڭگىزخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئۇنىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى قانداق؟ ۋەزىر، ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟

مەھمۇد يالاۋاچ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— خارەزىمشاھ نايمان كۈچلۈكخان بىلەن بىرلىشىپ قارا قىتانلارغا قارشى چىققاندا قوشۇنغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان. ئۇنى قورقۇنچاق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ بەك گۇمانخور ئادەم، ھېچقانداق ئادەمگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈلۈشتىن ئەنسىرەپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى قوشۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرمەستىن، ئايرىم - ئايرىم بۆلۈنمە ھالەتتە ساقلايدۇ.

چىڭگىزخان قىسىق كۆزلىرىنى يالاۋاچتىن ئۈزمەي، بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— سۆزلەڭ، مەھمۇد باي، سارتاۋۇل شەھەرلىرىدىكى ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالى قانداق؟

مەھمۇد خارەزىمي ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنى يەنە ئەينەن بايان قىلىشقا تىرىشتى:

— پۇقرالار ئىچىدە بايلارمۇ، كەمبەغەللەرمۇ بار. سودىگەر، تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر كۆپرەك. ئۇ يەرلەردە كىشىلەر كۆچمەنلىك قىلمايدۇ، شەھەر ۋە يېزىلاردا ياشايدۇ. بايلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى كۆركەم، ھەشەمەتلىك. نامراتلارمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەسچىت، خانىقا، مەدرىسلەر ناھايىتى كۆپ.

ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دانىشمەن ئالىملار، شائىرلار، نەقىشچىلار، سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلارمۇ ئاز ئەمەس...

— ئەلنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، بىرلىكى قانداق؟ — چىڭگىزخان يالاۋاچنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئەلنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى مۇستەھكەم ئەمەس، — دېدى مەھمۇد يالاۋاچ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ئەقىدىلىرى ئومۇملاشقان. ھەممىسى مۇسۇلمان بولسىمۇ، سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر بىلەن شىئە مەزھىپىدىكىلەر چىقىشالمايدۇ.

چىڭگىزخان يەنە بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىدە رازىمەنلىك ۋە مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— يۇرت كاتتىلىرىنىڭ، بايلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — چىڭگىزخان يەنە سورىدى.

مەھمۇد يالاۋاچ ئارقا - ئارقىدىن قويۇلۇۋاتقان سوئاللاردىن مەڭدەپ قالدىمۇ ياكى ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ ماختىنغۇچىلىكى يوق تەرەپلىرىنى سۆزلەۋېرىشتىن كۆڭلى غەش بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئارىسالدى بولۇپ جىمىپ قالدى. لېكىن، قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانىنىڭ نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چۆچۈپ، دەرھال قايتا زۇۋانغا كەلدى:

— ۋەزىر، ئەمەلدارلار ھوقۇق تالىشىپ، بىر - بىرلىرىگە ئورا كولىشىدۇ. باي مۆتىۋەرلەر راھەتپەرەسلىككە بېرىلگەن. ئۇلار ھەشەمەتلىك ياسىداق ئۆي - ئىمارەتلەردە ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە كۆمۈلۈپ، بەزمە - مەشرەپ، ئويۇن - تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

— ئۇلار راستىنلا بەك بايمۇ؟ — چىڭگىزخان يەنە سورىدى.

مەھمۇد يالاۋاچ تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى.
— ئۇلار ھەقىقەتەن بەك باي. ئۇلارنىڭ ئالدىدا موڭغۇل ـ تاتارلارنىڭ بايلىرىنى باي دېگىلى بولمايدۇ.
چىڭگىزخان يەنە بىردەم ئۇنى ـ بۇنى سوراشتۇردى. مەھمۇد يالاۋاچ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
«ئاڭلىغانلىرىمدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — سارتاۋۇللاردا ئەلنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم ئەمەسكەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ بەگ ـ تۆرىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى سۇس ئىكەن».
ئاخىر خارەزىمشاھ مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنى بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ تەق بولدى.
چىڭگىزخان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك جەڭلەردە ھامان زەپەر قۇچۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ بارلىق موڭغۇل ۋە تاتار قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى، نايمان ۋە قىتان خانلىقلىرىنى يوقاتتى، تاڭغۇت ۋە جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا بىرنەچچە قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى سىلىق تۆلەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. موڭغۇللارنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى ئۇزلۇكسىز تۈردە غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چىڭگىزخان مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقنى تەرك ئېتىپ، سالماقلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق تەبىئىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ھەرقانداق بىرەر چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى، باش مەسلىھەتچىسى ياللۇغ چۇساي ۋە باش

بىتىكچىسى ئاتا تۇغا بىلەن كېڭىشەتتى، نويان ۋە سانغۇنلارنىڭ پىكىرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ ئادەتتە ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلاشنى ئەۋزەل كۆرەتتى، لېكىن كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرمەيتتى، بەلكى ئۆزى ئاڭلىغان خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەردىن مۇۋاپىق يەكۇن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ قارارىنى پەرمان قىلىپ چۈشۈرەتتى ھەمدە بۇ پەرماننى قىلچە ئېغىشماي، قەتئىيلىك بىلەن ئىجرا قىلاتتى. بۇ پەرمانغا سەل قارىغان ياكى ئۇنى ئىجرا قىلىشتا سۇسلۇق قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى قىلچە رەھىم ـ شەپقەت كۆرسەتمەستىن قاتتىق جازالايتتى.

بۇ قېتىممۇ ئۇ خارەزىم ئېلى ھەققىدىكى تۈرلۈك مەلۇماتلارنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئاتلىنىشقا پەرمان چۈشۈردى. تاغ ـ داللار كۆكىرىشكە باشلىغان ئىللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە موڭغۇل، تاتار، ئۇيغۇر، قىرغىز قوشۇنلىرى ئېرتىش بويلىرىدىن قوزغىلىپ، خارەزىم ئېلىگە تەۋە بولغان تۈزلەڭ چۆللەرگە قەدەم باستى.

چىڭگىزخان ئالدى بىلەن چوڭ ئوغلى جۇچىنى يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بىر تارماق قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى. باتۇرلۇقتا داڭقى چىققان، ئاسانلىقچە چىرايىنى ئاچمايدىغان ۋە سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان جۇچى ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۆرمەت ۋە ئىتائەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلدى.

— خوپ خان ئاتا، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ئاتلىنىشقا ئىجازەت بەرگەيسىز.

جۇچىنىڭ قوشۇنى خاننىڭ قارارگاھىدىن ئايرىلىپ يۈرۈپ كەتتى. چىڭگىزخان ئۈچ ئوغلى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يىراقلاپ كېتىۋاتقان تارماق قوشۇننىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. خانزادىلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ، «نېمە ئۈچۈن جۇچىنى

ئازغىنا قوشۇن بىلەن يىراقتا ماڭدۇرۇۋەتتىڭىز؟ » دېگەن سوئالنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. چىڭگىزخان كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندىمۇ ھەممەيلەن بۇرۇنقىدەكلا سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئون نەچچە قاۋۇل ئات قوشۇلغان غايەت يوغان هارۋىغا ئازادە ئاق كىگىز ئۆي تىكىلگەنىدى. چىڭگىزخان ئاشۇ هارۋىلىق كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا باشقىلار ئۆز يوللىرىغا تارقىلىشتى.

قىلىن يوتقان - كۆرپىلەردە ئارام ئېلىپ ياتقان قۇلان خاتۇن خاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— جۇچى كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، كەتتى، — دېدى چىڭگىزخان كۆرپىگە ئولتۇرۇپ.

قۇلانمۇ ئۇنىڭ يېنىغا سىلجىپ ئولتۇردى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك توقىلى قۇلان بىلەن مۇشۇ مەخسۇس ياسىتىلغان هارۋىلىق ئۆيدە تۇراتتى.

— نېمە ئۈچۈن جۇچىنى يالغۇز بۇ يولغا سېلىپ قويدىڭىز؟ — هېچكىم سوراشقا پېتىنالمىغان سوئالنى بۇ ئەركە توقال سورىدى.

خان ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە سۆزلەشكە ئالدىرىمىدى، يۆتىلىپ، پۇشۇلداپ قويۇپ كۆرپىگە يانپاشلىدى.

— جۇچى سارتاۋۇللار يەرلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ «تومۇرىنى تۇتۇپ باقىدۇ» ، — دېدى ئۇ، — بىز چوڭ قوشۇننى ئىشقا سېلىشتىن ئىلگىرى خارەزىمشاھ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى بىر قۇر سىناپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

— بىراق، جۇچىنىڭ قولىدىكى ئادەم سانى ئاز. ئۇ سارتاۋۇللارنىڭ بىرەر چوڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قالسا خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرمەمدۇ؟ — يەنە سورىدى قۇلان.

چىڭگىزخان بۇ گۈزەل ھەم ياش توقالنىڭ تۇرلۇك ئىشلاردىكى ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل ئىدى. «يېڭىلمەس ھۆكۈمران، تەڭرىنىڭ كۆزى چۈشكەن خاقان» دەپ ئاتالغان ۋە يات ئەللەرگە سۈرلۈك، سىرلىق ۋە ھەتتا سېھىرلىك كۆرۈنىدىغان چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بۇ ئەركە توقىلىنىڭ چوڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاقىلانە پىكىر قىلىشى ۋە يېقىملىق خۇلقىغا ھېرىسمەن ئىدى، بەلكى يەنە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئوردىدىكى باش قاتۇرىدىغان ئىشلاردىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاق ئۆيىگە كىرگەندە قۇلان بىلەن يېنىكلەشكەن ھالدا پاراڭلىشىپ قالاتتى. مانا بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى.

— جۇچىغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۇردۇم، — دېدى ئۇ قۇلاننىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ، — جۇچى ئۆز قوشۇنى بىلەن سىر دەرياسى بويىلاپ مېڭىپ، سارتاۋۇللارنىڭ مۇداپىئەسى بوشراق ھالقىلىرىغا زەربە بېرىدۇ، دۇشمەننىڭ زور قوشۇنىغا ئۇچراپ قالسا جەڭگە چۈشمەي چېكىنىدۇ. خارەزىمشاھ ئۇنى بىزنىڭ ئاساسلىق زەربىدار قوشۇنىمىز دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك قوشۇنىنى ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇرىدۇ. جۇچى بولسا، ئۇ قوشۇننى ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خارەزىمشاھ قوشۇنى پارچىلىنىدۇ.

— ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى؟ — دەپ يەنە سورىدى قۇلان.

— ئەمدى جۇچىنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتىمەن، — دېدى بۈيۈك خاقان.

شۇ يىلى يازغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭگىزخان جۇچىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق چاپارمەنلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، جۇچى قوشۇنى بەش - ئالتە قېتىم كىچىك دائىرىلىك جەڭلەردە غەلىبە قىلىپتۇ ھەمدە بىرنەچچە يېزا - كەنتلەر ۋە

كـــچىك شەھەرلەرنى بېسىۋاپتۇ. كۆز پەسلى يېقىنلاپ قالغان كــۈنــلەرنىڭ بىرىدە كەلگەن چاپارمەنلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خارەزىمشاھ بىر زور قوشۇننى جۇچىنىڭ ئۈستىگە ماڭدۇرۇپتۇ. جــۇچــى ســارتــاۋۇللارنىڭ يول بويى ئۇچرىغان پارچە - پۇرات قــوشــۇنــلــىــرىــنــى قــىــرغىن قىلىپ، چوڭ قوشۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سىر دەريا ۋادىسىدىكى چۆللەردە ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.

چىڭگىزخان هارۋا ئۈستىدىكى ئاق ئۆيدىن چىقىپ ئېگىز، بــەستلىك گەۋدىسىنى رۇسلىدى، كۆكرىكىنى كېرىپ چوڭقۇر نــەپــەس ئــالــدى ھــەمــدە مــەخــســۇس ئــوردىــنىڭ كېڭەشلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالاھىدە يوغان كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئــىــشىك ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ياش مۇلازىمغا قاراپ خىتاب قىلدى:

— ئىككىنچى، ئۈچىنچى خانزادىلەر كەلسۇن!

چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتاي كىگىز ئۆيگە كىرىپ، تۆردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان خان ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— ئەمدى سىلەر ئىككىڭلار ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بــاشلاپ ئوترارغا هۇجۇم قىلىڭلار، — دېدى چىڭگىزخان، — ئۆزلۈكىدىن بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەرگە شەپقەت قىلىڭلار، بىزگە تىغ كۆتۈرگەنلەرنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار! مېنىڭ ئــەلــچــىــلــىــرىمنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى غايىرخان دېگەن نامەردنى تۇتۇپ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار. تىرىكى بولسا تىرىكىنى، ئۆلگەن بولسا كاللىسىنى كېسىپ كېلىڭلار!

— خوپ خان ئاتا، بۇيرىغىنىڭىزدەك قىلىمىز! — دېدى ئىككى خانزادە.

شۇنداق قىلىپ، چاغاتاي ۋە ئۆگەتاي باشلىغان قوشۇن چوڭ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالغان ئوترار شەھىرىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە بۇ ئىككى خانزادىنىڭ چاپارمەنلىرى كەلدى.

— بىز يول بويى دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، توختىماي ئىلگىرىلىدۇق، — دېدى ئۇلار، — ئاخىر سارتاۋۇللار شەھەر ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ، سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى. قوشۇنىمىز هازىر ئوترار شەھىرىنى مۇهاسىرىگە ئالدى.

چىڭگىزخان چاپارمەنلەرنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ قويۇپ ئارتۇق سۆز قىلمىدى. يەنە ئون كۈن ئۆتكەندە خان ئۆزىمۇ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاساسلىق قوشۇن بىلەن يۈرۈشكە ئاتلاندى. ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىنمۇ ئۇيغۇر قوشۇنىغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، چىڭگىزخان بىلەن بىرلىكتە ئاتلاندى. قىرغىز قوشۇنىمۇ ئەلۋەتتە، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيا تارىخىدىكى مەشهۇر جاهانگىر چىڭگىزخاننىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مىسلىسىز ئىستېلاچىلىق ئۇرۇش هەرىكەتلىرى باشلىنىپ كەتتى.

چىڭگىزخان مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەرنىڭ ناهايىتى چوڭ ۋە باي شەهەرلەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بولۇپمۇ، ئۆزى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان خارەزىملىك مەهمۇد يالاۋاچ بۇ شەهەرلەرنى گوياكى ئەپسانىۋى چۆچەكلەردىكى سېهىرلىك قەسىرلەردەك تەرىپلەپ، تولىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ قارارى پىشىپ يېتىلدى.

— بۇ سىرلىق مەملىكەتنىڭ ئاستانىسى بولغان ئۆرگەنچ شەهىرىنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئاشۇ چوڭ ۋە باي بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى بېسىش كېرەك، — دېدى ئۇ.

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يەر يۈزىدىكى يېشىللىقنى سۈپۈرۈپ كەتتى. شىمال تەرەپتىن گۈرۈلدەپ سوقۇپ تۇرىدىغان

سوغۇق شامال يېقىنلاپ قالغان قىشنىڭ كۈنلىرىنى ئەسكە سالاتتى. موڭغۇل، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى دۈچ كەلگەن بىرنەچچە شەھەر - يېزىلارنى ئانچە كۈچىمەيلا بېسىپ ئۆتتى.

※ ※

ئۆرگەنچ شەھىرى. ئوردا ئىچى. ئازادە قوبۇلخانىنىڭ تاملىرىغا گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، كۆك، سېرىق، قىزىل، يېشىل رەڭلەردە بويالغان. قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆرگە ئالتۇن تەخت قويۇلغان. تەختتە خارەزىم ئېلىنىڭ داڭدار ھۆكۈمرانى سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئازادە كېرىلىپ ئولتۇراتتى. بېشىدا سىماب رەڭ يالتىراق يىپەك سەللە، ئۇچىسىدا ئۇزۇن زەرباپ تون. تەختنىڭ ئوڭ يېنىدىكى يۆلەنچۈكسىز كۇرسىدا خارەزىمشاھنىڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى جالالىدىن، سول يانىدىكى كۇرسىدا ئۇزۇن ۋە قويۇق چار ساقاللىق باش ۋەزىر ئولتۇراتتى. بۇ ئۈچ نەپەر ئالىي زات ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت داۋاملاشماقتا.

— شەۋكەتلىك ۋە باھادىر سۇلتانىمىز مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئالىيلىرىغا ئىلتىماسىم شۇكى، — دېدى باش ۋەزىر، — بۇ موڭغۇل كاپىرلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن خانزادە جالالىدىننى چىقارساق كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولۇرمىكىن. ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرى ھەمىشە ئوردا ئىچىدە ئىستىقامەت قىلسا كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئارزۇ تەشنالىقى قانغان بولۇردى.

سۇلتان خارەزىمشاھ سىمىز گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ، كۆك شايى تون ۋە يۇمشاق سۆسەر تۇماق كىيگەن باش ۋەزىرگە نەزەر تاشلىدىيۇ، سۈكۈت قىلدى.

— خان ئاتا، ئىجازەت بەرگەيسىز، مەن دەرھال قوشۇن تارتىپ ئاتلىناي! — دېدى خانزادە جالالىدىن جەڭگىۋار قىياپەتتە

ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

سۇلتان ئوغلىغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر سەپسالدى. خانزادە جالالىدىن چەۋەندازلارچە چاقىقانغىنە كىيىنگەن بولۇپ، ئۇچىسىدىكى يېشىل رەڭلىك قىسقا مەخمەل پەشمەت، بېلىگە چىڭ تارتىپ باغلانغان كەڭ تاسما كەمەر، سول يانغا سەل قىيسايتىپ كىيىلگەن كىمخاب تاشلىق سۆسەر تۇمىقى، تار قونچىلىرىغا گۈل چىقىرىلغان سېرىق ئۆتۈكلىرى ئۇنىڭ مەردانە ۋە جەسۇر قىياپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىسقا قىرقىپ ياسىتىلغان قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتلىرى، چىڭ ھىمىرىلگەن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى زېرەك ۋە چېۋەرلىكىدىن دالالەت بېرەتتى.

خارەزىمشاھ قول ئىشارىتى قىلىپ، ئوغلىنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— مېنىڭ ئىلگىرى قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قانداق زەپەر قۇچقانلىقىمنى، باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى قانداق سۇر ـ توقاي قىلىۋەتكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ باش ۋەزىر بىلەن خانزادىگە نۆۋەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئەمدى بىزنىڭ ئۆتكۈر قىلىچ، ئۇزۇن نەيزىلىرىمىز پاسكىنا موغۇللارنىڭ گۇناھلىق باشلىرىغا ھالاكەت ياغدۇرغۇسى!

— بەرھەق، شەۋكەتلىك سۇلتان ئالىيلىرى! — دەپ خىتاب قىلدى باش ۋەزىر، — دەرھەقىقەت، ئالىيلىرى جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىككىنچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندۇر. ئالىيلىرىنىڭ غەزىپى ئالدىدا يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق رەقىب گويا كى شامالدا قالغان غازاڭدۇر.

خانزادە جالالىدىن باش ۋەزىرگە ئوخشاشمايدىغان مەۋقەدە سۆزلىدى.

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، — دېدى ئۇ، — «ئۆزۈڭنى ئەر

چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دېگەن گەپ بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، موڭغۇللارنىڭ بۇ چىڭگىزخان دېگەن خاقانى كۈنپېتىشتىكى نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەت تاپقانمىش. ئۇنى دېمىسەكمۇ، بىز ئۆزىمىز بىلىدىغان نايماندەك چوڭ ئەلمۇ ھەم قارا قىتانلاردەك قۇدرەتلىك خانلىقمۇ شۇ موڭغۇللارنىڭ زەربىسى ئاستىدا ھالاك بولدى. ھازىر يەنە تاتار، ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق تائىپىلەرمۇ موڭغۇللارغا قوشۇلۇپ، بىز تەرەپكە بېسىپ كەلدى. ئەمدى ئۇلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىز بۇ جەڭگە پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. يۇرت - يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىمىزنى بىر يەرگە يىغىپ جەملەيلى. ئاندىن ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسايلى.

سۇلتاننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— خارەزىم باتۇرلىرىغا تەڭ كېلىدىغان كۈچ يوق! — دېدى ئۇ، — قىردىن كەلگەن ئۇ ياۋايى موڭغۇللار قانچىلىك نېمە ئىدى! مەن ئۇ مەلئۇنلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ، ئاشۇ چىڭگىزخان دېگەن ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئەخمەقنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن! ئۆزلىرىنى كۆك بۆرە بىلەن مارالدىن تۆرەلدۇق دەيدىغان ئۇنداق ياۋايىلاردىن قورقۇپ ۋەھىمە يېيىش ھاجەتسىز. شەھىرىمىزدىكى بىر بۆلۈك قوشۇنلا ئۇلارنى تارمار كەلتۈرۈشكە يېتىدۇ.

خانزادە جالالىدىن ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. باش ۋەزىر سۇلتاننىڭ ئاغزىغا قاراپ تەستىقلىغان تەرزدە تەكرار - تەكرار باش ئېگىپ ئولتۇراتتى.

— بەرھەق! بەرھەق! سۇلتان ئالىيلىرى جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەتلىكتۇر، — دېدى ئۇ.

— پەرمان! — دەپ خىتاب قىلدى سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ سەل مۇكچەيگەن سېمىز گەۋدىسىنى رۇسلاپ، —

مەن قوشۇن تارتىپ جەڭگە چىقىمەن. ئوغلۇم جالالىدىن مېنىڭ ئورنۇمدا ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ قالىدۇ. ۋەزىرى ئەزەم، جالالىدىنغا ھەمدەم بولۇپ ھەمكارلاشقايسىز.

— باش ئۈستىگە، سۇلتان ئالىيلىرى، — باش ۋەزىر ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

جالالىدىنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇمۇ ئۈنچىقماستىن ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىتائەت بىلدۈرۈپ باش ئەگدى.

— خان ئاتام ئەسلى قوشۇن تارتىشقا مېنى چىقارسا بولاتتى، — دېدى ئۇ سۇلتان ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا.

باش ۋەزىر ئوڭايسىزلانغان ھالدا كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، زۇۋان سۈرمىدى.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ چەت قىرلىرى نېپىز مۇز تۇتقان، كەڭ دالا ئاپئاق قار يېپىنچىسىنىڭ ئاستىدا قالغان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ چىڭگىزخانغا قارشى ئاتلاندى.

چۆل - باياۋانلارنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئات تۇياقلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەشلىرى، ئۆزئارا شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى، بىر - بىرىگە شىددەتلىك سوقۇلۇۋاتقان پولات تىغلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ سادالىرى يەر - جاھاننى قاپلىدى. ئاق دالىلارغا قىزىل قانلار تۆكۈلدى. موڭغۇل - تاتار قوشۇنلىرى گوياكى توسالغۇسىز كەلكۈن كەبى كەينى - كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋەردى. خارەزىم قوشۇنىنىڭ سەپلىرى يىمىرىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ بەخت قۇشى چىڭگىزخاننىڭ بېشىدىن كەتمىگەندەك ئىدى. خارەزىمشاھ جەڭ نەتىجىسىنىڭ مۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ غەزەپلەنگەن ۋە ئامالسىز قالغان بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى، چېكىنىپ يۈرۈپ يەنە بىرنەچچە

قېتىم جەڭ قىلدى. لېكىن، موڭغۇل قوشۇنى ھەر قېتىملىق جەڭدە ئۇستۇنلۇكنى قولدىن بەرمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋەردى.

ئۇپۇقتا مەشھۇر بۇخارا شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىللىرى كۆرۈندى. چىڭگىزخان ئۆرگەنچ شەھىرىگە چېكىنىپ كەتكەن سۇلتان مۇھەممەدنى قوغلىماستىن، بۇخارانى مۇھاسىرىگە ئالدى.

مەھمۇد يالاۋاچ موڭغۇل ئەلچىلەرنى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، — دېدى ئۇ قاراۋۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ، — بىز ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەمنىڭ ئەلچىلىرى، بۇخارا ھاكىمى بىلەن كۆرۈشمەكچىمىز.

بۇخارا ھاكىمى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن قوبۇلخانىسىدىكى رەڭدار گىلەملەر ئۇستىگە سېلىنغان تۆت قات تاۋار كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى.

باش ئەلچى مەھمۇد يالاۋاچ ئەدەپ بىلەن كۇلۇمسىرەپ تەزىم بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن سۆزلىدى:

— ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەم ئىسلام دىنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇشبۇ بۇيۇك خاقان، «ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. موڭغۇللار بۇ يارلىققا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. بۇيۇك خاقانىمىز ئۆزى باشلىغان زور قوشۇن شەھەر سېپىللىرىنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ تۇرماقتا. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر كۇكۇم ـ تالقان قىلىنىدۇ. تەسلىم بولغانلار ئامان قالىدۇ.

ھاكىم تەسلىم بولۇش شەرتىنى قوبۇل قىلمىدى.

— جانغا جان، قانغا قان! — دېدى ئۇ مەھمۇد يالاۋاچنىڭ

كۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

چىڭگىزخان شەھەر سىپىلىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان چوڭ گۈلخاننىڭ يېنىدا ئىسسىنغاچ تۇرۇپ، مەھمۇد يالاۋاچنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدى.

— بۇ شەھەردە قانچە ئەسكەر بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— يىگىرمە مىڭدىن ئاشمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد يالاۋاچ.

چىڭگىزخاننىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قىسىق كۆزلىرى بەئەينى ئوۋغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان قاپلاننىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتتى. ئۇ، مەھمۇد يالاۋاچقا ئارتۇق گەپ قىلماستىن، ھىلىقى ھارۋىلىق ئاق ئۆيدىكى قۇلان خاتۇننىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن موڭغۇل، تاتار، ئۇيغۇر، قىرغىز قوشۇنلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇخارانىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۇدا ئىككى ھەپتىگىچە قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئىستېلاچىلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئاي قاراڭغۇسى بولغان بىر كېچىدە بۇخارالىقلار سېپىل دەرۋازىسىنى تۇيدۇرماستىن ئېچىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، موڭغۇللارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقتى ـ دە، ئاتلىرىنى قوغۇندەك چاپتۇرغان پېتى ئامۇ دەرياسى تەرەپكە قاچتى.

— ھە، ئەمدى ياخشى بولدى! — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، — ئوچۇق دالىغا چىققان ئوۋ بىزنىڭ ئالقىنىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

دەرۋەقە، بۇخارالىقلار قېچىپ قۇتۇلالمىدى. چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قالماي قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئامۇ دەريا بويىغا كەلگەندە يېتىشىۋالدى. قاچقان بۇخارالىقلارنىڭ بىرى قالماي قىرىپ تاشلاندى.

ئەتىسى خۇددى قانغا مىلەنگەندەك قىزىرىپ كەتكەن تاڭ

قوٌياشى ئۇپۇقتىن ئۆرلەپ چىققاندا چىڭگىزخان ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەلكىلىرىنى كېرىپ، غالىبانە قىياپەتتە شەھەرگە كىردى. موڭغۇللار رەستە - بازارلاردىن ئۆتۈپ، نەچچە كوچىلاردىن ئايلىنىپ، كۆركەم ئۆي - ئىمارەتلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ، شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بىر قەلئەگە دۈچ كەلدى. قەلئەنىڭ سېپىللىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم بولۇپ، دەرۋازىلىرى چىڭ تاقالغانىدى. موڭغۇللار يېقىنلاپ كەلگەندە سېپىل ئۈستىدىن ئوقيا ئوقلىرى مۆلدۈردەك يېغىپ كەتتى، تاش - كېسەكلەر تاشلاندى. ھەش - پەش دېگۈچە ئونچە موڭغۇل ئاتتىن يىقىلىپ يېتىپ قالدى. چىڭگىزخان «پىستىرمىغا چۈشۈپ قالدۇقمۇ» دېگەن گۇمان بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن قوشۇننى رەتكە سېلىپ، شەھەر ئىچىگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ھېلىقى قەلئەگە بېكىنىۋالغانلار ئىككى كۈنگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلدى. موڭغۇللار ئېغىر پالاقمانلارنى ئاتلارغا سۆرىتىپ كېلىپ، قەلئەنى تاش - بوران قىلىۋەتتى. پالاقمانلاردىن ئېتىلغان يوغان - يوغان تاشلار قەلئەنىڭ دەرۋازىلىرىنى سۇندۇردى. موڭغۇللار قەلئەگە باستۇرۇپ كىردى. چىڭگىزخان بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەتىجىسىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىرىپ تاشلانغان قەلئە مۇداپىئەچىلىرىنىڭ جەسەتلىرى ساناپ چىقىلدى. جەمئىي تۆت يۈز جەسەت چىقتى. دېمەك، ئىككى كۈنگىچە شۇنچە زور قوشۇن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلار ئاران مۇشۇ تۆت يۈز كىشى ئىكەن!

— ئەگەر سارتاۋۇللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۆت يۈز پىدائىيدەك باتۇر بولسا، ئۇلار زادى يېڭىلمەس بىر خەلق بولاتتىكەن، — دېدى چىڭگىزخان، — بۇ جەسەتلەرنى ئىززەت - ھۆرمەتتە بىلەن دەپنە قىلىڭلار، ئۇلارنى ئىتلار يەپ كەتمىسۇن.

بـۇخـارا كوچـىلـرىدا ئادەم تولغۇل ئىتمۇ كۆرۈنمەيتتى. شـەھـەر ئـاھالـىسى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆيلىرىدىن چىقماي مـۆكـۈنـۇۋېلـىـشقـانـىـدى. ئـەمـما، ئۇلار مۆكۈنۈش بىلەن قۇتۇلالمىدى. موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۈچ كۈنگىچە شەھەرنى ئالا قويماي تالان ـ تاراج قىلدى. ئاندىن ھەممە ئادەمنى شەھەر سىرتىغا قوغلاپ چىقاردى. ئاياللار موڭغۇل ئـەسـكەرلىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى. ياش يىگىتلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى، قالغانلىرى قويۇپ بېرىلدى. ئامان قالغان ئاچ ـ يالىڭاچ ئادەملەر يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر، يـېـزـىـلارغـا تـارقىلىپ كېتىشتى. چىڭگىزخان شەھەرگە ئوت قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنلىرى ھـۇنەر ـ سەنئەتتە داڭقى پۇر كەتكەن گۈزەل بۇخارانى كۈلگە ئايلاندۇردى.

— مـوڭـغـۇلـلارنـىڭ كـۆك بۆرىلىرىگە تىغ كۆتۈرۈشكە پېتىنغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھەممە تائىپىلەر كۆرۈپ قويۇشسۇن! — دېدى چىڭگىزخان ئادەمزاتسىز خارابىلىككە ئايلانغان بۇخارادىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندا.

شـۇنـداق قـىـلـىـپ، مـىلادىيە 1220 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭگىزخان بۇخارانى ئىستىلا قىلدى. ئەمدى نۆۋەت سەمەرقەندكە كەلدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## سەمەرقەند

بۇخارانى ۋەيران قىلغان ئىستىلاچى قوشۇن شەخسەن چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پايانسىز كەڭ دالىدا يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن نەملەشكەن ۋە لايلاشقان تۇپراق تۈمەن ـ تۈمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا تىلغانماقتا ئىدى. ھەربىر جەڭچى ئۆزى مىنگەن ئاتتىن باشقا يەنە ئىككى ـ ئۈچتىن زاپاس ئاتنى چۇلۋۇردىن يېتەكلىۋالغان بولغاچقا، قوشۇننىڭ سەپلىرى يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. يىراقتىن قارىغاندا موڭغۇللارنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى مىغىلداپ كېتىۋاتقان دۇبۇلغىلار ۋە ئورماندەك سانجاق ـ سانجاق نەيزىلەرنىڭ ئارىسىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇددى شۇنداقلا، كەينى ـ كەينىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان چەۋەندازلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك ۋە قارا بايراقلىرىمۇ ئىزغىرىن چۆل شامىلىدا يېنىككىنە لەپىلدەيتتى.

ھاۋا ئىللىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئاسماننى ئۇ چەكتىن بۇ چەككىچە تۇتاش كۈل رەڭ بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، قۇياشنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان توختامىش ئاشۇ نىقابلانغان قۇياشنىڭ پارلاق چېھرىنى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغاندەك خىيالچان كۆزلىرىنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكەتتى،

ئاندىن يەنە ئىچى پۇشقان، بۇرۇقتۇرما بولغان قىياپەتتە تۈزلەڭ چۆلىنىڭ چېكىدىكى ئۇپۇق سىزىقىغا تىكىرقىغان هالدا قاراپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش، روهى سۇنۇق ئىدى. شۇنچە باي، شۇنچە گۈزەل بۇخارانىڭ مۇشۇنداق ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان بولۇشى ئۇنى تۈۋى يوق خىياللار قايىنىمىغا تاشلىغاندەك بولدى. بۇ نېمە ئالامەت؟ ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى چىڭگىزخاننىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقىغا ئايلاندىمۇ؟ ياكى تەڭرى چىڭگىزخاننى ئۆزىنىڭ قولىدىكى جازا قورالى، غەزەپ قامچىسى قىلىۋالدىمۇ؟ بۇخارا ئاسمىنىنى قاپلىغان ئىس - تۈتەكلەر، خارابىلەر ئارىلىرىدا چېچىلىپ ياتقان قانلىق جەسەتلەر، پەلەككە يەتكەن يىغا - زار... ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا سۈرەتلىنىپ، قەلبىنى ئېزەتتى.

توختامىش ئىلگىرى چىڭگىزخاننى تەڭداشسىز باتۇر قەهرىمان دەپ، ئۇنىڭغا هەۋەس قىلاتتى. ئەمدى ئاشۇ باتۇر هۆكۈمدارنىڭ چىرايى توختامىشقا بارغانسېرى سوغۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «خارەزىملىكلەر تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئەلچى ۋە سودىگەرنى بىكاردىن بىكارغا ئۆلتۈرۈۋەتتى ئەمەسمۇ. بۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش كېرەكقۇ» دەيتتى بۇ ئىدىقۇت جەڭچىسى ئۆز ئىچىدە مۇلاهىزە قىلىپ ۋە چىڭگىزخاننىڭ بۇ جازا يۈرۈشىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ. هالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەپ نېمە دېيىشىنى ۋە قانداق ئويلاشنى بىلمەي ئارامسىزلىناتتى. «بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن ئۆزۈممۇ موڭغۇللار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئالتايدىن قەشقەرگىچە ۋە ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىكى يەرلەرگىچە سوزۇلغان تالاي جەڭلەرگە قاتناشقانغۇ، شۇ چاغلاردا مەنمۇ قارشى تەرەپتىكى بىرمۇنچە ئادەملەرنى نەيزە ۋە ئوقيا بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان ئىدىمغۇ» دەيتتى يەنە توختامىش هازىرقى ئۇرۇشلارنىڭ هەقلىق ئىكەنلىكىگە ئاساس تاپماقچى بولۇپ. لېكىن، يەنە شۇئان ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئۆزى رەت قىلاتتى. «ياق! ئۇ

چاغلاردا مەن ئىدىقۇت زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان قارا قىتانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان نايمانلارغا قارشى كۈرەشكەن ئىدىم. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ...»

توختامىش مۇرەككەپ مۇلاھىزىلەر ئىچىدە قايمۇقۇپ، ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇ ئىختىيارسىز تۇردە ئۆزىدىن سەل ئالدىدا بويلۇق ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ كېتىۋاتقان ئىدىقۇت خاننىڭ كەينىدىن قارىدى. بارچۇق ئارت تېگىن تېخى قوچۇدىكى چاغدىلا كىمخاب تونلىرىنى سېلىۋېتىپ، قاسىراقسىمان پولات ساۋۇت كىيگەن، يۇمشاق مەخمەل بۆكىنى قاتتىق ۋە ئېغىر تۆچ دۇبۇلغىغا ئالماشتۇرغانىدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ تۇرقىدا ئىدى. «بۇيۇك خاقانىمىز قانداق تەسىراتتا بولۇۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلىدى توختامىش. ئۇ ئېتىنى تېزرەك يورغىلىتىپ خانغا يانداشتى ۋە چاندۇرماستىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىۋالدى. ئىدىقۇت خاننىڭ بۇرۇنقى تەمكىن، مۇلايىم كۆرۈنۈشى يوقالغانىدى. ئۇ ھازىر سۇرلۇك ۋە جەڭگىۋار قىياپەتتە قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئاتنىڭ سىلىق يورغىسىدا تەكشى سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. توختامىش خانغا تىكىلىپ قاراپمۇ ئۇنىڭ قانداق تەسىراتتا بولۇۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— ماڭا نېمانچە تىكىلىپ قارايسەن؟ سۆزۈڭ بارمۇ؟ — ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن ئۆزىگە يانداشقىنىپ كېلىۋاتقان توختامىشقا ئۇشتۇمتۇت بۇرۇلۇپ سورىدى.

توختامىش دەماللىققا جاۋاب تاپالماي سەل تەمتىرەپ قالدى.

— سەمەرقەندكە ئاز قالدىمۇ، بۇيۇك خاقانىم؟ — دېدى ئۇ باشقا گەپ تاپالماستىن سوئالغا سوئال ياندۇرۇپ.

— ئاز قالدى، — دېدى ئىدىقۇت خان، — ھە، جەڭگە چۈشۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتامسەن؟

توختامىش سەل ئويلىنىۋېلىپ، يەنە خاننىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمىدى.

— سەمەرقەندتە مەن تونۇيدىغان بىر كىشى بار ئىكەن، شۇنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

— يېقىن بۇرادىرىڭ ئوخشىمامدۇ؟

— يوقسۇ، بۈيۈك خاقانىم. ئۇ قوچۇلۇق مىسىرىسلانىڭ ئوغلى قاپلانبەگ.

ئىدىقۇت خان سەگەكلەشتى.

— قايسى مىسىرىسلانى دەيسەن؟

— بۇرۇن قوچۇدىكى دارۇغاچ مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان مىسىرىسلاچۇ.

ئىدىقۇت خاننىڭ چىرايىغا گويا قارا بۇلۇتلار قونغاندەك بولدى.

— ھېلىقى خائىن مۇناپىق مىسىرىسلانى دەمسەن؟

— شۇ، — دېدى توختامىش، — بىراق، ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسىغا ئوخشاشمايدۇ.

— ئوخشاشماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئارسلاندىن ئارسلان تۇغۇلىدۇ، چوشقىدىن ئەلۋەتتە چوشقا تۇغۇلىدۇ.

— بۈيۈك خاقانىم، بۇرۇن مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم. لېكىن، بۇ قاپلانبەگ ھەقىقەتەن ئاتىسىغا ئوخشاشمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنى ھەتتا پۈتۈنلەي ئاتىسىنىڭ ئەكسى دېيىشكە بولىدۇ.

بارچۇق ئارت تېگىن گۇمان، ئەجەبلىنىش ۋە سوئال مەنىلىرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن توختامىشنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى. توختامىش ئىدىقۇت خانغا قاپلانبەگنىڭ ئۆزىنى قىتان يايلىرىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. خان ئارتۇق گەپ قىلمىدى. توختامىشمۇ جىمىپ قالدى ۋە ئېتىنىڭ يورغىسىنى سەل ئاستىلىتىپ خاقاننىڭ كەينىدىرەك ماڭدى.

ئىدىقۇت خان توختامىشنى ئۆزىگە تىلماچ قىلىۋالغانىدى. ئۇ موڭغۇللار بىلەن كۆرۈشكەندە ھامان شۇ توختامىشنىڭ ياردىمى

بىلەن سۆزلىشەتتى. بۇ قىيىمقى يۇرۇشتە بۇ تىلماچ قوچۇدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە خۇددى خاقان بارچۇق ئارت تېگىننىڭ سايىسىدەك ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي كەلمەكتە ئىدى.

چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا كەتكەن چارلىغۇچىلار ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ قايتىپ كەلدى.

— سەمەرقەندكە بىر كۈنلۈك يول قالدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇلار.

توختامىش سەگەكلەشتى ۋە ئالاھىدە جانلانغان ھالدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، بۇ خەۋەرنى ئىدىقۇت خانغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— دېمەك، ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە سەمەرقەندكە يېتىپ بارىدىكەنمىز - دە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ۋەھالەنكى، ئەھۋال ئۇنىڭ مۆلچەرىدەك بولمىدى. چىڭگىزخان قوشۇننى توختىتىپ، بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ مۇشۇ يەردە قوشۇننى دەم ئالدۇرۇش ۋە مەشىق قىلدۇرۇپ رەتكە سېلىش بىلەن بىللە ھەر تەرەپلەرگە يۇرۇپ كەتكەن تارماق قوشۇنلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكچى بولدى.

سەمەرقەند بوسۇغىسىدا بارگاھ قۇرۇلۇپ بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن چوڭ خانزادە جۇچى ئۆز قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەلدى. ئۇ خاقان ئاتىسىنىڭ ئون ئالتە ئات قوشۇلىدىغان چوڭ ھارۋا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغانلىقىنى ئېيتتى. چىڭگىزخان چوڭ ئوغلىنىڭ مەلۇماتىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كەڭ زېمىنلارنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتى. جۇچى خان ئاتىسىنىڭ يولىيورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن تەسلىم بولغانلارغا چېقىلمىدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ قانلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ، يۇرت - ماكانلىرىنى كۈلگە ئايلاندۇردى.

ئارىدىن يەنە ئون كۈنچە ئۆتكەندە مۇشۇ دەھشەتلىك

ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئوترار شەھىرىنى ئېلىشقا ئەۋەتىلگەن ئىككىنچى خانزادە چاغاتاي ۋە ئۈچىنچى خانزادە ئۆگەتاينىڭ بىرلەشمە قوشۇنىمۇ قايتىپ كەلدى.

— ئوترار شەھىرىنى ئېلىش جېڭى ئۇدا بەش ئايغىچە داۋاملاشتى، — دېدى خانزادە چاغاتاي خان ئاتىسىغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — ئوترارلىقلار ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىز شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ ھەربىر كوچا، ھەربىر دوقمۇشتا قانلىق جەڭلەر بولدى. ئاخىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى قىرىپ تاشلىدۇق. قالغان يېرىمىنى ھېلىقى شەھەر ھاكىمى غايىرخان دېگەن بىلەن بىللە تۇتقۇن قىلىپ بۇ يەرگە ئەكەلدۇق.

چىڭگىزخان غالىبانە قىياپەتتە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتار - قاتار تىزىپ قويۇلغان تۇتقۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەركەكلەر ئىدى.

— بۇلار قارشىلىق كۆرسەتمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان.

— غايىرخاندىن باشقىلىرى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن بىز تەرەپكە ئۆتتى، — دېدى خانزادە ئۆگەتاي.

چىڭگىزخان «چۈشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— بۇ نەپسى يامان غايىرخان مېنىڭ ئەلچىلىرىم ۋە سودىگەرلىرىمنىڭ مال - مۈلكىگە كۆز قىزارتىپ، ئۇلارنى بىكاردىن بىكارغا ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بۇلىدى، — دېدى چىڭگىزخان، — ئەمدى سىلەر كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ تويماس ئاغزىغا قۇيۇڭلار. ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆلۈم لايىق. قالغانلىرىنى ئەسكەر قىلىپ، ھەرقايسى قىسىملارغا تەقسىملەپ بېرىڭلار.

چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى دەرھال ئىجرا قىلىندى.

ھەر تەرەپلەرگە ئاتلاندۇرۇلغان تارماق قوشۇنلار چىڭگىزخاننىڭ بارگاھى ئەتراپىغا يىغىلىپ بولدى. مىلادىيە 1220 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى زور قوشۇن سەمەرقەندنى نىشانلاپ ئورنىدىن قوزغالدى.

سەمەرقەند خارەزىمشاھ مەملىكىتى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇستەھكەم شەھەر ئىدى.

— سەمەرقەندتىكى قوشۇننىڭ سانى بىر يۈز ئون مىڭغا يېتىدۇ، — دېدى مەھمۇد يالاۋاچ، — يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقتا داڭقى بار. ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ۋە ئاتلىرى خىل. يەنە بۇ شەھەردە يىگىرمە پىل بار.

موڭغۇللارمۇ، تاتارلارمۇ ۋە قىرغىزلارمۇ تېخى پىلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، لېكىن ئۇنى تولىمۇ يوغان، قورقۇنچلۇق ھايۋان دەپ ئاڭلىغانىدى. چىڭگىزخان سەمەرقەندنىڭ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك سېپىللىرىگە قاراپ ئىككىلەنمىدى، پىل توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرگىمۇ ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى ھەمدە ئۆز سەركەردىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەھەرنى دەرھال مۇھاسىرىگە ئېلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

— ھەرقانچە ئېگىز سېپىللارمۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ ئەمەس، — دېدى ئۇ، — جەڭنىڭ تەقدىرى سېپىللار ياكى پىللار بىلەن ئەمەس، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ ئېغىر پالاقمانلىرىدىن سېپىللارغا قارىتىپ يوغان - يوغان تاشلار، كومزەكلەردە ئوت يېقىلغان ياغلار ئېتىلدى. بۇ تاش بوراندىن كېيىن ھۇجۇم باشلاندى. شەھەر ئاھالىسى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىستېھكاملارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئۇزۇن شوتىلارنى قويۇپ، سېپىلگە يامىشىپ چىقىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئوقلار، تاش - كېسەكلەر ئېتىلدى، چېلەكلەپ قايناقسۇلار تۆكۈلدى، شوتىلار ئۆرۈپ تاشلاندى. بۇ جەڭدە چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى كۆپ تالاپەت

كۆردى. سىپىللارنىڭ تۈۋىدە جەسەتلەر تىزىلىپ كەتتى.

سىپىلنىڭ چوڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى. يىگىرمە پىل كەينى - كەينىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىدىن سەپ - سەپ چەۋەندازلار قىلىچلىرىنى ئاپتاپتا پارقىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. موڭغۇللار مەڭدەپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى پىللاردىن ئۈركۈپ چاپچىيتتى، قاتتىق كىشنەپ تىپىرلىشاتتى. سەمەرقەندلىكلەر پىللارنىڭ ئۈستىدىن ئۇلارغا ئوقيادىن ئوق ياغدۇردى. ئادەملەر ۋە ئاتلار يىقىلغىلى تۇردى. سەپلەر قالايمىقانلاشتى. شۇنداقتىمۇ، موڭغۇللار ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغىۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھەر ئىككى تەرەپ جان تىكىپ ئېلىشتى. موڭغۇللار بۇ قېتىم خېلى ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قىلىچ ۋە نەيزىلىرى پىللارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان جەڭچىلەرگە يەتمەيتتى. گىرەلەشمە جەڭ قىزىپ كەتكەن شارائىتتا ئوقيا ئېتىشمۇ ئەپسىز ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم كۆپ بولدى. بۇ جەڭ نەتىجىسىز ئاياغلاشتى. سەمەرقەندلىكلەر شەھەرگە قايتىپ كىرىپ سىپىل دەرۋازىلىرىنى تاقىدى. موڭغۇللارمۇ ئۆز جايلىرىغا ياندى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە سىپىلنىڭ چوڭ دەرۋازىسى يەنە ئېچىلدى. لېكىن، بۇ قېتىم چىققانلار باتۇر جەڭچىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆز جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن تەسلىم بولۇپ چىققانلار ئىدى.

— بىز قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز! جېنىمىزنى ئامان قويساڭلارلا بولدى، نېمە دېسەڭلەرمۇ بىز رازى ... — دېيىشتى ئۇلار.

موڭغۇل چەۋەندازلار ئۇلارنى قورشاپ، بارگاھقا ئەكەلدى. تەسلىم بولۇپ چىققانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

— جەمئىي قانچە ئادەم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان.

موڭغۇللار قاتار ـ قاتار تەسلىمچىلەرنى بىر باشتىن ساناپ چىقتى.

— جەمئىيسي ئوتتۇز مىڭدىن ئاشىدىكەن، — دېدى بىر سەركەردە.

— ئۇلارنىڭ بارىنى چېپىپ تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى چىڭگىزخان، ئۆز ئېلىگە ۋاپا قىلمىغان پەسكەش ئادەملەر بىزگىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ.

تەسلىم بولغۇچىلار داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، يىغا ـ زار قىلىشتى. موڭغۇل جەۋەندازلار تۇشمۇتۇشتىن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. كەڭ دالىغا قانلىق جەسەتلەر چېچىلىپ كەتتى.

سەمەرقەند جېڭى تۆت كېچە ـ كۈندۈز ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى. بەشىنچى كۈنى موڭغۇللار شەھەرگە بېسىپ كىردى. ھەربىر كوچا، ھەربىر دوقمۇشتا قىيامەتنىڭ جەڭلىرى بولدى. ئاخىر سەمەرقەند تىز پۈكتى. ئاھالىنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىپ تاشلاندى.

چىڭگىزخان يەنە يارلىق چۈشۈردى:

— ھۈنەرۋەنلەر، دىنىي ئۆلىمالار ۋە دېھقانلار ئۆلتۈرۈلمىسۇن. ئۇلار شەھەر سىرتىغا يىغىلسۇن!

ئامان قالغان سەمەرقەندلىكلەر شەھەر سىرتىغا ھەيدەپ چىقىرىلدى.

چىڭگىزخان ئۆز ئەتراپىدا جەم بولغان ئوغۇللىرى ۋە نويانلارغا مۇنداق دېدى:

— ھۈنەرۋەنلەر بىلەن دېھقانلار بىزگە كېرەك. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. دىندار ئۆلىمالار بولسا، تەڭرىنىڭ يېقىن بەندىلىرى. مەن ھەممە دىنلاردىكى تەڭرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مېنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

※ ※

توختامىش ئىدىقۇت خاندىن ئىجازەت سورىدى:
— ھېلىقى قاپلانبەگنى سەمەرقەندتە دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنى بىر ئىزدەپ باقاي دەيمەن. ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگۈم كېلىدۇ. بۈيۈك خاقانىم پېقىرغا يېرىم كۈنلۈك ئىجازەت بېرەمدىكىن؟
ئىدىقۇت خان ماقۇل بولدى.
— جەڭ ئاياغلاشتى، — دېدى ئۇ، — ھازىر قوشۇن ئارام ئېلىۋاتىدۇ. باشقا ئىش يوق. شۇڭا، شەھەرگە كىرىپ چىقاي دېسەڭ، ئىختىيارىڭ. ساڭا ئىجازەت.
توختامىش ئىدىقۇت خاننىڭ شەھەر سىرتىغا چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قارارگاھىدىن ئېتىنى يورغىلىتىپ چىقتى. شەھەر ئىچىدە موڭغۇللار، «كىم ھۇنەرۋەن؟ كىم ئۆلىما؟» دەپ، ئامان قالغان پۇقرالارنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا تىزىلدۇرماقتا ئىدى. توختامىش ئېگەردىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، ئېتىنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم تىزىلغان كىشىلەرنى ئارىلاپ ئاستا ماڭدى. ئۇ، قورقۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ مىسكىن چىرايلىرىغا سەپسېلىپ قارايتتى. ھۇنەرۋەن ۋە ئۆلىما دەپ ئايرىلغانلار ئىچىدە قاپلانبەگ كۆرۈنمىدى. قۇل قىلىپ ئەكېتىلىۋاتقان ئاياللار ئىچىدىمۇ تۈركەنئاي ئۇچرىمىدى.
موڭغۇل چەۋەندازلار بىر توپ ئادەمنى قامچىلىرى بىلەن قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. توختامىش ئەنە شۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدە قاپلانبەگنى كۆرۈپ قالدى. قاپلانبەگنىڭ تاقىر بېشى قامچىنىڭ زەربىسىدىن بولسا كېرەك، قان ئېقىپ ئۇيۇپ قالغان، كىيىملىرى يىرتىلىپ توپىغا مىلىنگەنىدى، چىرايىدىن قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى

چىقىپ تۇراتتى. توختامىش ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاپلانبەگ ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئېچىنىشلىق هالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇلارنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟— دەپ سورىدى توختامىش قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق موڭغۇلدىن.

— بۇلار هۇنەرۋەنمۇ ئەمەس، ئۆلىمامۇ ئەمەس. ئۇلارنى شەهەر سىرتىغا ئاچىقىپ كاللىسىنى ئالىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى موڭغۇل.

— بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنۇ بىرى ئۇيغۇر، ئۇنى قويۇۋەتكىن، — دېدى توختامىش قاپلانبەگنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— بۇ شەهەردە ئۇيغۇرلار كۆپ، — دېدى موڭغۇل ئېرەن قىلماستىن، — لېكىن ئۇلار ساڭا ئوخشاشمايدۇ، ئاغىنە. ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلدى.

— ياق، بۇ كىشى موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇشمايدۇ، ئۇ قوچۇدىن كەلگەن، مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم. مەن ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم. ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگىن.

ئاتلىق موڭغۇل قاپلانبەگكە قارىدى.

— ئۇ راست دەمدۇ؟ سەن راستتىن قوچۇلۇقمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ.

قاپلانبەگ «راست» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— هە، بوپتۇ ئەمىسە،— دېدى موڭغۇل توختامىشقا دوستانە رەۋىشتە كۇلۇمسىرەپ، — ئاغىنەڭنى ئەكەت، ساڭا تاپشۇردۇم.

موڭغۇل چەۋەندازلار قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ، تۇتقۇنلارنى هەيدەپ كەتتى. كوچىدا توختامىش بىلەن قاپلانبەگ يالغۇز قالدى.

— ئۆيۈڭ نەدە؟ — سورىدى توختامىش، — يۈر، ئۆيۈڭگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

— ئۆيۈم بار ئىدى، ئەمدى يوق بولدى، — دېدى قاپلانبەگ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئەنە، كۆيۈۋاتقان ئۆيلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرى مېنىڭ ئىدى.

دەرۋەقە، يىراق - يېقىندىكى بىرمۇنچە ئۆيلەر ۋە رەستىلەرگە ئوت قويۇلغان بولۇپ، قاپقارا ئىس - تۈتەكلەر ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— بالا - چاقىلىرىڭ قېنى؟ — توختامىش يەنە سورىدى.

— ئۇلار ئۆرگەنچتە، — دېدى قاپلانبەگ، — مەن بۇ يەردە ۋاقىتلىق ئۆي ئېلىپ، ئۆرگەنچتىن ئەكەلگەن ماللىرىمنى سېتىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغانىدىم... ئەمدى بۇ يەردىكى ئۆيۈممۇ، دۇكانلىرىممۇ يوق بولدى.

توختامىش بىر ئاز تىنىۋېلىپ، بوش ئاۋازدا سورىدى:

— تۇركەنئايچۇ؟ ئۇ نەدە؟

قاپلانبەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى.

— ئۇمۇ ئۆرگەنچتە، — دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — توختامىش يەنە بىر ئاز تىنىۋېلىپ سورىدى.

— ئەھۋالى ياخشى، — دېدى قاپلانبەگ، — ئۇ ئۆرگەنچلىك بىر سودىگەرگە ياتلىق بولغان، هازىر بىر قىزى بار.

توختامىش مەيۈس كۆرۈنۈشتە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئارتۇق سۆز قىلمىدى.

— جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىڭغا رەھمەت. ئەمدى مەن ماڭاي، — دېدى يەنە قاپلانبەگ.

— ئۆز ۋاقتىدا سەنمۇ مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، — دېدى توختامىش، — شۇنىڭدىن بۇيان تەڭرىدىن ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق ياندۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشنى تىلەپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئاخىر شۇ تىلىكىمگە يەتتىم. بىراق، سەن ئەمدى نەگە بارىسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئۆرگەنچكە كېتىمەن ـ دە. باللىرىمنىڭ يېنىدا بولۇشۇم كېرەك.

— ئەمىسە، مۇنۇ ئاتنى ئالغىن، — دېدى توختامىش ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ.

قاپلانبەگ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— بىراق••• سەنچۇ؟

— مېنىڭ سەپەردە يانداشتۇرۇپ ئېلىپ يۈرىدىغان يەنە ئۈچ ئېتىم بار.

— ئەمىسە ماقۇل. مەن شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىمەن. خەير ـ خوش، ئامان بولغىن.

— خەير ـ خوش، تەڭرى ساڭا ئىسەنلىك بەرسۇن.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# سۇلتان مۇھەممەد ۋە خانزادە جالالىدىن

ئىككى موڭغۇل ئەسكەر سالاپەتلىك بىر مۇسۇلماننى ئالدىغا سېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە ئەكەلدى.

— بۇ سارتاۋۇل مەھمۇد يالاۋاچ بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى.

— مەھمۇد يالاۋاچنى چاقىرىڭلار، — دېدى چىڭگىزخان.

مەھمۇت يالاۋاچ كىردى ۋە خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى سالاپەتلىك زات بىلەن قول ئېلىشىپ ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ زات پېقىرنىڭ كونا بۇرادىرى بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى يالاۋاچ چىڭگىزخانغا، — ئۇ خارەزمشاھنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلاتتى. ئەمدى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىز تەرەپكە كەپتۇ.

چىڭگىزخان بۇ مۇسۇلمان زاتقا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئۇزۇن كىمخاب تون، بېشىدا يوغان ئاق سەللە، پۇتلىرىدا گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن سېرىق ئۆتۈك بولۇپ، بىر قاراشتىلا يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ زات ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇ نېمىدەپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان، — خارەزمشاھ ھازىر نەدە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭدىن سوراڭ يالاۋاچ، ئېنىق جاۋاب بەرسۇن.

مەھمۇد يالاۋاچ موڭغۇل خاقانىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆزىنىڭ بۇ يۇرتدىشىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— خوپ، ئاللا ھەققىدە، بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيىەن سۆزلەيمەن، — دېدى خارەزىملىك مۆتىۋەر، — پېقىر ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخان مۇئەززەمنى ئاللاتائالانىڭ ئەزىز بەندىسى ئىكەن، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان ھەممە يەرلەرنىڭ مۇناسىپ ھۆكۈمرانى ئىكەن دەپ بىلىپ، چىن ئىخلاسىم بىلەن باش ئېگىپ كەلدىم. بىزدە، «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. پېقىر ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەمنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئۆزۈمنىڭ بەختىم دەپ قارايمەن.

مەھمۇد يالاۋاچ بۇ گەپلەرنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. چىڭگىزخان سۇرلۇك قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن، «داۋامىنى سۆزلىسۇن» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— خارەزىمشاھ ھەققىدە سۆزلىگەيسىز، تەقسىر، — مەھمۇد يالاۋاچ يۇرتدىشىغا ئەسكەرتىپ قويدى.

— خوپ تەقسىر. ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان خارەزىمشاھنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى تازا ياخشى بولماي قالدى. ئۇ تەۋرەپ قالغان ئىستىقبالسىز ئالتۇن تەختىنى ئوغلى جالالىدىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن ئاستانە ئۆرگەنچتىن چىقىپ كەتتى. ئاڭلىسام، ئۇ قىپچاقلاردىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىغا كەتكەنمىش.

بۇ خارەزىملىكنىڭ ئېيتقانلىرى مۇھىم ئۇچۇر ئىدى. چىڭگىزخان شۇ كۈنلا ئۆزىنىڭ ئاق ئۆيىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. خاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ياللۇغ چۇساي بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىدى.

— خارەزىمشاھنى قىپچاقلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق

كېرەك، — دېدى ئۇ.

— خارەزىمشاھنى قوغلاپ تۇتۇش كېرەك، — دېدى جەبە نويان.

— سارتاۋۇللارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار كەلتۇرمىگىچە ئۇرۇش توختىتىشقا بولمايدۇ، — دېدى باتۇرلۇقتا ۋە ئاقىللىقتا داڭقى چىققان سۇبۇتاي باتۇر.

— بۈيۈك قۇمۇنى ئىشىتتىڭلار! — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — جەبە نويان بىلەن سۇبۇتاي باتۇر ئىككىڭلار ئىككى تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خارەزىمشاھنى چۆلدىكى شامالدەك تېز قوغلاڭلار. ئەگەر خارەزىمشاھ يارىلانغان جەرەندەك چۆلگە قاچسا، سىلەر مېنىڭ باتۇرلىرىم خۇددى كۆك بۆرىلەردەك قوغلاپ ئۇنى تۇتۇڭلار. ئەگەر ئۇ كەپتەر بولۇپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتسە، سىلەر مېنىڭ يېڭىلمەس پالۋانلىرىم لاچىن بولۇپ قانات قېقىپ ئۇنى سوقۇپ چۈشۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇ چاشقان بولۇپ ئۇۋىسىغا قېچىپ كىرىپ كەتسە، سىلەر مېنىڭ تەدبىرلىك ئاقىللىرىم پولات گۈرجەك بولۇپ ئۇنى يەر تېگىدىن كولاپ چىقىرىڭلار.

— بىز تەييار، بۈيۈك خاقانىم، — دەپ خىتاب قىلىشتى جەبە بىلەن سۇبۇتاي ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ.

— بۈيۈك قۇمۇنى ئىسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، — دېدى يەنە چىڭگىزخان ئىككىسىگە قول ئىشارىسى قىلىپ، — خارەزىمشاھنىڭ تىرىكى بولسا تىرىكىنى، ئۆلگەن بولسا كاللىسىنى كېسىپ كېلىڭلار. ئۇنى تۇتمىغىچە كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلار!

— خارەزىمشاھنى چوقۇم تۇتىمىز! — دېدى جەبە نويان.

— خارەزىمشاھنى تۇتمىغىچە قايتمايمىز! — دېدى سۇبۇتاي باتۇر.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1220 - يىلى 4 - ئايدا جەبە ۋە

سۇبۇتاينىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخاننىڭ ئاق ئۆيىدە يەنە كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.

— خارەزىمشاھنى تۇتۇش بىلەنلا سارتاۋۇللارنىڭ ئىشى پۈتمەيدۇ، — دېدى باش مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي، — سارتاۋۇللارنىڭ ئاستانىسى ئۈرگەنچنى ئالمىغىچە تولۇق غەلىبە قازاندۇق، دېگىلى بولمايدۇ.

چىڭگىزخان ئۆزىمۇ ئاشۇ ئۈرگەنچ دېگەن چوڭ شەھەرگە يۈرۈش قىلىش ئويى بىلەن بۇ كېڭەشنى چاقىرغانىدى. باش مەسلىھەتچىنىڭ دېگىنى ئۇنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى.

— ئۈرگەنچ سارتاۋۇللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستېھكامى، — دېدى ئۇ، — يەنە كېلىپ، خارەزىمشاھنىڭ تەخت ۋارىسى ئۈرگەنچتە ئىكەن. شۇڭا، ئۇ شەھەرنى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك.

تۆت خانزادە ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— خان ئاتا، ئۈرگەنچكە مېنى ئەۋەتىڭ! — دېدى جۇچى.

— مەن باراي، خان ئاتا! — دېدى چاغاتاي.

— مېنىڭ قوشۇنۇم تەييار، مەن باراي خان ئاتا! — دېدى ئۆگەتاي.

— مەن تۇرغان يەردە ئاكىلىرىمنى ئاۋارە قىلمايلى، مەن باراي! — دېدى تولى.

— جىم بولۇڭلار، بۇيرۇقۇمنى ئاڭلاڭلار! — دېدى چىڭگىزخان، — ئۈرگەنچنى بويسۇندۇرۇشقا جۇچى بىلەن چاغاتاي بارىدۇ.

— خان ئاتا، سىزنىڭ ئاتقان ئوقىڭىز بولۇپ جەڭگە ئۇچۇپ كىرىمەن! — دېدى جۇچى.

— خان ئاتا، سىزنىڭ ئۇۋغا سالغان شۇڭقارىڭىز بولۇپ جاالىدىنىنى قامالالاپ تۇتىمەن! — دېدى چاغاتاي.
— ئىككىڭلار يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئاتلىنىڭلار، — دېدى چىڭگىزخان، — شەھەرنى ئېلىپ، جاالىدىنىنى تۇتۇڭلار. مەن مۇشۇ يەردە سىلەرنىڭ غەلىبە خەۋىرىڭلارنى كۈتىمەن.
شۇنداق قىلىپ، چوڭ خانزادە جۇچى بىلەن ئىككىنچى خانزادە چاغاتايمۇ قوشۇن تارتىپ يۈرۈپ كەتتى. چىڭگىزخان سەمەرقەند بىلەن نەسەف[1] شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يايلاقتا بارگاھ قۇرۇپ، ئىككى يۆنىلىش بويىچە ئاتلاندۇرۇلغان قوشۇنلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چاپارمەنلەر كېلىپ تۇردى. جەبە بىلەن سۇبۇتاينىڭ چاپارمەنلىرى ئەكەلگەن بېتىكلەردە ئۇلارنىڭ خارەزىم قوشۇنلىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇشقانلىقى ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقى يېزىلغانىدى. جۇچى بىلەن چاغاتاينىڭ بېتىكلىرىدە بولسا، موڭغۇل قوشۇنى ئۆرگەنچ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغانلىقى بايان قىلىنىدى.
ھالبۇكى، كېيىنكى ئىشلار گەرچە يەنىلا موڭغۇللارنىڭ ئۇستۇنلۈكى بىلەن داۋاملاشقان بولسىمۇ، چىڭگىزخاننىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. خارەزىمشاھنى قوغلاپ كەتكەن جەبە بىلەن سۇبۇتاي توختىماي غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ، خارەزىم قوشۇنلىرىنى كەينى- كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى، لېكىن سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھنى تۇتالمىدى. خارەزىم قوشۇنى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ چېچىلىپ كەتتى، لېكىن خارەزىمشاھ خۇددى ئەرۋاھدەك ئىز- دېرەكسىز غايىب بولدى. موڭغۇللار جەسەتلەرنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىشغال قىلىنغان يېزا- كەنتلەرنى ئاختۇردى. خارەزىمشاھنىڭ تىرىكىمۇ، ئۆلۈكىمۇ

[1] نەسەف — ھازىرقى قارشى شەھىرى.

تىپىلمىدى.

— بۇ سەللە ئورايدىغان سارتاۋۇل نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ — دەيتتى جەبە نويان تىت ـ تىت بولۇپ.

— ئۇنى تاپمىغىچە قايتىشقا بولمايدۇ، چىڭگىزخان ئۇنى تۇتمىغىچە كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلار، دېگەن ئەمەسمۇ، — دەيتتى سۇبۇتاي باتۇر.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خارەزىمنىڭ بۆلۈنۈپ، چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى قوغلاپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە باردى. ئۇ يەرلەردىمۇ ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ، يەنىلا خارەزىمشاھنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى. جەبە بىلەن سۇبۇتاي ھەقىقەتەن جىددىيلەشتى.

— ئۇنى تاپماي چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا قانداق بارىمىز؟ — دېيىشەتتى ئۇلار.

بۈيۈك خاقان مۇشۇ ئىككىسىگە ئىشىنىپ خارەزىمشاھنى تۇتۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇلارغا تاپشۇرغان تۇرسا، ئەمدى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قۇرۇق قول قايتىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئەمەسمۇ! جەبە نويانمۇ، سۇبۇتاي باتۇرمۇ ھازىرغا قەدەر ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي جەڭدىن نەتىجىسىز قايتىپ باققان ئەمەس. ئۇلار ھەرگىز يېرىم يولدا توختايدىغان ئادەملەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار خارەزىمشاھنى قولغا چۈشۈرمىگىچە توختىمايمىز دەپ كاسپىي دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ شىمال تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە بارغانسېرى رۇس كىنەزلىرىنىڭ① زېمىنلىرىگە يېقىنلاشقىلى تۇردى.

جۇچى ۋە چاغاتاي خانزادىلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. ئۇلار خارەزىم ئېلىنىڭ ئاستانىسى ئۈرگەنچ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، جەڭ ۋەزىيىتىدە

① كىنەز (رۇسچە) — بەگ، يەرلىك خان.

بۆسۇش ھاسىل قىلالمىدى. ئۆرگەنچ ئاھالىسى خانزادە جالالىدىننىڭ قوماندانلىقىدا قەھرىمانلارچە ئۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شەھەر سىرتىغا ئاتلىنىپ چىقىپ، موڭغۇللار بىلەن دالىدا جەڭ قىلاتتى. قاسىراقسىمان پولات ساۋۇت ۋە پارقىراق تۈچ دۇبۇلغا كىيگەن جالالىدىن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق غاز بويۇن ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرىدىغان ئەگرى قىلىچىنى ئوينىتىپ، باھادىرلارچە قىياپىتى بىلەن سەپ ئالدىدا جەڭگە كىرەتتى. تالاي جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن موڭغۇل سەركەردىلەر ئۆز رەقىبلىرىنىڭ بۇنداق جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. «ئۇ سارتاۋۇللارنىڭ ھەقىقىي باتۇرى ئىكەن!» دېيىشتى ئۇلار جالالىدىننىڭ جەڭ قايناملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ قىلىچ چېپىشلىرىغا قاراپ.

ئۆرگەنچ ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم كۆپ بولدى. موڭغۇللارنىڭ سان ـ ساناقسىز ھۇجۇملىرى تۈزۈكرەك نەتىجە بەرمىدى، پالاقمانلاردىن ئېتىلغان تاشلار مەزمۇت سېپىللارغا زەخمەت يەتكۈزەلمىدى.

جوچى بىلەن چاغاتاي ئەسەبىيلىشىپ، جەڭلەردىكى ئوڭۇشسىزلىقلاردا بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزئارا تاكاللىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىش كۆرگىلى تۇردى. نەتىجىدە، جەڭ ئىشلىرى تېخىمۇ ئەپلەشمەي كەتتى. خاتىرجەمسىزلەنگەن سەركەردىلەر بۇ ھەقتە مەلۇمات يېزىپ، چاپارمەنلەردىن چىڭگىزخانغا يوللىدى.

چىڭگىزخان ئاكا ـ ئۇكا خانزادىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتاينى يېنىغا چاقىردى.

— ئاكىلىرىڭ چىقىشالماي قاپتۇ، — دېدى خان، — ئۇلار ئىككىسى بۆرۈنمۇ شۇنداق يات ـ پاتلا تەگىشىپ قالاتتى. بۇ قېتىم ئۇلارنى ئورتاق جەڭ قىلىپ، جاپالىق كۈنلەردە چىقىشىپ

كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇلار يەنە جېدەللىشىپ ئىشنى بۇزغىلى تۇرۇپتۇ. سەن دەرھال بىر تۇمەن ئەسكەرنى باشلاپ ئۇ يەرگە بار. ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شەھەرنى تېزرەك ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىل.

چىڭگىزخان بۇ ئۈچىنچى خانزادىنى تەخت ۋارىسلىقىغا تاللاپ، ھەقىقەتەنمۇ دانالىق قىلغانىدى. بۇ تاللاشنىڭ توغرا بولغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. ئۆگەتاي ئىككى ئاكىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، زىددىيەتنى چىرايلىقچە بىر تەرەپ قىلدى ۋە ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويدى.

چىڭگىزخاننىڭ قىزىل تامغىلىق يارلىقىدا قوشۇننىڭ ئومۇمىي قوماندانلىقىنى ئۆگەتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. قوشۇن قايتىدىن رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن ئۈچ خانزادىنىڭ ئۈچ تۇمەن ئەسكىرى ئۆگەتاينىڭ قوماندانلىقىدا قايتىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىيازدا باشلانغان بۇ ئۇرۇش كۈزگە كەلگەندە ئاياغلاشتى. خارەزىمشاھنىڭ خانزادىسى جالالىدىن قوشۇن بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، پايانسىز چۆللەردە غايىب بولدى.

موڭغۇللار شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، قېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى. بۈيۈك خارەزىم ئېلىنىڭ ئاستانىسى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. بىر ئۆي، بىر ەر كەپىمۇ ساق قالمىدى. ئاسمانغا ئۆرلەپ چىققان ئوت يالقۇنلىرى بېسىققاندىن كېيىن پۈتۈن شەھەردە تۇتەپ تۇرغان كۈل ۋە كېسەك دۆۋىلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى.

— بۇ جالالىدىن دېگەن جاھىلنى تۇتالمىدۇق، خان ئاتىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدۇق، — دېدى جۇچى ۋە بولغۇن تۇمىقىنى بېشىدىن سىقىملاپ ئېلىپ، زەردى بىلەن يەرگە ئۇردى.

— ئۇنى چوقۇم تۇتۇش كېرەك، — دېدى چاغاتاي.

ئۆگەتاي بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— سارتاۋۇللار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ تۈگىدى. جالالىدىن ئاز بىر قىسىم قوشۇن بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى يېتىشمەيدۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى كەمچىل. شۇڭا ئىنىمىز شىگى قۇتۇق بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن دەرھال ئۇنى قوغلىسۇن. بىز بۇ يەردە خان ئاتىمىزنىڭ يولىيورۇقىنى كۈتەيلى.

چىڭگىزخاننىڭ ئاسراندى ئوغلى شىگى قۇتۇق بىر تۈمەن چەۋەنداز بىلەن جالالىدىننىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

قىش كىرىپ، تاغ ـ داللار ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىگى قۇتۇق ئازغىنە بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن مۇزلىغان، ئېچىرقىغان ۋە روھى چۈشكەن ھالدا خان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا چاغاتاي بىلەن ئۆگەتايلار ئاللىقاچان چىڭگىزخاننىڭ بارگاھىغا كېلىپ بولغانىدى. شىگى قۇتۇق بۇنداق بىچارىلەرچە ھالەتتە خان ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالماي، ئاكىسى ئۆگەتاينىڭ كىگىز ئۆيىگە كىردى. ئۆگەتاي ئۇنى يۇمشاق كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر چۆچەك ئىسسىق سۈت بەردى. شىگى قۇتۇق ئازابلانغان ھالدا قىسىق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ جالالىدىن دېگەن جاھىل قورقۇش، ئۆلۈم دېگەن سۆزلەرنى بىلمەيدىغان، دېۋىدەك كۈچلۈك، قاپلاندەك چاققان باتۇر ئىكەن. موڭغۇللار جالالىدىننى قوغلاپ يۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلدى. بۇ جەڭلەردە سارتاۋۇللار موڭغۇللارغا قايتا ـ قايتا قاتتىق زەربە بەردى. ئاخىرقى قېتىملىق جەڭدە شىگى قۇتۇقنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىلىپ كەتتى.

— قايتىپ كەلگەن مۇشۇ ئازغىنە ئادەم ئامان قالدى، — دېدى شىگى قۇتۇق.

ئۆگەتاي ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:
— كېرەك يوق، روھىڭنى چۈشۈرمە. جالالىدىن ئەمدى قانداق قىلغان بىلەنمۇ بۇ تەرەپلەرگە كېلەلمەيدۇ. بىز ئەمدى پۈتۈن سارتاۋۇللار ئېلىنى بويسۇندۇرۇپ بولدۇق.
— جۇچى، چاغاتاي ئاكاملار ئامانمۇ؟ — دەپ سورىدى شىگى قۇتۇق.
— چاغاتاي مەن بىلەن بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى، — دېدى ئۆگەتاي، — لېكىن جۇچى چاغاتاي بىلەن جېدەللىشىپ، «سىلەر مېنى موڭغۇلنىڭ نەسلى ئەمەس، مەركىتنىڭ پۇشتى» دېدىڭلار دەپ يامانلاپ، نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سالماي، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شىمال تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
— ئۇ تەرەپلەرگە كېتىپ نېمە قىلماقچىدۇ؟ — دەپ سورىدى شىگى قۇتۇق.
— ئۇ شىمالدىكى قىپچاقلارنىڭ زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ خان ئاتىمىزغا سوۋغا قىلىمەن، ئۆزۈمنىڭ كۆك بۆرە نەسلىدىن بولغان ساپ موڭغۇل ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايمەن، دەيدۇ.
— خان ئاتام ئۇنىڭ كېتىشىگە سۈكۈت قىلدىمۇ؟
— خان ئاتام دەسلەپتە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، «مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالماي كېتىپتۇ» دەپ بەك خاپا بولدى. كېيىن يەنە ئاچچىقىدىن يېنىپ قالدى، «ئۇ يەرلەرگە هامان يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بوپتۇ، بۇ ئىشنى جۇچى بېجىرگەن بولسۇن» دېدى.
شىگى قۇتۇق پەرىشان هالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈنچىقمىدى.
ئۆگەتاي چىڭگىزخاننىڭ هارۋا ئۈستىدىكى ئاق ئۆيىگە كىرىپ، خان ئاتىسىغا شىگى قۇتۇقنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇ، خارەزىم ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيانقى موڭغۇللارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېغىر مەغلۇبىيىتى ئىدى.

ئۆگەتاي خان ئاتىسىنى قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. چىڭگىزخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر هازا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— شىگى قۇتۇق هازىرغا قەدەر غەلىبىدىن باشقىنى كۆرۈپ باقماي ئېسەنگىرەپ قالدى. ئەمدى مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ باقسۇن. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

※ ※

مىلادىيە 1221 - يىلى ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا چىڭگىزخان كەنجى ئوغلى تولى بىلەن بىرلىكتە ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ جالالىدىن خارەزىمشاهقا قارشى ئاتلاندى. جالالىدىن بۇ چاغقىچە هەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ، پىتىراپ كەتكەن قوشۇنلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ۋە ئەل ئىچىدىكى پىدائىيلارنى يىغىپ يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىۋالغانىدى.

— ئىسىت، شاه ئاتام باشتىلا قوماندانلىقنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسا، ئاشۇ تۆت يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن بۇ چىڭگىزخان دېگەن نىجىسنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتىم. بوپتۇ، هازىرمۇ يەنە ئۈمىد بار. بىراق، شاه ئاتام هازىر قەيەردىدۇ؟ ئۇنىڭدىن چاپارمەن كەلمىگەنگە ئۇزاق بولۇپ كەتتى.

يەر - جاهان ئىللىپ، جەنۇبتىن سەپ - سەپ تۇرنىلار ئۇچۇپ كېلىۋاتقان كۆكلەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە جالالىدىننىڭ كەڭ دالىغا تىكىلگەن بارگاهىغا سۇلتان مۇهەممەد خارەزىمشاه بىلەن كەتكەن بىر توپ ئادەم هارغان - ئاچقان هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ جالالىدىننىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

— سۇلتان ئاتام قېنى؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

قايتىپ كەلگەنلەردىن بىرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ سۆزلەپ بەردى:

— بىز سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كەتكەندىن كېيىن يول بويى ھەرقايسى شەھەر - ئايماقلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، قوشۇنىمىزنى تولۇقلاپ ماڭدۇق. موڭغۇللار كەينىمىزدىن قالماي ئىزىمىزگە چۈشۈپ كېلىۋەردى. ئۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم كەسكىن جەڭ قىلدۇق. بىراق، ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتمىدى، بەخت قۇشى كاجلىق قىلىپ سۇلتانىمىزنىڭ بېشىغا قونمىدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى ھەر ياقلارغا پىتىراپ قېچىپ كەتتى. پەقەت ئاز بىر قىسىم سادىق مۇخلىسلار سۇلتانىمىزنىڭ يېنىدا قالدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا يەتكەندە سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ، ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي قالدى. بىزلەر سۇلتانىمىزنى پىنھان جايدا داۋالاپ ساقايتىۋېلىش ئۈچۈن سال ياساپ، كاسپىي دېڭىزىدىكى بىر ئارالغا چىقتۇق. سۇلتان ئالىيلىرىنى شۇ جايدا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇردۇق، تېۋىپلىرىمىز ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. بىراق، ئەزرائىل كېلىپ قالغانىكەن. بىزنىڭ ئەجرىمىز كار قىلمىدى. سۇلتان ئالىيلىرى بىزنىڭ قولىمىزدا كۆز يۇمدى. ئىلاھىم، ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!

سۇلتان مۇھەممەد ئەلائىددىن خارەزىمشاھ ئالىيلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىندى، يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

چارلىغۇچىلار موڭغۇللارنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. جالالىددىن پۈتۈن قوشۇننى سەپكە تۇرغۇزۇپ، قىلىچىنى غەزەپ بىلەن قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى. خارەزىمنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى قوشۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن موڭغۇللارنىڭ

ئالدىغا ئات سېلىپ باردى.

چىڭگىزخانمۇ ئۆز قوشۇنىنى جەڭگە تەييار قىلدى ھەمدە ئېگىز دۆڭگە سېلىنغان گىلەمدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بولغۇسى جەڭنى كۆزىتىشكە ھازىرلاندى. ئۇ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقان خارەزىملىكلەرگە قاراپ ھەيرانلىق ۋە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى:

— خارەزىم ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان دۈشمەننىڭ بۇنداق ئۆزلۈكىدىن بىزگە قارشى ئاتلىنىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئاز كۆرگەنىدىم. قارىغاندا، بۇ جالالىدىن دېگەن خانزادە راستىنلا باتۇر ئەزىمەت ئوخشىمامدۇ!

ئىككى تەرەپنىڭ سەپلىرى توقۇنۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپ جان ـ جەھلى بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى، ئىگىسىز قالغان ئاتلار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق كىشنەپ جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قاچقىلى تۇردى.

— سارتاۋۇللار زېمىنىغا قەدەم قويغاندىن بېرى بۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم! — دېدى چىڭگىزخان، — ئاۋۇ ئاق بوز ئات مىنىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا توختىماي قىلىچ ئۇرۇپ كېلىۋاتقان ياش ئەزىمەت جالالىدىن دېگەن شۇ ئوخشىمامدۇ؟ راست باتۇر ئىكەن. سەركەردىلەرنىڭ، بولۇپمۇ، خانزادىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن بۇنداق سەپ ئالدىدا جەڭگە كىرىشى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. يەنە كېلىپ، ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزدىن بەش ـ ئالتىسىنى قىلىچ بىلەن يىقىتتى.

بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. چىڭگىزخان جەڭچىلەرنى ۋە ئاتلارنى ئارام ئالدۇرۇشقا بۇيرۇدى. جالالىدىننىڭ قوشۇنى قانداق تېزلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسا، يەنە خۇددى شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە چېكىنىپ ئۇپۇقتا غايىب

بولدى.
موڭغۇللار داۋاملىق ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋەردى. جالالىدىن قوشۇنى ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلەتتى ـ دە، موڭغۇللارنىڭ سەپلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، تىرىپىرەن قىلىۋېتىپ، يەنە تۇتۇق بەرمەستىن قېچىپ كېتەتتى.
شۇ تەرىقىدە ياز كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان جالالىدىننى قوغلاپ يۈرۈپ ھىندى دەرياسى بويلىرىغا كېلىپ قالدى. تەقدىر بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ ئەنە شۇ يەردە بولۇپ ئۆتتى. موڭغۇللار ئۆزلۈكسىز جەڭلەر بىلەن توختىماي ئىلگىرىلەپ، دەريا بويىغا قىستاپ كەلدى. جالالىدىن ئۆزىنىڭ خوراپ ئازلا قالغان قوشۇنى بىلەن سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان موڭغۇللارنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ كىرىپ كەتتى.
— ئەي كۆك تەڭرى، بۇنداق جاھىل، بۇنداق قورقماس دۈشمەننى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغاندىم! — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان ئېگىز دۆڭ ئۈستىدىن جەڭ مەيدانىغا جىددىيلىشىپ ۋە ھەۋەسلىنىپ قاراپ.
خارەزىملىكلەر، ھەقىقەتەنمۇ، جان پىدالىق بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. نۇرغۇن موڭغۇللار قىلىچ ۋە نەيزىلەرنىڭ ئەجەللىك زەربىسىدە جان بېرىپ، تومۇز ئىسسىقىدا قاغجىراپ كەتكەن يەرلەردە تويىغا مىلىنىپ يېتىپ قالدى. شۇنداقلا، نۇرغۇن خارەزىملىكلەرمۇ بىرى يىقىلسا ئىككىنچىسى ئىز بېسىپ كېلىپ، جاھاننى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان قۇدرەتلىك جاھانگىر ئالدىدا بىر قەددەممۇ چېكىنمەي، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ئۈن سېلىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، نەيزە سانجىپ مەردلەرچە شېھىت بولدى.
ئومۇمىي جەڭ مەنزىرىسى ئىچىدە جالالىدىن بەجايىكى ئالتۇن

تاجدىكى گۆھەر كۆزدەك ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گوياكى ئوۋ ئۈستىگە شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتتەك ئېتىنى شىددەتلىك چاپتۇرۇپ كېلەتتى، خۇددى غەزەپلەنگەن ئارسلاندەك ھۆركىرەپ بار كۈچى بىلەن قىلىچ ئۇراتتى. نەچچە - نەچچە موڭغۇل باتۇرلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەجەل تاپتى. ئۇ خۇددى بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ موڭغۇللارنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇپ ئۆتەتتى.

موڭغۇللار خارەزىملىكلەرنى ھەر ياندىن قورشىۋالدى. خارەزىم جەڭچىلىرىنىڭ سەپلىرى شالاڭلاپ كەتتى. ئازلا بىر تۈركۈم ئادەم ئامان قالدى. ئۇلار جالالىدىنغا ئەگىشىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ھىندى دەرياسى تەرەپكە قاچتى. موڭغۇللار ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋەردى. خارەزىملىكلەرنىڭ يولى دەريا بىلەن توسۇلۇپ قالدى. جالالىدىن ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تىرىك قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن دەرياغا چۈشتى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن موڭغۇللار قانداق قىلىشنى بىلمەي، بۇيرۇق كۈتۈپ توختاپ قالدى.

چىڭگىزخان كۆز ئالدىدىكى بۇ قەھرىمانلىق نامايەندىسىگە قاراپ، ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە ئۈنچىقماي تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كەنجى خانزادە تولى دەرھال ئېتىغا مىنىشكە تەمشەلدى.

— مەن ئۆزۈم قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي! — دېدى ئۇ.

چىڭگىزخان قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنى توختاتتى.

— بولدى، قوغلىماڭلار، — دېدى ئۇ، — ئوغۇل بالا ئىكەن! بۇنداق بىر ئەزىمەت دۇنيادىن يوقالسا ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

جالالىدىننى تۇتالماي ئارماندا قالغان سەركەردىلەر خاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، ئېغىز ئاچالماي،

دەريادىن ئاتلىرى بىلەن ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قىلىشتى. خارەزىملىكلەر دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتتى. جاللىدىن دەريانىڭ بۇ قېتىدا توختاپ قىلىشقان موڭغۇللارغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئاندىن ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئېگىز دۆڭدە تۇرغان چىڭگىزخانغا قارىتىپ غەزەپ بىلەن پۇلاڭلىتىپ قويدى ـ دە، قىلىچىنى قايتا قىنىغا سېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى دەريادىن يىراقلاشتى. چىڭگىزخان تاكى خارەزىملىكلەر كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن زوقلانغان هالدا قاراپ تۇردى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# چىڭگىزخاننىڭ شادلىقى ۋە قايغۇسى

بۇ يۇرۇشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىدىقۇت خان ئۆز قوشۇنى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا بولدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل جاھانگىرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن قانلىق يوللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئىزلىرى قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىق تەسىر دائىرىسىدە، موڭغۇللار بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىر دائىرىسىدە ئورتاق راۋاجلىنىش يولىغا قەدەم باستى. ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇللارمۇ ئۆز يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىشقا باشلىدى. موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر باخشىلار ۋە سانغۇنلار بارغانسېرى كۆپەيدى. چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىملىك ئادەملىرىنى قەدىرلەيتتى ۋە ئۇلارغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئىشغال قىلىنغان ھەرقايسى يۇرتلارنى باشقۇرۇشقا ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەرەتتى. موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېلىنغان كەڭ زېمىنلاردا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا ئىش بېجىرىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا، موڭغۇللارمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلاردىن ئىلمىي، مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قوشۇنى چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋەردى.

توختامىش ئىدىقۇت خاننىڭ شەخسىي تىلماچى ۋە بىتىكچىسى بولغاچقا، جەڭگاھلارغا كىرمەي، باشتىن ـ ئاياغ خاننىڭ بارگاھىدا يۈردى. ئۆرگەنچ شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ يەنە قاپلانبەگنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالمىدى. «قاپلانبەگ سەمەرقەندتىن چىقىپ ئۆرگەنچكە يېتىپ كېلەلىگەنمىدۇ؟— دەپ ئويلايتتى توختامىش، — ياكى يوللاردا موڭغۇللارغا ئۇچراپ قازا تاپقانمىدۇ؟ تۈركەنئايچۇ؟ ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالىدىمۇ ياكى بۇ قىرغىنچىلىقلاردا قايىنامغا چۈشۈپ قالغان يوپۇرماقتەك مەڭگۈلۈككە غايىب بولدىمۇ؟»

تاكى ھىندى دەرياسى بويلىرىغا يەتكەنگە قەدەر توختامىش ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. ئىزدەش، سوراشلارنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى چىقمىدى.

چىڭگىزخان پۈتۈن خارەزىم ئېلىنى بويسۇندۇرغانلىقىدەك پەۋقۇلئاددە زور غەلىبىدىن شادلىنىپ، ھىندى دەرياسى بويىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بەزمە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. قوي، تۆگىلەر ۋە ئوۋلاپ كېلىنگەن جەرەن، بۆكەنلەر سويۇلۇپ، داش قازانلارغا سېلىندى. تۇمەنلىگەن موڭغۇللار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، قىمىز ئىچىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ دالا ـ قىرلارنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئىدىقۇت خانمۇ ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. توختامىش ئىدىقۇت خاننىڭ يېنىدا ئولتۇرسىمۇ، بەزمە سورۇنىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار گويا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇ قوراللىق يۈرۈشكە ئاتلانغان بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان قانچىلىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولدى؟ قانچە ـ قانچە جەسەت دۆۋىلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى؟ تۆكۈلگەن قان ـ ياشلار ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى بوغۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قانچىلىغان تەلەيسىز تۇل خوتۇن، يېتىم باللارنىڭ يىغا ـ زارلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسىپ، بېشىنى ئايلاندۇراتتى.

«بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ.

«سارتاۋۇللار ئوترار شەھىرىدە بىز تەرەپتىن ئەلچىلىككە ماڭغان بەش يۈز سودىگەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىدى». بۇ گەپنى توختامىش موڭغۇللاردىن كۆپ ئاڭلىغان.

«شۇنداقتىمۇ، ئوترارنى باستۇرغاندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ» دەيتتى يەنە توختامىش ئۆز ئىچىدە.

«ئۇرۇش دېگەن شۇنداق بولىدۇ» دېگەنىدى بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر سانغۇن ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەنبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا.

«ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى قالايمىقان سۆزلەپ يۈرمە، چىڭگىزخاننىڭ قولىقىغا يېتىپ قالسا كاللاڭ كېتىدۇ» دېگەنىدى تاتا تۇڭا.

موڭغۇللار ھەر قېتىم بىر يۇرتنى بېسىۋالغاندا مانا مۇشۇنداق بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز غەلىبىسىنى قۇتلۇقلايتتى. ئۇلار ھەتتا تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان جەسەتلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچاتتى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ دۈشمەننى قىرىپ تاشلىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى ۋە ھۇزۇرلىناتتى.

توختامىش جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتى قوچۇغا قايتقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىنى، سۆيۈملۈك ئايالى يۇلتۇزنى، تاتلىق ئوغلى ئىلتەرىشنى سېغىنغانىدى، ئۆز تەقدىرىگە باغلانغان ۋە ئۆز ھاياتىغا چېتىلغان ئاشۇ ئايالى بىلەن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، ئۇلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، قوشۇننىڭ تۈزۈمى قاتتىق، ھېچقانداق ئادەم سەپتىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، توختامىش بىۋاسىتە ئىدىقۇت خاننىڭ قول ئاستىدا تۇرۇۋاتسا، خان نەگە بارسا خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەك بىللە يۈرىدىغان گەپ.

توختامىش ھىندى دەرياسى بويىدىكى بۇ بەزمىدىمۇ بارچۇق ئارت تېگىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنچىقماستىن سورۇن ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. چىڭگىزخان بۈگۈن باشقىچە خۇشال ئىدى. شۇنچە چوڭ خارەزىم دۆلىتى تولۇقى بىلەن موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلغانىدى. غەلىبە شادلىقىدىن چىڭگىزخاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ، چىرايى ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىن دائىمقىدەك سالاپەتلىنى بۇزماي تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇراتتى. توختامىش ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق تەسىرات، قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىيەلمىدى. ئۇمۇ چىڭگىزخانغا ئوخشاش شادلىنىۋاتامدۇ ياكى توختامىشقا ئوخشاش ئازابلىنىۋاتامدۇ؟

سورۇندا جەم بولغان موڭغۇل، تاتار، ئۇيغۇر، قىرغىزلارنىڭ كاتتىلىرى گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، ئاۋازلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ئۆتكەنكى جەڭلەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرى توغرىسىدا قىزىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت چىڭگىزخان باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەي بوغۇرچى، سەن دەپ باققىنا، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر نويانغا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى نېمە؟

بوغۇرچى نويان قولىدىكى قىمىز قۇيۇلغان چۆچەكنى داستىخانغا قويۇپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئوۋغا چىقىشنى ئەڭ چوڭ ھۇزۇر دەيمەن. ياخشى ئاتقا مىنىپ، ئۆگىتىلگەن قارچىغىنى بىلىكىمگە قوندۇرۇپ، تاغ - داللاردا كېيىك - جەرەنلەرنى، تۈلكە - توشقانلارنى تۇتۇپ كەلسەم، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھۇزۇر - ھالاۋەت.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يەنە بىر نوياندىنمۇ

يۇقىرىقى سوئالنى ياندۇرۇپ سورىدى. بۇ نويانمۇ بوغۇرچى نويانىنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاشراق جاۋاب بەردى.

— ياق! — دېدى چىڭگىزخان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — قارچىغا ئۇچۇرۇپ، هايۋانلارنى قوغلاش ئەڭ چوڭ هالاۋەت ئەمەس. ئەڭ چوڭ هۇزۇرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن دەپ بېرەي. ساڭا قارشى چىققان هەرقانداق دۈشمەننى دەسسەپ چەيلىۋەت، ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەت، يېڭىلگەنلەرنى ئالدىڭغا سېلىپ قوغلا، ئۇلارنىڭ قول - ئىلكىدىكى هەممە نەرسىلىرىنى تارتىۋال، مانا بۇ ئەڭ چوڭ هۇزۇر - هالاۋەت. يېڭىلگەن دۈشمىنىڭنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئېتىغا مىنىپ، ئۇنىڭ قەدىردان ئادەملىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى باغرىڭغا بېسىپ ئوينا، هۇزۇر - هالاۋەت دېگەن شۇ!

سورۇندىكى نويانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ:

— توغرا!

— راست گەپ!

— ھەقىقىي ھۇزۇر - ھالاۋەت دېگەن شۇ! — دېيىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

توختامىش غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە شادلىنىۋاتقان نويانلارغا ئاستىرتىن قاراپ قويۇپ، گۆشمۇ يېمەي، قىمىزمۇ ئىچمەي داڭقېتىپ ئولتۇراتتى. ئىدىقۇت خان چىڭگىزخانغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان تەرزدە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئىرغىتتى ۋە ئالدىدىكى بىر چۆچەك قىمىزنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

توختامىش موڭغۇل ئوردىسىغا يېقىن بولۇپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئەمدى چىڭگىزخاننى يېڭىدىن تونۇۋاتقانىدى. توختامىش ئالتايدىكى نايمان ئۇرۇشىدا ئۇستازى تاتا تۇڭا بىلەن موڭغۇللارغا قوشۇلغاندىن بۇيان ئون نەچچە يىل ئۆتتى. شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى توختامىش چىڭگىزخاننى تولۇق چۈشىنەلمىگەنمۇ ياكى چىڭگىزخان ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلار

داۋامىدا قان تۆكۈپ خۇي ـ پەيلى ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ؟ ئىلگىرى ئۇ چىڭگىزخاننى قابىل رەھبەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى دوستى، ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى دەپ بىلەتتى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيتتى. ئەمدى بۇ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدار قانخور جاھانگىر سۈپىتىدە ئۆز قىياپىتىنى ئاشكارىلىماقتا ئىدى. «ھالبۇكى، بۇ داڭقى چىققان جاھانگىرنى ئەيىبلىسەم توغرا بولامدۇ؟ — دەپ ئويلىدى توختامىش، — ئۇ يەنىلا بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇ بولمىسا بىز قارا قىتانلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلالمىغان بولاتتۇقمۇ».

موڭغۇللار شادلانماقتا، ئۆز خەلقىنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ يۇخادىن چىققۇچە ۋارقىراشماقتا. چىڭگىزخاننىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. توختامىش بۇ تەڭداشسىز جاھانگىرنىڭ سۇرلۇك چىرايىدا بۇنداق شادىيانە كۈلكە ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى يايلاق قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، موڭغۇل خەلقىنى مەھكۇملۇق ئورنىدىن ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقارغان، كۈنچىقىشتىكى جىن سۇلالىسىدىن تارتىپ كۈنپېتىشتىكى ئىران ئېگىزلىكىگىچە بولغان يەرلەردىكى ھەممە خەلقلەرنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن بۇ ئاق بايراقلىق كۆك بۆرە ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى.

چىڭگىزخان خارەزمگە يۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سانغۇنلىرىدىن بىرى بولغان مۇخۇلاينى بىر تارماق قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، جىن سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئون كۈننىڭ ئالدىدا مۇخۇلايدىن چاپارمەنلەر كەلدى. چاپارمەنلەر ئەكەلگەن بىتىكتە يېزىلىشىچە، مۇخۇلاي قوشۇنى جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاستانىسىگە كىرىپتۇ. جىن سۇلالىسىنىڭ جۇرجىت خاقانى موڭغۇللارغا قارام بولۇپ، سىيلىق تۆلەشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

تۆت كۈننىڭ ئالدىدا خارەزىمشاھنى قوغلاپ كەتكەن جەبە ۋە سۇبۇتايلارنىڭ چاپارمەنلىرى كەلدى. ئۇلار ئەكەلگەن بىتىكتە يېزىلىشىچە، بۇ ئىككىسى كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىز ئەتراپلىرىدىكى يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، كاۋكاز تاغلىرىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يەردە گرۇزىنلار بىلەن قاتتىق جەڭ بولۇپتۇ. ئوتتۇز مىڭ گرۇزىن قىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن قىپچاق، چەركەس، لېزگىن، ئالان قوشۇنلىرى بىرلىشىپ موڭغۇللارغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. بۇ چاغدا سۇبۇتاي باتۇر قىپچاقلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپتۇ. قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇبۇتاينىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە سېتىلىپ، ئىلگىرىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى تاشلاپ، جەڭگاھتىن كېتىپ قاپتۇ. موڭغۇللار ئاۋۋال ئالان، چەركەس ۋە لېزگىنلەرنى تارمار كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن قىپچاقلارنىمۇ سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىپتۇ. ئېغىر مەغلۇپ بولغان قىپچاقلار رۇس دالالىرىغا قاراپ چېكىنىپتۇ. جەبە بىلەن سۇبۇتاي داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، رۇس قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپتۇ. بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلەردە كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولغان رۇسلار ئاخىر قىپچاقلار بىلەن بىرلىشىپتۇ. جەبە ۋە سۇبۇتايلارنىڭ موڭغۇل ۋە تاتارلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ قوشۇنى رۇس - قىپچاق بىرلەشمە قوشۇننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، توختىماي قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇلار دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، يايىق[1] دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىدىل[2] دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇلغار خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپتۇ.

مانا مۇشۇنداق تۆپە - تۆپىلەپ كېلىۋاتقان خۇشخەۋەرلەر چىڭگىزخاننى خۇشال قىلماي كىمنى خۇشال قىلسۇن! مۇشۇنداق ئامەت يېغىۋاتقان كۈنلەردە ئۇ كۈلمەي كىم كۈلسۇن! ئۇ،

① يايىق — ئۇرال دەرياسىنىڭ شۇ دەۋردىكى نامى.
② ئىدىل — ۋولگا دەرياسىنىڭ شۇ دەۋردىكى نامى.

ھەقسقەتەنمۇ، غەلىبە تەنتەنىسىگە، غالىبلىقنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىگە چۆمۈلدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىڭگىزخان ئۇزاقتىن بىرى يولىغا قاراپ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بىر ئەزىز مېھمان قايتىپ كەلدى. بۇ كىشى ئەۋلىيالىقتا داڭقى پۇر كەتكەن سەندۇڭلۇق چاڭ چۇن جېنرېن ئىدى. كىشىلەر ئۇنى، «ئەۋلىيالارنىڭ پىرى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىلمەيدىغان ئىشى يوق» دەپ تەرىپلىشەتتى. چىڭگىزخان بۇ ئەۋلىياغا قىزىقىپ قالدى ھەمدە ئۇنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر كىشىنى يىگىرمە قورۇقچى بىلەن يىراقتىكى سەندۇڭ دىيارىغا ئەۋەتكەنىدى. مانا، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە شۇ ئەۋلىيا چاڭ چۇن جېنرېن جاھاننىڭ تۆت تەرىپىگە داڭقى پۇر كەتكەن قۇدرەتلىك جاھانگىرنىڭ ھۇزۇرىغا داخىل بولدى.

چىڭگىزخان ئۇزۇن ئاق تون كىيگەن بۇ ۋىجىك، تاقىر باش بوۋاينى شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قولىدىن كېلىشىچە مېھمان قىلدى. بۇ ئەۋلىيا بوۋاي ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئارام ئېلىپ، ھاردۇق چىقىرىۋالغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۇنى چاقىرتىشتىكى مۇددىئاسىدىن ئېغىز ئاچتى:

— كىشىلەر سىزنى پىر ئەۋلىيا دەپ ھۆرمەتلەيدىكەن، ئەگىرىگە يېقىن تۇرىدىغان ئەزىز زات دەپ سىزگە باش ئېگىدىكەن. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھەم ئۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىنىمۇ بىلىدىكەنسىز. قارا يەردىن تارتىپ ئەرشئەلاغىچە بولغان ھەممە ھېكمەت ـ كارامەتلەر سىزگە ئايان دېيىشىدۇ. مېنىڭ سىزدىن شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ، ماڭا چىن سۆزىڭىزنى ئېيتىڭ، بۇ دۇنيادا ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بارمۇ؟

خاقان بىلەن ئەۋلىيا ئايرىم ئاق كىگىز ئۆيدە دەرقەمتە ئولتۇرۇشقانىدى. چاڭ چۇن جېنرېن گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان

ئېيىق تېرىسىدە باداشقان قۇرۇپ، خۇددى تاش ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ خاقانىڭ چىرايىغا قارىماي نۇرسىز كۆزلىرىنى نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىككىنىچە سالاپىتىنى بۇزماي مۇنداق دېدى:

— بۇ دۇنيادا كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورا بار، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوق. تەڭرى ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك ئۆمۈر بەرمىگەن.

چىڭگىزخانىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى راستتىنلا يوقمۇ؟ — دەپ تەكرار سورىدى ئۇ.

چاڭ چۈن جىنرېن بوۋاي چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ، يەنە بايىقى جاۋابىنى تەكرارلىدى:

— بۇ دۇنيادا كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورا بار، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوق، بۇرۇنمۇ بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ.

چىڭگىزخان بۇ كۆرۈمسىز ۋىجىك بوۋاينىڭ قىلچە ئەيمەنمەستىن بۇنداق ئاچچىق ھەقىقەتنى يۈزتۇرانە سۆزلىگەنلىكىدىن ئاچچىقلانمىدى، غەزەپلەنمىدى. ئەكسىچە، مۇلايىملىشىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدىنلا كەم سۆز ئىدى، ئەمدى تېخىمۇ ئۇنى چىقماس بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە چىڭگىزخان چاڭ چۈن جىنرېن بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىدى. ئەۋلىيا بوۋاي خاقانىڭ تەڭرىگە چىن ئېتىقادى بىلەن بويسۇنۇشى ۋە پۇقرالارغا رەھىمدىل بولۇشى، خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىشى ھەققىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئېزىپ سۆزلەيتتى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى ۋە پەندى - نەسىھەتلىرىنى

ئاڭلاپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. لېكىن، ئۇ مەخسۇس بىر ئۇيغۇر بىتىكچىنى تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق خاتىرىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن چاڭ چۈن جىنىرىن خاقاندىن ئىجازەت سوراپ، سەمەرقەندكە يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتتى.

چىڭگىزخان ئەمدى كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئاقاردى، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كۈچ - قۇۋۋىتى خورىماقتا ئىدى. ئۆلمەسلىككە ئامال يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ كۆزىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلەردىن كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك.

كېچەش ئۆتكۈزۈلدى.

— جەبە بىلەن سۇبۇتاي رۇسلارنىڭ يەرلىرىنى تولۇق بېسىپ ئۆتسە، موڭغۇل ئاتلىرى ئاخىرقى دېڭىز بويلىرىغا، يەنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارىدۇ، — دېدى چىڭگىزخان كېڭەش ئەھلىگە، — ئەمدى بۇ تەرەپتىكى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئۇ يېقىدا ھىندىستان دېگەن بىر مەملىكەت بار، دېيىشىدۇ. دېمەك، موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى يەتمىگەن شۇ ھىندىستان قاپتۇ. ئەمدى شۇ يەرنى بويسۇندۇرساق پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولىمىز. ئەمدى ئاتلىرىمىزنىڭ باشلىرىنى ھىمالايا تاغلىرىغا بۇرايلى.

شۇنىڭ بىلەن، يۈرۈش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. خارەزىم ئېلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن كەتكەن چاغاتاي بىلەن ئۆگەتاي خان ئاتىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن قايتىپ كېلىپ، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە ئاساسىي قوشۇنغا قوشۇلدى. پەقەت دەشتى قىپچاق

يايلاقلىرىغا كەتكەن چوك خانزادە جۇچىلا كەلمىگەنىدى.
— ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان غەزەپلىنىپ، — ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، مېنىڭ ئىجازىتىمنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئەمدى چاقىرساممۇ كەلمەيۋاتىدۇ. خەپ، توختاپ تۇر! ھىندىستاندىن قايتقاندا سېنى كەتكەن يېرىڭدىن تۇتۇپ كېلىپ قاتتىق جازالايمەن!
— خان ئىگەم، — دېدى قۇلان خاتۇن ئېرى بىلەن ھارۋا ئۈستىدىكى ئاق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، — چوك خانزادىنىڭ ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەسلىكىنىڭ بەلكىم بىرەر سەۋەبى باردۇر. يۇرۇشكە ئاتلىنىش ئالدىدا بۇنداق چېچىلمىغايسىز.
چىڭگىزخان خارەزىم ئۇرۇشىغا ئاتلانغان مۇشۇ تۆت يىلدىن بېرى قۇلان ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. چىڭگىزخانمۇ ئۇنىڭغا بەك ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلسا خۇددى بىر يېرى كەمتۈك بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ سۆيۈملۈك توقىلىدىن ئايرىلىپ تۇرماقچى بولدى.
— ھىمالايا تاغلىرى بەك ئېگىز، يوللىرى خەتەرلىك دېيىشىدۇ. شۇڭا، سەن ئەمدى يۇرتىمىز بۇرخان خالدۇنغا قايتىپ كەتكىن، — دېدى ئۇ.
قۇلان كۆزلىرىگە ياش ئالدى.
— خان ئىگەم، ئۇنداق دېمەڭ. سىز نەدە بولسىڭىز مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن. سىزدىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق مەنىسى يوق. تۆت يىلدىن بۇيان سىزگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم. سىز ھەربىر يۇرتنى بويسۇندۇرغاندا شۇ يەردىكى خان ـ بەگلەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئەمرىڭىزگە ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ياتتىڭىز. شۇنداق كېچىلەردە مەن مۇشۇ ئاق ئۆيدە كىرپىك قاقماي يالغۇز يېتىپ، قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتتۈم، لېكىن ھەرگىز نارازى بولمىدىم. سىز خۇشال بولىدىغان ئىش بولسىلا مەيلى. سىزنى خۇش

قىلىش، سىزنى كۈتۈش، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇش مېنىڭ بەختىم…

قولاننىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇپ كەتتى. چىڭگىزخان چوڭقۇر تىنىق ئالدى.

— ھىم… بىلىمەن، — دەپ قويدى ئۇ.

— خان ئىگەم، بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىمۇ مەن يېنىڭىزدا بولاي. مېنى كەتكۈزۈۋەتمەڭ. سىزگە كۆيۈنۈپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشتا ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى چىڭگىزخان.

«ئۇ بۇرخان خالدۇنغا قايتىپ باشقا خانىشلار بىلەن بولۇپمۇ، ھەممە خانىشلارنى باشقۇرىدىغان چوڭ خانىش بۆرتە بىلەن كۈنداشلىك تۇرمۇشىدا باش ئېگىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ» دەپ ئويلىدى خان.

موڭغۇل، ئۇيغۇر، قىرغىز قوشۇنلىرى يۈرۈشكە ئاتلاندى. بۇ سەپەر توختامىشقا بەكلا كۆڭۈلسىز بىلىندى. ئۇ ئەمدى «ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان يۇرتى قوچۇدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، ئېگىز ھەم سوغۇق ھىندىقۇش تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى. توختامىش موڭغۇللارنىڭمۇ بۇ يۈرۈشتىن بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. لېكىن، ھېچكىم نارازىلىقىنى ۋە يۇرتقا قايتىش ئىستىكىنى ئاشكارا سۆزلىمەيتتى. قىيا تاشلىق ئېگىز چوققىلاردىن، تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن، شىددەتلىك ئېقىنلاردىن ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار چىقىم بولدى. توختامىش ئىدىقۇت خان قانداق تەسىراتتا بولۇۋاتىدىكىن دەپ، ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ قوياتتى. بارچۇق ئارت تېگىن ئات ئۈستىدە چىرايىنى ئاچماي، سۇرلۇك قىياپىتى بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئۇشتۇمتۇت ياش بىر موڭغۇل چاپارمەن ئېتىنى تېز

چاپتۇرۇپ كېلىپ جار سالدى:
— چىڭگىزخان بوغدانىڭ بۇيرۇقى! يۈرۈش توختىسۇن! بارگاھ قۇرۇلسۇن!
ئىدىقۇت خان تىلماچ توختامىشنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى.
— قۇلان خاتۇن ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئېگەردە ئولتۇرالمايدۇ، — دېدى چىڭگىزخان ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ.
دەرۋەقە، بۇ تاغ ئۆتكەللىرىدە ھارۋا بىلەن يۈرۈشكە بولمايتتى. شۇڭا، قۇلانمۇ ئاتقا مىنىپ كەلمەكتە ئىدى.
كەڭ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق كىگىز ئۆي تىكىلدى. ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن قۇلان خاتۇننى شۇ ئاق ئۆيگە ياتقۇزۇشتى.
چىڭگىزخان باشقىلارغا ئارتۇق گەپ قىلماي ئاشۇ سۆيۈملۈك توقلى بىلەن يالغۇز قالدى.
قوشۇن شۇ جىلغىدا توختىغانچە بىر ئايغىچە قوزغالمىدى. ئاخىر، قۇلان خاتۇن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.
— قۇلان، «مېنى مۇزنىڭ ئاستىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى، — دېدى چىڭگىزخان.
جەڭچىلەر قۇلاننى كىگىزگە يۆگەپ، ئېرىمەس مۇز بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ چوققىسىغا ئاچىقىشتى. تۆت ئۇيغۇر يىگىت مېيىتنى ئارقان بىلەن باغلاپ، قاپتالدىكى مۇزنىڭ كەڭ يېرىقىغا چۈشۈردى. باشقا جەڭچىلەر مۇز يېرىقنى قار - مۇزلار بىلەن كۆمۈۋەتتى.
ئەمدى چىڭگىزخان بەكلا يېتىمسىراپ قالدى.
— ئۇ، «سىزگە كۆيۈنۈپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشتا ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدۇ» دېگەنىدى، — دەپ پىچىرلىدى چىڭگىزخان قۇلان ياتقان تۆشەكتە يالغۇز يېتىپ.
قۇدرەتلىك خاقان باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج

ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئۇ قېرىدى، كېسەلچان بولۇپ قالدى، بۇرۇنقى كۈچ ـ ماغدۇرى ئەمدى يوق.

— ھېلىقى ئەۋلىيا چاڭ چۈن جىنىرىن «ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوق» دېگەنىدى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرى بىلەن تۇندىكى قاراڭغۇلۇققا تىكىلىپ، — ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىمنىڭ تولىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. بەزىلىرى جەڭلەردە ۋە بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن... مانا ئەمدى قۇلانمۇ كەتتى.

غېرىبسىنىپ، روھسىزلانغان خاقان ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئوتى يامان قۇلانغا بەكلا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى ئىختىيارسىز ئېتىراپ قىلدى. ئۆز ئەتراپىدىكى ھېچقانداق نەرسە ئەمدى ئۇنى خۇش قىلالماس ئىدى. ئۇنىڭ يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن رايى قايتتى. ئۇ بۇرخان خالدۇنغا قايتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالدى.

ھىندىستان يۇرۇشىنىڭ ئاخىرى چىقمىدى. قوشۇن كەينىگە ياندى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# موڭغۇللارنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى

مىلادىيە 1223 ـ يىلى يازدا چىڭگىزخان سىر دەريا بويىدا چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايغا موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بارلىق نويان ۋە سەركەردىلىرى قاتناشتى. يىراقتىكى رۇس كىنەزلىرى ۋە قىپچاق بەگلىرىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن سۇبۇتايمۇ ئۆزىنىڭ كۆپ مىللەتلىك قوشۇنىنى باشلاپ ئۇلگۇرۇپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ قوشۇنى موڭغۇللاردىن باشقا يەنە تاتارلار، كۇردلار، چەركەسلەر ۋە تۈركمەنلەر بىلەن تولۇقلىنىپ، ئادەم سانى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى.

— جەبە قېنى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلغان چەۋەندازلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ پېشقەدەم سەپدىشى ۋە سادىق سەركەردىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ.

سۇبۇتاي ئېغىر تىنىق ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇ ئۆلدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— قانداق ئۆلدى؟ جەڭدە قازا تاپتىمۇ؟ — يەنە سورىدى چىڭگىزخان.

— ياق، ئۇ جەڭلەردە يارىلانمىدى، ئۆز ئەجىلى بىلەن كۆز يۇمدى.

چىڭگىزخاننىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئۆچتى. ئۇ خۇددى يەلكىلىرىنى غايەت ئېغىر يۈك باسقاندەك مۈكچىيىپ،

بىر هازاغىچە دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.
قۇرۇلتايدا موڭغۇل يايلاقلىرىغا قايتىش قارار قىلىندى.
— جۇچى نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ — دەيتتى چىڭگىزخان تەقەززالىق بىلەن چوڭ ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ.
هالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا هېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى.
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاجايىپ بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. شىمال تەرەپتىكى قىپچاق دالىلىرىدىن بۇ تەرەپلەرگە سان ـ ساناقسىز بۇغا ـ مارال، جەرەن، بۆكەن، قۇلان، توشقان، تۈلكە دېگەندەك ياۋايى هايۋانلار توپ ـ توپى بىلەن كەلكۈندەك ئېقىپ كەلگىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن هەممە ئادەم هەيران بولۇپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. هايۋانلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى قوغلاپ، هەيدەپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن چەۋەندازلار كۆرۈندى. بۇلار خانزادە جۇچىنىڭ ئادەملىرى ئىدى.
— خانزادە جۇچى ئاغرىپ قېلىپ، قۇرۇلتايغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى، — دېدى ئۇلار چىڭگىزخانغا ئەهۋال تونۇشتۇرۇپ، — ئۇ بۈيۈك بوغدا خانغا ئالاهىدە سوۋغات بولسۇن دەپ، پۈتۈن قوشۇنىنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، قىپچاق دەشتلىرىدىكى هايۋانلارنى بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزدى. بۈيۈك بوغدا خان بۇ هايۋانلارنى ئوۋلاپ كۆڭۈل ئاچقاي.
چىڭگىزخان يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈۋاتقان توپ ـ توپ هايۋانلارغا قاراپ ئۇزاققىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جۇچىنى كۆرگۈسى كېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى، لېكىن بۇنى هېچكىمگە بىلدۈرمىدى.
مىلادىيە 1224 ـ يىلى يازدا چىڭگىزخان پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ ئېرتىش ۋادىسىغا كەلدى. بۇ يەردە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق زېمىنلەرنى تۆت ئوغلىغا تەقسىملەپ بەردى.

— ئۆچىنچى ئوغلۇم ئۆگەتاي تەخت ۋارىسى بولىدۇ، — دېدى بوغدا خان، — ئۇ مەندىن كېيىن پۈتۈن خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. چوڭ ئوغلۇم جۇچى ئۆزى بويسۇندۇرغان قىپچاق داللىرىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلسۇن. ئىككىنچى ئوغلۇم چاغاتاي سارتاۋۇللارنىڭ بارلىق شەھەر ۋە يېزىلىرىنى، ئىلى دىيارى ۋە تارىم ۋادىسىنى باشقۇرسۇن. كەنجى ئوغلۇم تولى خەلقىمىزنىڭ كەنجى ئوغۇل ئاتا ئۆيىگە ۋارىس بولىدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئورخۇن، سېلېنگا، قارا قۇرۇم، بۇرخان خالدۇن ئەتراپلىرىدىكى بارلىق موڭغۇل يايلاقلىرىغا ئىگە بولسۇن. كۈيئوغلۇم بارچۇق ئارت تېگىن ئىدىقۇت خان ئۆزىنىڭ زېمىنلىرىگە داۋاملىق ئۆزى ئىگە بولسۇن.

شۇ يىغىندىن كېيىن ئۇيغۇر قوشۇنى ئۆز ئېلىگە قايتىشقا جابدۇندى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نويانلىرى بارچۇق ئارت تېگىن ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن خوشلىشىش زىياپىتىدە بىللە بولدى.

— ئۇيغۇر قوشۇنى نۇرغۇن چوڭ جەڭلەردە باشتىن - ئاياغ سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، — دېدى چىڭگىزخان، — ئۇلار ئىنتىزامى ناھايىتى كۈچلۈك، تەڭدىشى يوق بىر قوشۇن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

خوشلىشىش زىياپىتىدىن كېيىن بارچۇق ئارت تېگىن تاتا تۇڭاغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئايرىم كۆرۈشتى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ شەخسىي بىتىكچىسى خېلىلا قېرىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاقىرىپ، گەۋدىسى مۈكچىيىپ قالغانىدى.

— ھۆرمەتلىك باخشى، بىز بىلەن قايتقۇڭىز يوقمۇ؟— دەپ سورىدى ئىدىقۇت خان ئۇنىڭغا قاراپ.

تاتا تۇڭا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بېشىمدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. نۇرغۇن سوغۇقلاردا

تىترەپ، نۇرغۇن ئىسسىقلاردا تەرلىدىم. تەڭرى ھاياتىمنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىدا بىتىكچىلىك ۋە تىلماچلىق قىلىشۋاتقىنىمغا بۇ يىل مانا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولدى. بۇ يەردىكى ئورنۇم ئىسسىپ قالدى. قېرىدىم. بۇ يەرنى تاشلاپ ئەمدى نەگە بارارمەن؟ نېمە قىلارمەن؟ يۇرتۇم بەشبالىقنى كۆرگۈم كېلىدۇ. تەڭرى يول بەرسە ئۇ تەرەپلەرگىمۇ ئۆتۈپ، ئانا يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىپ، ھەرقايسىلىرىغا سالام يېرىپ تۇرارمەن.

— قانداق ۋاقىتتا بارسىڭىز ئىشىكىمىز سىز ئۈچۈن ئوچۇق، — دېدى بارچۇق ئارت تېگىن.

تاتا تۇڭا ئاپئاق ساقىلىنى سىيپاپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— ھازىر جاھاننى موڭغۇل ـ تاتارلار سوراۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — مۇشۇنداق كۈنلەردە موڭغۇل ئوردىسىدا مەندەك بىر ئۇيغۇرنىڭ بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق.

— شۇنداق، دانا گەپ قىلدىڭىز، ھۆرمەتلىك باخشى، — دېدى ئىدىقۇت خان.

ئۇيغۇر قوشۇنى سالقىن ھاۋالىق ئېرتىش بويلىرىدىن ئايرىلىپ، ئوت تەپتى ئۇرغۇپ تۇرغان قوچۇ يولىغا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى. توختامىش قوچۇغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىنىڭ سېغىنىش، تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش بىلەن قىسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا ئىللىق ھارارەت قۇيۇلۇپ، خۇشاللىق ۋە تەشۋىشنىڭ مۇرەككەپ بىرىكمىسىدىن ۋۇجۇدى تىترىمەكتە ئىدى. «يۇلتۇز! ئىلتەرىش! سىلەر ئامانمۇ؟»

يىراقتا قوچۇنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈندى. ئۇيغۇر قوشۇنىغا باشقىدىن جان كىردى.

— كەلدۇق! ئاخىر قايتىپ كەلدۇق!

كۆرۈنگەن دەرەخلەر ئارىسىدىن سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر چىقىپ، قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كېلىشمەكتە. بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى ئېشەكلىك، نۇرغۇنلىرى پىيادە؛ ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار، ياشلار، بالىلار...

ئۇلار ئىدىقۇت قوشۇنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىدى. ھىجران ئازابىدا ئۆرتەنگەن يۈرەكلەر ۋىسال تەشنالىقىدا ھاياجان بىلەن قاتتىق سوقماقتا. قوچۇلۇقلار ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، ئۈچۈپ كەلمەكتە ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ ئىختىيارسىز تۇردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاپتى.

كۆزلىرى يوغان ـ يوغان ئېچىلىپ كەتكەن توختامىش كىشىلەر ئارىسىدىن ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئىزدەيتتى. قېنى ئۇلار؟ جەڭچىلەر بىلەن قارشى ئالغۇچىلار ئارىلىشىپ كەتتى. گوياكى مىسلىسىز قايىنام ـ تاشقىن ھاسىل قىلىندى. كىشىلەر كۆرۈشمەكتە، كۇلۇشمەكتە، يىغلاشماقتا... لېكىن يۇلتۇز بىلەن ئىلتەرىش قېنى؟ توختامىش ئېتىنى توختىتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا تېز ـ تېز قارايتتى. تونۇش ھەم ناتونۇش چىرايلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غىل ـ پال ئۆتۈپ، ئالمىشىپ تۇراتتى.

— يۇلتۇز! ئىلتەرىش! — دەپ ئىختىيارسىز تۇردە قاتتىق ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى پەلەككە يەتكەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

— توختامىش!

بۇ ۋارقىراشنى كىملەر ئاڭلىدى ۋە كىملەر ئاڭلىمىدى؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. توختامىش ئۆزىنىڭ ئۈزەڭگىگە سىيلىنغان ئوڭ پۇتىنى كىمدۇر بىرىنىڭ چىڭ قۇچاقلىۋالغانلىقىنى سېزىپ، چۆچۈپ كەتتى. بۇ يۇلتۇز ئىدى، ئۇنىڭ يۇلتۇزى! توختامىش ئات ئۇستىدىن سەكرەپ چۈشتى.

ئـومـۇمــي قــىــسـتـاڭـچـىلىق ئىچىدە ئۇلار ئىككىسى خۇددى ھەشقىپىچەكتەك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ قۇچاقلىشىپ كەتتى.
— ئىلتەرىشچۇ؟ ئىلتەرىش قېنى؟ — سورىدى توختامىش ھاياجاندىن دېمى سىقىلىپ.
— مانا ئۇ. بالام، ئاتاڭ بىلەن كۆرۈش، — دېدى يۇلتۇز كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ۋە ئۆزىنىڭ كەيـنـىـگـە ئـۆتـىـۋالـغـان تاقىر باش بالىنى قولىدىن تارتىپ توختامىشنىڭ ئالدىغا ئىتتىردى.
— ئىلتەرىش… بالام …— توختامىش ئوغلىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.
ئاتا، ئانا ۋە ئوغۇل بىر - بىرىگە يېپىشىپ غۇژمەكلىشىپ كەتتى.
— قــارىغىنە، بۇنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! تونۇمايلا قـاپـتـىـمـەن، — دېدى توختامىش ئوغلىغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ.
— بەش يىل ئۆتتى ئەمەسمۇ… بەش يىل، — دېدى يۇلتۇز ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ.
— شۇنداق، بەش يىل ئۆتتى، — دېدى توختامىش، — بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىلتەرىش بۇ يىل توققۇز ياشقا كىردى.

※ ※

مىلادىيە 1225 - يىلى ئەتىيازدا چىڭگىزخان ئۆز ئاستانىسى قــاراقۇرۇمغا قايتىپ كەلدى ۋە چوڭ خانىش بۆرتەنىڭ ئۆيىدە يازلىدى.
— جۇچى قېنى؟ جۇچى بالامغا نېمە بولدى؟ ئۇ نېمىشقا قـايـتــىــپ كەلمەيدۇ؟ — بۆرتە كۇندە نەچچە قېتىم ئاشۇنداق تـۇگـــمـــەس سوئاللار بىلەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خانىنىڭ

ئەسەبىيلىرىنى چىچىلدۇراتتى.

— ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى بۇيرۇپ، قىزىل تامغىلىق يارلىق بىلەن چاپارمەنلەرنى ئەۋەتتىمغۇ، — دەيتتى چىڭگىزخان تېرىكىپ، — ئەگەر ئۇ بۇ قېتىممۇ كەلمىسە ئۆزۈم قوشۇن تارتىپ بېرىپ ئۇنى جازالايمەن!

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بۆرتە تېخىمۇ ئەدەپ يىغلاپ كېتەتتى.

— سەن ئۇنى ئۆز ئوغلۇڭدەك كۆرمەي، بولمىغۇر گۇمانلارنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلدىڭ... ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەردىڭ... ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ — بۆرتە ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ، خان ئېرىگە تاپا - تەنە قىلدى.

چىڭگىزخان قېرىپ قالغاندا جېدەللىشىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇ چوڭ خانىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارامدۇ ۋە ياكى بۇ گەپلەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى تەن ئالدىمۇ، ئىشقىلىپ، بۆرتەگە ئارتۇقچە سۆز ياندۇرماستىن ۋە قاتتىقلىق قىلماستىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ مۈگدەپ قالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى شۇ يىلى كۈزدە دەشتى قىپچاققا ئەۋەتىلگەن چاپارمەنلەر قايتىپ كەلدى ۋە:

— خانزادە جوچى ئېغىر كېسەلدىن قوپالماي ئاخىر تەڭرىنىڭ يېنىغا كەتتى، — دېگەن مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

چىڭگىزخان بۆرتەنىڭ يىغا - زارىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئات مىنىپ، دالىغا چىقىپ كەتتى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامallىرى ئۇنىڭ ھەسرەتكە تولغان دىلىغا ئارامبەخش ئەتكەندەك بولاتتى.

— ئوغلۇم مەندىن بالدۇر كەتتى، — دېدى ئۇ مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمۈلۈپ، — ئۇ راستتىنلا ئېغىر كېسەل بولۇپ بۇياققا كېلەلمىگەنىكەن. مەن ئۇنى ناھەق ئەيىبلەپتىمەن. ئۇنى

ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىدى دەپ ئورۇنسىز گۇمان قىلىپتىمەن...

مىلادىيە 1226 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭگىزخان تاڭغۇت ئېلىگە قوشۇن تارتىپ كىردى.

بۆرتە خاتۇن خان ئېرىنىڭ يەنە يۇرۇشكە ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

— بۈيۈك خان ئىگەم، — دېدى ئۇ، — يېشىڭىز يەتمىشتىن ئېشىپ قالدى. مەنمۇ قېرىدىم. ئاخىرقى كۈنلىرىمىزنى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزسەك بولمامدۇ. ياتنىڭ يېرىگە بېرىپ ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىسىز؟ قان تۆكۈش سىزگە خۇمار بولۇپ قالدىمۇ؟

چىڭگىزخان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىدى، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋالدى، جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرگەن بۇ قەدىناس خانىشقا تىل ياندۇرۇشقا، قوپاللىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى.

— تاڭغۇتلار ئىزچىل تۇردە بىز بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، قارشىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئۇلارنى جىمىقتۇرۇشۇم كېرەك. بولمىسا، ئۇلار بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا تىنچلىق بەرمەيدۇ. بىز سارتاۋۇللارغا قارشى يۇرۇشكە ئاتلانغاندا تاڭغۇت خانى مېنىڭ ھەمكارلىشىش تەلىپىمنى رەت قىلغانىدى. ئۇ تېخى ھەددىدىن ئېشىپ، «ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمىسە ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىدۇ» دەپ ماڭا تەنە قىلغانىدى. مەن بۇنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل قوشۇنى تاڭغۇت زېمىنلىرىگە بېسىپ كىرىپ، قارشىلاشقانلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، يۇرت ـ ماكانلىرىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇردى. تاڭغۇت خانى جەڭگاھتىن قېچىپ، ئۆزىنىڭ ئاستانىسى جۇڭشىڭفۇغا[1] بېكىنىۋالدى. موڭغۇللار جۇڭشىڭفۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە

① جۇڭشىڭفۇ — ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى يىنچۈەن شەھىرى.

ئالدى. تاڭغۇت ئېلىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولۇشى مۇقىملىشىپ قالدى. شۇڭا، چىڭگىزخان بىر بۆلۈك قوشۇنىنى ئاجرىتىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ ئېخچە قارشىلىشىۋاتقان يۇرتلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى قوش يۆنىلىشلىك ئۇرۇشتىمۇ غەلىبە شادلىقى موڭغۇللارغا يار بولماقتا ئىدى.

چىڭگىزخان كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىپ، بىر كۈنى ئوۋغا چىقتى. بىرنەچچە يۈز چەۋەنداز كەڭ دالىدا بىر توپ قۇلاننى قوغلىدى. ئۇشتۇمتۇت چىڭگىزخاننىڭ ئېتى ئېمىدىنىدۇر ئۈركۈپ كېتىپ، بىر يانغا چاپچىپ، قاتتىق چىچاڭلىدى. چىڭگىزخان ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساق بولالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

«قېرىپتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ».

ئاريدىن ئۇزاق ئۆتمەي جىن سۇلالىسىدىن ئەلچىلەر كېلىپ، ئۇرۇش توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ ئۇرۇشقا بارالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇش توختىتىشقا رازىلىق بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭغۇت خاقانىنىڭمۇ ئەلچىلىرى كەلدى. بۇ چاغدا جۇڭشىڭفۇدىكى ئاشلىق ۋە سۇ ئاخىرلىشىپ، تاڭغۇتلارنىڭ يەنە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. قورشاۋدىكى ئاستانىدا ئامالسىز قالغان تاڭغۇت خاقان ئۆز ئەلچىلىرى ئارقىلىق شەھەرنى بىر ئايدىن كېيىن چىڭگىزخانغا تىنچ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدى.

تاڭغۇت ئەلچىلىرى كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەخت ۋارىسى ئۆگەتاي، كەنجى ئوغلى تولى ۋە نەۋرىسى ئىسۇنكەنى (جۇچىنىڭ ئوغلى) يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى (چاغاتاي بۇ چاغدا خان

ئاتىسىنىڭ تائىبى سۈپىتىدە بۇرخان خالدۇندا قالغانىدى) :

— ئەي باللىرىم، بىلىڭلاركى، مېنىڭ بۇ يورۇق دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كۆچىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالدى. مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتىمكى، ئۇنىڭ مەركىزىدىن ھەر تەرەپنىڭ چېكىگە يېتىش ئۈچۈن بىر يىل يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سىلەرگە ۋەسىيىتىم شۇكى، ئىتتىپاقلىشىڭلار، ھەرگىز ئارازلاشماڭلار. ئۇم بولساڭلار سىلەرنى ھېچقانداق ھىيلىگەر دۈشمەن ئازدۇرالمايدۇ، ھېچقانداق كۈچلۈك دۈشمەن ئاغدۇرالمايدۇ. مەن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىن ئۆگەتاي خان بولىدۇ. ھەممىڭلار ئۇنى قوللاڭلار، ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇڭلار. مەن ئۆلگەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق مېنىڭ ياساقلىرىم بويىچە ئىش قىلىڭلار. ياساققا ھەقىقىي ئەمەل قىلساڭلار ئەل ئىچىدە مالىمانچىلىق بولمايدۇ.

ئاندىن ئۇ يەنە نويانلار ۋە سانغۇنلارنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى. ئەگەر تاڭغۇتلار شەھەرنى تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈمۈمنى مەخپىي تۇتۇڭلار، ھېچكىم ئۇقمىسۇن. تاڭغۇت خان شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كېيىن يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. جىن سۇلالىسىنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىمۇ يوقىتىڭلار. باشلانغان ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغاندا قولغا كېلىدۇ.

چوشقا يىلى، يەنى مىلادىيە 1227 - يىلى كۆز كىرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن چىڭگىزخان تەشۋىش ۋە جىددىيچىلىككە تولغان بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك تىنچ

دۇنىياغا كۆچتى. ئۇنىڭ جەسىتى ھەممە يېقى كىگىز بىلەن چۇمكەلگەن ھارۋىغا سېلىنىپ، قاتتىق مەخپىيەتلىك ئاستىدا بۇرخان خالدۇن تېغىغا يۆتكەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شۇ يەردە دەپنە قىلىندى.
چىڭگىزخانغا قازا يېتىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز تاڭغۇت خانى شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى باشلاپ قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن موڭغۇل ئوردىسىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، تارىختا بىر مەزگىل گۈللىنىپ دەۋر سۈرگەن تاڭغۇت خانلىقى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى. ئارقىدىنلا جۇڭدۇ (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھىرىنى ئاستانە قىلغان جىن سۇلالىسىمۇ تولۇق يوقىتىلدى. پۈتۈن شىمالىي جۇڭگو زېمىنلىرى موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. موڭغۇل تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۆگەتاي خان چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيەتلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# بۇگۇنگە قايتقان ئۆتمۇش

توختامىش ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى، جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆز خانىدانىدا يالغۇز قالغانىدى. ئايالى يۇلتۇز كېسەل بولۇپ ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن ئاخىر ئۇنى يالغۇز تاشلاپ مەڭگۈلۈك دۇنياغا سەپەر قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان مانا تۆت يىل ئۆتتى. توختامىش تەنھالىقتا غېرىبسىناتتى. ئوغلى ئىلتەرىش يېنىدا بولسىمۇ كاشكى. قۇش بالىلىرى چوڭ بولۇپ، قانات ـ قۇيرۇقلىرى قاتقاندىن كېيىن ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. كىشىلىك دۇنيادىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بەختىنى ئويلايدۇ، ياشىنىپ پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاشۇ پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىنى ئويلايدۇ. پەرزەنتلەر بولسا، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسسىق ئۆيىدىن چىقىپ كەڭ ۋە مۇرەككەپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ. توختامىشنىڭ تۇرمۇشىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئالدى بىلەن، بۇ ئۆيىنى تولۇن ئايدەك يورۇتۇپ، قۇياشتەك ئىللىتىپ تۇرغان مېھرىبان يۇلتۇز ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى داغدا قويۇپ بۇ دۇنيادىن كەتتى. ئاندىن بۇ ئائىلىدىكى ياش كۆچەت ئىلتەرىش ياشىنىپ قالغان ئاتىسىنى يالغۇز قويۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى.

«بۇ يىل ئىلتەرىش يىگىرمە يەتتە ياشقا كىردى، — دەيتتى توختامىش ئۆز ئىچىدە، — ئۆيلەپ قوياي دېسەم زادى ئۇنىمىدى. ئالدى بىلەن جاھان كېزىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ باقاي. ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالغۇدەك بولۇپ، تۇرمۇش زېمىنىگە چىناردەك يىلتىز تارتىپ، ئۆز ئورنۇمنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن ئۆي - ئوچاقلىق بولسامىمۇ كېچىكمەيمەن، دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ئۆيدىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى، خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك. ئۇ موڭغۇللارنىڭ مەمۇرلىرىغا بىتىكچى بولۇپ يالىلىنىپ يىراققا كەتتى. ئۇ كەتكەن يەرنى تولىمۇ يىراق دېيىشىدۇ. ئۇ يەرلەردە كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق رۇس خەلقى ياشايدىكەن».

دەرۋەقە، موڭغۇل - تاتار قوشۇنلىرى ئۇدا بەش - ئالتە يىل ئۇرۇش قىلىپ، رۇسلارنىڭ يۇرتلىرىنى بىردىن - بىردىن بېسىپ، ئىشغالىيىتىنى كېڭەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن رۇس ئېلى موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇچىنىڭ ئوغلى باتۇخان ناھايىتى قابىل قوماندان بولۇپ چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن ھەرقايسى تۈركىي تىللىق تائىپىلەردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ سانىنى ئالتە يۈز مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى (بۇلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغانلار ئىدى).

ئۈزلۈكسىز مەلۇمكى، بۇنداق زور قوشۇن ئۆز دەۋرىدە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچ ھېسابلىناتتى. باتۇخان مۇشۇ زور قوشۇن بىلەن قىپچاقلارنى، ئاندىن بۇلغار، سۇۋار قەبىلىلىرىنى، ئاخىرىدا رۇسلارنى بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشغال قىلىنغان مۇشۇ كەڭ زېمىنلاردا مىلادىيە 1240 - يىلى باتۇخاننىڭ «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالغان ئۇلۇسى قۇرۇلدى. توختامىشنىڭ ئوغلى ئىلتەرىش ئەنە شۇ ئالتۇن ئوردا مەمۇرىيىتىدە بىتىكچى

بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەينى دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇر باخشىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. موڭغۇل- تاتارلار ھەربىر يۇرتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شۇ يەرلەرگە يەرلىك خەلقلەردىن ۋە بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلاردىن مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيتتى. جۈملىدىن، ئىدىل، يايىق ۋادىلىرىدا قۇرۇلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىتىكچىلەر، دەپتەرچىلەر[1]، تىلماچلار، سىيلىق يىغقۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى كۆپ ئىدى. موڭغۇل- تاتار ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان جايلاردىكى خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار يېزىق مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلق بولغاچقا، ھاكىمىيەت خىزمەتلىرىگە ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر باخشىلىرى تەكلىپ قىلىناتتى.

ئىلتەرىش يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئالتۇن ئوردىدىكى ئاشۇنداق خىزمەتلەرگە قىزىقىپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاتىسى توختامىش ياشىنىپ قالغاندا غېرىبسىنىپ، ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرماقتا. بولتۇر كۈزدە رۇس يېرىدىن كەلگەن بىر كارۋانچى ئىلتەرىشنىڭ بىتىكىنى ئەكەلگەنىدى. شۇ بىتىكتە ئىلتەرىش ئۆزىنىڭ پات ئارىدا قوچۇغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان مانا يېرىم يىلدىن ئاشتى. توختامىش كۈن ساناپ، ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ، كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولدى.

جۇجەم پىشقان ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت توختامىشنىڭ بىر قوشنىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— خۇشخەۋەر، توختامىش قوشنام، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ

---

[1] دەپتەرچى — ئوردىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

ئاۋازدا، — ئالتۇن ئوردا تەۋەسىدىن كارۋان كەپتۇ، ئىلتەرىشمۇ شۇ كارۋان بىلەن كەپتۇ، دېيىشىدۇ.

— ئاغزىڭغا ناۋات قوشنام، بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى توختامىش ۋە ئالدىراپ - تېنەپ سۇپىدىن چۈشتى.

— نەگە باراي دەيسەن قوشنام؟ ئوغلۇڭ كەلگۈچە ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرمامسەن، — دېدى قوشنىسى.

— ياق، مەن كارۋان سارايغا باراي... كارۋان سارايغا ...— توختامىشنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

كارۋان ساراي تەرەپتىن بىر ئېشەك هارۋىسى كەلمەكتە ئىدى. هارۋىدىن ياش بىر يىگىت سەكرەپ چۈشتى - دە:

— ئاتا! — دەپ تىۋۋلىغىنىچە توختامىشنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

قۇمساڭغۇ توپىلاق يولدا ئالدىراپ كېلىۋاتقان توختامىشنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ قالدى.

— ئوغلۇم... ئىلتەرىش ...— دېدى ئۇ هاسىراپ.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قۇچاقلاشتى. توختامىش ئۆزىدىن ئېگىز ئوغلىنىڭ بويىنىدىن تارتىپ پېشانىسىگە سۆيدى.

ئىلتەرىش هارۋىكەشكە كىرا ھەققىنى بېرىۋەتتى - دە، خالتا - تۈگۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسى بىلەن ئۆيگە كىردى.

— بۇ رۇسلارنىڭ ئاق تۈلكە تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىسى، قىشتا كىيسىڭىز بەك ئىسسىق بولىدۇ، — دەيتتى ئۇ خالتىلاردىكى سوۋغاتلىرىنى چىقىرىپ ئاتىسىغا كۆرسىتىپ، — مانا ماۋۇ بۇلغار موزدۇز تىككەن ئۆتۈك، بەك پۇختا. بۇ گرۇزىنلارنىڭ خەنجىرى، يېنىڭىزغا ئېسىۋېلىڭ...

— رەھمەت بالام، بەك ئېسىل نەرسىلەركەن، — دەيتتى توختامىش، لېكىن سوۋغاتلارغا ئەمەس، ئوغلىغا قاراپ تويمايتتى، — بالام، تۆت يىل بولدى بۇ يەردىن كەتكىنىڭگە،

تۆت يىل بولدى...

— ئاتا، ئەمدى سىز يالغۇز قالمايسىز، بىز ئەمدى بىللە تۇرىمىز، — دېدى ئىلتەرىش.

— ھە؟ ئەمدى كەتمەمسەن؟ مۇشۇ ئۆيدە تۇرامسەن؟

— ئاتا، مەن سىزنى ئەكەتكىلى كەلدىم.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي مۇڭداشتى.

— نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىمىزنى كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى. ئالدى بىلەن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيلەپ قوياي، — دېدى توختامىش ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە ئارام بەرمەيۋاتقان مەسىلىنى قايتا قوزغاپ.

— ئاتا، — دېدى ئىلتەرىش سەل دۇدۇقلاپ، — بۇ ئىشنى بىز ئالتۇن ئوردىغا بارغاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى.

— بولمايدۇ، — دېدى توختامىش كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ تويۇڭدىن كېيىن بولسۇن. بۇ ئىشنى ئەمدى ئارقىغا سوزما.

— سوزمايمەن، ئالتۇن ئوردىغا بېرىپ توي قىلايلى، — دېدى ئىلتەرىش يەرگە قاراپ.

توختامىش ئوغلىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— لايىقىڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئىلتەرىش تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى.

— كىم ئۇ؟ مەن تونۇمدىم؟ — توختامىش يەنە سورىدى.

— تونۇمايسىز. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئالتۇن ئوردىدا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ دەپتەرچى. ئانىسىنى ئىككى قېتىم يىراقتىن كۆردۈم. كىشىلەر ئۇنىمۇ ياخشى ئايال دېيىشىدۇ.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— كۈنيارۇق.

توختامىش بىر هازاغىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن يۆتىلىپ قويۇپ:

— ئەمىسە، كۈنيارۇق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارسام بولغۇدەك،— دېدى ئۇ، — ئالدى بىلەن سەن بۇ يەردە ئوبدانراق هاردۇق چىقىرىۋالغىن، ئۇزۇن سەپەردىن كەلدىڭ. ئالتۇن ئوردىغا كۈز كەلگەندە بارايلى.

— ياق، ئاتا، هاردۇق چىقىرىشىمنىڭ هاجىتى يوق. مەن هارمىدىم... ياش تۇرسام...

بۇ گەپتىن توختامىش ئوغلىنىڭ قەلبىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندى.

«ئوغلۇم ئۇ قىزنى ھەقىقەتەن بەك ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە ئاتا ـ بالا جابدۇنۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ئىدىل بويلىرىغا ماڭغان بىر سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇۋالغانىدى. كارۋان يۈك ئارتىلغان ئەللىك تۆگە ۋە ئوتتۇز نەچچە قورallıq چەۋەندازدىن تەركىب تاپقانىدى. شەھەر سېپىلى ئارقىدا قالدى، ئالدى تەرەپتە يېزا مەنزىرىسى سۈرەتلىنىپ چىقتى. كارۋان كەڭرى قوغۇنلۇقنى يانداپ ئۆتكەندىن كېيىن يېزىدىن چەتنەپ ماڭدى. ئەنە شۇ چاغدا توختامىش ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يېزا تەرەپكە بۇرۇلدى.

— يۈرگىنە ئىلتەرىش، ئاشۇ يېزىغا بىر بېرىپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ.

ئىككىيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە يېزا مەھەللىسىگە كىرىپ كەتتى. تار كوچىلارنىڭ توپىلىق يوللىرىدا توخۇلار دانلاپ يۈرەتتى، ئىتلار ۋە موزايلار ئۆچراپ قالاتتى، ئېشەكلىك ۋە پىيادە ئادەملەر ئۆتۈپ تۇراتتى، كارىز سۈيىدىن هاسىل بولغان ئۆستەڭ بويىدا قىزىل، يېشىل ئازادە كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن قىز ـ چوكانلار چۇڭقۇلداپ پاراڭلاشقاچ قاپاق ۋە تۈچ ئىبرىقلارغا

سۇ ئالاتتى.

بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختامىش ئېتىنى توختاتتى.

— بۇ كىمنىڭ قورۇسى؟ — دەپ سورىدى ئىلتەرىش ئاتىسىنىڭ بۇ دەرۋازىغا تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ.

توختامىش ئۈنچىقمىدى ۋە ئېتىنى دۈۋىتىپ قورۇنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. بۇ قورۇ ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ئوخشىمايتتى. قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا تۆمۈر بىلەن قاپلىنىپ، قىزىل رەڭدە سىرلانغان، ئېگىز تاملارنىڭ كەينىدىن ئۆرۈك، ياڭاق، جۇجەم دەرەخلىرىنىڭ ياش يوپۇرماقلىق شاخلىرى چىقىپ تۇراتتى.

توختامىش ئاتتىن چۈشتى.

— مانا، ھېلىقى سۇڭگۇچ، — دېدى ئۇ قورۇدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ئېرىق بويىغا زوڭ ئولتۇرۇپ.

ئىلتەرىشمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇنىڭدىن ئوتتۇز سەككىز يىل ئىلگىرى، — دېدى توختامىش، — مەن بىر پۈتۈم ياردار بولغان ھالدا قارا قىتانلاردىن قېچىپ مۇشۇ يېزىغا كەلگەنىدىم. مانا مۇشۇ سۇڭگۇچتىن ئۆمىلەپ كىرىپ، مۇشۇ باغلىق قورۇدا يوشۇرۇنغانىدىم. مۇشۇ قورۇدىكى كىشىلەر مېنى مۆكتۈرۈپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى.

ئىلتەرىش ئۈنچىقماستىن ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى.

— ئۇ چاغلاردا مەن ساڭا ئوخشاش ياش يىگىت ئىدىم، — دېدى توختامىش ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ يەنە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇ كىشىلەر ھازىرمۇ بارمۇ؟— دەپ سورىدى ئىلتەرىش.

— يوق، — دېدى توختامىش بىر تىنىۋېلىپ.
— ئۇلار نەگە كەتتى؟ يا ئەجەل شارابىنى ئىچىشتىمۇ؟
— بىلمەيمەن بالام. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ، ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.
— ئۇلارنى ئىزدەپ باقمىدىڭمۇ؟
— ئىزدىدىم، كۆپ ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم.
— قورۇغا كىرەيلىمۇ ئاتا؟
— بولدى، كىرمەيلى. بۇ قورۇدا ھازىر باشقا كىشىلەر ئولتۇرىدۇ.
— ئۇلارمۇ بۇ قورۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەمدىكەن؟
— بىلمەيدىكەن.
شۇ تاپتا توختامىشنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى تۇركەنئاينىڭ ئايدەك جامالى گەۋدىلىنىپ چىقتى. ئەگەر شۇ سۆيۈملۈك قىز ئۇنى شۇنچە مەردانىلىك بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا، ئۇ شۇ چاغدىلا قارا قىتانلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ تۈگەشكەن بولاتتى.
— ئادەملەرنىڭ ھايات يازمىشلىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ! — دېدى توختامىش، — بىر ئاسىي مۇناپىق، رەزىل غالچا مىسىرىسلا ئارسلان كەبى مەرد ئوغلانلارنىڭ بېشىغا چىققان، ھەتتا مېنىڭ ئاتاممۇ شۇنىڭ كاساپىتىدىن يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قازا تاپتى. مەن بۇ دەردلەرگە چىدىماي، ئۇ مۇناپىقنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن تىغ كۆتۈرۈپ بېرىپ، مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قىتانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئاشۇ پەس مۇناپىقنىڭ ئوغلى قاپلانبەگ مېنى قارا قىتانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاچۇرۇۋەتتى. لېكىن، قىتانلارنىڭ چېرىكلىرى يەنە ئىزىمغا چۈشۈپ قوغلاشتى. ئۇلار قوغلاپ كېلىپ، ئۇچار نەيزە ئېتىپ ئوڭ يوتامنى يارىلاندۇردى.

مەن ياردار بولۇپ، قانسىرىغان ۋە ماغدۇرسىزلانغان هالدا مۇشۇ قورۇننىڭ سۇڭگۈچىدىن ئۆمىلەپ كىرىۋالدىم. بۇ قورۇننىڭ ئىگىسى بولغان ياش بىر قىز مېنى مۆكۈندۈرۈپ، چېرىكلەرنى كەتكۈزىۋەتتى. كېيىن ئۇقتۇمكى، هايات ـ ماماتلىق پەيتتە ماڭا پاناهلىق بەرگەن بۇ قىزمۇ ھېلىقى مۇناپىق مىسىرىسلاننىڭ جىيەن قىزى ئىكەن، مېنى دەسلەپتە قۇتۇلدۇرغان ھېلىقى قاپلانبەگ ئاشۇ قىزنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىكەن. مەن ئۇلارغا ھاياتىم بىلەن قەرزدار.

— راست، ئاجايىپ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئىكەن، — دېدى ئىلتەرىش ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ.

— يۇر، يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى توختامىش ۋە ئېتىغا مىندى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كارۋانغا يېتىشىۋالدى. تۆگىلەر سالماقلىق قەدەم تاشلاپ قوملۇق چۆلگە ئىچكىرىلەپ يۈرمەكتە. چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرىمۇ تۆگىلەرگە ياندىشىپ كېتىپ بارماقتا. ئاخىرقى تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان كولدۇرمىنىڭ بوغۇق ساداسى گىياھسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ھاياتلىقتىن دېرەك بەرمەكتە. ئىلتەرىش يىراقتىكى ئىدىل بويلىرىغا تېزرەك يېتىشىۋېلىش، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاستانىسى سارايچىق شەھىرىگە تېزرەك بېرىپ، ئاشۇ كۆنيارۇق ئىسىملىك قىزنىڭ دىدارىغا قېنىۋېلىش ئىستىكىدە شېرىن خىياللارغا پاتماقتا ئىدى. توختامىش ھېلىقى يېزىغا تارتىشىپ، بىرنەچچە قېتىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى. يېزا قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىپ كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئەجەب ئىش! شۇ تاپتا توختامىشقا گوياكى بىر مۆجىزە كۆرۈلىدىغاندەك، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن تۇركەنئاينىڭ ئۈنتۈلمىغان، تونۇش ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالىدىغاندەك، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى شۇ قىز ئۇشتۇمتۇت غايىبتىن پەيدا بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغاندەك

ۋە «توختامىش، مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ تونۇمىدىڭىزمۇ؟» دەپ ئۇن سالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. توختامىش تەئەججۇپ ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىقرار بولدى: «توۋا، شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ قەلبىمدىكى تۇنجى سۆيگۈنىڭ ئوتى تېخىچە ئۆچمەپتۇ ـ ھە!»

«نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، خۇددى خىيالپەرەس ئاشىق يىگىتلەردەك، — دېدى توختامىش ئۆز ئىچىدە ھەمدە ۋاپادار ئايالى يۇلتۇزنى ئەسلىدى، — ئۇ ھايات بولسا ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ توينى كۆرەرىدى، ئۇمۇ بۇ سەپەردە بىز بىلەن بىللە بولارىدى. مۇشۇ قۇتلۇق كۈنلەردە ئۇ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەرىدى!»

توختامىش چۆلدە كېتىۋېتىپ مەرھۇمە ئايالىنى ئەسلىگەندە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئىچەكىشىپ، رىشتىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. بولۇپمۇ، ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بىلەن يىراق سەپەرگە چىققان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئاتا بولغۇچىنىڭ يالغۇزلۇقى راسا بىلىندى.

«بولغۇسى كېلىنىم قانداقراق قىزدۇر؟» دەپ ئويلايتتى توختامىش ۋە ئاشۇ كۈنيارۇق ئىسىملىك قىزنى تېزرەك كۆرگۈسى كېلەتتى.

«كۈنيارۇق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قانداقراق ئادەملەردۇر؟ بۇ قۇدىلىششقا ئۇلارنىڭ ئىپادىسى قانداق بولار؟ تويدىن كېيىن ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمنى قوچۇغا ئەكەتسەم ئۇلار رازى بولارمۇ؟» توختامىش شۇ تەرىقىدىكى يېپىشقاق خىياللارنى كاللىسىدىن زادى چىقىرىۋېتەلمەيتتى. ئويلىغانسېرى ئويلىرى غولداپ مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى.

ئىسسىق ياز كۈنلىرى كەلگەندە كارۋان قىپچاق يايلاقلىرىغا قەدەم باستى.

— ۋاھ! نېمىدېگەن كەڭرى يايلاق!— دەپ خىتاب قىلدى توختامىش ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، — نېمىدېگەن بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر!

راسا تومۇز پەسلىگە يەتكەندە ئىدىل دەرياسى كۆرۈندى.

— ۋاھ! نېمىدېگەن ئۇلۇغ دەريا! — توختامىش يەنە خىتاب قىلدى، — بۇ يەرلەردە كۆللەر، دەريا - ئېقىنلار نېمىدېگەن كۆپ! ھەممە يەردە يېشىل بوستان، نېمىدېگەن كۆركەم كۆرۈنۈش! تومۇز بولسىمۇ ھاۋا دىمىق ئەمەس...

يەنە بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن كارۋان بىر شەھەرگە يېقىنلاشتى.

— بۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاستانىسى، — دېدى ئىلتەرىش ئاتىسىغا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ شەھەر ئىلگىرى سارايچىق دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر سارايباتۇ دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتۇن ئوردىنىڭ بۈيۈك خاقانى باتۇخان مۇشۇ شەھەردە تۇرىدۇ.

توختامىش ئەمدى ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى.

— مەن تېخى بۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك چوڭ شەھەر دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ.

دەرۋەقە، باتۇخاننىڭ بۇ شەھىرى قوچۇ ۋە بەشبالىقتەك ئۇنداق ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئەمەس ئىدى. ئىدىقۇت شەھەرلىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىز ۋە مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، سارايباتۇ دەپ ئاتالغان بۇ كىچىككىنە يېزىسىمان شەھەرنىڭ چۆرىسى زىچ ياغداشتۇرۇپ تىكلەپ تىزىلغان ئۇچلۇق لىم ياغاچلار بىلەنلا قاشالانغانىدى. شەھەر ئىچىدىمۇ توختامىشنىڭ يۇرتىدىكىگە ئوخشاش خىش - كېسەكلەر بىلەن سېلىنىپ، سەنئەتلىك بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئۆي - ئىمارەتلەر يوق ئىدى، پاكار - پاكار ياغاچ ئۆيلەر ئۇيەر - بۇيەردە بوينىنى قىسىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

كارۋان شەھەر سىرتىدا توختىدى. توختامىش بىلەن

ئىلتەرىش ئاتلىرىغا مىنگىنىچە شەھەر ئىچىگە كىردى. شەھەر كىچىك، ئادەملەرمۇ ئاز ئىدى. يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان ئىككى تاتار يىگىت بىر توپ ساقاللىق رۇسلارنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتاتتى. توختامىش بۇ سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك رۇسلارغا قىزىقسىنىپ قارىدى.

— ئۇلارنى نەگە ئەكېتىۋاتىدۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىدىن.

— باتۇخان بۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، — دەپ چۈشەندۈردى ئىلتەرىش، — رۇس ھۈنەرۋەنلەر مۇشۇنداق ياغاچ ئۆيلەرنى سالىدۇ. تاتار نازارەتچىلەر ئۇلارنى ئىشقا سالىدۇ.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئاتلىرىنى ئاستا دېۋىتىپ، تۈزلەنگەن بىر ئوچۇق مەيدانغا چىقىپ قالدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاختايلاردىن پاكار سۇپا ئورنىتىلغان بولۇپ، سۇپا ئۈستىدە بىر توپ رۇس قىز - چوكانلار تىزىپ قويۇلغانىدى. بەش - ئالتە موڭغۇل ۋە تاتار نازارەتچىلەر قوللىرىدا قامچا تۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇزۇن چىت كۆڭلەكلەرنى كىيىشىپ، ئىككى ئۆرۈلگەن سېرىق چاچلىرى ئۈستىدىن گۈللۈك رومال سېلىشقان رۇس ئاياللار ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا بىچارىلەرچە ئېچىنىشلىق قىياپەتتە قورقۇپ، چۆچۈپ قارىشاتتى.

ئىلتەرىش ئاتىسىغا چۈشەندۈردى:

— موڭغۇللار ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇشقان ياكى كېيىن ئىسيان كۆتۈرگەن رۇسلارنىڭ ئەركەكلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، خوتۇن - قىزلىرىنى موڭغۇل، تاتار باتۇرلىرىغا تەقسىملەپ بېرىدۇ، ئېشىپ قالغانلىرىنى مۇشۇ مەيدانغا ئەكېلىپ ساتىدۇ.

— بۇنداق سودا دائىم بولۇپ تۇرامدۇ؟ — سورىدى توختامىش.

— پات ـ پات بولۇپ تۇردۇ. شۇڭا، بۇ يەرنى «قىز مەيدانى» دەپ ئاتىشىدۇ.

رۇس چوكانلار خۇددى توزاققا چۈشكەن كېپىنەكلەردەك ئۈمىدسىزلىنىپ، چەكسىز ھەسرەتلىنىپ، «بىرەر قۇتقۇزغۇچى چىقىپ قالامسۇ؟» دېگەندەك تەلمۈرۈش بىلەن ئەتراپقا يەر تېگىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇشاتتى؛ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ۋە بەزىلىرى سەزمەس ۋە كۆرمەس بولۇپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز جىم تۇراتتى. بىر خېرىدار ئۇلارنىڭ قاتارلىرىنى ئايلىنىپ كېلىپ، ياش بىر چوكاننىڭ بىلەكلىرىنى، يوتىلىرىنى ۋە ساغرىسىنى تۇتۇپ سىلاشتۇردى.

نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان تاتار يىگىت ئۇنىڭغا توۋلىدى:

— ھاي بۇرادەر، ئالغۇڭ بولسا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى چىقىرىپ، ئالدىغىنىڭنى ئېلىپ ماڭ. بولمىسا، بۇ يەردە بىكارغا تاماشا يوق.

ھېلىقى خېرىدارمۇ ئۇنىڭغا توك تەگدى:

— بازاردىن قوي ئالساڭمۇ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ بېقىپ ئالىسەن. خوتۇن دېگەننىڭمۇ قانداقلىقىنى بىلىپ باقماي تەۋەككۈلگە ئالامدۇ؟

ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشقان بىرنەچچە ھاڭۋاقتىلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يۈر، يۈر، يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى توختامىش قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

ئىلتەرىش ئاتىسىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كەلدى. بۇ ئۆينىڭ خوجايىنلىرى بىر جۈپ تاتار بوۋاي ـ مومايلار بولۇپ، ئۇلار بەكمۇ دىلكەش ۋە كۆڭۈلچەك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار توختامىشنى خۇددى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— ئىلتەرىش بىلەن بۇ ئۆيدە بىللە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىككى

يىلدىن ئاشتى، — دېدى ئاق ساقاللىق بوۋاي خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.
— ئىلتەرىش ئۆز بالىمىزدەكلا بولۇپ قالدى، — دېدى ئىللىق چىراي موماي.
ئاپئاق داستىخان سېلىنغان يوغان ئۇستەلگە بولكا، پىشۇرۇلغان بەرەڭگە ۋە كالا گۆشى قويۇلدى، ھەجىرلارغا سۈت قۇيۇلدى. تۆتەيلەن گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ مۇڭداشتى.
ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئىلتەرىش ئاتىسىنى كۈنيارۇق قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى باشلاپ باردى. قىزنىڭ ئاتىسى قارىماققا توختامىشتىن چوڭراق بولۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاقارغان، چىرايى تاتىراڭغۇ كېسەلچان كىشى ئىدى. ئۇ توختامىشنى ئەدەپ - قائىدە بويىچە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ چىرايلىق كۈتۈۋالدى. ئىككى مويسىپىت قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ، تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. لىم ياغاچلار بىلەن قاشالانغان قورۇنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداقلا لىم ياغاچلار بىلەن قوپۇرۇلغان ئايرىم - ئايرىم ئىككى ياغاچ ئۆي بار ئىدى. ساھىبخانا مېھماننى شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە باشلىدى. ئۇچەيلەن گىلەم سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككى نەپەر ئاق يۈزلۈك رۇس دېدەك قىز كىرىپ، گىلەم ئۈستىگە رۇسچە نۇسخىدا كەشتىلەنگەن ئاق داستىخاننى كەڭ يېيىپ سالدى. توغرالغان قارا بولكا، تۇزلانغان بېلىق ۋە غاز گۆشى كەلتۈرۈلدى، قارا سىرلانغان چۆچەكلەرگە ئاق سۈت قۇيۇلدى.
غىزادىن كېيىن توختامىش كېلىشتىكى مۇددىئاسىدىن ئېغىز ئاچتى.
— ... سىزلەر بىلەن قۇدا بولۇش ئىستىكىدە خاندانىڭىزلەرنى پاناھ تارتىپ، كۈنيارۇق قىزنى تۆۋەنلىك بىلەن سوراپ كەلدىم، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن كېيىن.
قىزنىڭ ئاتىسىمۇ خۇش مۇئامىلە كۆرسىتىپ، تەكەللۇپ

سۆزلىرىنى ئېيتتى.
— شۇنچە يىراق يەرلەردىن، يول جاپاسىنى ئېغىر كۆرمەي، ئىززىتىمىزنى قىلىپ، دىدارلاشقىلى كېلىپسىز، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، — يىگىت-قىز بىر-بىرىنى لايىق كۆرۈپتۇ. ئىلتەرىش لاياقەتلىك ياخشى يىگىت ئىكەن. ئانىسى بىلەن ئىككىمىزمۇ رازى بولدۇق.
توختامىش ئورنىدىن قوپۇپ بولغۇسى قۇدىسىغا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.
— سالىمىمنى ئىلىك ئېلىڭ، ئىززىتىمنى قىلغانلىقىڭىزغا چىن دىلىمدىن ھەشقاللا، — دېدى ئۇ.
— ئولتۇرغايسىز، ئولتۇرغايسىز. بۇنداق تەكەللۇپ ھاجەت ئەمەس، — دېدى ساھىبخانا ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزغان ھالدا ئولتۇرۇشقا قايتا تەكلىپ قىلىپ.
— كۈنيارۇق قىزىمنى كۆرۈشكە تەقەززامەن، — دېدى توختامىش جايىغا ئولتۇرۇپ.
ساھىبخانا بوۋاي پەگاھدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان رۇس قىزغا قول ئىشارىسى قىلدى.
— بىكە بىلەن خانقىز كىرسۇن، — دېدى ئۇ.
دېدەك قىز مۇلايىملىق بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى-دە، چىقىپ كەتتى. ھايال بولماي ئۆيگە كۈنيارۇق قىز بىلەن ئانىسى كىرىپ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىشتى.
— قۇت بولسۇن قىزىم، — دېدى توختامىش ۋە سۆيىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن كۈنيارۇقنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.
شۇنىڭدىن كېيىن توختامىش ئايال قۇدىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ:
— قۇت بولسۇن ...— دېدى-دە، سۆزىنىڭ ئاخىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

بۇ كىم؟ بۇ ئايال قۇدا، كۇنيارۇقنىڭ ئانىسى كىم؟ توختامىشنىڭ تامىقىغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، نەپسى بوغۇلۇپ كەتتى. ئايال قۇدىمۇ ئۇنىڭغا بىر قارىدى - دە، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرىدە يېنىك - يېنىك تىترەش ئالامىتى بايقالدى. ئۇمۇ گەپ قىلالماي قالدى، پەقەت «ئولتۇرۇڭ» دېگەن تەكلىپنى ئىپادىلەپ قول ئىشارىسى قىلدى.

توختامىش كۇنيارۇقنىڭ ئانىسىنى بىر قاراپلا تونۇدى، ئەلۋەتتە. ئۇنى تونۇيالماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئايال توختامىش شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزدەپ تاپالمىغان ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ھەم تۇنجى سۆيگۈنى تۇركەنئاي ئىدى! توغرا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىلىرىنىڭ قېنى قاچقان، كۆزلىرىنىڭ چۆرىلىرىدە ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولغان، قوڭۇر چاچلىرىغا ئاق ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇ تۇركەنئاي، يەنىلا شۇ يېقىملىق رۇخسار، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنتۇلمىغان گۈل سەنەم! تۇركەنئايمۇ، ئەلۋەتتە، توختامىشنى تونۇدى، بۇنداق كۈتۈلمىگەن تويۇقسىز كۆرۈشۈشتىن ھەيران بولدى، ھاياجانلاندى، ھەتتا بېشى يېنىككىنە ئايلانغاندەك بولدى، لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، چاندۇرمىدى.

توختامىش جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۇركەنئاي بىلەن كۇنيارۇقمۇ ئاستا كېلىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىدىن ئورۇن ئالدى.

— كۇنيارۇق قىزىمنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم، — دېدى توختامىش مۇلايىملاشقان ئاۋازدا.

— كۇنيارۇق پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەنجىسى، — دېدى ساھىبخانا بوۋاي، — ئۇنىڭ يەنە ئىككى ئاكىسى بار. ئۇلارنىڭ بىرى يايىق بويىدىكى بىر تاتار قوشۇنىدا تۇرىدۇ، ئىككىنچىسى موڭغۇل ئەمەلدارلار بىلەن موسكۋاغا سېلىق يىغىشقا كەتتى.

— بارىكاللا، يارامىلىق ئادەملەر بولۇپتۇ، — دېدى توختامىش بېشىنى لىڭشىتىپ.

— باللارنىڭ ئانىسى تۇركەنئاي بىكەمۇ سىلەر بىلەن بىر يۇرتلۇق، قوچۇلۇق، — دېدى يەنە ساھىبخانا دوستانە كەيپىياتتا ئۆز ئائىلىسىنى تونۇشتۇرۇپ.

توختامىش گەپ قىلماستىن، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، بېشىنى ئېگىپ قويدى.

تۇركەنئاي بىلەن كۇنيارۇق توختامىشقا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئىلتەرىشمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئىككىكى مويىسىپىت دەرقەمتە ئولتۇرۇپ توينىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن توي تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەن بىرنەچچە كۇنگىچە توختامىش تۇركەنئاينى كۆرمىدى.

توي شەھەر سىرتىدىكى يېشىل ئوتلاقتا ئۆتكۈزۈلدى. بەزمە، ئويۇن - تاماشا قىزىپ كەتتى. چەۋەندازلار بەيگىگە، پالۋانلار چېلىشقا چۈشتى، ناخشا - سازلار ياڭراپ، يىگىت - قىزلار زوق - ھەۋەس بىلەن ئۇسسۇل ئويناشتى. مەي - شارابنىڭ كەيپىدە قىزىپ كەتكەن مېھمانلار ئۇ توپتىن بۇ توپقا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ چۇقان سالاتتى، كۇلكە - چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقتى.

بىر توپ يىگىت - قىزلار ئىلتەرىش بىلەن كۇنيارۇقنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

توختامىش خۇشاللىقىدا ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېھمانلارنى ئارىلاپ، «ئېلىڭلار، بېقىڭلار» دەپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يەنىمۇ كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ تۇركەنئايغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. تۇركەنئاي ئۇسسۇل ئويناپ قىزىپ كەتكەن قىز - چوكانلارغا قاراپ، باشقا ئايال مېھمانلار بىلەن بىللە چاۋاك ئۇرۇپ تۇراتتى. ھالبۇكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قوللىرى چاۋاكتا، ئەمما كۆزلىرى توختامىشتا ئىدى.

توختامىشمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تۇركەنئاي چاۋاك چېلىنىۋاتقان ئايالىلارنىڭ قاتارىدىن ئاستا چىقىپ، چەتتىكى بىر ئاق قېيىنىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى. توختامىش ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى.

— كۇنيارۇقنىڭ ئاتىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى توختامىش بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن.

— چارچاپ قالدىم دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى... رەنجىمەڭ... يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولماي قېلىۋاتىدۇ، — دېدى تۇركەنئاي بوش ئاۋازدا.

توختامىش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى.

— مەن سىزنى كۆپ ئىزدىدىم، — دېدى ئۇ، — شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىز - دېرىكىڭىزنى ئالالمىدىم... مانا ئەمدى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى قاراڭ.

تۇركەنئايمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ياخشى يەردە، ياخشى ئىش ئۈستىدە ئۇچراش-تۇق، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدى توختامىش، — باللىرىمىزنىڭ بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن.

تۇركەنئاي كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ سۆزلىدى:

— شۇ چاغدا قاپلانبەگ ئاكام بىزنى زورلاپ قوچۇدىن ئەكەتتى. بىز بىرنەچچە ئۆيلۈك ئۇرۇق - تۇغقانلار سەمەرقەندتە ماكانلاشتۇق. كېيىن... يەنە شۇ قاپلانبەگ ئاكامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇشۇ كىشىگە ياتلىق بولدۇم. ئۇ كىشى مېنى ئۆرگەنچ شەھىرىگە ئەكەتتى... بالا - چاقىلىق بولدۇق... موغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنلىرى سەمەرقەندنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قاپلانبەگ ئاكام يەنە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى باشلاپ خۇپىيانە ھالدا ئۆرگەنچكە ماڭغانىكەن، يولدا موغۇل جېسەكچىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ قوغلاپتۇ. ئاندىن... ئۇلار قاپلانبەگ ئاكامنى

چىپىپ تاشلاپتۇ. بۇنى ئامان قىلىپ، ئۆرگەنچكە قېچىپ كېلەلىگەن تۇغقانلىرىمىزدىن ئاڭلىدۇق... كۇنيارۇقنىڭ ئاتىسى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى موڭغۇل يايلاقلىرىغا كارۋان تارتىپ بىرنەچچە قېتىم بارغانىكەن. ئۇنىڭ موڭغۇل ـ تاتار بايلىرى ئىچىدە تونۇش ـ بىلىشلىرى بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بىزنى دەشتى قىپچاق دىيارىغا ئەكەلدى. ئاندىن ئۇ كىشى جۇچى خاننىڭ ئوردىسىدا دەپتەرچى بولدى. مانا هازىر ئەمدى جۇچىنىڭ ئوغلى باتۇخاننىڭ ئوردىسىدىمۇ يەنە شۇ دەپتەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ... ئۇ بەك ياخشى ئادەم...

ئارىدا بىر ئەسناغىچە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى.

— بىزنىڭ تەقدىرىمىز نېمىدېگەن مۈرەككەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، — دېدى توختامىش.

— تەڭرىنىڭ يازمىشى شۇنداق، — دېدى تۇركەنئاي.

توختامىش ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئاخىر ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز قوشۇلمىدى، — دېدى ئۇ.

— ئەمدى بالىلىرىمىز بەختلىك بولسۇن، — دېدى تۇركەنئايمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىك بېقىپ.

— شۇنداق، — دېدى توختامىش، — ئىلتەرىش بىلەن كۇنيارۇقنىڭ بەختىنى تىلەيلى.

— ئاھ قۇدرەتتى ئۇلۇغ تەڭرىم، — دېدى تۇركەنئاي كۆزلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ، — ئوغلۇم ئىلتەرىش بىلەن قىزىم كۇنيارۇقنىڭ بەختىنى بەرگەيسەن!

# ئاخىرقى سۆز

دالىدىكى ئوت ـ چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىغان كۆكلەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يۈز تۆگىدىن تەركىب تاپقان چوڭ كارۋان سارايىباتۇ شەھىرىدىن چىقىپ، جەنۇب تەرەپكە يول ئالدى. چار ساقاللىق توختامىش شۇ كارۋاندىكى بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تەكشى چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ تويىدىن كېيىن ئالتۇن ئوردا ئاستانىسىدا قىشلاپ، مانا ئەمدى قوچۇغا قايتقانىدى. قۇدىلار ئۇنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئاندىن ئوغلى ئىلتەرىش يەنە بىر كۈنلۈك يەرگىچە ئاتىسى بىلەن بىللە كېلىپ خوشلاشتى.

— ئاق يول بولسۇن، قەدىرلىك ئاتا! تەڭرى سىزنى ئېسەن قىلسۇن.

— خەير ـ خوش ئوغلۇم، ئامان بولغىن.

— ئاتا، ئوغلىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، سىزنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇۋاتىمەن.

— ئۇنداق دېمىگىن ئوغلۇم، ئەھۋالنى كۆردۈم، چۈشەندىم. ئوردىدىكى خىزمەتنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدىكەن. باتۇخاندەك قۇدرەتلىك خاقان شەخسەن ئۆزى سېنىڭ ئوردىدا قېلىشىڭنى تەلەپ قىلغان تۇرسا، بىزگە نېمە ئامال.

— ئاتا، كېلەر يىلى يازدا كۈنيارۇقنى ئېلىپ قوچۇغا بارىمەن، چوقۇم بارىمەن.

— بىلىمەن ئوغلۇم، باتۇخان ئۆزى سېنى كېلەر يىلى بارسۇن دېدىغۇ.

توختامىش ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيدى.

ئىلتەرىش خوشلىشىش مەنىسىدە بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كارۋاننىڭ ئارقىدا قالدى. كارۋان يىراقلاپ كەتتى ۋە ئاخىر ئۇپۇق سىزىقىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، كارۋان توختىماي ئۆتتى. زامانلار ۋە دەۋرلەرنى تىزىپ چىققان ئايلار ۋە يىللار بەجايىكى باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدەك توختىماي شىددەتلىك ئېقىپ ئۆتتى. توختامىشمۇ، تۈركەنئايمۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى بويىچە بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئىلتەرىش بىلەن كۇنيارۇقنىڭ ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، راسا يارامىلىق يىگىت بولۇپ چىقتى. ئۇ قوچۇدىكى ۋىخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، تونۇلغان ئالىم بولۇپ يېتىلدى، تىبابەتچىلىك ۋە يۇلتۇزلار ئىلمى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولدى. شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1275 ـ يىلى ئۇ بۈيۈك موڭغۇل خاقانى قۇبلايخاننىڭ چاقىرىقى بىلەن جۇڭدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى خەنزۇ، قىتان، جۇرجىت ئالىملىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى.

چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ ئوغلى قۇبلايخان تەختكە چىققاندىن كېيىن كۇنچىقىشقا كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلدى ھەمدە تاڭغۇت خانلىقى، ئالتۇن خانلىق (جىن سۇلالىسى)، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى ۋە كورىيە زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، جۇڭگو تارىخىدىكى يېڭى بىر دەۋرنىڭ يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇ كۇنچىقىشتىكى جۇڭدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىنى ئاستانە قىلىپ، بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە خانبالىق (خان شەھىرى، خان تۇرىدىغان شەھەر) دەپ ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئىدىقۇت تەۋەسىدىكى زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر باخشىلارنى ئاستانە خانبالىققا يۆتكەپ چىقتى. بۇ باخشىلار قۇبلايخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئىلمىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ئاستانە خانبالىقنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى

يېڭىلاشقا كىرىشتى. قۇبلايخاننىڭ قوشۇنى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى جاي ـ جايلارغا بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇنلىرى ھەم ئەسكىرىي قىسىملىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدىن تارتىپ قۇبلايخان دەۋرىگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي پائالىيەت ئىزلىرى شەرقىي ئاسىيادىن تارتىپ شەرقىي ياۋروپاغىچە بولغان كەڭ زېمىنلەرنى قاپلىدى.

ئىدىقۇت خان بارچۇق ئارت تېگىننىڭ ئوغلى تاشمايىن خاقان چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تەخت تالىشىش ماجىرالىرىدا باشتىن ـ ئاياغ ئېغىشماي قۇبلايخاننى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئەمەلىي ياردەم بەردى. شۇڭا، قۇبلايخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، يۈەن سۇلالىسىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىدا ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى دەپ بىلدى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئىچكىرىكى جايلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. كېيىن موڭغۇللار ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بارلىق زېمىنلاردىكى خەلقلەر ئېتنىك تەركىبلىرى بويىچە تۆت دەرىجىگە ئايرىلدى. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار موڭغۇللاردىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىمتىياز بىلەن تەمىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇللارنىڭ توقۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى تىكلەنگەن ھەممە يۇرتلاردا دېگۈدەك تۈركىي ـ تۈركىي ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئىش باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئىدىقۇت خان تاشمايىن ئاۋۋالقىدەكلا قوچۇ ۋە بەشبالىقنى قوش ئاستانە قىلىپ دەۋر سۈردى. ئۇ خۇددى مەرھۇم ئاتىسى بارچۇق ئارت تېگىنگە ئوخشاش پات ـ پاتلا كېچىلەردە شەھەر سېپىلىگە چىقاتتى ۋە ئۇزاق ـ ئۇزاق خىيال سۈرۈپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا كۆز تىكەتتى. ئىدىقۇت ئاسمىنىدا قايسى يۇلتۇز بار، قايسى يۇلتۇز يوق؟ ئىدىقۇت ئاسمىنىدا كېيىن يەنە قانداق يۇلتۇزلار پەيدا بولىدۇ؟

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

# 高昌之星（维吾尔文）

（长篇小说）

帕尔哈提·吉拉　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　14印张
2005年11月第1版　2005年11月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN7－5371－5282－9　　定价：25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# سۇقۇت يۇلتۇزى



ISBN 7-5371-5282-9

9 787537 152822 >

ISBN7-5371-5282-9
(民文) 定价:25.00 元